# تورغا يوللىغۇچىدىن :



Зия Ибадәт оғли Сәмәди
( 15 апрель 1914-ж. — 20 ноябрь 2000-ж.)

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر!

سىز ئوقۇۋاتقان بۇ كىتاب، ۋەتەن ئىچى ۋە ۋەتەن سىرتىدا تونۇلغان جامائەت ئەربابى، ئاتاغلىق يازغۇچى، بارلىغىنى ۋەتەن مىللەتنىڭ ئازادلىق ئىشلىرىغا ئاتىغان ئۇستازىمىز، پەخرىمىز زىيا سەمەدى ئاكىنىڭ نادىر ئەسىرلىرىدىن بىرى بولۇپ، بۇ ئەسەر 1978- يىل يېزىلىپ، قازاغىستاننىڭ ئالمۇتا شەھرىدە تۇنجى قېتىم كىرىل يېزىقىدا نەشىر قىلىنغان.

مەرھۇم ئۇستازىمىز زىياسەمەدى ئەپەندى چەتئەلگە چىقىپ كىتىشنىڭ ئالدىدا " ئاپتونوم رايۇنلۇق" مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرى، يازغۇچىلارنىڭ جەمىيىتىنىڭ رەئىسى قاتارلىق كاتتا مەنسەپلەردە بولغان بولسىمۇ ئەمما ۋەتەن مىللەت مەنپەئەتىنى ھەممىدىن يۇقۇرى كۆرۈپ بارلىغىنى ۋەتەنگە بېغىشلىغان، شۇ يولدا ھارماي ـ تالماي كۆرەش قىلىپ ئۆزىنىڭ ۋەتەنگە بولغان مېھرى- مۇھەببىتىنى ۋە خىزمىتىنى قەلىمى ئارقىلىق ئادا قىلغان ئۇيغۇرنىڭ سويۇملۇك پەرزەنتىدۇر.

شۇ سەۋەپتىن خىتاي كومۇنىست دائىرلىرى زىياسەمەدى ئەپەندىنى" خەتەرلىك ئۇنسۇر " ھىساپلاپ كۆرەشكە تارتىپ، " خەلق دۈشمىنى" قالپىقىنى كەيدۈرۈپ ئۇزۇن مۇددەت تۈرمىغا تاشلىغان ئىدى. تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىنمۇ قەلەم كۆرىشىنى توختاتمىدى، دۈشمەنگە بولغان غەزەپ نەپرىتىنى داۋاملىق ئىپادىلىدى.... چەتئەلگە چىقىپ كىتىشكە مەجبۇر بولغان بۇ ئوت يۈرەك ئۇيغۇر ئوغلانى، ۋەتەندىن ئايرىلغان بىلەنمۇ كۆڭلى كۆكسى يەنىلا ۋەتەنگە تەلپۈندى.... چەتئەلدە ئوتكەن ھاياتىدىمۇ داۋاملىق قولىغا ئۆتكۈر قەلىمنى ئېلىپ يېزىشنى داۋاملاشتۇردى.....

غېنى باتۇر رومانى ئۇنىڭ چەتئەلگە چىققاندىن كېيىن يازغان نۇرغۇنلىغان ئەدەبى نادىر ئەسەرلىرىنىڭ بىرىدۇر. مەزكۇر ئەسەردە غېنى باتۇر ئوبرازىنى مۇۋەپپىقىيەتلىك يارىتىپ، ئۇنىڭ مىللىي خاسلىقىقا ئىگە قەھرىمانلىق ئىش ـ ئىزلىرىنى ئەينەن يورۇتۇپلا قالماستىن بەلكى پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇللىرى، مۇرەككەپ روھىي دۇنياسىنى ئىنچىكە سۈرەتلەش ئارقىلىق ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت، ئۆرپ ـ ئادىتى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇللىرىنى ئاجايىپ ئوبرازلىق گەۋدىلەندۈرگەن، شۇنداقلا خەلقىمىزنىڭ مىللىي زۇلۇمغا بولغان قارشىلىق ھەرىكەتلىرىنى ۋە خىتاي گومىنداڭ باسمىچىلىرىنىڭ خەلققە سالغان ئىغىر زۇلۇملىرىنى ئادەتتىكى ئاددى دىھقاندىن تارتىپ شەھەر ئائىلىسىگىچە، مەكتەپدىكى ئوقۇغۇچىلاردىن تارتىپ مائارىپ سېپىدىكى ئىشچى- خىزمەتچىلەرگىچە، قىسقىسى ئۇيغۇرجەمىيىتىنىڭ ھەر ساھەسىدىكى ئامىنىڭ دۈشمەنگە بولغان قۇراللىق كۆرەش، ئۇرۇش جەريانىنى بىر- بىرلەپ تەسۋىرلەپ بەرگەن.سىز بۇ كىتاپنى ئوقۇش ئارقىلىق ئەجداتلىرىمىزنىڭ باتۇرلۇق داستانلىرىدىن مەلۇماتقا ئىگە بولۇش بىلەن بىرگە يەنە خەلقىمىزنىڭ ھازىرقى خىتاي كومۇنىست باسمىچىلىرىنى ۋەتەن تۇپرىقىدىن ھەيدەپ چىقىرىشتىن ئىبارەت بۈيۈك ئارزۇ- ىستەكلىرىگە، ھارماس ـ تالماس كۆرەش روھىغا تەقلىت قىلالايسىز.

سىز كىتاپنى ئوقۇۋېتىپ ئۆزىڭىزنى خۇددى غېنى باتۇر بىلەن بىللە جەڭگاھتا جەڭ قىلىۋاتقان بىر جەڭگىۋار ئىنسان سۈپىتىدە دۈشمەنگە قارشى ئوت ئېچىۋاتقاندەك ھېس قىلىسىز.... كىتاپنى مەرھۇم ئۇستازىمىز زىياسەمەدى ئەپەندىنىڭ ئوغلى رىزا سەمەدى ۋە قىزى بىلقىز سەمەدىلەرنىڭ تەمىنلىگەن ئەسلى نۇسخىسى بويۇنچە كومپيۇتېرغا ئېلىپ، تەھرىرلەپ ۋە كوررېكتورلىقىنى قىلىپ ، مۇشۇ ھالغا كەلتۇردۇم. كىتاپتا خاتا كەتكەن، ئۇنداق ياكى مۇنداق سەۋەنلىكلەر بولسا ئوقۇرمەن قېرىنداشلىرىمىنىڭ تەنقىدى پىكىر بىرىشىنى سورايمەن ھەمدە مىننەتدارلىغىمنى بىلدۈرىمەن.

ھۆرمەت بىلەن: ئابدۇرېشىت ھاجى كېرىمى
شىۋېتسىيە ـ ستوكھولم 2011ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى

# غېنى باتۇر

## ئاپتورى: زىيا سەمەدى



### مۇقەددىمە

ئوغلان باھار پەسلى، تېرىلغۇ مەزگىلىدە تۇغۇلدى.
دېھقان ئاتا ئۇي قوشنى چىقىرىپ، ئەندىلا ئۆيگە يانماق بولۇپ تۇرۇشىغا مەھەللە تەرەپتىن تورۇق قۇلانى چاپتۇرۇپ كەلگەن ئون ئىككى ياشلاردىكى بالا نېرىدىنلا ۋارقىرىدى:
ـسۆيۈنچە، تاغا، سۆيۈنچە...
ـئوغۇلمۇ، قىزمۇ؟ ـ سورىدى بالىنىڭ نېمە ئېيتماقچى بولغىنىنى بىلگەن دېھقان.
ـئو-غۇل! ـ قارا تەرگە چۈشكەن قۇلانى توختاتتى بالا ۋە:
ـئو-غۇل بولغاندا يەنە قانداق دېمەمسىز؟ يوغانلىقىچۇ، ئۈچ ياش بالىدەكلا...
ـئوغۇل! ـ ئۈنلۈك ۋارقىرىدى خۇشاللىقىنى ئىچىگە سىغدۇرالمىغان دېھقان. ئۇنىڭ ئاتا مېھرى

تولغان شادلىق ئاۋازى بىنەملىك تەكچىدە ئەكسى سادا ھاسىل قىلدى-دە ئاۋرال تېغىنى بويلاپ ئاقىدىغان قاش دەرياسىنىڭ ئۆركەشلىك شاۋقۇنىغا قوشۇلۇپ يىراق - يىراقلارغا كەتكەن ئىدى. دەرھەقىقەت، ئوغۇل بالا تۇغۇلغان چاغدا ئانا يەر سۆيسۇنىپ، تاغلار، دەل-دەرەقلەر ئېگىلەر مىش. ئەندى ئاتىنىڭ خوشاللىقى بولسا ــ چەكسىز، بىقىياس، ئەلۋەتتە!

ــبۆشۈككە سىغمايدۇ دېدىڭمۇ، ئوغلۇم؟ ــ ئېنىقلىماق بولدى، ئاق ئارىلىغان بۇرۇتىنى مەغرۇر تولغىغان ھالدا دىھقان .

ــھە-ئە! ــ تەستىقلىدى بالا ۋە قوشۇمچە قىلدى: ــ كۆرسەڭ بارغۇ ھەيران قالىسەن!

ــھىم... ــ دىھقانىنىڭ يۈزىدىكى قورۇقلار ئورنىدا ئىللىق تەبەسسۇم ئوينىدى ۋە خۇش خەۋەر يەتكۈزگەن بالىنى ئاتتىن كۆتىرىۋېلىپ پېشانىسىدىن سۆيدىدە، ــ سەن دېگەندەك زور بولسا، ئەشۇ باتۇرۇمغا ئاتاپ، يەنە بىر تال بۇغداي تېرىۋېتەي! ــ دىھقان ئاتا بىر جۇپ ئۇينى قايتىدىن قوشقا قاتتى. بىر تاپ ئوسسىلىق يەرگە ئۇرۇق چاچتى. قوشنى تاپقا سالدى. ئۇنىڭ «تاش-تاش، ئىچكىرى...» دېگەن ئادەتتىكىدىن كۆرە خۇش كەيپىيات ئاۋازى گۆگۈم چۈشكىچە ئېتىزلىقتىن ئاڭلىنىپ تۇردى. دىھقان ئاتىنىڭ ئەجرى-ئېقىدىسى بىكار كەتمىدى، ئەنە شۇ بىر تاپ بۇغداينى ئوشۇق يېگەن ئوغلان ئاقىۋەت باتۇر بولۇپ ئۆستى...

## بىرىنچى باپ

ئۈچ ئاتلىقنىڭ بىرى ئۇيغۇر ، بىرى قازاق، يەنە بىرسى موڭغۇل. ھەر ئۈچىلىسى ياش، باقۇۋەت، ئەپتىدىن غەيرەت-شىجائەت يېغىپ تۇرۇپتۇ. كۆرسەڭ زوقلىنىسەن، قاراپ ھەۋەس قىلىسەن. ئۇلار مىنگەن ئويناقى ئاتلار يولغا سىغىشمايدىغاندەك، يول تالىشىپ تىزگىن سىرىپ، ئىككى يانغا كۆۋۈك تاشلىشىپ كېلىشمەكتە. يىگىتلەر دەريا بويىغا يېتىپ كەلگەندە ئاتلىرىنىڭ تىزگىنلىرىنى تارتىشتى ۋە يەرگە چۈشۈشتى. خېلە ئۇزۇن مۇساپىنى باسقان ئاتلار يېنىكلەشكەندەك، ئاياقلىرىنى كېرىپ، سىلكىنىشتى.

غازاڭنى چىقارغىنا، ناجى! خوشلىشىش ئالدىدا خۇش كەپتۇ قىلىشايلى، ــ دېدى ئۇيغۇر يىگىتى.

ــخوپ، ئاداش! ــ يانچۇقىدىن تاماكا خالتىسىنى ئېلىپ، غاڭزىنى باشمالتىقى بىلەن چىڭداپ، ئاندىن تۇتاشتۇرغان موڭغۇل يىگىتى ئۆزى ئىككى-ئۈچ قېتىم دۈت چىقىرىپ، جوۋا دەپ دوستىغا سۇندى.

ــمونۇ دەريانىڭ ئەلپازى يامان. كېچىك بېرەرمۇ؟ ــ دېدى قىنىغا سىغمايدىغاندەك تاشقىنلاپ، ئىككى لېۋىنى يالاپ ئېقىۋاتقان دەريادىن كۆز ئۈزمەي تۇرۇپ قازاق يىگىتى.

ــكېچىك بەرمىگىنىنى كۆرەي...

ــھەي، كۆرەڭلىمە! «سۇ تىلسىز يېغا» دېگەننى بىلمەمسەن؟

ــقاش دەرياسىنىڭ سىرىنى ئۆزەم بىلمەن. قاراپ تۇر! ــ دېدىدە ئېتىنىڭ تىزگىنىنى دوستىغا تۇتقۇزۇپ، يېشىنىشكە باشلىدى ئېگىز بوي، كەڭ يەلكە، دوقا ماڭلاي ۋە چوڭ قوي كۆزلىرىدىن غەيرەت-شىجائەت چاقناپ تۇرغان ئۇيغۇر يىگىتى.

ــكۆرۈك ئانچە يىراق ئەمەسقۇ، ــ دەپ بېقىشتى سۇ خەتەرلىكىدىن تەشۋىشلىنىشكەن يولداشلىرى. ئۇڭغىچە، پەشمەت-شىم، ئۆتۈكىنى تۇگۈنلەپ ئۇلگەرگەن بەستلىك يىگىت كورەڭقاشقا ئېتىنى يېتىلەپ دەريا لېۋىگە باردى:

ــئىككى كۈندىن كېيىن مېنى ئارالتۆپىدە كۈتۈڭلار! ــ دېدىدە، سۇغا قەدەم تاشلىدى.

ــئي، قۇداي! ــ خۇدانى شېپى كەلتۈردى قازاق.

ــبۇرخۇن، بۇرخۇن! ــ دەپ بۇتتىن مەدەت تىلىدى موڭغۇل:

دەريا ئېقىمىنى قىيالاپ ئۈزۈپ كېتىۋاتقان ئاتنىڭ ئىككى قۇلىغى بىلەن بېشىنىڭ ئۇستۇنكى يېرىمىلا كۆرۈنەتتى. كۈچلۈك ئېقىن زەپتىگە قارشى كۈچەپ بەرداش بەرگەكچىمېكىن، ئات جانىۋارنىڭ زورۇقۇپ خارتىلدىشى قىرغاققا ئاڭلىناتتى. يىگىت بولسا ئېتىغا ياندىشىپ داغدام يولنى بويلاپ ماڭغاندەك، يەلكىسىنى سۇغا تەككۈزمەي، ئۆرە دېگىدەكلا ئۈزۈپ ماڭدى. ئىككى يولدىشى دېمى ئىچىگە چۈشكەن ھالدا، تېلىقىپ قېلىشقاندەك، دەريانىڭ لېۋىدە داڭقېتىپ تۇرۇشۇپتۇ. ئاخىرى ئات بىلەن يىگىت دەريانىڭ ئۇ قانتىدا كۆرۈندى. ئىككى دوست يېنىك نەپەس ئېلىشى ۋە تەڭ دېگىدەكلا:

ــ ئارۋاق!

ــ ياغلا، ياغلا! ــ ئۇن قېتىشتىدە، ئاتلىرىغا مىنىشتى. گۈرەڭ قاشقا ئاتلىق يىگىت بۆكتەرنى ياقىلاپ كېتىدىغان چىغىر يولغا چىققىشغا، باياتىن دۆڭ ئۇستىدە ئۇنى كۈزۈتۈپ تۇرغان ئاق ساقال بوۋاي:

ــ يولۇڭ بولسۇن، ئوغلۇم! ــ دېۋىدى، يىگىت:

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! ــ دەپ ئاتتىن چۈشمەك بولغاندا، بوۋاي دەرھال:

ــ مەن رازى. ئاتتىن چۈشمە، ئوغلۇم. ئالدىراش ئىشىڭ بولمىسا، دۆڭ تۆپىسىگە چىق.

ئاقساقالنىڭ رايىنى قايتۇرۇشنى خالىمىغان يىگىت دۆڭ ئۇستىگە چىقىپ، ئاتتىن ئىرغىپ يەرگە چۈشتى ۋە قول قوشتۇرۇپ سورىدى:

ــ بىرەر خىزمەت بارمېدى، چوڭ دادا؟

ــ يوغۇسى، ئوغلۇم! مانا خۇدا ئۆزى سېنى ئالدىمغىلا كەلتۈرۈپ بەردى. ئولتار، ئوغلۇم. يېنىمغا يېقىن ئولتارغىنا!

يىگىت يەنە ئاقساقالنىڭ رايىچە بولدى ــ ئېتىنى قاڭتىرىپ قويۇپ، بوۋاينىڭ يېنىغا ئولتاردى. شۇ ئارىلىقتا ئالا خوجۇندىن چاي قاپاقنى چىقىرىپ ئۈلگەرگەن بوۋاي، گۈللۈك چۆچەككە چاينى بۇلۇقلىتىپ قۇيدىدە:

ــ سۇ بىلەن خېلە ھەپىلەشتىڭ. ئۇسساپ قالغانسەن، ئوغلۇم، ــ چۆچەكنى يىگىتكە سۇندى.

ــ رەخمەت، چوڭدادا، ــ تەشەككۈر ئىزھار قىلدى، كايپاڭسىمان چۆچەكتىكى ئەتكەن چاينى تىنىق ئالماستىن ئىچىۋەتكەن يىگىت.

ــ ھە، مانا، ھادۇق چىقتى دېگەن شۇ، ــ دەپ كۆكسىنى يېپىپ تۇرغان ئاپپاق ساقىلىنى تاراشلىدى بوۋاي ۋە دەريانىڭ ئۇ قانتىدا گۈرۈلدەپ كېتىۋاتقان ئىككى ئاتلىقنى شەرەت قىلىپ، ــ ئەۋۇ ئىككى ئاتلىق يولدىشىنىڭ ھەجەپ سېنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىشتا؟ قاش دەرياسىنىڭ سۈرىدىن قورقۇشتىمۇ يە؟

ــ ياقە! ھەر ئىككىسىلا قورقۇش دېگەننى بىلمەيدىغان خەڭزىلەر. ئۇلار مېنى مەشەگچە ئۇزىتىپ كەلگەن.

ــ ئۇنداقتا جان ئاغىنىلىرىڭ ئوخشىمامدۇ؟

ــ شۇنداق.

ــ ئاغىنە-ئۈڭگىسىز ئادەمنىڭ چۆلدە ئۆسكەن يالغۇز دەرەقتىن ھېچ پەرقى بولمايدۇ. ۋالەيكىن، ۋاپادار دوست تېپىش بەسىي مۇشكۈل. بىر ئۆمۈر سىناق، ئىشەنچە لازىم...

ــ مەن دوستلىرىمغا ئىشىنىمەن. ئۇلارمۇ ماڭا ئىشىنىدۇ، ــ دېدى بوۋاينىڭ سۆزىنى بۆلگەن يىگىت.

ــ ئىشەنچە ــ ئۇلۇق پەزىلەت. بەتگۇماندىن خۇدا خالى قىلسۇن. يىگىت بولساڭ، سىنا، نەسەپ-نەسلىنى سۈرۈشتى قىل ۋە ئاندىن ئىشەنچە ھاسىل قىل. شۇندىلا، كېيىن دوستىن پۇشايمان يېمەيسەن.

ــ مېنىڭ ھازىر ئىشەشلىك تۆرت دوستۇم بار: ئىككىسى ئۇيغۇر، بىرى قازاق، يەنە بىرى قالماق، ــ مەغرۇرلانغاندەك، يېقىملىق ئىلمايدى يىگىت.

ــ باشقا تائىپە بولسىمۇ دىلى پاك، نىيىتى خالىس بولسا ــ دوستلۇق كاپالىتى شۇ، ــ دېدى ـ دە،

نېمىدۇر ئېسىغا چۈشكەندەك ھاسىغا تايىنىپ ئۆرە بولدى بوۋاي. يىگىتمۇ ئورنىدىن دەس تۇردى.
چوغدەك قىزىرىپ پېتىشقا باشلىغان قۇياشنىڭ ئالتۇن شولىسى دەريا بېتىدە چالقىپ، سۇ ئۆركەشلىرىنى رەڭمۇ-رەڭ تۇسكە بوياپ، ئەجايىپ بىر خۇش مەنزىرە ھاسىل بولدىيۇ، لېكىن بۇ خۇش مەنزىرە ئۇزۇنغا سوزۇلمىدى، ـ دەريا بېتىنى گۆگۈم پەردىسى قاپلاشقا باشلىدى.
ـھېكمەت! ـ دېدى ھاسىسىنى تايانغان ھالدا دەريادىن كۆز ئۈزمەي قادىلىپ تۇرغان بوۋاي، ـ دەريانىڭمۇ خۇددى ئىنسان بالىسىدەك سىرى، ھېكمىتى بولىدۇ جۇمۇ. دەريا شاۋقۇنىغا قۇلاق سالساڭ ئادەم بالىسىنىڭ ئاھۇ-زارى، ھەسرەت-نادامىتىنى ئاڭلىغاندەك بولىسەن. گۇگۇم مەزگىلىدە شاۋقۇن ئەۋجىغا ئالىدۇ. مەن ھەر كۈنى تۇرۇپ، دەريانىڭ شاۋقۇنىغا قۇلاق سالىمەن، ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسلەيمەن...
يىگىت بوۋاينىڭ كېيىنكى تەبىرلىرىگە دىققەت بۆلمىدى. ئۇنىڭ ئۇچقۇر خىياللىرى دەريانىڭ كۈچلۈك ئۆركەشلىرىنى قوغلىشىپ، يىراقلارنى ـ يۇلتۇز-تۇزلەڭلىرىنى، جىرغىلاڭ يايلاقلىرى ۋە ئىلى ۋادىسىنى سەيلە قىلماقتا ئېدى.
ـئەۋۇ! كۈمۈچ كەمەردەك ئورۇلۇپ ئاققان ئىلى دەرياسى، ـ داۋام قىلدى سۆزىنى بوۋاي، ـ تېكەس، كۈنەس، قاش دەريالىرىنىڭ بىر-بىرىگە قۇيۇلىشىدىن ھاسىل بولۇشى، مانا شۇ ئۈچ دەريانىڭ چېتىلغان يېرىگە، ئاۋرال تېغىنىڭ ئېتىكىگە جايلاشقان قاش-قاراباغ يۇرتتا سەن سىياقى قەيسەر يىگىت تۇغۇلىشىمۇ ھېكمەتتىن خالى ئەمەس، دېمەكچىمەندە.
"قەيسەر" ـ تەكرارلىدى ئىچىدە يىگىت تاغ چوققىسىغا تىكىلگەن پېتى. قۇياشنىڭ ئاخىرقى قىيپاش نۇرىدا چوغدەك تاۋلانغان تاغ چوققىلىرىدىكى سەللە مىسالى، تۇرتەك-تۇرتەك بۇلۇتلار ئاسمان بويلاپ پەرۋاز قىلغان بۈركۈتنىڭ سالماقلىق قانات زەپتىدىن، پەرەڭ رومالدەك پارچىلىنىپ، بۈركۈتمۇ قىزىل رەڭگە بويۇلاتتى.
"قەيسەر" دەپ، مانا موشۇنى ئاتىسا بولىدۇ، دەپ پىچىرلىدى بۈركۈتكە تەن بەرگەن يىگىت.
ـبايىقى، ـ يىگىتنىڭ دىققىتىنى بۆلدى ئاقساقال، ـ بايىقى ئىككى يولدىشىڭنىڭ ئەپتىگە قارىغاندا، ئاتىنىڭ قۇلىغىدا ئوينايدىغان يىگىتلەر كۆرۈنىدۇ.
ـئۇلارنىمۇ «قەيسەر» دەۋەگىن، چوڭدادا. بىرى يۇلتۇز، يەنە بىرى ئارالتۆپىدە داڭلىق.
ـيۇلتۇز ـ ئۇ بېپايان دالا. ئۇ يەرنى تورغائۇتلار ماكانلىغان. ئاتلىرى داڭلىق... مونۇ سېنىڭ كۈرەڭ قاشقاڭ يۇلتۇز ئېتى ئېكەنلىگى بۆرە مېڭىشىدىن بەلگۈلۈك، ـ بوۋاي قايتىدىن قۇمدۇلۇپ ئولتاردىدە، سۆھبەتدىشىنىمۇ ئولتىرىشقا ئىما قىلدى.
ـئارالتۆپە، ـ سۆزىنىڭ داۋامىنى ئۇلاشتۇردى، ھاسىسى بىلەن خەرىتە سىزغاندەك يەرنى ئۈچ-تۆرت قېتىم سىزىۋېتىپ بوۋاي، ـ ئارالتۆپە، مۇخۇر-جىرغىلاڭ، بوزادىر يايلاقلىرىنى «يەرنىڭ جەننىتى» دېسەڭ كۆپۈرلۈك بولمايدۇ. بىزنىڭ سەئىدىيە نامىلىق دۆلىتىمىز دەۋرىدە قىپچاق دالاسىدىن تايىرخان باشچىلىغىدا ئېغىپ كەلگەن قىزاي-قازاقلار موشۇ كەڭ يايلاقلارنى پانالىغان. قازاق دوستۇڭنىڭ كىندىك قېنى ئارالتۆپىدە تۆكۈلگەن ئېكەندە؟
نېمىنىڭدۇر شەپىسىنى سەزگەن كۈرەڭ قاشقا كىشنەپ، يەرنى چاپچىدى. ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرغان يىگىت ئېتىنىڭ كوكۇلىسىنى قايرىپ، ماڭلىيىنى سىيپىدى. بوۋاي بولسا چاي قاپىغى بىلەن گۈللۈك چۆچەكنى خوجۇنغا سېلىپ، ھاساسىغا تاياندى.
ـچوڭ دادا، ئەندى ماڭا رۇخسەت بەرسەڭ؟
ـياق! ـ كەسكىن رەت قىلدى يىگىتنىڭ ئىلتىماسىنى بوۋاي ـ سېنى بۈگۈن ھەرگىز قويۇپ بەرمەيمەن. نۇسرەت بوۋاڭنىڭ ئۆزى تەر تۆكۈپ پەرۋىش قىلغان قوغۇنلىرىدىن بىرەسىنىڭ ساڭا تىلىپ يېگۈزمىسە كۆڭلى تىنمايدۇ- دە!
ـقايتىشىمدا يولۇقاي...

–نېسىيەڭنى قوي، ئوغلۇم. قوغۇنلۇق مانا يېقىنلا يەردە. شۇ تاپتا نەۋرەم چولپان باراڭلىق ئالدىغا چىقىپ، مېنىڭ يولۇمغا قاراپ تۇرىدىغاندۇ تېخى.

قىزنىڭ ئىسمى ئاتالغاندا يىگىت ئىككىلىنىپ قالدى. ھە، قىز دېگەننى كۆرگۈسى كەلمەيدىغان بوز يىگىت بولمامدۇ؟ قىز دېگەننىڭ قىرىق تۈرلۈك جازىبىسى بولىدىغۇ ئاخىر .

يىگىتنىڭ ئىچكى تەۋرىنىشىدىن مەڭپۇڭ ئالغان بوۋاي داۋام قىلدى:

–ساڭا دېمەكچى، سېنىڭ قۇلاقلىرىڭغا قويۇپ قويماقچى بولغان پەندى-نېسىھەتلىرىم بار تېخى. باراڭلىقتا چازانى قۇرۇپ، قوغۇن يەپ ئولتىرىپ مۇڭدىشىمىز، قانداق دېدىم؟

يىگىت جاۋاپ ئورنىغا بوۋاينىڭ قولتۇغىدىن يۆلەپ ئېگەرگە ئولتارغۇزۇپ، ئۆزى كەينىگە مىنگەشتى.

***

بوۋىسىنىڭ قارىسىنى كۆرۈشى بىلەن چۆنەكتىن-چۆنەككە ئاتلاپ يول ئۈستىگە چىقىپ، توختاپ قالغان چولپان كەينىگە يانماق بولۇشىغا، بوۋىسى ۋاقىرىدى:

–ئۆز بالىمىز. قاچمىساڭمۇ بولىدۇ، قىزىم!

يىگىت ئاتتىن ئىرغىپ چۈشتىدە، نۇسرەت بوۋاينى كۆتىرىپ دېگىدەك يەرگە چۈشەردى. چولپان قىز رومالىنىڭ بىر ئۇچىدا ئۈزىنى قىيا يېپىپ، مېھمانغا ئېگىلىپ سالام قىلدى ۋە ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى قولىغا ئېلىپ، موم ياغاچ تەرەپكە يېتىلەپ ماڭدى. يىگىت بولسا تۇرغان جايىدا قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپلا قالدى. ئۇنىڭ ئاغزىغا:

"رەخمەت، سىڭلىم، ئاتنى ئۆزەم باغلاي" دېگەن ئىبارە كەلدىيۇ، لېكىن ئۇن چىقىرىپ ئېيتالمىدى.

–قىزىم، مېھماننى باراڭلىققا باشلىغىن!

–خوپ، بوۋا! – چولپان بىلەكتەك ئىككى ئۆرۈم چېچىنى يەلكىسىدە ئوينىتىپ، ئىككى قىرى بۈككىدە گۈللەر ئېچىلغان يولدا يىگىتنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ، باراڭلىققا باشلاپ ماڭدى. پىشقان قوغۇنلار ۋە رەڭمۇ-رەڭ گۈللەرنىڭ ئىللىق پۇراقلىرى قوشۇلۇپ، قوغۇنلۇق ئىچى ئەتىر سەپكەندەك كۆڭۈل شاتلىغىنى قوزغاپ، خۇش كەيپىيات بېغىشلاپ تۇراتتى. تۆت ئەتراپىدىكى ئېرىقچىلاردا تاغ سۈيى شىرغىپ ئېقىپ تۇرغان تەمىلىك باراڭنىڭ ئىچى سالقىن، چىنىدەك پاكىزە، سەرەمجان. باراڭ ئىچىنى چىراقپاي ئۈستىدە پىلدىرلاپ يېنىپ تۇرغان «ماي چىراق» يورۇتۇپ تۇرۇپتۇ. ئاستى بورا، ئۈستىگە ئالىچە سېلىنغان سۇپىچە ئوتتۇرىسىدا دۈگىلەك جوزا، جوزا ئۈستىدە پىچىلىپ كاسا قىلىنغان تاۋۇز، قوغۇنلار قويۇلغان. قوغۇنلۇقنىڭ كۆركى، لەززىتى مانا شۇنىڭدىدە!

چولپان باراڭنىڭ بىر چېتىدىكى بۈگلۈك ئۈستىدىن قۇراق كۆرپىچىنى ئېلىپ، جوزىنىڭ يېنىغا يايدىدە، ئىككى قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ، بېشىنى تۆۋەن ئەككەن ھالدا:

–خۇش كەپسىز، – دەپ مېھماننى ئولتىرىشقا تەكلىپ قىلدى. مېھمان ئۆز نۆۋىتىدە:

–سالامەت سايىپخانا، – دەپ پاتىھە قىلدى، كۆرپىچىگە ئولتىرىپ.

–بېمالال، ئوغلۇم، بېمالال. مانا، يازنىڭ ناز-نېمەتلىرى بىزنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ، – دېدى مېھماننى جوزىغا تەكلىپ قىلىپ. شۇ ئارىلىقتا غىپلا قىلىپ چىقىپ كەتكەن چولپان قولىدا قۇنغان، چىلاپچا كۆتىرىپ كىردى:

–قولۇڭنى يۇيامسەن، ئوغلۇم؟

–خوپ.

ئۇنىڭ قولىغا بىرىنچى قېتىم قىز بالا سۇ قۇيغىنى موشۇ ئېدى. قىز قولىدىن قۇيۇلغان سۇنىڭ ھەر بىر قەترىسى ئۇنىڭ ئالىقىنى ئارقىلىق قان تومۇرلىرىغا تارقىلىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى ئويغىنىپ كەتكەندەك بولدى. قۇمغاندىكى سۇ تۈگەي دەپ قالدى – ئۇ قولىنى تارتار ئەمەس. «بولار ئەندى» دېگەندەك، كۈلكە ئارىلاش يۆتىلىپ قويدى چولپان. شۇندىلا ئېسىنى يىققان يىگىت خىجالەت بولۇپ

قىزغا قارىدى. ئىككىسىنىڭ كۆزلىرى بىرىنچى قېتىم ئۇچراشتى ۋە ئىككى يۈرەك تەڭلا ئېغىپ كەتكەن ئىدى...

قىز سۇنغان ئاق چوتا لۆڭگىگە قولىنى سۈرتۈپ، ئورنىغا ئولتاردى يىگىت. قىز بولسا سىرتقا چىقىپ بىر قولىدا چاي دەملەنگەن مىس چۆگۈن، يەنە بىر قولىدا كۆكباشقوناق سېلىنغان ساپال تاۋاقنى كۆتىرىپ كىرىپ، جوزا ئۈستىگە قويدى. ئىككى پىيالىغا چاي قۇيۇپ، مېھمانغا ۋە بوۋىسىغا سۇنۇپ:

–خوش كەپسىز، – دەپ يەنە كۆزدىن غايىپ بولدى. چولپان ئىگىشىپ پىيالىنى سۇنغان چاغدا قىزنىڭ تىنىغان ۋە سەل-پەل تەرلىگەن تېنىنىڭ ھىدى... ياق، ياق! ھىد ئەمەس، رېسىدە بولغان قىزلارغىلا خاس، ئالەمدە ھېچ بىر پۇراققا ئوخشىمايدىغان ئىللىق، ئەرلىك ئېھتىياجىنى قوزغايدىغان خۇش پۇراق يىگىتنىڭ دىمىغىغا ئۇرۇلۇپ، ئۇ شۇ پۇراق كەيپىگە غەرق بولغان ئىدى.

–سەن، ئوغلۇم، – دېدى پىيالىنى تۇتقانسېرى جىم ئولتىرىپ قالغان يىگىتكە خىتاۋەن، بوۋاي، – بېھۆزۈر مونۇ نېمەتلەرنى يېگىن. مەن نامازنى ئوقۇۋالاي.

مېھمان يىگىت يالغۇز قالدى. ئۇ نېمىنى بالدۇر، نېمىنى كېيىن يېيىشنى بىلمىگەندەك بىر پەس تىڭىرقاپ ئولتاردىدە، يېڭىلا چولپان قىز پىشۇرۇپ كىرگەن قوناقتا قول ئۇزاتتىيۇ، كۆز ئالدىدا ئىسمى-جىسمىغا لايىق ئوماق ئۇز، بودرۇققىنا دىھقان قىزى قادىلىپ تۇرغاندەك سېزىم ئىچرە قىز كىرىپ-چىققان باراڭنىڭ ئىشىگىگە تەلمۈرگەندەك قاراپ قالدى.

باراڭغا ياماشقان قاپاقنىڭ يوپۇرماقلىرى شىلدىرلىغاندەك، كىمدۇر چۆنەكنى ئاتلاپ ئۆتكەندەك قىلدىيۇ، يەنە جىم. بەلكى تاغ شامىلىدا گۈل شاخلىرى شىلدىرلىدىمىكىن؟ ياكى چولپان باراڭنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ، تەمە ئارىلىغىدىن ماراپ تۇرامدۇ؟ قىز بالا مارىغاق بولىدىغۇ! ئۇلار ئىشىك موجۇغىدىن، پەنجىرە كۆزنىگىدىن، تام يورۇغىدىن، دەرەقلەر دالدىسى، ھەتتا يوپۇرماقلار ئارىسىدىن ماراشقا ئۇستىغۇ! شۇ تاپتا چولپان قاپاق يوپۇرماقلىرىنى قايرىپ، مېھمان يىگىتكە سەپ-سېلىپ، ئۆلچەپ-پىچىپ ھۆكۈم چىقارغاندۇر، بەلكى...

–ئېتىڭدىن خاتىرجەم بول، ئوغلۇم، – دەپ كىرىپ كەلدى نۇسرەت بوۋاي، – شاپاقلارنى ئۇششاق توغراپ، كېپەك ئارىلاشتۇرۇپ بەردىم. قوغۇن شاپىغى ئات جانىۋارنىڭ تۈكىنى مەخمەلدەك پاقىرىتىۋېتىدۇ... ھۆي، جوزىدىكى نەرسىلەر تىزغان پېتى تۇرۇپتىغۇ! قەيسەر يىگىتكە تارتىنچاقلىق ياراشمايدۇ، جۇمۇ!

–بىللە ئولتىرىپ يەيلى دېدىمدە، – يالغان ئېيتىشقا مەجبۇر بولدى، باياتىن شېرىن، لېكىن چېچىلاڭغۇ خىياللارغا بەنت بولغان يىگىت.

"تەڭ يېگەن – تەنگە" بۇما ياخشى خۇلۇق. نۇسرەت بوۋاي قولتۇقلاپ ئەكىرگەن ئىككى قوغۇننى – «بېشەك شېرىن» بىلەن «سەۋزە-نازۇك» نى يەرگە قويۇپ، ئەيلەنگەن قوي تېرىسى ئۈستىگە ئولتاردى، – قېنى، ئوغلۇم، باقايلى. بىسمىللا، – دەپ كاسا قىلىنغان قوغۇننى ئاغزىغا سالدى.

مېھمان يىگىت بۇ ناز-نېمەتلەرنى چولپان قىزنىڭ قولى، ئەجرى بارلىغىنى، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ تاڭسىق-لەززەتلىك ئېكەنلىگىنى دىلىغا پۈكۈپ، ھۆزۈرلىنىپ يېدى، شېرىنلىغىغا ئاپىرىن ئوقۇدى.

ياشلىق چېغىدا بىر مەزگىل غۇلجىدا ياشاپ «بەيتىللا» مەدرىسىدە تۆرت-بەش يىل تەھسىل ئالغان نۇسرەتنىڭ شەرىئەت قائىدىلىرى، دىنىي پەلسەپەلەردىن خېلىلا خەۋىرى بار بولۇپ، تارىخقا كۆپەرەك كۆڭۈل بۆلىدىغان. مەكتەپلەرنى ئېچىش، خەلىقنى مەرىپەتكە دەۋەت قىلىش يولىدا جان كۆيدۈرگۈچىلەرنىڭ بىرى بولغان نۇسرەتتىن خوۋۇپلانغان مۇتەئەسسىپ موللىلار، جاھىل باي-زىمىندارلار، مۇستەبىت مۇستەملىكىچى خىتاي ھۆكۈمرانلىرى – شەنگەن، دوتەيلەرگە شىكايەت يېزىپ، نۇسرەت خەلپەتنى بالا ئوقۇتۇشتىن تامامەن چەكلەپ، «يېڭىچە» مەكتەپلەر ئىشىكلىرىنى تاقاپ، «دەھرىلەر ئۇگىسى» ئاتالغان ئۇنىڭ ئۆي-روزىگارىغا ئوت قويۇۋېتىشكەن ئىدى. پائالىيىتى چەكلىنىپ، نەزەربەنت ھالەتتە ھايات كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولغان نۇسرەت خەلپەت قاش دەرياسىنىڭ ئۇ

قانىتىدىكى ھاسانىيۇزىدىن، دەريانىڭ بۇ قانىتىدىكى ئاۋات يېزىسىغا كۆچۈپ كەلدى. زاكىسىدىن تارتىپ قۇلىغىغا سىڭگەن سۆيۈملۈك قاش دەرياسىنىڭ شاۋقۇنىدىن نېرى كەتكۇسى كەلمىدى. لېكىن ئىككىنچى قېتىم ئۆيلەنمىدى. يالغۇز نەۋرىسى چولپاننى قاتارغا قوشۇش، ئۇنى بەختلىك قىلىش كويىدا، ياشانغىنىغا قارىماي، قولىغا كەتمەن ئالدى. ئەنە شۇندىن بۇ يان دوستى ــ ئېتىز، كۆڭۈل خۇشى ــ قاش دەرياسى ۋە بەختى ــ يالغۇز نەۋرىسى چولپان.

ــمونۇ قېرىنىڭ نېمە گەپ-سۆزى باركىن، ماڭا ئېيتىدىغان، دەپ ئايلاپ تۇرىدىغانسەن، ئوغلۇم، ــ قانداقتۇر ئاتىلارچە ھېلىملىك بىلەن سۆزنى باشلىدى نۇسرەت خەلپەت، چولپان جوزىنى تازىلاپ، يېڭى چاي دەملەپ كىرىپ، چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ــ ئۇزۇندىن بېرى ياخشى بىر پەيتنى كۈتۈپ يۈرگەندىم، مانا شۇ پەيت بوگۈن كەلدى، ھىم...

ئۆزگىمۇ چۈشىنىكسىز ھىسسىياتلار ئىلكىدە خىيالچان ئولتارغان يىگىت بوۋاينىڭ سۆزىدىن تەشۋىشلەنگەندەك چەكچىيىپ قارىدى.

ــساڭا دېمەكچى بولغان سۆزۈمنى ئېيتىشتىن ئاۋال سەندىن سورايدىغان سوئالىم بار.

يىگىت بۇ قېتىممۇ شىمايلاندى. قەددىنى رۇسلاپ، بوۋايغا تىكىلدى.

ــتىڭشا! سەن نەسىل-نەسەبىڭنى بىلەمسەن؟ ــ ئېمتىھان ئالغاندەك توساتتىن بېرىلگەن بۇ تەرىقە سوئالنى يىگىت كۈتمىگەن. ئەكسىچە: ئۆيلەنگەنمۇ، قارىيىڭ بارمۇ دېگەنگە ئوخشاش سوئاللارنى بېرەر دەپ ئويلىغان ئېدى. بوۋاي ئۇنىڭغا ئۆمرىدە ئاڭلاپ باقمىغان سوئالنى بەردى. لېكىن پەم-پاراستى بار يىگىت «نەسىل-نەسەپ» چېتىلىپ كەلگەنلىكتىن بىر مەنىدىكى سۆز بولسا كېرەك دەپ قىياس قىلدىدە، ھېيىقىماي جاۋاپ بەردى:

ــئۇران-يۇراتىمنى دېمەكچىسىزغۇ؟

ــشۇنداق. قېنى، ساناپ كۆرچۇ.

يىگىت تۆت ئاتىغىچە ساناپ توختاپ قالدى. چېلىشتا-چېپىشتا، سۆزدە، بەس-بەستە شۇ كەمگىچە يېڭىلگەنلىگىنى بىلمىگەچكىمېكىن، خجالەت بولۇپ يەرگە قارىدى ۋە:«پۇھ دېسەم ئۇچۇپ كېتىدىغان مونۇ قېرى ئالدىمنى توساپ قويدا!» دەپ ئويلاپ ئىچىدە ئەپسۇسلاندى ئۇ.

ئەر يىگىت، ــ دېدى نۇسرەت تېخىمۇ پاتۇرۇۋاراق، ــ ئەڭ بولمىغاندا يەتتە ئاتىسىغىچە بىلىشى شەرت. ئەڭ ئاۋال ئۆزەڭنىڭ كىملىگىڭنى بىلىشىڭ كېرەك. ئۆزىنىڭ كىملىگىنى بىلمىگەن ئادەم ئەل-يۇرتى ۋە مىللىتىنىڭ كىملىگىنى ياخشى بىلمەيدۇ-دە، بۇ ئالەمدە نېمە قىلىپ، نېمە ئەتكەنلىگىنىمۇ ياخشى چۈشەنمەيدۇ، ــ قارغۇلارچە ھايات كەچۈرىدۇ...

"نېمە قىلىپ، ئەتكەنلىگىنى..." تەكرارلىدى يىگىت. بۇ تەرىپ ئۇنىڭ ھاياتىدىن ئېلىنغاندەك تەسىر قىلدى، ئەتىمالىم، ئۇ نۇسرەتكە «داۋام قىل» دېگەندەك تىكىلىپ قارىدى.

ــساڭا ۋە سەن سىياقى ياش، بەقۇۋەت، ئىدرەكلىك ئەۋلاتلار بىلىشكە تېگىشلىك ئىشلار كۆپ. سەن ياشلىغىڭغا، تەلۋە كۈچۈڭگە مەسلىگىڭ كېلىپ، بەزەن ئۆزەڭنىڭ كىملىگىڭنى، كىمنى ياقلاپ، كىمگە ياقا يىرتىشنى، ئۇنتۇپ قېلىشىڭ مۇمكىن. سەن ئەجداتلىرىڭنىڭ كىم ئېكەنلىگىنى ۋە ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى ياخشى بىلىشىڭ شەرت، ئۇلارنىڭ ئىزىنى بېسىشىڭ كېرەك. سەن بولساڭ ئەل-يۇرتقا نامى تونۇلغان مېنىڭ يېقىن بۇرادىرىم...

ــنې-مە! ــ يىگىت ئورنىدىن قوزغىلىپ كەتتى.

ــسېتىۋالدىنىڭ ياش ۋاقتى خۇددى قۇيۇپ قويغان سەن. شۇ تاپتا مېنىڭ ئالدىمدا ياش سېتىۋالدى ئولتارغاندەك ھىس قىلىمەن...

نۇسرەت خەلپەت خاتىرىسىنى جەملىمەك بولدىمۇ ياكى ياشلىق دەۋرىنى ئەسلەپ قەلبى تەۋرەندىمۇ، ئويلىنىپ قالدى .

يىگىت بولسا بوۋىسى ھەققىدە: ئۇنىڭ بوكىلىگى، مەرگەنلىگى ھەققىدە ئاڭلاشقا تەققەزا ھالەتتە

بوۋاينىڭ ئاغزىغا تەلمۈرۈپ شۈك ئولتىرىپتۇ.
– سېنىڭ بوۋاڭنى سېتىۋالدى «مەرگەن» دەپ بېكار ئاتىمىغان، – سۆزىنى داۋام قىلدى نۇسرەت. – ئىلى غازاتىدا پىدائىيلار قاتارىدا سېتىۋالدى ئىككىمىز بار ئېدۇق ئۇ يىگىرمە ياشتا. مەن ئون يەتتە ياشتا ئېدىم. ئەرنىڭ ئېرىنى سىنايدىغان جەڭلەر بولدى. سېتىۋالدى سادىر پالۋاننىڭ قولداشلىرىدىن بىرى بولۇپ، سۇيدۇڭ-كۇرە، باياندايى جەڭلىرىدە مەرگەن ئاتالدى. ئۇنىڭ غەيرەت-شىجائىتىنى، پەم-پاراستىنى بايقىغان ئەمىر لەشكەر ئابدۇرۇسۇلبەگ ئۇنىڭغا «يۇزبېشى» ئۇنۋانىنى بېرىپ، سۇۋارىي لەشكەرلەرگە باشلىق قىلىپ تايىنلىگەن. خەلىق ئىچىدە بەزىدە «سېتىۋالدى مەرگەن»، «سېتىۋالدى پالۋان»، دەپ ئاتىشى بېكار ئەمەس.
بوۋىسىنىڭ تەرىپىنى ئاڭلاپ رازىمەن بولغان يىگىتنىڭ نۇسرەت خەلپەتكە نىسبەتەن ئىخلاسى ئارتىشقا باشلىدى. دىلكەش ئادەمنىڭ بىر سۆھبەتتىلا ئادەمنى ئۆزىگە جەلىپ قىلىدىغان خۇسۇسىيىتى بولىدىغۇ! نۇسرەت خەلپەت شۇ پەزىلەتتىن خالى ئەمەس ئېدى. مېھمان يىگىت بوۋاينىڭ دۆڭ ئۇستىدە تۇرۇپ: «يولۇڭ بولسۇن، ئوغلۇم!» دېگەن يېقىملىق ئاۋازىنى ئاڭلىغاندىلا، سالاپەتلىك ئاقساقالغا ئىخلاسى قوزغالغان ئېدى. مانا، ئۇ ئەندى بوۋىسىنىڭ قۇردىشى، دوستى بولۇپ چىقتى – بەختلىك ئۇچۇر، چولپانچۇ! چولپانچۇ!... يىگىتنىڭ يۈرىگى قېپىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك ئورغۇپ كەتتى ۋە تەشۋىشلىنىپ بوۋايغا قارىدى. خەيرىيات، دەل شۇ دەقىقىدە نېمىنىڭدۇر ۋاقىدە يېرىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى.
–قوغۇن، – دېدى بېشىنى شىنتايتىپ نۇسرەت، «سەۋزە-نازۇك» دېگەن قوغۇن قىيامغا يەتكەندەك ئەشۇنداق، كېچىسى پوجاڭزا ئاتقاندەك ۋاقىلداپ يېرىلىدۇ. ئەنە، قۇلاققا خۇددى ناغرا چالغاندەك يېقىملىق ئاڭلىنىدا! دېھقان ئەجرىنىڭ پەيزى شۇنىڭدىدە، ئوغلۇم!

كۈندۈزى پەلەك يېيىپ،
كېچىسى خەمەكلەيدۇ...

چولپان كىردى، ئۇنىڭ قولىدا ئىككى سەۋزە-نازۇك.
–ۋاي، ئەقىللىگىم، ۋاي زېرىگىم... سېنى قىچقارغىنى تۇراتتىم، كۆڭلۇمدىكىنى تاپتىڭ. ئەكە، بىرىنى ماڭا، بىرىنى ئاكاڭغا تۇت. بۇنىچۇ، تىلىشنىڭ ھاجىتى يوق، موشۇنداقلا ۋاشاڭلاپلا يېسەڭ ھۆزۈر قىلىسەن، – دېيىدە چاك كەتكەن يېرىدىن شىرىنسى تېمىپ تۇرغان پوستى قارا، گۆشى سېرىق قوغۇننى چىشلەپ يېيىشكە باشلىدى نۇسرەت .
مېھمان يىگىتمۇ نۇسرەتنى ئەگەشتىيۇ، قوغۇننى بىر چىشلەپ كۆزىنىڭ قىرىدا قىزغا قارىۋېدى، قىز ئىللىق تەبەسسۇم ئەيلەپ، شامالدەك سىلىق مېڭىپ، چىقىپ كەتتى. گۈل غۇنچىسىغا تەخلىت قىز ئۈزىدە نامايان بولغان شۇ غىل-پال تەبەسسۇم يىگىتنىڭ كۆز ئالدىدىن ھېچ كەتمىدى.
–سېنىڭ ئەجداتلىرىڭدىن، – ئۈزۈلۈپ كەتكەن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى نۇسرەت، – ئىككى ئەۋلاتنىڭ نامى ئاتاقلىق ئېكەنلىگىنى قۇلىغىڭغا قۇيۇپ قويماقچىمەن. ئەڭ چوڭى، يەتتىنچى بوۋاڭ، ئوسماننىڭ قەيسەرلىگىنى ئاڭلىغانمېدىڭ؟
ئىككىنچى قېتىم چوس-چوس جاۋاپ بېرەلمىگىنىگە خىجىل بولغان يىگىتنىڭ بېشى تۆۋەن ساڭگىلىدى. موشۇ كەمگىچە ھېچ كىمنىڭ ئالدىدا مۇنچىلىك خىجالەتچىلىك تارتمىغان مەغرۇر يىگىت سەكسەنگە يەتكەن «ئۆلۈمتۈك» قېرىنىڭ ئالدىدا قىزىرىپ قالدى! ئوقۇمىغانلىقتىنمۇ! دادىسىدىن ناماز تەرىقىلىرىنى، كالتە-كۈلتە ئايەتلەرنى يادقا ئوقۇپ بىلىۋالغىنى بولمىسا، مەكتەپ دېگەننىڭ بوسۇغىسىنى ئاتلاپ باقمىغاندە! ئەگەر ئوقۇغان بولسا ئۆزىنىڭ، باشقىلارنىڭ تارىخىنى، ئۆتمۈشىنى بىلگەن بولاتتى. موشۇ قېرىنىڭ بىلەرمەنلىگىدىن قالماس ئېدى...

ـمىلادى يىل ھېساۋى بويىچە، ـ داۋام قىلدى يىگىتنىڭ ئۇيالغىنىغا پەرۋا قىلمىغاندەك، نۇسرەت، ـ 1759ـيىلى جاۋخۇي جاڭجۈن باشچىلىقىدا خىتاي قوشۇنلىرى ئېلىمىزگە بېسىپ كىرگەن چاغدا ۋەتەننى قوغداشتا جان-پىدالىق كۆرسەتكەنلەرنىڭ بىرى سېنىڭ چوڭ بوۋاڭ ئوسمان بولغان. دۆلەت مەركىزى ياركەندنى قوغداش جېڭىدا قاراسۇ، توڭغۇزلۇق دېگەن جايلاردىكى قىيامەت جەڭلەردە جاۋخۇي قوشۇنلىرىغا زەربە بېرىپ، چېكىنىدۇرگەنلەرنىڭ ئىچىدە ئوسماننىڭ قەيسەرلىكى ئالاھىدە قەيت قىلىنىپ، ئۇنىڭغا «پەھلىۋان» ئۇنۋانى بېرىلگەن.

ـمۇنداق دېگىن! ـ بوۋىسىدىن ئىپتىخارلانغان يىگىتنىڭ كۆزلىرىدە مەمنۇنىيەتلىك ئۇچقۇنلىرى چاقناپ كەتتى .

ـئەپسۇسكى، ـ پىغان چىقاردى نۇسرەت، ـ يەنە شۇ ئىچكى نىزاھ، «ئاق تاغلىق»، «قارا تاغلىق» جۇلدا كېسەل تۇپەيلى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، ئۇمۇمىي يۈزلۈك قىرغىندىن كېيىن، بىر تۇركۇم مەھكۇملەر ئىچىدە بوۋاڭ ئوسمان «پەھلىۋان» باشلىق خوتەن قاراقاشلىقلار بولغان.

ـبىزنىڭ ئەسلىمىز خوتەنلىك ئىكەندە؟

ـشۇنداق. سادىر پالۋانمۇ ئەسلى خوتەننىڭ گۇما دېگەن يېرىدىن.

ـھە، مۇنداق دېگىنە! ـ سادىر بىلەن بىر يۇرتلۇق بولغانلىقىغا تەمەننا قىلىپ، قەددىنى رۇسلىدى يىگىت .

ـئوسمان «پەھلىۋانى» ئۇۋاق تارتقان خوتەن قاراقاشلىقلار مەشەگە، ئۇچ دەريانىڭ چېتىلغان يېرى، ئاۋرال تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە يەرلەشكەن ۋە بۇ تەۋەنى «قاشقاراباغ» دەپ ئاتاشقان. شۇنىڭدىن بۇيان، ئاۋاللاردا «ئىلقا دەرياسى» دەپ ئاتىلىدىغان دەريا، «قاش دەرياسى» دەپ نام ئالغان.

ـئەگەر، بوۋا، ـ دېدى «بوۋا» ئىبارىسىنى ئايرىمچە مۇھەببەت ۋە ھۆرمەت بىلەن قەيت قىلغان يىگىت، ـ سەن بۇ گەپلەرنى دېمىسەڭ، كىملىگىمىزنى بىلمەي، باش پۈركەپ يۈرىدىكەنمىزدە!

ـباش پۈركەپ يۈرگەنلەر ئاز دەمسەن؟ ھەممە كاساپەتلىك شۇ ھېچ نەرسىنى بىلمەسلىكتىن، بېپەرۋالىقتىن بولۇۋاتىدۇ! ـ نۇسرەت ھارسىنغاندەك تىنىق ئالدىدە، داۋام قىلدى، ـ نېرىسىنى سۈرۈشتە قىلمايلا خوتەندىن چىققان ئوسماندىن باشلىساڭ: ئوسمان، ئۇنىڭدىن ئىسلام، ئىسلامدىن ـ باۋدۇن؟ باۋدۇندىن ـ خۇدابەردى، خۇدابەردىدىن ـ سېتىۋالدى، سېتىۋالدىدىن-مەمەتباقى، ئاندىن سەن، ئابدۇلغېنى، ـ مەن دېگەن يەتتە ئاتا مانا شۇلار.

ـيەتتە ئاتا...

ـبىلىپ قوي، ئوسمان بىلەن تىلىۋالدى ئازاتلىق تۇغىنى ئېگىز كۆتەرگەن ئىسىيانكارلار.

ـئىسىيانكارلار! ـ ئۇنلۇك تەكرارلىدى قەلبى تەۋرەنگەن غېنى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا قۇرال-ئەسلاھ تاقىغان سېتىۋالدى بىلەن ئوسماننىڭ سۇمباتلىق سىماسى گەۋدىلەندى ۋە ئۇنىڭغا «قوزغال» دېگەندەك نامايان بولدى. ئېگىسىنىڭ ئورنىدىن تۇرغانلىقىنى سەزگەندەك دەل شۇئان كۈرەڭ قاشقا قاتتىق كىشنەۋەتتى.

ـسەن قوزغالما، ئېتىڭگا مەن قاراپ كىرەي.

ـمەن قايتاي، ـ رۇخسەت سورىدى غېنى ۋە چولپاننى ئاڭلىسۇن دېگەندەك ئۇنلۇك، ـ ياخشى مېھمان بولدۇم، ئىبارىلىك گەپلەرنى ئاڭلىدىم، ھەممىسىگە رەخمەت...!

ـرەخمەتكە چۇشلۇك ئىش يوق. مونۇ شالتاقلارنى يىگىنىڭ بولمىسا، تۇزۇككىنە مېھمان قىلالمىدۇق. نەگە شۇنچە ئالدىرايسەن، قونۇپ قال. چولپىنىم قوغۇن ھالۋىسى قىلىپ بېرىدۇ.

چولپاننىڭ ئىسمى قىستۇرۇلغاندا غېنى يەنە ئىككىلىنىپ، ئورنىدىن قوزغالغىنىغا ئۆكۈندىيۇ، لېكىن ياشلىق غۇرۇرى ئۈستۈن كەلدى، ئەتىمالىم، «بىرىنچى كېلىشتىلا قونۇپ قېلىپ، چولپاننىڭ ئالدىدا «قېلىن» ئاتىلىپ «قالماي»، دەپ ئويلىدىدە ئۆزىنى توختاتتى:

ـقوغۇن ھالۋىسى يەنە بىر قېتىمغا ئامانەت قالسۇن. موشۇنىڭ بىلەنلا يولۇم توسۇلۇپ قالماس؟

–ساڭا ھەر دەم يول ئوچۇق. سەن – ئاغىنەمنىڭ نەۋرىسىدە! سەن ئاتلىق، مەن ھاسا تاياقتا. ساڭا يېتىشەلمەيمەن. بوۋاينى يوقلاپ تۇر، ئوغلۇم!

غېنى بىلەن نۇسرەت باراڭدىن چىقىشتى. ئاغامچا بويى كۆتىرىلگەن ئاينىڭ نۇرىدا باراڭ چۆرىسىدىكى رەڭمۇ-رەڭ گۈللەر، ساي تېشىدەك غۇچچىدە يېتىشكەن قوغۇن-تاۋۇزلار تاۋلىنىپ، تاغ سەلكىنىدە زىلۋا قوناقلارنىڭ پۆپۈكلىرى لىڭشىپ، يوپۇرماقلار شوخ قىزلار پىچىرلاشقاندەك، يېقىملىق شىلدىرلاپ، شۇ قەدەر قۇۋناق مەنزىرە ھاسىل بولغانكى، قوغۇنلۇقتىن ئۇزۇلۇپ چىقىپ كەتكۈڭ كەلمەيدۇ. نېرىدا بولسا قاش دەرياسىنىڭ شاۋقۇنى تىنىق كېچىنىڭ سالقىنلىغىنى بۇزغاندەك شاقىرىماقتا.

يىگىت بىلەن بوۋاي مەنزىرىگە مەپتۇن، شاۋقۇنغا سامى بولۇشقاندەك تۇرۇپ قېلىشتى.

–ھېكمەت! – خىتاپ قىلدى نۇسرەت ۋە غېنىنىڭ مۈرىسىگە ياغاچ ئارىدەك قاتاڭ، سەل تىترىگەندەك، لېكىن تېخىچە تەپتىنى يوقاتمىغان قولىنى قويدى، – ئەشۇ قاش دەرياسىنىڭ شاۋقۇنىنى ئاڭلاپ ئولتىرىپ، ساڭا دەيدىغان، جېكىيدىغان سۆزلىرىم بار، تېخى.

غېنى ئاتلاندى. ئۇ ھېچ قاچان روي بەرمىگەن ئىچكى سېزىم، ھېكمەتلىك تۇيغۇ ئىچرە ئاتلاندى. شۇ تاپتا ئۇ قاناتلىق دۈلدۈل ئۈستىدە ئۇچۇپ، روھى بولسا ئالەمنى سەيلانە قىلغاندەك قۇدرەتلىك كەچۈرمىلەر ئىلكىدە ئېتىنى چاپتۇرۇپ ئالغا قاراپ شىددەتلىك بارىدېكەن، دىلىدا: «ئىنسىيانكار»، «نەسىل-نەسەپ» ئىبارىلىرىنى توختىماي تەكرارلاتتى.

## ئىككىنچى باپ

ئاق ئايغىدىن قوزغالغان ئۇششاق تاشلار بىر-بىرىگە ئۇرۇلۇپ، تاشتىن-تاشقا قاڭقىپ تۆۋەنگە، غار تېگىگە دومىلاپ چۈشمەكتە. يالغۇز ئاتلىق ئادەم ئېرەن قىلمىغاندەك، بارغانسېرى تىككىگە ئۆرلىمەكتە. ئېگىز چوققىغا ئەپچىقىدىغان بۇ قىيا يول ئاتنىڭ ئېتى، ئەرنىڭ ئېرىنى سىنايدىغان خەتەرلىك ئۆتكۈل بولۇپ، خېلە ئات ۋە ئەرلەرنىڭ بېشىنى يېگەنلىكتىن «سىرات كۆرۈك» دەپ نام ئالغان؛ شۇ سەۋەپتىن بۇ خەتەرلىك يولدا پەقەت زۆرۈرىيەت تېپىلغاندا، ئۇزۇن يولنى قىسقارتماق بولغان چاغدا، ياكى تەقىپ – سۈرگۈندىن قاچقان ئادەم ماڭمىسا، باشقىلار يېقىنمۇ يولىماتتى. بۈگۈنكى يولۇۋچىنىڭ ئاتتا خىرامان ئولتىرىشىدىن بۇ «سىرات كۆرۈكتىن» نەچچە ئۆتكەنلىكى، ئېتى بولسا تولا مېڭىپ كاداڭلىشىپ كەتكەنلىكتىن، خۇددى تاغ تېكىسىدەك، تاشتىن-تاشقا چاققان ئاياق ئالاتتىدە، مۈدرىمەي، پۇتلاشماي يۇقۇرى ئۆرلەيتتى. ئاخىرى چوققا ئۈستىگە سالامەت چىققان يولۇۋچى ئاتتىن چۈشتى ۋە قارا تەرگە چۈشكەن، تۆت ئايىغى غالىلداپ تىترەپ تۇرغان ئاتنىڭ ماڭلىيىدىكى، كۆز چاناقلىرىدىكى تەر-كۆۋۈكلەرنى پوتىسى بىلەن سۈرتۈپ، ئاندىن ئەركىلەتكەندەك:

–يارايسەن، لاچىنىم، يارايسەن. سەن بىلەن ماڭسام خەتەردىن قورقمايمەن، – دەپ كۈرەڭ قاشقىنىڭ قولدا ياسىغاندەك دۈپ-دۈگلەك قاشقىسىنى سۆيدىدە، ئېتىنى يېتىلەپ نېرىراقتىكى ئەتراپىنى ئارچا، ياۋا ئالما-ئۆرۈك، ياڭاقلار ئوراپ تۇرغان خادا تاشنىڭ يېنىغا بېرىپ، كۈرەڭ قاشقىنى قارىغايغا باغلاپ قويۇپ، ئۆزى خادا تاشنىڭ ئۈستىگە چىقتى. ئەتراپ ئۈنىڭغا تونۇش – ئويمان-دۆڭنى ياخشى بىلىدۇ. بۇ جايدا ئۆزىنى ئەركىن ۋە كۈچلۈك سېزىدۇ. گويا موشۇ خادا تاشنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالسا، ھېچ كىم ئۇنىڭغا قول تەككۈزەلمەيدىغاندەك ھىس قىلىدۇ. ئادەم ئايىغى كامدىن-كام يېتىدىغان بۇ تەبىئىي جاي كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ ۋە يولداشلىرىنىڭ پاناگاھى بولۇپ قالدى. ئۆزى ئىككى قېتىم يامۇل-زىنداندىن قېچىپ، موشۇ يەرنى پانالىغاندا خىتاي چېرىكلىرى ئىز بېسىپ قوغلاپ كېلىشكە پېتىنالماي قايتىشقان. موڭغۇل دوستى غالدان بىلەن قازاق دوستى ئەكبەرنى چېرىكلەر قولىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، موشۇ خادا تاشنىڭ ئاستىدىكى ئۆڭكۈرگە سۇقۇندۇرۇپ ئىز، يوقاتقان ئەمەسمېدى! بۇ جاي

ئۇنىڭ تەۋەلىكى. بۇ يەرگە ئۇ ـ ھۆكۈمران. نېمە ئىش قىلسا موشۇ يەرنى دەسسەپ تۇرۇپ، موشۇ يەردىن باشلايدۇ.

تاغ بۇركۈتىدەك، بار بەستى بىلەن خادا تاشنىڭ ئۇستىدە تىك تۇرغان يىگىت ئانا تۇپراقتىن مەدەت كۈتكەندەك، ئىلى ۋادىسىغا نەزەر تىكتى: ئەنە! كىندىك قېنى تۆكۈلگەن تۇردىيۇزى، خۇددى ئايغىر ئاتنىڭ يايلىدەك سوزۇمچاق ـ بىر ئۇچى ئاۋرال ئېتىكىگە، يەنە بىر ئۇچى ئىلى دەرياسىغا تاقىشىدۇ. ئوڭ تەرىپى قاش-سامىيۇزى، سول تەرىپى بەختىيارىيۇزى (سېپىل دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، بۇ يېزىدا سالالىق تۇڭگانلار ياشايدۇ. شەرىق تەرەپتە ئاۋاكيۇزى بىلەن قاراباغ يېزىسى. ھەممىسىنى قوشۇپ «قاش-قاراباغ» دەپ ئاتايدۇ. بۇ يېزىلار ئۇنىڭ دىلىغا يېقىن. موشۇ ئەتراپتا ئۆسكەن، بوي تارتقان، كۈچ-قۇۋەتكە كىرگەن دەسلەپكى داڭقى موشۇ يەردىن باشلانغان...

ئەندى ئۇنىڭ ئۆتكۈر كۆزى جەنۇپتا تيان-شان، شىمالىدا جۇڭغار تاغ تىزمىلىرىنى، يايلاق-ئوتلاقلارنى كېزىپ، ئىلى ۋادىسىنى قاق يېرىپ ئۆتىدىغان ئىلى دەرياسىنىڭ ئىككى قانىتىدىكى كۆپلىگەن باغ-بوستانلىق ئۇيغۇر يېزىلىرىنى ئارىلاپ ئۆتۈپ، ئىلىنىڭ يۈرىگى ـ غۇلجا شەھىرىگە قادالغىنىچە تۇرۇپ قالدى.

ـبىزنىڭ يەر! ـ خىتاپ قىلدى ئۇ، كىمگىدۇر جاۋاپ بېرىپ، گۆزەل دىيارىدىن مەغرۇرلانغاندەك. ـ نۇسرەت بوۋاي دېگەندەك: «سېپىل سوقۇپ، شەھەر قۇرغان بىز. ئىمارەت سېلىپ، مەھەللە قىلغان. ئۆستەڭ قېزىپ، سۇ چىقارغان بىز. بوز ئېچىپ، زىرائەت تەرگەن بىز. كۆچەت تىكىپ، باغ قىلغان، بۇ يۇرتنى ئاۋات قىلغان بىز، بىزنىڭ ئەجداتلىرىمىز!» يەر بۇ بىزنىڭ ئېكەن، نېمە ئۇچۇن كۈلىدىن چىققان خىتايلار ئۇستىمىزدىن بىيلىك قىلىپ باج-سېلىق، ئالۋان-ياساق ئالىدۇ؟ زوراۋانلىق قىلىپ قىيناپ، ئازاپلايدۇ؟ نېمە ئۇچۇن بىز ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز غوجا، يېرىمىزگە ئېگە بولالمايمىز؟ خۇدا بىزنى ـ قۇل، بۇ باسقۇنچى خىتايلارنى ـ غوجا قىلىپ ياراتقانمېكىن..."

كېيىنكى ۋاقىتلاردا، نۇسرەت خەلپەت بىلەن نەچچە قېتىم ئۇچراشقاندىن بۇ يان ئۇنىڭ پىكىر قىلىشى، جەمىيەتتىكى مەۋجۇت ھادىسىلىرىگە كۆز قارىشى ئۆزگىرىشكە باشلاپ، مۇستەملىكىچىلەرگە، خۇسۇسەن، خىتاي ئەمەلدارلىرى ۋە گۇماشتىلىرىغا نىسبەتەن ئۆچمەنلىكى تېخىمۇ ئارتىشقا، ئېپىنى تاپسا ئۇلاردىن ئۆچ ئېلىشقا ئىنتىلەتتىيۇ، لېكىن بۇ ھەرىكىتى مۇھتاجغا يار-يۆلەك بولۇش، ھەددىدىن ئاشقان زوراۋاندىن ئۆچ ئېلىش بىلەن چەكلىنىپ، كۆپىرەك شەخسىي قەھرىمانلىققا مايىل ئىشلار بىلەن شۇغۇللاندى.

ـھەي، خىيال دەرياسىغا چۆمگەن يىگىت! گويا ئالەمنىڭ غېمىنى يالغۇز يېگەندەك تۇرىسەنا!

غېنى لاپپىدە كەينىگە، ئاۋاز چىققان تەرەپكە بۇرۇلۇپ قارىدى: نېرىراقتا، ياپىلاق تاشنىڭ ئۇستىدە، دوستى مەھەممەتجان ئادەتتىكىدەك كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپتۇ.

ـسەن سىياقى ئاخماقلارنىڭ غېمىنى مەن قىلمىسام، ئەشۇنداق ھوشۇ تازدەك ھېجىيىپ يۈرگىنىڭ يۈرگەن. سەنلەر يەپ قاچا، يول بوشىتىشتىن باشقىنى بىلمەيسىلەر.

ـۋاي-ۋۇي، مونۇنىڭ گېپىنى... نەدىن شۇنچە دانىشمەن بولۇپ كەتتىڭۇي! نۇسرەت كالتە قۇيرۇققا قاتنىغاندىن بۇ يان تىلىڭ ئۆتكۈرلىشىپ قالدى! ـ مەھەممەتجان شۇنداق قاتتىق كۈلدىكى، باغلاقتىكى كۈرەڭ قاشقا، كۈلكىگە ئاھاڭداش بولغاندەك، كىشنەۋەتتى ۋە ئىككى ئاۋازنىڭ تاشقا ئۇرۇلغان ئەكس ساداسىدا تاغ ئىچى جاراڭلاپ، تاغ پەررەندىلىرى ئۈركۈپ ئاسمانغا كۆتىرىلدى .

دوستىنى ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىگە باشلاپ كىرگەن مەھەممەتجان:

ـقايسىنى خالىساڭ شۇنىڭغا ئولتار، ئاداش. قارىغىنا، مۇنداق «مامۇقتەك» ئورۇندۇقلاردا نە تۇرۇك سۇلتانى، نە ئورۇس پادىشاسى ۋە نە خىتاي خاقانى ئولتارمىغان بولغېدى، ـ دېدىدە، يېساراق كەلگەن ئۈچ خىل-ئاق، قىزغۇچ، قارا تاشنى كۆرسەتتى.

ـمونۇ ئېقى كىچىگىرەك ئېكەن. تايىنلىق تۇرۇك سۇلتانىغا ئاتاپ قويساڭ كېرەك. پايدىسىنى

كۆرمىگەن بولساقمۇ، دىنداش بولغانلىكى شۇنىڭغا ئولتىراي، ـ دەپ پەشمىتىنى تاش ئۈستىگە يېيىپ ئولتاردى غېنى .

ـسەن سالما باشنىڭ كۆچىڭمۇ، تىلىڭمۇ، دىتىڭمۇ بارۇ، بىراق ئامىتىڭ كوتاراق، ـ يەنە كۈلۈشكە باشلىدى مەھەممەتجان. ئۇ كۈلگەندە ئاق مەڭزى تىترەپ كېتەتتى .

ـبۈگۈن گۈلقەقەلىرىڭ قەۋەتلا ئېچىلىپ كېتىپتا، سەن كاۋىنىڭ. پاختىگىڭ ئوڭدىسىغا ئۈچمىغاندۇر؟

ـئۇچمايچۇ، ئەۋۋەلارغا قارىغىنا! ـ ئۆڭكۈرنىڭ تۆر تەرىپىگە قولىنى شىلتىدى مەھەممەتجان.

ـئۆزەڭ ئاتتىڭما؟ ـ ئىشەنمىگەندەك سورىدى غېنى، ئىسقىلىق تۇرغان كۆپ ئاچىلىق بۇغا مۈڭگۈزىگە ھەۋەسلىنىپ قاراپ.

ـئۆزەم بولماي ئاسماندىن ئەيسا پەيغەمبەر تاشلاپ بەردى دېۋىدىڭمۇ؟ ـ رەنجىدى مەھەممەتجان. ئوچىلارنى تىللىساڭ پىسەڭ قىلماسلىغى مۇمكىنۇ، ئوۋىغا شەك كەلتۇرسەڭ كەچۇرمەسلىگىنى بىلىدىغان غېنى:

ـدومسايمارۇي، كاۋا! مەرگەنلىگىڭگە ھېمىشەم تەن بېرىمەنغۇ! ـ دەپ يۇمشاتتى.

ـھە، مەنما «مۇردىنى يەرگە قويۇپ، جەرەن قوغلىغان «قاشلىق» نىڭ بىرىدە. نېمىشكە مەرگەن ئاتالماي...

بۇ قېتىم ئىككى دوست تەڭ كۈلۈشتى. خۇش چىراي ئۇزىدىن كۈلكە ئىزناسى ئۆچمەيدىغان مەھەممەتجان ئاتا كەسپى تامچىلىق بولسىمۇ، كېيىنكى يىللاردا ئوچىلىقتا ھەۋەس قىلىپ كۆپىرەك ۋاقتى تاغ ۋە توقايلاردا ئۆتەتتى. شۇ سەۋەپتىن بولسا كېرەك «مەھەممەتجاننىڭ قىشلىق ئۆيى سامىيۇزى، يازلىق ئۆيى ئۆڭكۈر» دېيىشەتتى. غېنى بىلەن دوست بولۇشتىكى باش سەۋەپ ئۇنىڭ ئوچى ـ مەرگەنلىگى بولدى.

ـراسلا! ـ دېدىدە، ئورنىدىن چاچراپ تۇردى مەھەممەتجان ۋە ئۆڭكۈرنىڭ ئالدىدىكى ئۇيۇل تاشتىن ئېتىلىپ چۇشۇۋاتقان سۇغا چىلاپ قويغان قالماق تورسۇغىنى ئالدى، ـ يۇرەكنى ياشارتىپ، ئۆمرۈڭنى ئۇزارتىدىغان بىر نەرسە قۇيۇپ بېرەيكى، ئىككى دۇنيا ئاكاڭ قارىغايغا رەخمەت ئوقۇيسەن.

ـقالماق بوزىسىما؟

ـئىچكەندە بىلىسەن، ـ مەھەممەتجان كەينىچە تۇرۇپ، تورسۇقتىكى سۇيۇقلۇقنى ياغاچ چۆچەككە بۇلۇقلىتىپ قۇيۇشقا باشلىدى.

ـيوشۇرساڭمۇ، پۇرىغىدىن بىلدىم ـ بۇغىنىڭ قېنى .

ـيا، ئاللا! ـ ياقىسىنى تۇتتى مەھەممەتجان، ـ بىلمەيدىغان نەرسەڭ يوقتە... يېڭىلىق قىلاي دەپتىمەن، يەنە بولمىدى. قاچان تېتىپ بېقىۋېدىڭ؟

ـيەنە «كاۋىلىغىڭ» باردە. سەن قولۇڭغا مىلتىق تۇتماي، بۆدۈنە ئولاپ يۇرگەن چېغىڭدا، بىز بۇغا ئېتىش بۇ ياقتا تۇرسۇن، تىرىك تۇتۇپ، شېخىنى كېسىۋالىدىغان.

ـخوپ، سەن بىلەن تەڭ كەلگىنى بولمايدۇ. مونۇنى ئىچەمسەن؟ ـ چۆچەكنى تەڭلىدى مەھەممەتجان.

ـبۇزۇلمىغان بولسا ئىچەي، ـ چۆچەكنى قولىغا ئېلىپ پۇرىدى غېنى ۋە كۆتىرىپ ئىچىۋېتىپ، راھەتلىنىپ ئۇھ تارتتىدە، ـ ھەشقاللا، ئاداش، خۇماردىن بىر چىقاردىڭدە!

ـمەنما سېنى رازى قىلغىنىمغا خۇماردىن چىقتىم جۇمۇ، سالما باش! ـ رازىمەنلىك كۈلكىسىنى كۈلگەن پېتى ئۈچپۈتلۇقتا ئېسىلغان قارا چېلەكتىكى بۇغا گۆشىنى تەڭنىچىگە سۇزۇپ ئالغان مەھەممەتجان، ـ توغراپ بېرەيمۇ؟ ـ دەپ غېنىنىڭ ئالدىغا قويدى.

ـياقە! مېنى چىشى قالمىغان قېرى دېۋىدىڭمۇ؟ ـ غېنى گۆشنى پۈتۈن بويىچىلا يېيىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ مەزمۇت چىشلىرى ئۈستىخانىنىمۇ چايناپ ئېزىۋېتىدىغاندەك قىلاتتى. «يولۋاس، بەئەينى يولۋاس!» دەپ پىچىرلىدى دوستىدىن زوقلانغان مەھەممەتجان.

ــ شوۋىسى بارمۇ؟

ــ بىر تەڭنە گۆش قوسىغىڭىنىڭ بىر بۇجىگىگىما كەلمىدىمۇ، نېمە؟

ــ ئەگەر بۇغىنىڭ قېنىنى ئىچىۋالمىغان بولسام، ئۆزەڭنىمۇ قوشۇپ يەۋېتەتتىم. بىراق بۇغا قېنى بىلەن ئويناشقىنى بولماس...

ــ كاساپەتەي...

ــ شۇ تاپتا چېكە تومۇرلىرىم لوقۇلداپ، ئۆگە-ئۆگىلىرىم قىزىپ كەتتى، تولا پەلە-پەستەڭ دېمە، بولمىسا كۆرگۈلۈكنى كۆرسەن...

دوستىنىڭ چاقچىقىنى كۈلكە بىلەن يوپۇتقان مەھەممەتجان:

ــ ئەندى مەخستىڭنى ئېيت. سەن بېكارغا «سىرات كۆرۈكتىن» ئۆتۈپ كەلمىدىڭ. بىرەر چاتاق-پاتاق...

غېنى قولىنى بىر سىلكىپ ئاغىنىسىنى توختاتتىدە، ئورنىدىن تۇرۇپ، تاش ئاستىدىن چىقىۋاتقان سۈيىگە ئاغزىنى تۇتتى ۋە نەچچە كۈن سۇسىز قالغان خېلە ئۇزۇن سۈمەرگەندىن كېيىن، يەنە بىر قېتىم راھەتلىنىپ كېرىلىپ، سالماقلىق قىياپەتتە:

ــ ئىچىمگە شەيتان كىرىۋالدىمۇ، بىلمەيمەن، كۆڭلۈم «تۇر، ياتامسەن!» دېگەندەكلا قىلىدۇ. ئۆزرمنى بەزىدە قويار جاي تاپالمىغاندەك سېزىمەن...

ــ مەھەممەتجان غېنىنى ئەندى كۆرۈۋاتقاندەك، ئۇنىڭغا سەپ سالدى. خېلىلا ياداپ قاپتۇ. لېكىن كۆزلىرى ئاۋالقىدىنمۇ ئوتلۇق چاقناپ، جەزم-قەتىيەت ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ .

ــ نېمە دېمەكچى ئېكەنلىكىڭنى ئۇقالمىدىم.

ــ مۇغەمبىرلىك قىلما. قولۇڭدا خېتىڭ بار تۇرۇپ ھېچ نېمىنى بىلمەس بولۇۋالغىنىڭنى قارا. زادى مولا كۆرگەن ئادەم لىڭتاسما بولىدىغانلىغى راست ئېكەندە! ــ رەنجىش قىلدى غېنى.

ــ ئانچە-مۇنچە ئاق قەغەزنى جىراپ، چار كىتاپنى يامىداپ ئوقىغىنىم بولمىسا، مەندە نەنىڭ ئىلىم-بىلىمى بولغاي، ئاغزىمدا ئىلمىم بولسا مونۇ ئۆڭكۈردە ئىس پۇراپ ئولتارماس ئېدىم.

ــ گەپنى يورغۇلاتما. كۆپ سۆزگە خۇشتۇم يوقلىغىنى بىلمسەنغۇ؟

ــ بىلگەچكە سەن قاپ يۇرەككە ئىختىدا قىلىپ يۇرگەندىمەن.

ــ ھە، مانا ئەندى دەللىڭ گەپ قىلدىڭ.

ــ تايىنلىق سەن بىر نەرسە قوزغىماقچىغۇ؟

ــ قوزغىسام قوزغايمەن.

ــ غازات ئېچىپ، ئەمىر لەشكەر بولغۇڭ بارمۇ يە؟

ــ غازات ئاچقانلار سەن، مەن ئوخشىغان ئادەملەردۇر؟

ياكى ئۇلارنىڭ بەش بېشى، ئون قولى بارمېكەن؟ كۆلەڭگىمىزدىن قورقۇپ، كونا پالازدەك سۆرۈلۈپ يۇرگەن بىزلا...

ــ ئۇ دېگىنىڭغۇ راست، ئاداش. ئەمما-لېكىن غازات قىلىش ئۇششاق باللارنىڭ ھودۇكام ئويۇنىدەك ئاسان ئىش ئەمەستە!

ــ تەس چاغلىساڭ، جېنىڭنى ئايىساڭ، باش پۇركەپ ياتىۋەر. خىتايلار قىلغۇلۇقنى قىلىۋەرسۇن، ــ غېنى رەللە ،بولۇپ، ئەسەبىي تىتىرىگەن قوللىرى بىلەن تاماكىنى ئاران ئوراپ چەكتى.

ــ شۇندا سەن غازاتقا ئاتلىنىپ چىققىنىڭمۇ بۇ؟ يولۇڭ بولسۇن، ــ كۈلمەك بولۇپ، غېنىدىن تەپ تارتىپ ئاغزىنى توراۋالدى مەھەممەتجان.

ــ بۇ يەردە قوزغىلالمىدۇق. ئەندى قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرىغا بېرىپ قوشۇلماقچىمەن. رايىڭ بولسا ماڭا قوشۇل.

ــ ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا بۇ مەسلىھەتنى قىلساڭ ياخشى بولاتتى.

ــشۇ ۋاقىتمۇ سەنىغۇ كەينىگە سوزغان. ئۇڭغىچە مەن سولىنىپ قالدىم .

ــسوقۇش توختاپتۇدەك، غوجىنىيازھاجىم خىتايلار بىلەن كېلىشىم تۈزەپتۇدەك، دېگەنلەر بار. ئەندى بېرىپ قۇيرۇققا ئىلەشكەننىڭ نېمە ھاجىتى؟

ــئەستاخپۇرۇللا! ــ جېلى بولغان غېنى ئورنىدىن تۇرۇپ، غەزەپ كۈچىدە ئۆزى ئولتارغان ئاق يېسا تاشنى يۇلۇپ-قوزغاپ، ئۆڭكۈرنىڭ تېشىغا تاشلاۋەتتى.

ــنۇسرەت خەلپەت بىلەن مەسلىھەت قىلىپ كۆرەيلى. تەجرىبىلىك قېرى، ئەقلىنى ئېيتار، ــ دېدى دوستىنىڭ ھەس-ھەس بولۇۋاتقانلىغىنى سېزىپ مەھەممەتجان.

ــئېيتىڭ نەدە؟ ــ تەتۇر قاراپ تۇرۇپ سورىدى غېنى .

ــئارچىلىقتا. نەگە بارىمىز؟

ــيولغا چىققاندا بىلىسەن.

مەھەممەتجان ئادىتى بويىچە پېشانىسىنى سىلاپ قويىدىدە، باشقا سۆز قىلماي ئورنىدىن تۇردى ۋە ئېتىنى ئېگەرلىدى.

دۆڭ ئۈستىدە ئىككى ئاتلىق پەيدا بولدى. ئۇلار ساي باغرىدىكى بۇك-باراقسان باغلارغا ئورالغان زور يېزىنىڭ ئۆي-ئىمارەتلىرىنى ئىدىتلىماقچىدەك كۆزىدىن كەچۈرۈپ چىقىشتى .

ئاندا-ساندا ھۇلى كۆتىرىلىپ، پىششىق خىشتىن سېلىنغان، دېرىزىلىرى ئەينەك، پەشايۋانلىرى ئاقارتىلغان باي-زېمىندارلارنىڭ ئۆيلىرىدىن باشقا ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى دېگىدەك سوقما تام، لاي سۇگاق، پەنجىرىلىك ئۆيلەر. بىرلا ئوخشاشلىق شۇكى، ھەر ھويلىنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق چوڭ-كىچىك مېۋىلىك باغلىرى، كۆكتاتلىق سەينالىرى بار بولۇپ، چۆلۈقاي غولىنىڭ تاشتىن-تاشقا ئۇرۇلۇپ ئاقىدىغان تاغ سۈيىدە كۆكىرىپ مېۋە بېرىدۇ. چۆلۈقاينىڭ قىشتىمۇ بېجىرىم، تاتقى-تەمىنى بىردەك ساقلايدىغان «سارىم» ئالمىسى بىلەن بېنەم بۇغدايىنىڭ پورپاڭ نېنى داڭلىق. شۇ سەۋەپتىن بولسا كېرەك، شەھەرلىك رەۋەندىلەر چۆلۈقاي ئۇننى بېسىشقا قىزىقسا، قۇۋ باققاللار يازدىلا، ئالمىلار چېچەكلىگەن چاغدىلا، باغلارنىڭ كۆكىنى سېتىۋالاتتىدە، قىشچە سارىم ئالما سېتىپ چىقىشاتتى.

چۆلۈقاينىڭ ئالاھىدىلىگى، ھالاۋىتى شۇنىڭدا ئېدى، چۆلۈقايلىقلارنى «يازچىلار» دەپ ئاتىشىدۇ. مۇنداق ئاتاشتىكى سەۋەپ: ئىلىغا كۆچىرىلگەن ئاھالىنى «ئۆزىنى ئۆزىگە ئىدارە قىلدۇرۇش» ئۇسۇلىنى قوللانغان مەككار مانجۇر-خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى تۇرپان ۋاڭلىرىنىڭ ئەۋلاتلىرىدىن مۇسا گوڭنى ئىلى ئۇيغۇرلىرىغا (شۇ كەمدە «تارانچى» ئاتالغان ئۇيغۇرلارغا) «ھېكىم بەگ» قىلىپ بەلگۈلىگەن. ئىنىڭ ــ غۇلجا شەھىرىنى بولسا مەركەز قىلىپ، ئىنىڭشەن ــ غۇلجا ناھىيەسىنى مەمۇرىي تۈزۈمگە ئاساسەن سەكسەن ئىككى شاڭيۇغا بۆلۈپ شاڭيۇلارنى (يېزا بەگلىرىنى) تەيىنلەش، ئورنىدىن ئېلىش بۇ ئىشلىرىنى مۇسا گوڭنىڭ، ئۇنىڭدىن كېيىن ۋارىسلىرىنىڭ رازىلىغى، بەلگۈلىشى ئارقىلىق تەيىنلىنەتتى،لېكىن ھوقۇق تىزگىنى خىتاي ھۆكۈمرانلىرىنىڭ قولىدا ئېدى. ھېكىم بەگ مۇسا گوڭغا زور ئىمتىياز بېرىلىپ، ئۇنىڭ ئىختىيارىغا يۈز ئۆيلۈك «يانچى» دىھقان ۋە كەڭ مەيدان بۆلۈپ بېرىلگەن. شۇ يانچىلار چۆلۈقاي غولى ئەتراپىغا دىھقانچىلىق قىلىپ، چۆلۈقاي يېزىسىنى قۇرۇپ، ئىلى بويىچە ئەڭ چوڭ ئاۋات، باغ-بوستانلىق يېزىلارنىڭ بىرىگە ئايلاندۇرغان. 1911-يىلى شىڭخەي ئىنقىلاۋىدىن كېيىن، ۋاڭ-گوڭ تۈزۈمى چەكلىنىپ «يانچى» ئېلىنىپ تاشلانسىمۇ، ئەپسۇسكى، موشۇ كۈندىمۇ چۆلۈقايلىقلارنىڭ پېشانىسىدىن «يانچى» دېگەن داقاق كەتمىگەن.

ئىككى ئاتلىق يېزىنىڭ باش تەرىپىدىكى ئىككى تاشلىق تۈگمەن ئالدىغا كېلىپ توختاشتى. گۈگۈم چۈشۈپ قالغاچقا كاجو يېنىدا تۇرغان تۈگمەنچى ئۇلارنىڭ كىملىگىنى پەرىق ئېتەلمىدى.

ــبېرى كەل، مۆمۈن تاغا! بىز يايى ئەمەس، قورقما.

ــسەنمېدىڭ، غېنەم... سەنمېدىڭ بالام! ــ غېنىنىڭ ئۈنىدىن تونىغان تۈگمەنچى ئۈچقاندەك

كەلدىدە، غېنىنىڭ ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتتى ۋە قولتۇغىدىن يەرگە يۆلەپ چۈشەرمەك بولۇۋېدى، غېنى ئۇنىڭ قولىنى ئاستا ئىتتىرىپ، سالاملىشىپ، يەرگە ئىرغىپ چۈشتى.

ــ يانچى ئادىتىڭ تېخىچىلا قالماپتۇدە، مۆمىن تاغا. سەن ئەمەس، مەن سېنىڭ قولتۇغىدىن يۆلىشىم كېرەك.

ــ يېشىڭ كىچىك بولغىنى بىلەن، يولۇڭ چوڭ، ئوغلۇم.

ــ ئىككىنچى مەنداق گەپنى قىلغۇچى بولما.

ــ ماقۇل، ماقۇل... جۇسەڭلارا، ئۆيگە كىرەيلى. ھەي، ئايشە، نەدە سەن؟

ــ مانا، مەن! نېمە بولدى، ئاتىسى؟ ــ ئېغىل تەرەپتىن چېلەكتە سۈت كۆتىرىپ چىققان ئايشىخان يوچۇن ئادەملەرنى كۆرۈپ، كۆز باغلانسىمۇ، لېچىگىنىڭ بىر ئۇچىدا ئۇزىنى قىيا توراپ تازىم قىلدى.

ــ دەررۇ چاي قاينات، خوتۇن! ــ ئاتىلارچە بۇيرۇق قىلدى مۆمىن.

ــ نو سۈيىنىڭ گۆكۈرەپ ئېقىشىنى، چاقپېلەكنىڭ ۋىڭىلداپ پېقىرىشىنى ياخشى كۆرىمەن. نو بېشىدا ئولتىرىپ گەپلىشەيلى، ــ دېدى غېنى.

ــ چايچۇ، چاي؟

ــ چېيىڭنى ئىچسەك كېيىنىرەك ئىچەرمىز. باشلا!

ــ مۆمىن تاغا مېھمانلىرىنى باشلاپ ماڭدى. تېخى ئەللىكلەرگە يەتمىگەن تۇگمەنچىنىڭ چېچى ئاقىرىپ، ئىككى مۈرىسى چىققان ۋە بېلى تۇگمەن تېشىنى مۆكچىيىپ تۇرۇپ چەككەشكە، ئېغىر تاغارلارنى تولا كۆتەرگەشكە، مۆكچىيىپ، دوك ئادەمدەك كۆرۈنەتتى.

ــ كۆۋۈكدىشىپ ئېقىۋاتقان نو سۈيىنىڭ سالقىن تەپتى، چاقپېلەكنىڭ غۇيۇلداپ پېقىرىشى زەپتىدىن چاچرىغان مىڭلىغان سۇ قەترىلەر تەنگە راھەت، دىلغا ئارام بېغىشلايتتى. غېنى نوغا ۋە چاقپېلەككە خېلە تىكىلىپ تۇردىدە، ئاندىن شاخلىرى سۇغا چىلاشقان مەجنۇنتالنىڭ يەردىن سەل كۆتىرىلىپ تۇرغان دوناي يىلتىزغا ئولتاردى.

ــ ئۇھ... نېمە دېگەن راھەت! ــ دېدى سالقىن سۇدىن ئوچۇمكاپ، ئوچۇملاپ ئىچكەن غېنى.

ــ ئەتىدىن كەچ كىرگىچە ئەمگەك قىلىپ، نو بېشىدا بىر نەپەس ئولتارساڭ، ھادۇق دېگەندىن ئەسەرمۇ قالماس. ــ قوشۇمچە قىلدى مەھەممەتجان. ياشلار خۇش كەيىپ تاماكا ئورۇشۇپ چېكىشتى. مۆمىن تاغا ناسۋال ئاقچىسىنى چىقىرىپ، ئالىقىنىغا يېرىم چىمدىمچە قۇيدىدە، كالپۇك تېگىگە سېلىپ، كاجونىڭ بەل ياغىچىغا تاياندى. ئۇ نېمىدۇر دېمەكچى بولۇپ بىر-ئىككى قېتىم دېۋىنگەندەك قىلدىيۇ، ئۇيالدىمېكىن، ئاغزىنى ئېچىپ توختاپ قالدى.

ــ دەريا ئاتلاپ ئۇزۇن يولنى بېسىپ كەلگىنىمىزنىڭ سەۋەۋىنى بىلىدىغانسەن، مۆمىن تاغا، گەپنى غېنى تەشتى.

ــ ئارىلاپ، ئارىلاپ يوقلايدىغان ئادىتىڭ بولىدىغان، يوقلاپ كەلگەنسەن دەيمەنا

ــ بۇ قېتىمقى يوقلىشىم باشقىچەرەك. دەردىڭنى يوشۇرماي ئېيت!

ــ بالام، غېنى!.. ــ مۆمىننىڭ تامىقىغا كاللەك تۇگۇن كەپلىشىپ قالغاندەك، تۇنجۇقۇپ قالدى ۋە بىردىن تۆگە بوزلىغاندەك ھۆكۈرەپ يىغلاشقا باشلىدى. يىغا ئاۋازى چاقپېلەكنىڭ كۈچلۈك گۆكۈرىشىنى بېسىپ كەتكەندەك بولدى. مۆمىننىڭ ئەلەم-ئىزاسىنىڭ چەكسىزلىگى ئىچ-ئىچىدىن ئۆكسۈپ چىقىۋاتقان نادامىتىدىن بەلگۈلۈك ئىدى. بۇ تەرىقە يىغا-ھەسرەت بالىدىن بالىغا يانچىلىقتىن «مىراس» بولۇپ قالغانمېكىن! جىسمانىي ئېزىلىشتىن كۆرە مىللىي زۇلۇم، روھىي ئېزىلىش ــ ھاقارەت، كامسىتىش ئىنسان ئۈچۈن نەچچە ھەسسە ئېغىر ئازاپقۇ، ئاخىر!

ــ بولا، ئەندى. يىغا بىلەن ھېچ ئىش پۈتمەيدۇ. يىغلاپ-قاخشاپ يەتكەن يېرىمىز مەشەغۇ... بولغان ۋاقىئەنىڭ چەت ياقىسىنى ئاڭلاپ ئولتىرالمىدىم. قېنى، ئۆز ئاغزىڭدىن ئاڭلايچۇ، ــ دېدى مۆمىننىڭ نالىسىدىن زەردىسى قاينىغان غېنى. كۆڭۈلچەك مەھەممەتجاننىڭ كۆزلىرىدە ياش ئويناپ تەتۇر

قاراۋالدى.

ـ ئۇھ... ـ پىغان چىقاردى ئەلەم-ھەسرەت يۇكىدىن تېخىمۇ مۇكچەيگەن مۆمىن. ئۇ سۆز قىلىش ئورنىغا يەنە بۇقۇلداپ يىغلاشقا باشلىدى. ئىككى ياش «بوپتۇ، قانغىچە يىغلاپ، ئىچ قارنىڭنى بوشات» دېگەندەك سۈكۈتتە ئولتۇرۇشقىنى بىلەن ۋىيدانلىرى قايناپ، زوراۋانلارغا لەنەت-نەپرەت ئوقۇشۇپ، چاپسانراق ئىنتىقام ئېلىشقا ـ دەرتمەنلەرنىڭ ئاھىغا يېتىشكە تەلپۈنەتتى. ئاخىرى تۆگمەنچى يىغىدىن توختىدى. غەم-غۇسسىغا تولغان كۆكسى-قارنى بىر ئاز يېنىكلەشتى، ئەتىمالىم، ئۇلۇق-كىچىك تىنىدىدە، ئاندىن غېنىغا ئىلتىجا قىلدى:

ـ مېنى سۆزلىتىپ، تىلىمنى كۆيدۈرۈپ نېمە قىلاتتىڭ، ئوغلۇم. ئاڭلىغان بولساڭ، ھەممىسى راست ...

مۆمىننىڭ دېمى سىقىلدى. ئارتۇق سۆزلەشكە مادارى يەتمىدى. زادى سۆزلەشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ يۈرەك جاراھىتىنى ئېچىپ، قوزغاپ نېمە قىلىدۇ؟

ـ سۆزلەشكە تىلىڭ بارمىسا، سۆزلىمەياق قوي، ـ دەپ مۆمىننىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇتتى غېنى، ـ ئەندى ئىچىڭدە كۆيۈپ، دەرتكە بۇرۇقتۇم بولۇم تېچ ياتامسەن؟

ـ بەزىدە، ـ دېدى باياتىن ھەمنەپەسلىكىنى ئىچىدە پۈكۈپ جىم ئولتارغان مەھەممەتجان، ـ باشقىلاردىن يوشۇرۇپ، ساقلايدىغان دەرت بولىدۇ. لېكىن مونۇ سىزنىڭ دەردىڭىز، مۆمىن تاغا، بىر ئائىلىنىڭ، ئۇران-جۇراتنىڭ شەنىگە تېگىدىغان، سۈكۈت قىلىشقا بولمايدىغان ئېغىر دەرت-ئەلەمغۇ!

ـ قانداق قىلاي... مەن بىچارىنىڭ قولىدىن نېمە كەلمەك ...

ـ بىزچۇ، بىز! ـ ۋاقىراۋەتتى رەنجىگەن، خاپا بولغان غېنى، ـ بىزنى ئويناپ، تاماشەڭنى كۆرگىلى كەلدى دېۋېدىڭمۇ؟ زادى سەن يانچىلارغا بوسۇنچى بولۇپ كۆنۈپ قالغان.

ـ بىزنى دەپ ئۆزەڭ بىر توقىناق بالا-قازاغا، تېخىمۇ ئېغىر دەرتكە پاتىسەنغۇ، ئوغلۇم...

ـ مېنى ئايىغىنىڭ شۇما؟ ـ سوغ كۈلدى غېنى ۋە تەنە ئارىلاش دېدى:

ـ ئاچ-يالىڭاچ، ئۆيسىز-ماكانسىز قالساڭمۇ نومۇستىن ئايرىلماس كېرەك! بوپتۇ، تاشپاقىدەك بېشىڭنى ئىچىڭگە تىقىپ ياتساڭ ياتۇەر. بىزگە قىزىڭنى زورلاپ ئېلىپ قاچقان خۇنەسىنىڭ كىملىگىنى ئېيتىپ بەرسەڭ بولدى.

ـ قۇلۇستايلىق شاڭيۇنىڭ ئوغلى...

مۆمىن ئاران شۇنىلا دەلەلىدى.

ـ كەتتۇق، ئاداش! ـ دېدىدە ئورنىدىن دەس تۇردى غېنى. مەھەممەتجانمۇ قامچىسىغا تايىنىپ ئۆرە بولدى. ئىككى ياش مۆمىن تۆگمەنچىنىڭ «چاي ئىچىپ كېتىڭلار» دەپ يالۋۇرۇپ تىزگىنلىرىگە ئېسىلغىنىغىمۇ قارىماي، ئاتلىرىنى دېۋىتىشتى.

مۆمىن ئىڭرىغاندەك: قىزىم... جېنىم قىزىم، نەدە سەن؟...» دەپ بۇ قېتىم ئۈن سېلىپ بوزلىمىدى. لېكىن قەلبىدە، دىلىدا يىغلىدى. ئۇنى غەم-ئەلەم ئىككى مۆرىسىدىن بېسىپ يەرگە چاپلاۋەتكەندەك ئولتىرىپ قالدى .

ـ نېمە بولدىلا؟ ۋايەي، يەرگە چاپلىشىپ ياتقىنىنى...

ـ ھېچ، ـ ئاران ئۈن قاتتى مۆمىن.

ـ تۇرسىلا، چاي قاينىتىپ قويدۇم. مېھمانلار قېنى؟ ئەتراپقا قارىدى ئايشەمخان، ـ ئەۋەي چايغا ئولتارماي، سەتلا كېتىپتا!

مۆمىن ئېغىر تاغارنى كۆتىرىپ قوپقاندەك، ئورنىدىن تىرەجەپ تۇردىيۇ، لېكىن ھالسىزلىقمۇ ياكى ئۆيگە كىرگۈسى كەلمىدىمۇ، قايتىدىن ئولتىرىپ قالدى. يۆلىمەك بولغان ئايشەمخاننىڭ قولىنى ئاستا ئىتتىرىپ، غېنىلار كەتكەن تەرەپكە تەلمۈرۈپ قارىدى. ئايشەمخان ئېرىنىڭ رايىغا بېقىپ قېشىغا ئولتاردى. قەدىناسلار بىر-بىرىنى ئاياتتى، ھەر قايسى دەرت-ئەلىمىنى بىر-بىرىدىن يوشۇرۇشقا،

بىلىندۇرمەسكە، كۆزلىرىدىن تارام-تارام ئاققان ياشلىرىنىمۇ كۆرسەتمەسلىككە تىرىشىپ خالىدا يىغلايتتى. مانا ئىككى كۈندىن بېرى موشۇ قايغۇلۇق ھالەت، موشۇ ئۈنسىز ھالەت-نادامەت... ئىككى كۈننىڭ ئالدىدا ئۇلار بەختلىك ئېدى. ئېغىر ئەمگەكتىن كېيىن زاغرا يەپ، قايناق سۇ ئىچسىمۇ كۆڭۈل ئارامى زەينەپ بار ئېدى... زەينەپتىن ئايرىلدى ـ ئالەم قاراڭغۇلاشتى، ئۆي ئىچى گۆرگە ئايلىنىپ، ئۆزلىرى تىرىك ئەرۋا بولۇپ قېلىشتى... ئۇلارنىڭ ھالىغا كىم يەتسۇن؟ كىم دەردىگە دەرمان بولسۇن؟ زەينەپنى زوراۋانلار ئېلىپ قاچقان كۈنى تۇگمەننىڭ ۋارىسلىق ئېگىسى بەگزادىنىڭ ئالدىغا ھال ئېيتىپ بارغان مۆمىن دەردىنى يەنە بىر ھەسسە ئاشۇرۇپ قايتتى. شىپاڭدا سايىداپ ياتقان بەگزادە بېشىنى پەي ياستۇقتىن كۆتەرمەي تۇرۇپ: «قىز دېگەننى باغلاقتا تۇتۇشنى بىلمىگەن سەن دەللىگە ئاز بوپتۇ، بار!» دەپ قوغلاپ چىقاردى. ئاتا-بوۋىسىدىن تارتىپ خىزمىتىنى قىلغان غوجىسىنىڭ بۇ قاتىلانە زەھەرخاندىلىگى مۆمىننىڭ كۆڭۈل جاراھىتىگە تۇز سېپىپ، يۈرىگىگە نەشتەر سانچىغاندىنمۇ ئېغىر تۇيۇلدىدە، دەردىنى ئىنسان بالىسىغا ئېيتماسلىقتا پىنھان تۇتۇپ، ئاللاھدىن ئۆزىگە يېلىنماسقا قارار قىلغان ئېدى. پۈتۈن ئۆمرىدە ئىشەنگەن ۋە يۈرىگىدىن ئورۇن ئالغان ئادىمى غېنىنىڭمۇ بۇ سىرنى ئوچۇق، ئاشكارە ئېيتمىغىنىنىڭ سەۋەۋى شۇ ئېدى. بىر-بىرىگە چاپلاشقاندەك غەمگە پېتىپ ئولتىرىشقان ئەر-خوتۇن دىللىرىدا قان يىغلىشىپ، يالغۇز قىزى زەينەپنىڭ ئامانلىغىنى ئاللاھ ئېگەمدىن تىلىشەتتى...

***

يازنىڭ قىسقا تۈنلىرىدە دېھقانلارنىڭ چىراقلىرى ئەتىگەنلىگى ئۆچىدۇ. تاڭ بوزىرىشى بىلەن تەڭ ئېتىزغا ماڭىدىغان كەمبەغەللەر بولسا توخۇ-تۈمانلار قونداقتا چىقىشى بىلەنلا ئورۇنغا سۇنايلىشىپ، باشلىرى ياستۇققا تېگە-تەگمەي ئۇيقىغا كېتىشىدۇ ـ ھادۇق يەتكەن دېھقاننىڭ ئارام-راھىتى شۇدە!
غېنى بىلەن مەھەممەتجان بىر دۆڭدىن ئېشىپ، بىر ساينىڭ سۈيىنى كېچىپ قۇلۇستايغا يېتىپ بېرىشتى. چۇلۇقاي بىلەن بۇلۇكەينىڭ ئارىلىغى، ئاربوزنىڭ قىيا شىمالىدىكى بۇ كەنت ئەسلىدە «يانچىلار مەھەللىسى» بولۇپ، چۇلۇقاينىڭ شۆھبىسى ھېساپلىناتتى.
ـمۆمۈنكام قىزىق ئادەمدە، ـ دېدى قۇلۇستايغا كىرىش ئالدىدا غېنى، ـ قەست دۈشمىنىنى ئېيتىپ بېرىشكە ئاغزى بارمايدا!
ـئۆمۈر بويى زورلۇق-زومبىلىقتىن باش كۆتىرەلمەي، يۈرىگى موجۇلۇپ كەتكەندە. ئاندىن سېنىڭ قاراملىغىڭنى بىلىدۇ. سېنى بىر بالاغا تىقىپ قويماي دېگەندۇر، ئاق كۆڭۈل دېھقان، ـ دېدى مەھەممەتجان.
ـبۇ مەھەللىدە ئونلىغان شاڭيۇ بار: كونىسىمۇ، يېڭىسىمۇ؟ قېرىسىمۇ، يېشىمۇ؟ ئېتىنى بىلمەي قانداق تاپالايسەن ھە؟
ـچىرىغى يېنىق تۇرغان ئۆيلەرنىڭ بىرىگە تەۋەككەل قىلىپ كۆرەيلى.
ـنېمە؟! ـ چۆچۈگەندەك سورىدى غېنى، ـ كۆپ خوتۇنلۇق شاڭيۇلارنىڭ ، بايلارنىڭ ياكى تەقۋەدار موللا-ئاخۇنلارنىڭ ئۆيلىرىدە كېچىچە چىراق يېنىپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىشىگىگە باردىڭ ـ چاندۇردۇم دەۋە .
ـئۇنداق بولسا پال باق، ـ تەنە ئارىلاش كۈلدى مەھەممەتجان. ئەسلىدە ئۇ غېنىنىڭ شەخسىي ماجرالارغا ئارىلىشىدىغانلىغىنى، بەزىدە ئورۇنسىز «قەھرىمانلىق» قىلىپ، ئىككىسى ئارىسىدا تالاش-تارتىش، رەنجىشلەرمۇ بولاتتۇيۇ، لېكىن نېمە ئۈچۈندۇر غېنىنىڭ رايىچە بولۇپ، ئۇنىڭ دېگىنىنى يىرمايتتى ـ دوستى غېنى ھەقنىڭ قۇلىغۇ!
ـكۈلمە، كاۋا! كۈلۈش ئورنىغا كالىلاڭنى ئىشلەت. توختا، توختا! ھېلىقى ھەجە ئېسىڭدە بارمۇ؟
ـقايسى ھەجەنى دەيسەنكىنتاڭ! ئىشتىنىڭ بېشىغا ئۇرساڭ ھەجە، ھەجەنى، ھەجەرگۈل،

ھەجەربۇۋى... چۈشىدىغۇ بۇ يۇرتتا.

ـ ئوغلاقچى ھەجەچۇ!؟

ـ شېرىپ بۆكىنىڭ ھەدىسىنى دەمسەن؟

ـ دەل شۇ!

ـ ئۇ ئەركەك ـ چىشىنى نېمە ئەسلەپ قالدىڭ؟ يېشىڭ كىچىك بولسىمۇ تونۇمايدىغان ئادىمىڭ يوقتە، سەن سالما باشنىڭ.

ـ سەندەك ئون يىگىتكە بەرمەيدىغان جۇگان ئۇ. تېرە شالۋۇرنى كىيىپ، ئات ئۇستىگە چىقىۋالسا بارغۇ، ھېچ كىمگە ئوغلاق بەرمەيدۇ، جۇمۇ!

ـ رۇستىمى ـ داستانغا تەڭ قويغىنى تاسلا قالدىڭ.

يېزىنىڭ شەرىق تەرىپى، بۇلۇڭەيگە بارىدىغان يول بويىدىكى، پاكا ـ پاكا تام ئۆيلەرنىڭ بىرىنىڭ ئىشىك ئالدىدا ئېتىنى توختاتقان غېنى يەرگە چۈشۈپ، ئاتنىڭ چۇلۋۇرنى دوستىغا تۇتقۇزدى. دەرۋازا ئورنىدا ئىككى چەڭزىنى يان تۇۋرۇكلەرگە پانىلىغان قورۇدىن ئىڭىشىپ ئۆتۈپ خوتەن قەغىزى چاپلانغان پەنجىرىگە يانداشتى. مال ـ ۋارىنى يوق، كەمبەغەل ئائىلە بولسا كېرەك، ھاۋشىغان ئىشت بولمىدى.

ـ ئۆيدە كىم بار؟ ـ ئۈنلۈك سورىدى غېنى.

ـ ...

ـ ئۆيدە قايسىڭ بار دەيمەن!

ـ كى ـ ئىم ـ ئايال كىشىنىڭ ئۈيقا ئارىلاش ئۈنى ئاڭلاندى.

ـ مەن ـ يامۇلنىڭ يايىسى!

يايىنىڭ نامى چىقىشى بىلەن دېمى تۇتۇلسا كېرەك، ئايال جىمىپ قالدى .

ـ بىزگە ھەجەنىڭ ئۆيىنى ئۆيىنى بەر!

ـ ھە، ـ ئايالنىڭ ئۈنى ئاۋالقىدىن تىتىگىرەك چىقتى، ـ قايسى ھەجە؟ ـ ئۇ پەنجىرىگە يېقىن كەلدى. ـ ئاق تۇمشۇق ھەجەمۇ؟ شور تۇمشۇق ھەجەمۇ؟ يە ھېلىقى ھەجە ۋالاقمۇ ؟ ـ سايراپلا كەتتى، يايىغا ياخشى كۆرۈنمەك بولغان ئايال.

ـ شېرىپخاننىڭ ھەدىسچۇ!

ـ ھە، بولدى، بولدى! ـ ئايال بېشىنى پەنجىرىدىن چىقاردى، ـ بىز ئۇنى ھەجە «ئېيىق» دەيمىز. ئۇنىڭ ئۆيى ئەۋۇ دوخمۇشتىن ئوڭغا ئايلىنىپ، يەنە سوڭغا بۇرۇلۇپ، يەنە ئوڭغا قاراپ ئىككى ئۆي ئۆتكەندە ئىشىك ئالدىدا ئىككى تۇپ...

ـ ھەجە «ۋالاق» ئۆزەڭ ئوخشايسەن! ـ دېدىدە. ئايالنىڭ سۆزىنى ئاخىرىغىچە ئاڭلاشقا تاقەت قىلماي كەينىگە ياندى غېنى. باياتىن ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغان مەھەممەتجان غېنىنىڭ تېپىپ دېگىنىگە ئات ئۇستىدە سىلكىنىپ كۈلدى.

ئايالنىڭ كۆرسەتكىنىدەك كوچىنىڭ سول بۇرۇلۇشىغا يەتكەندە، ئۇلارنىڭ قارشىسىدىن كىمدۇر بىرى موزايىنى سۆرەپ كەلمەكتە ئىدى:

ـ غوجەك باينىڭ قارا گاڭگىسىدىنمۇ ئېشىپ كەتتاي بۇ ھاراملىق ـ كېچىسى قوتاندا ياتماس بولۇۋالدى، ـ دەپ زارلاندى ئۇ. ئىككى تۇپ دەرەقنىڭ قېشىغا كەلگەندە موزاينىڭ بېشىدىن تۇتتىدە، تىرەجىشىگە قويماي قاشا ـ قورۇنىڭ ئالدىغا ئاپاردى ۋە تۆرت ئايىغىدىن قاماپ تۇتتىدە «ھاپپا!» دېگەن پېتى لىككىدە كۆتىرىپ، قورۇنى ئاتىلدۇرۇپ، ھويلا ئىچىگە ئىرغىتىۋەتتى.

ـ كۆردۈڭمۇ، مەن دېگەن ھەجە ئەشۇ .

ـ يا، پىرلەر! ـ ياقىسىنى تۇتتى مەھەممەتجان، ـ مونۇرۇڭ دېۋىنىڭ ئەينى ئۆزىغۇ!

ـ سالام، ھەجەخان ھەدە! ـ نېرىدىنلا سالام بېرىپ، ئۆزىنى تونۇتماق بولدى غېنى .

ھەجەنىڭ كۆزى ئۆتكۈر ئېكەن، بىر قاراشتىلا تونۇۋالدى:

ــ سەنمېدىڭ، پالۋان، ئاتلىنىپ چىقىپسەن، كىمنى ئولاپ يۈرىسەن؟ ــ دېدى ئاتلىقلارغا قاراپ.
ــ ئۆزەڭ سەت، يېشىڭ چوڭ بولسىمۇ، كۈچ-غەيرىتىڭگە خۇشتارمەندە!
ــ ھەدەڭگە چاقچاق قىلما، پالۋان، ئاغزىڭ قىڭغىر چىقىپ كېتىدۇ. ئاتتىن چۈش. خۇش كەپسەن، ــ غېنىنىڭ ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتتى ھەجەرخان .
ــ ئەيىپكە بۇيرىما، ئاتتىن چۈشمەيمەن، ئىشىم ئالدىراش...
ــ ياقە! قولۇمغا چۈشتۈڭمۇ، قۇتۇلغىنىڭنى كۆرەي. دەريا سەيلىسىدىكى پالۋانلىقىڭنى كۆرگەندىن بۇيان بىر مېھمان قىلىش ئارزۇيۇم باردى. مانا، چىللىمايلا، ئۆز ئايىغىڭدىن كېلىپ قالدىڭ. ئاتتىن چۈش دەيمە! ــ ھەجەر ئۇزەڭگە بېغىنى تارتتى.
ــ كۆردۈڭمۇ ئەۋۇ ئالا توپاقنى؟ ھازىر ساڭا ئاتاپ كاللىسىنى كارتتىدە كېسىمەن!
ــ راستىنى ئېيتاي. ــ دېدى ھەجەرخان ئۇنداق-مۇنداق ئۇزۇرگە تەن بەرمەيدىغىنىغا كۆزى يەتكەن غېنى، ــ بىزنى تۇتۇپ قالدېكەنسەن، بىر پاناسىز قىزنىڭ بەختىگە زامىن بولىسەن .
ــ شۇن-داقمۇ؟! ــ چۆچۈگەندەك سورىدى ھەجەرخان.
ــ قولۇمدىن كەلگەن ياخشىلىقنى قىلاي دەيمەنا!
ــ بېشىغا كۈلپەت چۈشكىنىگە ياخشىلىق قىلىسەن، قىلىسەن... ساڭا كىم ياخشىلىق قىلىدېكىن تاڭ؟
ــ ياخشىلىق قىلىپ گەرىك قىكمۇتكىنىم چاغلىق. ئەمما، ياخشىلىقتا ــ ياخشىلىق تەلەپ قىلىش ئوغۇل بالىنىڭ ئىشى ئەمەس. قويغىنا شۇ گەپنى. بىزنى ئارتۇق تۇتما، كېچىكىپ قالىمىز.
ــ ساۋاپ ئىشقا قەدەم قويۇپسەن، خەيىر ئامالىم يوق، ــ ئارمان قىلغان پالۋان يىگىتنى مېھمان قىلالمىغىنىغا ئەپسۇسلەندى، ھەجەرخان، ــ ئۇ دېگىنىڭ كىمنىڭ قىزى؟
ــ چۇلۇقايلىق مۆمۈن تۇگمەنچىنىڭ قىزى زەينەپ...
ــ بولدى، بولدى! ــ غېنىنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىغىنى بىلگەن ھەجەرخان ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى، ــ غوجەك شاڭيۇنىڭ ئوغلى تۇستۇق ئاتا-ئانىسىنىڭ رازىلىغى بىلەن نېكاھىغا ئاپتۇ دېيىشكەنغۇ!
ــ ئېپلاسلار! نەدىكى رازىلىق بولسۇن؟! ئاتا-ئانىسىنى باغلاپ قويۇپ، ئېلىپ قېچىپتۇ .
ــ زەينەپنى باۋدۇن دېگەن يىتىم ئوغۇلغا كېلىشىپ «ئىچ كۈيوغۇل» قىلىشىلىشقا تەييارلىق قىلغاندا يىگىتنى ئالۋاڭغا كەتكۈزۈۋېتىشىپ، قىزنى ئېلىپ قېچىشقان، ــ قوشۇمچە قىلدى مەھەممەتجان.
پۇتۇنسۇرۇك بىر قىزنى «يېپىق توي» قىلىپ سىڭگەرمەكچى بولۇپتىدە، بۇ يالماۋۇزلار! ــ دېدى ھەجەرخان.
ــ سۈكۈت قىلساق بىر ئەمەس، ئۇننىمۇ پۇرلاۋېتىدۇ بۇ ئاچ كۆز مەلئۇنلار.
ــ تۇسۇق دېگىنىڭچۇ، ــ قايناپ كەتتى ھەجە، ــ سىل كېسەل، يېنىغا كەلگىنى بولمايدۇ، چىلە پۇراپ تۇرىدىغان مەخلۇق. كېسىلىنى يۇقتۇرۇپ ئىككى جانان چىنىدەك قىزنىڭ بېشىنى يېدى. يەنە بىرى ئورۇن تۇتۇپ ياتىدۇ. ئەندى ئۇنى... ۋاي، ئەجەل قېپىيەي!
ــ تۇسۇقنىڭ ئۆيى قايسى؟ ــ سورىدى غېنى.
ــ ئۆزەم باشلاپ بارىمەن، ــ شىمايلاندى ھەجەرخان .
ــ ياق، سەن بارمايسەن...
ــ نېمە دېگىنىڭ؟ شۇ تاپتىچۇ، ئوغام قايناپ، ئاتلانغۇم كېلىپ تۇرىدۇ. تۇسۇقنى ئىسسىق ئورنىدىن سۆرەپ چىقىپ، تېقىمىمغا باساي دەيمەنا!
ــ تۇسۇقنى ئوغلاقتەك تېقىمىڭغا باسقۇڭ كەلسە، ئەتىلەردىن شۇنداق قىلارسەن. بۈگۈن بۆلۈكەي يولىدا كۈتۈپ تۇر.
ــ بۆلۈكەي يولىدا؟! كېچىدە، ئاي-دالادا كىمنى كۈزەت قىلماقچىمەن؟ ــ تەئەججۇپلەندى ھەجەرخان.
ــ گەپنى ئۇزارتما. ئۆز جىنسىڭغا مەدەت بولىمەن دېسەڭ، بىزنى شۇ يەردە كۈت. كېچىدە

جىن-ئالۋاستىلاردىن قورقمايدىغانسەن؟

-ھەجە «ئېيىقنىڭ» كىملىگىنى بىلمەيدىكەنسەندە، تەلۋە پالۋان؟

-ھەجەرخاننىڭ ئەرەنچە سۆزىگە مەھەممەتجان كۈلۈۋەتتى.

-كېلىشتۇق، ئەندى بىزگە غوجەك باينىڭ ئۆيىنى ئېيتىپ بەر، - دېدى غېنى .

ھەجەرخان شاڭيۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئۇجۇر-بۇجۇرىنى تولۇق ئېيتىپ بەردى.

غوجەكنىڭ ئۆيى يېزىنىڭ شىمالىي قىسمىدا. قوراسىنىڭ زورلىغى، باغ-ئارامىلىرىنىڭ كەڭلىگى باشقا ئۆي-ئىمارەتلەردىن پەرىقلىنىپ تۇرىدۇ. چوڭ ئۆستەڭنىڭ ئاچىماق سۇيى غوجەك شاڭيۇنىڭ بېغىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتىدۇ. كۆملاچ تاملار بىلەن قورشالغان چوڭ قورۇق باينىڭ يېزا ئىچىدە ئېگەللەۋالغان يېرىنىڭ كەڭلىگىنى كۆرسىتىدۇ .

-بۇ ئوپقان، - دېدى قورۇقنى بىر ئايلىنىپ، سۆڭگۈش ئالدىدا توختىغان غېنى، - سۇنىڭ بېشىنى، يەرنىڭ كۆزىنى ئەگەللەۋالغىنىنى قارا ئاداش!

-زامان - زورنىڭ، دېگەن شۇدە!

-دىھقانچىلىق يەرلىرى، يايلاقتىكى چارۋىلىرىنى دېمەمسەن. يەنە ئالسام، يېسەم، تارتىۋالسام دەپلا تۇرىدا بۇ نەپسى قۇرغۇرلار! خەپ، ۋاڭپا بولارمېدى موشۇنداقلارنىڭ ھەممىسىنى، قويلارنى كۆگەنلىگەندەك، قىل ئاغمچىغا ماتاپ، شەمۇ-شە سازايە قىلسام...

-شۇنى دېگىنە! - ئۇن قاتتى مەھەممەتجان ۋە تىت-تىت بولۇۋاتقان دوستىنىڭ دىلىنى يۇمشاتماق بولۇپ دېدى:

-زالىملارنىڭ توققۇزى تولۇپ، گۇمران بولسا ھەجەپ ئەمەس .

-تام ياقىلاپ ئاۋارە بولمايلا، دەرۋازىنى ئاچتۇرۇپ كىرەيلى. شۇ تاپتا خۇرۇشۇم تۇرۇپ تۇرىدۇ. غوجەك بىلەن تۇسۇقنى سۆرەپ چىقاي دەيمەن .

-سەۋىر قىل، غەزىۋىڭنى باس، ئاداش، - دېدى، غېنىنىڭ قارام نىيىتىنى سەزگەن دوستى، - ئەگەر چوڭ قاپقىدىن باستۇرۇپ كىرىدېكەنمىز، شاۋقۇن كۆتىرىلىدۇ. غوجەك شاڭيۇنىڭ قولى ئۇزۇن - قاياقىقا سۇنسا يېتىدۇ. ئۇندىن كۆرە كۆتەرمەيلا قىزنى ئېلىپ قاچساق - باشتىكى مەقسەت شۇغۇ .

غېنى يوغان كۆك دەرۋازىنى تاقىلداتتى. خېلە ھەيەلدىن كېيىن كالتە-كالتە يۆتەلگەن بىرسى غۇدۇڭشىپ دەرۋازا قېشىغا كەلدى:

-كىم بۇ تۈن كېچىدە...

-شاڭيۇ ئۆيدىمۇ؟ - قوپال سورىدى غېنى .

-ئۆزەڭ كىمسەن؟

-نىياز لوزۇڭ، ئاچ دەرۋازىنى!

نىياز لوزۇڭ - «ئالابايتالىنىڭ» نامىنى ئاڭلىغان مالاي نېمە قىلارىنى بىلمەي، ھودۇقۇپ قالدى ۋە تىترەك ئاۋازدا:

-لوزۇڭ بېگىم، شاڭيۇنى كىچىك بېگىم چۈلۈقايغا چاقىرتىپ ئەكەتكەن، ئەھى، ئەھە...

-ئوغلى بارمۇ؟

-بار، بار، تۇسۇقجان ئۆيدە، - ھودۇققان قېرى مالاي ئاچقۇچنى قولۇپقا سالالماي خېلە ئاۋارە بولۇپ، ئاران ئاچتى .

-تۇسۇقجاننىڭ ھوجرىسى قايسى؟ - سورىدى ھويلىغا كىرىشى بىلەنلا ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى مالايغا تۇتقۇزغان غېنى .

-ئەۋۇ، ئۇزۇم بارىڭى ئالدىدىكى شام يېقىغلىق تۇرغان، ئۇھى، ئۇھە...

-يېڭى كېلىنىنىڭ ھوجرىسى شۇمۇ؟

-شۇ، شۇ...

ـئۆيدە سەندىن باشقا ئادەم قالمىغانمۇ نېمە؟

ـما ـمالايلارنىڭ ھەممىسى ئېتىز ـئېرىقلاردا...

تۇسۇق بىلەن قېرى مالايدىن باشقا ئەر يوقلىغىنى بىلگەندىن كېيىن ئىشەشلىك ھەرىكەت قىلغان غېنى مەھەممەتجانغا بۇيرىدى:

ـھاشىم!

ـلەببەي، بېگىم؟

ـسەن مونۇ تاغام بىلەن ئاتلارغا يەم بېرىپ، چېلىقتۇرىۋال، بىر سائەتتىن كېيىن قولغا چىقىمىز.

ـخوپ، لوزۇڭ بېگىم، ـ قولىنى كۆكسىگە قويدى مەھەممەتجان .

ـمەن تۇسۇقجاننى مۇبارەكلەپ قوياي، ـ ئىككى چامداپ توختاپ، ـ راستلا، ـ جاڭ سوجاڭ چېرىگى بىلەن ھازىر يېتىپ كېلىدۇ. شاڭيۇنىڭ تىنىق ئاتلىرىدىن ئىككىسىنى ئېگەرلىتىپ قوي، ھاشىم!

ـ دەپ قوشۇپ قويدى غېنى .

ـخوپ، سىلى دېگەندەك بولىدۇ، بېگىم! ـ دېدى «بېگىم» ـ ئىبارىسىنى ئالاھىدە قەيت قىلىپ مەھەممەتجان .

ئۇزۇم بارىڭىغا يېقىن كېلىپ ئەتراپقا سەپ سېلىپ قارىدىدە، پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ كالتە پەردىلىك دېرىزىنىڭ قېشىدا توختاپ، ئوي ئىچىگە نەزەر تاشلىدى غېنى. ياسىداق ھوجرىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا يالاڭباش، چاچلىرى چۇگۇلغان، ئاق شايى كۆينىكىنىڭ تارتىپ يىتىلغان جايىدىن سول مۇرىسى بىلەن كۆكسىنىڭ يېرىمى ئوچۇق، ئوڭ قولىدا پىچاق تۇتقان زەينەپ، يىرتقۇچ ھايۋاندىن ئۆزىنى مۇھاپىزەت قىلغاندەك، تۇگۇرلىنىپ ئولتىرىپتۇ. ھوجرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قېلىن كۆرپە ـياستۇقلار ئۇستىدە كۆينەكسىز، ئۇزۇن ئىشتانباغلىق تامبال بىلەنلا شامدىغايلىنىپ گەكسىدەك قىزغا تىكىلگەن ھالدا تۇسۇق تۇرىدۇ. ئۇنىڭ تال ـتال قوۋۇرغىلىرى، گۆشىنى شۇلىۋالغان قوينىڭ گوتۇسىغا ئوخشاپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ شۇ بىر كۆرۈنۈشىلا ھەر قانداق سەزگۈسىز گاراڭ ئادەمنىڭمۇ، غىجىغىنى قوزغاپ، نەپرىتىنى ئاشۇرىدۇ.

ـبېكاردىن ـبېكار ئاۋارۇ بولغىنىڭ قالدۇ، زەينەپ! غوجەك شاڭيۇنىڭ ئۆيىگە كىرگەن ئادەم بۇ ئۆينىڭ قۇلى بولماي چارىسى يوق. ياخشىلىقچە رايىمغا كۆن، ـ تۇسۇق قىزغا يېقىنلاشماق بولىۋېدى، قىز پىچاق تۇتقان قولىنى كۆتەردى .

ـيېقىن كەلمە، يېقىن كەلدىڭ قارنىڭنى تېشىۋېتىمەن! ـ خىتاپ قىلدى قىز.

ـدېگىنىڭنى قىلىپ بېرەي، زەينەپ. خالىساڭ ئىككى خوتۇنۇمنىڭ تالاق خېتىنى ھازىرلا بېرىمەن. ھەممە دۆلىتىم سېنىڭ ئىختىيارىڭدا بولىدۇ... ئاتا ـئاناڭ بىز بىلەن بىللە تۇرىدۇ، گادايلىق كۈلپەتتىن قۇتۇلىدۇ...

ـئاتا ـئانامنى سېسىق ئاغزىڭغا ئالما، بۇزۇق. ئۆلۈمگە رازىمەنۇ، سەن بىلەن بىر كۈن تۇرۇشقىمۇ تاقىتىم يوق، يوق، يوق!

ـنادان ئېكەنسەن زەينەپ. ئاتاقلىق غوجەك بەگنىڭ كېلىنى، تۇسۇقجان بايۋەچچىنىڭ خوتۇنى، پۈتمەس ـتۈگىمەس بايلىقنىڭ ئېگىسى بولۇشنى خالىمامسەن؟ سېنى شەيتان ئازدۇرىۋاتسا كېرەك...

ـشەيتان ئەمەس، سەنلەر! ـ دېگەن پېتى ئىشىكنى موجۇغىدىن يۇلۇپ ئېلىپ، نېرى تاشلاۋېتىپ، ھوجرا بۆسۈپ كىرگەن غېنىنى كۆرگەندە گويا ئۆي گۇمۇرلەپ بېشىغا چۈشكەندەك بولغان تۇسۇق:

ـۋاي، جان! ـ دەپ ۋاقىراۋەتتى ۋە ئورۇب ئىچىگە كىرىپ بېشىنى پۈركەۋالدى. ئۇنىڭ چەكسىز قورققانلىغى يوتقان ئاستىدا بەزگەكتەك جاقىلداپ تىتىرىگەنلىگىدىن بىلىنىپ تۇراتتى. ھېلىلا تۇتقۇن قىز ئالدىدا، بەئەينى ئاھۇنى يۇرتماقچى تەمشەلگەن ئارسلاندەك تۇرغان تۇسۇقنىڭ بۇ ھالىتىگە ئۆزىنى تۇتالماي پاراققىدە كۈلۈۋەتكەن غېنى زەينەپكە مېھىرلىك كۆز قىرىنى تاشلىۋېدى، شۇنچە تەشۋىش، ئەلەم ـئىزىغا پاتقان قىزمۇ مىيىغىدا كۈلۈۋېتىپتۇ .

ـ كىيىنىڭ، سىڭلىم، ـ دېدى غېنى ئاكىلارچە مېھرىۋانلىق بىلەن ۋە تەتۈر قاراپ تۇردى .
ئۆزلىرىنى بارچىدىن ئۈستۈن ۋە كۈچلۈك، دەخلىسىز ھوقۇق ئېگىلىرى ھېساپلايدىغان غوجەك شاگىيۇ ئوخشىغان زوراۋانىنىڭ ئۆيىگە باستۇرۇپ كىرىپ، ئوغلى تۇسۇق بايۋەچچىنىڭ خىلۋەت ھوجرىسىنىڭ ئىشىگىنى يۇلۇپ تاشلاپ ئۆزىنى مەردانە كۆرسەتكەن يىگىتنىڭ نىيىتى ـ پاك، غەرىزى ـ ئادىل ئېكەنلىگىنى مەسىيىم قەلبىدە سەزگەن زەينەپ دەرھال كىيىندى. شۇ تاپتا ئۇ ۋجدان ئەمرىگە مايىل، موشۇ قەيسەر يىگىتنىڭ پېشىنى تۇتۇپ، قەيەرگە دېسە، ھەتتا ئالەمنىڭ ئۇ چېتىگە كېتىشكە رازى ۋە تەييار...
ـ شۇ ئەھۋالىڭغا قىز ئەپقاچتىڭما، ھەزىلەك! ـ دېدى غېنى تېخىچىلا غالىلداپ تىترەپ ياتقان تۇسۇقنىڭ كەينىگە بىرنى تېپىپ، ـ بۇنىڭدىن كېيىن يىتىم-يېسىر، كەمبەغەل-چۈمبەغەللەرگە زورلۇق قىلامسەن؟
ـ يا،يا،ياق...
ـ قەسەم ئىچ!
ـ قۇ، قۇ، قۇرئان ئۇرسۇن...ئۆ، ئۆ، ئۆيۈم كۆيسۇن...
ـ بولدى! باشتىكى بىرى يېتىدۇ.
ـ خوپ... قۇرئان ئۇرسۇن...
ـ تىڭشا: داداڭىنىڭ كۈچىگە يۆلىنىپ، مۆمۈن تۈگمەنچىگە تېگىشىدىغان بولساڭ ئۆزەڭنى داداڭغا قوشۇپ، ئۇران-جۇراتىڭ بىلەن ئۆيۈڭگە ئوت قويۇپ، كۆيدۈرۋۈېتىمەن، ئۇختۇڭمۇ؟
ـ ئۇ، ئۇ، ئۇختۇم...
ـ سېنى ئۇبدانىراق تونۇۋالاي. كىم بىلىدۇ، يەنە ئۇچرىشىپ قالىمىزمۇ، ـ غېنى يوتقاننى سەل ئېچىپ، سەسكىنىپ، داجىپ كەتتى، ـ نېمە دېگەن سېسىق مەخلۇق. ئورنىغا ئوسا قىلىۋېتىپتا توشقان يۈرەك!
بىر قولىدا بۇرنىنى تۇتۇپ ئىككىنچى قولىدا زەينەپنى يېتىلەپ ئىلدام چىقىپ كەتتى غېنى.
چوڭ ھويلىغا چىققاندا مەھەممەتجان بىلەن قېرى مالاي ئۈچ ئاتنى تۇتۇپ تۇرۇشقان ئېكەن.
ـ ھۇي، ھۇي، ـ دېدى زەينەپنى كۆرگەن قېرى مالاي ھەيران بولۇپ، ـ بۇ قىز نەگە بارىدۇ؟
ـ نەگە باراتتى، يامۇلغا ئاپىرىمىز، بۇ غوجىسىغا تەن بەرمىگەن جاھىل قىزنى.
ـ ياق، ياقا. سىلەرنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشۇڭلار ئۆمسە دېدىما... قىزنى بەرمەيمەن! ـ دېدىدە زەينەپنىڭ پېشىغا ئېسىلدى قېرى مالاي.
ـ ھەي، باينىڭ يۇندىخورى، ئاربلاشما!
ـ شاگىيۇ بېگىمگە نېمە دەيمەن؟... ئەتە ئۇ مېنى قارىياغاچقا ئېسىپ، تېرەمنى شۇلۇپ ئالار! ـ نالە قىلدى مالاي. ئۇنىڭ كالتە يۆتەللىرىمۇ يوقۇلۇپ كەتكەندى.
ـ ساڭا سۆز تەگمەيدىغان قىلىمىز، ـ دېدىدە ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى يېشىپ، قېرى مالاينى ماتاپ، ئۆز پوتىسى بىلەن ئاغزىنى چىگدى ۋە:
ـ غوجاڭغا ئىخلاسىڭ كۈچلۈك ئېكەن، ئەندى ئۆگۈزدە تۇرۇپ كۈزەت قىل، قېرى غالچى! ـ دېدىدە، كېسەك ئاتقاندەك، قېرى مالاينى ئۆگۈز ئۈستىگە تاشلاۋەتتى غېنى.
قۇلۇستاينىڭ چېتىدە، بۇلۇكەيگە بارىدىغان يول ئۈستىدە ھەجەخان «ئېيىق» كۈتۈپ تۇرغان جايغا كېلىپ، ئۈچ ئاتلىق توختاشتى.
ـ خېلە ئەنسىرىدىم... ئولجىلىق قايتىپسەن، يارايسەن، غېنەم! ـ دېدى خوشال ھالەتتە ھەجەرخان.
"غېنەم!" دېگەندە قىزنىڭ يۈرىگى ئورغۇپ كەتتى. ھە، راست... ئۇ ئۈچ يىل ئىلگىرى غېنىنى چالا-پۇچۇق كۆرگەن ئەمەسمىدى؟ ئۇ چاغدا ئىنچىكە، زىلۋادەك كۆرۈنگەن. ھازىر، ھازىر گەۋدىلىك ئېگىز، سۇرلۇك-سۇمباتلىق... قىز يەر تېگىدىن قارىدى، يەنە-يەنە قارىدى، توختىماي قاراپ تۇرغۇسى

كەلدى .

ـ ئامانەتنى قولۇڭغا ئال، ھەدە! ـ دېدى قانداقتۇ ئىشەنچە بىلەن غېنى، ـ بۇلۇكەيدىكى رەھىم بوۋايغا تاپشۇرىسەن. بىر ھەپتىگىچە باۋدۇننى تېپىپ، يەتكۈزۈپ كېلىمىز. شۇ ۋاقتا رەھىم بوۋاينىڭ ئۆيىدە ئۆز ئارا، كەنچەندا، توي ئوينايمىز.

"توي" دېگەندە زەينەپنىڭ يۈرىكى خوشال تېپىپ، «رەخمەت، ئاكا» دېگەندەك غېنىغا ياش ئەگىگەن خۇما كۆزلىرىنى تىكتى ۋە چىن قەلبىدىن «سەدىقەڭ بولاي، قەيسەر يىگىت» دەپ پىچىرلىدى .

ـ خاتىرجەم بول، ھەجە ھەدەڭنىڭ كىملىگىنى بىلىسەنغۇ!

ـ خەيىر، يولۇڭلار بولسۇن! ـ خوشلاشتى غېنى بىلەن مەھەممەتجان.

ئەتىسى ئەتىگەندىلا ئۆتكەن قىزىق ۋاقىە قۇلۇستايغا، چۇشكە يېقىن بولسا ـ چۇلۇقاي، بۇلۇكەي، ئارابوز يېزىلىرىغا پۇر كەتتى. كەچقۇرۇنلۇغى يېزا-كەنتلەرنى كېزىپ ئۆتۈپ، غۇلجىغا يېتىپ باردى. بۇ خەۋەر يىراقلاشقانسىرى، قۇلاقتىن-قۇلاققا ئۆتكەنسىرى قوشۇلۇپ، يوغىرىپ، ئۆزگىرىپ كەتتى. «قىزنى كونا ئادىشى ئېلىپ قېچىپتەك»، «قىز ئېرىنى بوغۇزلاپ ئالتۇن-كۈمۈچىنى ئېلىپ كېتىپتەك»، «قىزنى جىن ئاشىغى غارغا ئەكىرىپ كېتىپتەك»، «يامۇلنىڭ چوڭ لوزۇڭى بىلەن يايىسى ئەكېتىپتەك...» ۋە ھاكازىلار. بۇلارنىڭ بىرىلا، ھەجە «ئېيىقنىڭ» ئۆيىنى ئېيتىپ بەرگەن غېنىغا ، زەڭ قويۇپ قاراۋالغان «ۋالاق» ئايالنىڭ: «گەۋرلىك يىگىت، تايىنلىق داڭقى بار غېنى پالۋان بولۇشى كېرەك...» دېگىنى ھەقىقەت بولسىمۇ، ئۇ ئايال ئەزەلدىن «يالغانچى» ئاتالغانلىقتىن ئۇنىڭ گېپى قۇلۇستايدىن نېرى چىقمىدى. داۋاگەر تەرەپ ـ تۇسۇقنىڭ كەينى بوش بولغانلىقتىن، قۇلاق يوپۇرۇپ، قوزغىسا ئۆزىنىڭ سېسىغى چىقىشىدىن قورقۇپ، سۈكۈت قىلىشقا مەجبۇر بولدى، تۇسۇق كېچىسى زەينەپ مىنىپ كەتكەن توروق يورغىسىنىڭ سەھەردە ئىشىگى ئالدىدا پەيدا بولغانلىغىغا خوشال بولدى، خالاس.

غوجەك شاڭيۇ ئۆيىدىن «كېلىن قاچتى» دېگەن ئاتاقنى ئېلىشتىن قورقۇپ، ئۇمۇ بۇ ئالەملىك ۋاقىئەنى داۋراڭ قىلماي، ئىز ئۆچىرىشكە قارار قىلدىيۇ، لېكىن قۇتلۇق ئۆيىگە ئەيمەنمەي باستۇرۇپ كىرگەن «ئاتىكاچىنى» قەيەردىن بولمىسۇن تېپىپ، ئىنتىقام ئېلىشقا ـ ئاۋال ئۆزى پۇخانى چىققىچە ئۇرۇپ، ئاندىن يامۇل-زىنداندا چىرىتىشقا قەسەم ياد قىلدى .

ئۈچىنچى باپ

تولۇن ئاي باغ-بوستانغا بۆلەكچىلا كۆركەم ھۆسۈن بېرىپ تۇرۇپتۇ. ئاي نۇرىدا تاۋلانغان دەل-دەرەخلەرنىڭ كۈمۈچ رەڭ يوپۇرماقلىرى لەرزەن شامالدا يېنىك تەۋرىنىدۇ. تۆرت ئەتراپى رەڭمۇ-رەڭ گۇلزارلىق شىپاڭدا قېلىن كۆرپە، ماموق ياستۇقلارغا چالقىيىپ ئولتىرىشقان مېھمان-بايۋەچچىلەر باغنىڭ شامىي مەنزىرىسى ۋە گۇل-چىمەن شەيدالىرى مەجنۇن بۇلبۇللارنىڭ بەسلىشىپ خەندان ئۇرۇشىدىن، گۇللەرنىڭ دىماقنى يارغىدەك ئىپار پۇراقلىرىدىن، خۇسۇسەن، ماھىر سازەندىنىڭ «ئەجەمگە» ناخۇن ئۇرۇشىدىن كەيىپ سۈرۈشۈپ، بېتەمسىل خىياللار، ئىزگۇ ئارزۇ-ئارمانلارغا غەرىق بولۇشقان ئېدى.

شۇ ئارىلىقتا كېچە سەلكىنى قاياقتىندۇر ناخشا ساداسىنى ئۇچۇتۇپ كەلدى. بۇ مۇڭلۇق سادا بارغانسىرى يېقىنلاشسا تەمبىرگە جور بولغاندەك، باغ ئارا خۇش كەيپىياتتىن تېخىمۇ ئۇلغايتقاندەك بولدى:

ئېتىمنى قامچىلاپ ئۆتتۇم،
بۇلۇكەي غولى بىلەن.
ئوينىساڭ تۇزۇك ئوينا،
ھەر ئىشنىڭ يولى بىلەن.

ـنېمە دېگەن خۇش نەپەس! ـ ۋاقىراۋەتتى شىپاڭدا پەيزە قىلىپ ئولتارغان مېھمانلارنىڭ بىرى .
ـپاھ، ناخشا دېگىنىڭنى پوڭزەكتەك قاڭقىتىپ ئوينىتىدا! ـ ھەسەنات قىلدى ئىككىنچىسى.
ـھاي، تولا ماختاپ كەتمەڭلار، جامىكامنىڭ دودىسى تۇتۇپ قالمىسۇن.

"ئالتۇننىڭ قەدرىنى زەرگار بىلىدۇ" دېگەندەك، ناخشا-نەغمىنىڭ قەدرىنى بىزلەر، سازەندىلەر، سەنلەردىن ياخشىراق بىلىمىز، ئۇقۇپ قوي! ـ دېدى تەمبۇرنى توختاتماي چەكسىمۇ، غايىپ ناخشىچىنى دىققەت بىلەن تىڭشىغان جامى-تەمبۇر ۋە: ـ ئۇنى ئىنتايىن بېجىرىم يىگىت ئېكەن، ـ دەپ قوشۇپ قويدى، مەشھۇر سازەندە .

ـئۇنداق بولسا ئولتۇرۇشىمىزغا تەكلىپ قىلايلى، ـ دېدى باشقىلاردىن كۆرە ناخشىنى ھاياجان ئىچرە تىڭشىغان يىگىت .

ـئۆتكەن-كەچكەننى تەكلىپ قىلىدىغان زەرەختەمە قىلىۋاتاتتىڭمۇ ھە، رەھىم؟ ـ تەنە قىلدى، ئۆزىنى ئۆزگىلەردىن ئۈستۈن تۇتىدىغان بەگزادە.

ـئەجەۋا! بۇ ئاۋاز ماڭا تونۇشتەكلا، قەيەردىندۇر ئاڭلىغاندەكلا قىلىمەنا! ـ تېخىمۇ دىققەت بىلەن تىڭشىدى، بەگزادىنىڭ سۆزىگە پىسەك قىلمىغان رەھىمجان.

خۇش نەپەس غەزەلخاننىڭ ئىختىسارلىق ئاۋازى يۇقۇرى پەدىگە كۆتىرىلدى ـ ناخشىنىڭ قوشاقلىرى ئېنىق، دانىمۇ-دانە ئاڭلىنىشقا باشلىدى:

ئات مىندىم ئېگەر بىلەن.
ئاغزىدا يۈگەن بىلەن.
دەردى يوقمېكىن دەمسەن،
ئويناپ كۈلگىنىم بىلەن...

ـدەل شۇ، شۇنىڭ ئۆزى! ـ دېگەن پېتى كوچا تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى، رەھىمجان. ئۇنىڭ بۇ قىلىقىغا جامى ـ تەمبۇردىن باشقا «چوڭ سۆپەت» بايۋەچچىلەر ھەيران بولۇشتى .

ـسېنىڭ بۇ ئىنىڭ، ئابدۇغوپۇر، يۈگەنسىزەرەك ئۆسكەنمۇ نېمە؟ ـ داتلىدى بەگزادە ۋە ئەپيۈن ئارىلاشتۇرۇلغان تاماكىنى تۈش غاڭزىغا ئىقتاپ تۇتاشتۇردىدە، سۈزۈپ شوراشقا باشلىدى.

ـشۇنى دېسىلە، بېگىم. بۇ بالا نەدىكى كوچا سويتاقلىرىنى باشلاپ كىرمېگېدى، ـ دېدى كىچە-كۈندۈز بەگزادىنى سوڭداپ يۈرىدىغان، بەزىدە لومودىلىقمۇ قىلىدىغان زايىر.

ـرەھىمجان ئەشۇنداق بىر داچەنسىز سوكۇلارغا ئامراق، ـ دېدى بەگنىڭ ئىككىنچى غالچىسى. ـ بۇ بالىنى بايۋەچچە دېيىشكىمۇ تىل بارمايدۇ. ئىست دەرنەك مەكتىۋىدە ئوقۇغىنى .

ـھەممە بالا-قازا شۇ دەرنەكتە! ـ تېرىككىنىدىن قاقىلىپ كەتتى غاڭزا شورىغان بەگزادە، ـ ئەشۇ ئېزىتقۇ جېدىتتچى ـ كالتە قۇيرۇقلار نۇرغۇن ئەھلى مۇسۇلمان بالىلىرىمىزنى بۇزۇۋېتىشتى .

دەرنەك مەكتىۋىنىڭ نامى ئاتالغاندا ئىمتىياز ئېگىلىرى ـ بەگلەر، زېمىندار-بايلار، روھانىي مۇتەئەسسىپلەر خاتىرجەم ئولتىرالمايدىغان. 1920ـ1925 ـيىللىرى بىر تۈركۈم مىللىي زىيالىلار ـ روسسىيە، تۈركىيە، گېرمانىيە ۋە باشقا مەملىكەتلەردە بولغان، بەزىلىرى ئوقۇپ تەلىم-تەربىيە ئېلىپ قايتقان، ئۇمۇمەن، تەرەققىياتچىلار بىرلىشىپ «دەرنەك» مەكتىۋىنى ئېچىپ، ياشلارنى جەلىپ قىلىدۇ. بۇ يېڭىچە مەكتەپتە فەننىي دەرىسلەر ئوقۇتىلىشنىڭ سىرتىدا سەنئەت-سانائىي نەفىسە، ئىسپورت ئىشلىرىغىمۇ ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. خەلقنى خۇراپات ئىسكەنجىسىدە تۇتۇپ، تەرەققىياتقا يول بەرمەي خورلاپ كەلگەن خىتاي مۇستەبىت مۇستەملىكىچىلىرى يەرلىك فېئودال-خۇراپەتچىلارغا تايىنىپ، ئۇلارنىڭ قولى بىلەن ـ يەنى «ئۆز يېغىدا ئۆز گۆشىنى قورۇش» ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، مەزكۇر بىردىن-بىر مەدەنىيەت ئوچىغىنىڭ ئىشىگىنى تاقاۋېتىدۇ. دەرنەك تەشكىلاتچىلىرىدىن:

ئابدۇراخمان ئەپەندى، ھۈسەيىنبەگ يۇنۇسوۋ، جىرجىس ھاجى ۋە باشقىلارنى قاماققا ئېلىپ قىيناپ-جەۋرلەيدۇ. خېلىل ئەپەندى، نۇرى رازىيېۋلار سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا ئۆتۈپ قۇتۇلىدۇ. شۇندق قىلىپ زامان تەرەققىياتىغا ماسلاشقان ۋە مەرىپەت نۇرىنى چاچقان دەرنەك كۆپ ئۆمۈر سۈرەلمەيدۇ. لېكىن دەرنەكتە تەلىم-تەربىيە ئالغان ياشلار كېيىن مەدەنىي-مائارىپچىلارنىڭ ئۇيۇتقىسى بولۇش بىلەن بىللە مىللىي مەدەنىيەت تەرەققىياتىدا ئۆز زامانىسىدا ۋە خۇراپەتچىلارغا نىسبەتەن چوڭ رول ئوينىغانلىقتىن مۇتەئەسسىپلەر، خۇسۇسەن، خىتاي ئەمەلدارلىرى ۋە ئۇلارنىڭ گۇماشتىلىرى دەرنەكچى-جېدىتلارنىڭ تەسىرى خەلىققە تارقىلىشىدىن قورقۇپ، ئۇلارنى چەكلەتتى، نازارەت قىلاتتى. رەھىمجان سابىرىي «دەرنەك» تە ئوقۇغان. ئوچۇق دىل، ئىرادىلىك بۇ يىگىت مەدەنىيەتپەرۋەرلىگى بىلەن باشقىلاردىن پەرىقلىنىپ تۇراتتى.

–رەھىمجان غېنى بىلەن مەھەممەتجاننى باشلاپ كىردى. شىركەيپە ئولتۇرۇشقان بايۋەچچىلەرنىڭ، خۇسۇسەن، بەگزادىنىڭ سوغاق رەپتايى بايقىغان غېنى جامى-تەبىرگە سالام قىلدىدە، تەكەللۇپسىزلا ئولتاردى ۋە ئەيمىنىپ ئۆرە تۇرغان دوستىغا:

–ئولتارۇي، ئاناڭدىن ئۆرە چۈشمىگەندىكى. بۇ يەردە قېيناتاڭ يوقتۇر؟ – دېدى ئەتتەيلەپ، دارىتىپ، بەگزادىنى كۆرۈشى بىلەن زەينەپ ۋاقىەسى ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كەلگەن ئېدى.

گېدىيىپ، داشىگۇرنىڭ بۇرلىرىدەك، ئولتىرىشقان بايۋەچچىلەر غېنىنىڭ چاقماقتەك ئۆتكۈر سۆزلىرىگە ھەيران بولۇشتى، ئەتىمالىم، ئورۇنلىرىدىن مىدىرلىشىپ، بىر-بىرىگە مەنالىق قاراشتى.

–قانداق، مەن دېگەن يەردىن چىقتىمۇ؟! – تەمەننا قىلغاندەك، – دېدى رەھىمجان، – ئولتارۇي، تارتىنما، مەھەممەتجان.

–مېھمانلارغا قىمىز قۇيساڭلارچۇ، – دېدى سايىپخان ئورنىدا ئابدۇغوپۇر.

–مەزەگە بېقىڭلار، ئىنىلىرىم، تەكلىپ قىلدى جامى .

بىر كېچە-كۈندۈز دېگىدەك ئات ئۈستىدە يۈرۈپ، تالاي مالىماتاڭلىقلارنى قىلغان يىگىتلەر ئاچ، ئۇسسۇز ئېدى. ئۇلار ئىككىنچىلەپ تۇگمەن بېشىغا بېرىپ، كۆزلىرىدىن قان-ياش تۆكۈپ، يۈرەكلىرى سەكپارە بولغان ئىككى دەرتمەننى – مۆمۈن بىلەن ئايشەمخاننى خاتىرجەم قىلىپ، شۇ ئان كەينىگە قايتىشقان. ھەر ئىككىلىسى تەڭ دېگىدەكلا مۇزدەك يۈرەك تەشنالىغىنى قاندۇرىدىغان قىمىزدىن نەچچە پىيالىدىن ئىچىۋېتىشىپ، لەززەتلىك تائاملارغا تۇتۇش قىلىشتى. يىگىتلەرنىڭ تارتىنماستىن ئىچىپ-يېيىشىگە ناخۇش بولغان بەگزادە!

–خىتاي خېيىنى ماختىغاندەك، باياتىن ماختىغان ناخشىچىڭنى ئاڭلاپ بايقالدىدە، رەھىمجان! – دېدى، غاڭزىنى شوراپ.

–بۇلارنى، – دېدى رەھىمجان، غېنىلارغا ئىما قىلىپ، – زورلاپ دېگىدەك، ئاران باشلاپ كىردىم.

–خىجالەت بولما، رەھىمجان، – ئۇنىڭ ئوڭايسىزلانغانلىغىنى سەزگەن غېنى، – مەھەممەتجان، ئەڭ بولمىغاندا، يېگەن-ئىچكىنىمىزگە چۈشلۈك سايراپ بېرەلەيدۇ، – دېدى.

ئۆتكەن يىلى يايلاق مەزگىلىدە قازاق تامىرلىرى بىلەن بىر تويدا بىللە بولۇپ، ئوغلاق تارتىشىدا توپاقتەك كۆك تېكىنى تېقىمىغا بېسىۋېلىپ ھېچ كىمگە تارتقۇزۇپ قويمىغان غېنىنى شۇ كۈنلا دوست-تامىرلىرى بىلەن قوشۇپ تاي سويۇپ مېھمان قىلغان ئېدى رەھىمجان. شۇ كېچىسى ئۆلەڭ ئۇيۇشتۇرۇلدى. ئۆلەڭچى قازاق كېلىنچەكلىرى بىلەن بەسلىشىپ ئۆلەڭ ئېيتىشقان مەھەممەتجان ئۇيغۇرچە ناخشىلارنى ئىنتايىن ئىشتىياق ۋە ماھىرلىق بىلەن ئېيتىپ بەرگەن ئېدى. شۇ كۈندىن ئېتىۋارەن رەھىمجان، غېنى ۋە مەھەممەتجانلار بىر بىرى بىلەن ئىجىللىشىپ قېلىشقان. ئەگەر رەھىمجاندىن باشقا بىرسى ئۇلارنىڭ يولىنى توراپ، تەكلىپ قىلغان بولسا، مەغرۇر ئىككى يىگىت ھەرگىز بۇ باققا ئاياق باسماس ئېدى .

" قارغىلار قاق ئېتىدۇ، ئۆز كۆڭلىنى خۇش ئېتىدۇ" دېگەندەك، ئۆز كۆڭلىمىزنى خۇش قىلىپ

يۈرگىنىمىز بولمىسا، سىلەردەك «جاناپلارغا» مەزكۇر كەلگىدەك ناخشىچى ئەمەسمەن...
ــ ئۇنداق دېگۈچى بولما، ئىنىم! ــ دەپ مەھەممەتجانغا خىتاپ قىلدى جامى. ــ سېنىڭ ئاۋازىڭنى يىراقتىن ئاڭلىدۇق؛ ئەجايىپ كۈچلۈك، يېقىملىق ئېكەن. ئەگەر ئۇستاز كۆرۈپ، چالغۇ پەدىلىرىگە قېلىپلاشساڭ ياخشى غەزەلخان بولۇشۇڭ مۇمكىن .
ــ گەپنى ھۆل قېيىشتەك تولا سوزماي، ــ دېدى، غاڭزىسىنى جوزىنىڭ قىرىغا توقۇلدۇتۇپ بەگزادە، ــ دۇتارىڭنى چالدە، سىناپ كۆر. كارامىتىنى شۇندا بىلىسەن.
ــ پەدىلەرگە ئۆلىشالماي، يېلى چىقىپ كەتمىسۇن، يەنە! ــ زاڭلىق قىلدى بېگنى خۇش قىلماق بولغان غالچىلارنىڭ بىرى .
ــ ئۇ تەرىپىدىن غەم يېمەياق قوي، ئاكىسى، ــ دەرھال رەددىيە بەردى غېنى، ــ ئۆزەڭگە ئاگاھ بول. غالچىلىق ئىغىر كېلىپ «پۇسسىدە» قىلىپ قالما !
بىر پەشۋا بىلەن جىمىپ قالغان غالچى بەگزادىسىدىن مەدەت تىلىگەندەك قارىۋېدى، ئۇ چاشقان بۇرۇتىنىڭ بىر ئۇچىنى چىشلەپ جىم ئولتىرىپتۇ. جىم ئولتارمايچۇ! ئۇ غېنىنى چەت ياقىدىن بىلىدۇ. ئۇنىڭغا قوپال گەپ قىلىدىكەن، غېنى ئۇنى «پاقىسىنى» قاندۇرۇپ قويۇشىدىن، باشقىلار ئالدىدا ئابروي شىكەستە يېيىشىدىن ئەيمىنىپ، غېنىغا تىك كېلىدىغان گەپ-سۆزدىن ئۆزىنى تارتىشقا مەجبۇر بولدىيۇ، ئىچىدە لەنەتلەر ياغدۇردى ۋە ئېپى كەلگەندە «ۋاڭپاسىنى» ئىشلەتمەك بولدى.
ــ قېنى، ئىنىم! ــ دېدى دۇتارىنى قولغا ئالغان جامى، ئاز ھۆكۈم سۈرگەن جىم-جىتلىقنى بۇزۇپ، ــ «خانلەيلۇندىن» باشلايمىز.
ــ ۋوھو! ــ دەۋەتتى رەھىمجان.
"خانلەيلۇن" بەش تۈرگە بۆلۈنىدۇ، ــ داۋام قىلدى جامى، ــ كىمدە-كىم «خانلەيلۇنىنىڭ» بەش تۈرىنى تولۇغى ۋە قائىدىسى بىلەن ئېيتالىسا باشقا ھەر قانداق ناخشىنى بېمالال ئۈگىنەلەيدۇ، ئېيتالايدۇ. «خانلەيلۇنغۇ» چامىڭ قانداق؟ ــ سورىدى مەھەممەتجاندىن.
مەھەممەتجان ھودۇقۇپ قالدى. «تاغ بۇلبۇلى» دېگەندەك، ئۇ يېزا-سەرالاردىكى سازەندىلەردىن ئۈگەنگىنى بولمىسا، شەھەرلىك چوڭ سازەندىلەر بىلەن ھەم سۆھبەتتە بولمىغان. جامى-تەمبۇردەك مەشھۇر ئەل-نەغمىنىڭ ئالدىدا قانداق ئېغىز ئاچالىسۇن؟ شۇڭا «مېنى قۇرۇلدۇر» دېگەندەك دوستى غېنىغا لاپپىدە قارىدى .
ــ چامى كېلىدۇ! ــ دوستى ئۈچۈن ئىشەشلىك جاۋاپ بەردى غېنى، ــ بىلمەيدىغان ناخشىسى يوق. قازاقچە ئۆلەڭلەرنىمۇ زۇۋ كەلتۈرىدۇ، بۇ بوغما قوساق "كاۋا".
كۆلكە كۆتىرىلدى. ئۆزىنى سىيايە تۇتىدىغان بەگزادە كۈلۈۋەتتى. ئۇنىڭ چاشقان قۇيرۇق بۇرۇتلىرى تىك بولۇپ كەتتى .
ــ كاۋا قوساقتا قانچە ئۇرۇق بولسا، شۇنچە ناخشا بولىدېكەندە، ۋە!
ــ ئۇنداقتا بۇ ئاداشلارنىڭ قوسىغىنى يېرىپ كۆرەيلى، قانچە «خانلەيلۇن»، قانچە «ۋاي، نادان»، «جانەي» چىقىدېكەن، ۋە-ھە!
ــ ئۇرۇغىنى تېرىپ، ناخشا ئۈندۈرۈپ ساتساڭلار بولىدېكەن، ئاداشلار، ۋە-ە-ۋە!
بۇ ياپتا «چاقچاقچىلار» بەگزادىنىڭ گۇپاڭچىلىرى بولغاچقا، كەلسە-كەلمىسۇن غوجىسىنى كۈلدۈرۈشكە تىرىشاتتىدە، ئۆشكىدەك مەرىشەتتى.
باشتا تارتىنىپ، ئۇلارغا پاس بېرىپ ئولتارغان مەھەممەتجان چاقچاق ئۇختىسىغا كەلگەندە رەت قىلمىدى.
ــ يېرىڭلارنى ئىجارىگە بەرسەڭلار، ئۇرۇق سالىمىز، ــ دېۋىدى، چاقچاق قائىدىسىنى چۈشىنىدىغان جامى: «بەللى، بەللى!» دەۋەتتى. بۇ قېتىم بەگزادە ۋە ئۇنىڭ گۇپاڭچىلىرىدىن باشقىلار ھۆزۈرلىنىپ كۈلۈشتى .

ـ چاقچاق ئۇختىسىغا كەلگەندە «ئاتاڭنىمۇ ئايىما» دەيدىغۇ بىز خەق، دېدى بەگزادىنىڭ ئۆڭگەنلىگىنى سەزگەن جامى.

ـ باي بىلەن بەككە، موللا بىلەن ئىشانغا ئۇز قارايدىغان چاقچاق بولامدېكىن؟ ـ ئەتتەي دارىتتى غېنى. لېكىن بەگزادە بۇ قېتىممۇ تەنىنى قۇلاق تۇۋىدىن ئۆتكۈزۋەتتى. جامى «يارايسەن» دېگەندەك غېنىغا كۆز تاشلاپ، دۇتارنى سازلىدى ۋە مەھەممەتجانغا «باشلا» دەپ ئىشارە قىلدى. ـ كېچىنىڭ تىنىق ھاۋاسىدا ناخشا ساداسى جاراڭلاشقا باشلىدى.

بىرىنچى :

"خانلەيلۇن":

يۇرۇپ سورىدىم تېۋىپلاردىن

بۇ دەردىمگە داۋا بارمۇ؟ تېۋىپ ئەيتۇركى، ئەي نادان،

بۇ دەردىڭگە داۋا دەرمان.

بىرىنچى «خانلەيلۇننى» ئېتقاندا مەھەممەتنىڭ ئاۋازى تىترەۋەرەك چىقتىيۇ، لېكىن جامىنىڭ: «قورقما» دېگەندەك ئىماسىدىن غەيرەتلەندى، ئەتىمالىم، ئىككىنچى «خانلەيلۇنغا» كۆچكەندە ئىشەشلىگىرەك ئۇلاپ كەتتى. ئەندى ئۇنىڭ ئاۋازى ئۆز قىنىغا چۈشۈپ، دۇتار پەدىسى بىلەن جىپسىلاشتىدە، راۋان ياڭراشقا باشلىدى.

ئىككىنچى :

"خانلەيلۇن"

قېنى مىڭ ياشىغان لوخمان،

ئۆلۈمگە ھېلىلەر قىلغان.

نېچۈك دۇنياغا بەل باغلاپ...

تېنىگە تاپمىدى دەرمان.

ئىككىنچى «خانلەيلۇندا»، يورغا ئات سۇرۇلگەندەك، بىر-ئىككى جايدا پەدىدىن چىققىنى، ئاۋاز چىڭقىلىشى تۇپەيلى سەل خىرىلدىغىنى بولمىسا، قائىدىگە لايىق ئىجرا قىلدى ۋە پەدە يۆتكىلىشى بىلەن ئۈچىنچى «خانلەيلۇننى» ئىشەشلىك ئۇلاپ كەتتى.

ئۈچىنچى:

"خانلەيلۇن"

خۇدانىڭ بەندىسى كۆپتۇر،

مېنىڭدەك بولغىنى يوقتۇر.

مېنىڭدەك بولغىنى بولسا، كۆيۈپ كۈل بولغىنى يوقتۇر...

غەزەلخان ھەر قانداق ناخشىنى ئىشەشلىك ۋە چوڭقۇر بېرىلىپ ئېيتقاندىلا ناخشا كامالەت دەرىجىسىگە يېتىدۇ. مەشھۇر ئەلنەغمە روزى-تەمبۇر: «خانلەيلۇن» سەرخىل ناخشا. ئۇنىڭ ئىچىدە ئېيتىشنى بىلسەن؟ ـ ئۈچىنچىسى...» دەپتېكەن. موشۇ تەدبىرگە رىئايە قىلدىمۇ ياكى ئۆزى ئىشەشلىك ۋە ياقتۇرۇپ، تەن بېرىپ ئېيتتىمۇ، ئۈچىنچى «خانلەيلۇننى» تولۇق قائىدە ۋە پەدىگە يەتكۈزۈپ، سازدىن قىلچە سىرتقا چىقماي ئىشتىياق بىلەن ئىجرا قىلدى مەھەممەتجان. ئۇنىڭغا قايىل بولغاندەك كۆزلىرىنى يۇمۇپ، دۇتار كۆكسىگە بېشىنى سەل قىڭغايتىپ، پەدىلەر ئۇستىدە قوللىرىنى ئويناتتى جامى، تىڭشىغۇچىلار ئارامى بەخش سادالارغا غەرىق بولۇشۇپ، شېرىن كەيىپ سۇرۇشتى. گۆزەللىك ۋە دىلرابالىق شەيدالىرى بۇلبۇللار بولسا ئاستا-ئاستا شاختىن-شاخقا

يۈتكىلىپ، شىپاڭغا يانداش ئېگىز تامچا گۈلنىڭ شاخلىرىغا قونۇپ، غەزەلخانغا جور سايراشقا باشلىدى. ئېھ، ساز-نەغمە قەدرىنى بىلگەن جانغا بۇ تېرىقە كەچ ئاز تەكرارلىنار..

تۆرتىنچى:

"خانلەيلۇن"

خۇدايە خۇداۋەندە،
مېنى بەندەڭگە خار قىلما.
مېنى بەندەڭگە خار قىلساڭ،
بىلەر بىلمەسكە زار قىلما...

ئۇستاز ئالدىدا بۇنىڭدىنمۇ سۇرۇنمەي ئۆتۈپ كەتتىيۇ، لېكىن ئۇچىنچى «خانلەيلۇندىكىدەك» ئىختىراس ۋە قوزغاتقۇچ كۈچكە ئېگە، روھىي جوشقۇن، يېتەرلىك ئەمەستەك سېزىلسىمۇ غەزەلخان ئىشەشلىك ھالدا بەشىنچى «خانلەيلۇنغا» كۆچتى ــ بۇ ئەندى «خانلەيلۇنلارنىڭ» خۇلاسىسى.

بەشىنچى:

"خانلەيلۇن"

ئەل مېنى يامان دەيدۇ،
مېنىلا كۆرەمدېكىن؟
شەرىنى قويۇپ بەرسەم،
كۆڭلى خۇش بولامدېكىن؟

ھەر قانداق پەررەندىنىڭ ۋە ئۇچار قاناتنىڭ ئۇچۇشىدىن كۆرە قونمىغى، يەرگە چۈشمىگى تەس بولغىنىدەك، ناخشا-سازنىڭمۇ باشلىنىشىدىن كۆرە چۈشۈگىسى تەس ھېساپلىنىدۇ. دىلغا تېگىدىغان ۋە دىلدا تەسىرى قالىدىغان ئاخىرقى چۈشۈگى ــ شۇ پەدە چېكىتى. بىرىنچى «خانلەيلۇن» بىلەن بەشىنچى «خانلەيلۇننىڭ» ئارىلىغىدىكى مۇساپىنى بېسىپ ئۆتكەن غەزەلخان ئاۋازى ئاخىرىدا سەل تىترەپ، نەپىسى قىسىلغاندەك بولدىدە، ئەۋجىغا كەلگەندە دۇتار تەڭكەشلىگىدىن چىقىۋاراق، پەدىگە چۈشمەيىراق قالدى. باياتىن كۆزلىرىنى يۇمغان ھالدا پەيزە بىلەن دۇتار چېلىۋاتقان جامى لاپپىدە مەھەممەتجانغا قاراپ ئۆكۈنگەندەك بېشىنى چايقىدى ۋە زەربە بىلەن دۇتار ئۇزلۇگىگە قولىنى ئۇردى-ناخشا ئاياقلاشتى. لېكىن داۋامىنى كۈتكەندەك پەيزىنى بۇزۇشماي تېخىلا شۈك ئولتىرىشنى داۋام قىلدى تىڭشىغۇچىلار.

ـمە، تەرىڭنى سۈرتىۋەت، ئاداش! ــ دەپ مەھەممەتجانغا لۆڭگە ئۇزاتتى غېنى، ــ زورۇقساڭمۇ، بىر-ئىككى قېتىم سۇرۇنسەڭمۇ، بەيگىگە قوشقان ئاتتەك، پەللىگە يېتەلىدىڭ .

ـرەخمەت، مەھەممەتجان ئاكا! لەۋزىمنى يەردە قويمىدىڭ، خىجالەتتىنمۇ قالدۇرمىدىڭ، ــ مەمنۇنىيەت ۋە ئىپتىخار ئىزھار قىلدى رەھىمجان.

ـھودۇقتى، ئەتىمالىم، ــ دېدى ياش غەزەلخانغا مېھىرلىك كۆز تىككەن جامى، ــ سازدىن سەل چىقىپ كەتكىنى بولمىسا، ھەممە «خانلەيلۇننى»، ئۇلار ئىچىدە ئۇچىنچى ۋە تۆرتىنچى «خانلەيلۇننى»خۇسۇرسىز ئېيتالىدى.

ـساڭىلا ياقسا، دېمەك، ھەممىگە ياقىدۇ دېگىنە! ــ خوشال بولدى رەھىمجان .

ئاۋازى كۈچلۈك، ئاندىن يېقىملىق ئېكەن. بىز، سازەندىلەر بۇ خىل ئاۋازنى «لەرزەن» ئاۋاز» دەيمىز. ئەگەر بۇ يىگىت ماھىر سازەندىلەردىن تەلىم ئالسا، ياخشى ناخشىچى بولۇشىدا شەك يوق.

ـرەخمەت، ئۇستام، ئىللىق لەۋزىلىرىگە، ــ ئورنىدىن تۇرۇپ ھۆرمەت بىلدۈردى خوشال بولغان مەھەممەتجان.

دەرۋاقە، ئادەم كۆپ ۋاقىتلاردا ۋۇجۇدىغا پۈتكەن قابىلىيىتىنى ئۆزى سەزمەي قېلىشى مۇمكىن. قاچانكى، تەسادىپى، باشقىلار تەرىپىدىن ئاشكارە بولۇپ ئېتىراپ قىلىنىدېكەن خوشاللىقتىن

گاڭگىراپمۇ قالدۇ. مەھەممەتجانمۇ شۇ ھالەتنى كەچۈردى ـ ئۇ خۇدنى ئۇقماي ھەممىگە بىر-بىرلەپ رەخمەت ئوقۇپ چىقتى. ئۇنى مەشھۇر جامى-تەمبۇر ئىپتىراپ قىلدىدە!

شۇ ئارىدا ئىككى مالىيىغا ئىككى تۇلۇم قىمىزنى كۆتەرتىپ، ئىككى پاخلان قوزىنى يېتەكلىتىپ غوجەك كىرىپ كەلدى. ئۇ مېھماندارچىلىق يېڭى باشلانغاندا كىرىپ، غىپلا قىلىپ چىقىپ كەتكەن ئىدى .

ـبېگىمنىڭ مېھمىنى، ـ دېدى بوم ئاۋازلىق غوجەك شىپاڭ ئالدىغا كېلىپ ئىككى قولىنى كۆكسىگە ئالغان ھالدا، ـ مېنىڭ مېھمىنىم. كېچىلەپ بولسىمۇ جاڭزامغۇ بېرىپ، قولدا بېقىلىۋاتقان ئىككى كېپە قوزا بىلەن ئىككى تۇلۇم قىمىز كەلتۇردۇم. ئىخلاسىمنى قايتۇرماي، قوبۇل قىلسىلا، بېگىم؟..

بەگزادە رەخمەت ئورنىغا، چىۋىنقىغان ئاتتەك، بېشىنى لىڭشىتتى، خالاس !

"تووۋا، ـ دېدى غوجەكنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈۋاتقان غېنى، ئۆز-ئۆزىگە، ـ راستلا خەقلەر دېگەندەك «قارا قاۋانغا» ئوخشاش» بۇرنى ئاسمانغا قاراپ تۇرىدا!!"

ـقېنى، پاتىھە قىلسىلا، بېگىم. دەررۇ سويغۇزۇپ، كاۋاپ قىلدۇراي. ۋاي، قوزىنىڭ كاۋىۋى بىلەن قىمىز گىرەلىشىپ كېتىتۇدە! ـ تامىغىنى چەكتى غوجەك.

ـتاڭ ئاتاي دېدى. ئەندى نەرىگگە يەيسەن، ئەتە سويغۇز! ـ سوغلاجاۋاپ بەردى بەگزادە .

ـخوپ، خوپ... ـ قوزىلارنى ئېلىپ كېتىشنى بۇيرىدى مالايلىرىغا غوجەك. تۇلۇملاردىكى قىمىزلارنى بولسا، بوستانلىقتىكى كۆلگە چىلىتىپ قويدى.

ـئۇچقاندەك بېرىپ كەپسىزدە، شاڭيۇم، ـ دېدى غوجەكنى زاڭلىق قىلغاندەك ئابدۇغوپۇر.

ـئۇچامدىغان، بەگزادەمنىڭ خىزمىتىدە! ـ شۇنداق ئۇسسىدىمكىن تاماقلىرىم چاكىلداپ كەتتى...

غوجەك بىر كاپپاڭ قىمىزنى ئۆرە تۇرۇپلا ئىچىۋېتىپ، شىپاڭ ئۇستىگە چىقتى ۋە غېنىغا كۆزى چۈشۈپ داڭ قېتىپ قالدى. ئۇ غېنى ھەققىدە ئاڭلىغان. باشقا باي-زېمىندارلار ئوخشاش ئۇنى خۇش كۆرمەيدىغان. كىمدۇر بىرسى مال بازىرىدا يىراقتىن تۇرۇپ غېنىنى كۆرسىتىپ قويغان ئېدى. كۆزى ئۆتكۈر غوجەك بىر قاراشتىلا غېنىنى تونۇۋالدى.

ـسەن بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرسەنۋي، ئوغرى؟ ـ دەۋەتتى ھەيران بولغاندەك غوجەك. ئۇ «ئوغرى» ئىبارىسىنى پەملىمەي دەۋېتىپ، ئۆزى چۆچۈپ كەتتى.

ـساڭا ئوخشىغان «ئاتا» ئوغرىنىڭ كويىدا يۈرىمەن، ـ دېدى غېنى بېقېيىتلىغىنى بۇزماي.

غېنىنىڭ جاۋاۋىغا ئاۋال رەھىمجان، ئاندىن باشقىلار كۈلۈۋېتىشتى. بەگزادىنىڭمۇ لەۋلىرىدە كۈلكە ئويناپ، چاشقان بۇرۇتى قىمىرلاپ كەتتى. ئىچىدە بولسا: «سۆزمەل يالاڭتۆش ئېكەنا! ئەۋۇ لەيغەزەللەرنىڭ ئونىنىڭ ئورنىغا موشۇنداق بىر غالچاڭ بولسا... كۈچىمۇ بار، ھوشىمۇ بار» دەپ ئارمان قىلدى .

غېنىنىڭ بىر پەشۋاسى بىلەنلا يەرگە كىرىپ كەتكىدەك بولغان غوجەككە بەگزادىنىڭ قوشۇلۇپ كۈلگەنلىگى يۈرىگىگە نەشتەر سانچىغاندەك تۇيۇلدى. ئۇ ئىزا-ئەلەمگە چىدىماي غېنىنىڭ ياقىسىغا ئېسىلماق بولۇپ دېۋىدىيۇ، بەگزادىنىڭ تېخىچىلا ئىلمىيىپ ئولتارغىنىغا كۆزى چۈشۈپ، توختاپ قالدى ۋە «ئەستاخپۇرۇللا» دەپ پىغان چىقاردىدە، يېلى چىققان دوساقتەك لاسسىدە ئولتىرىپ قالدى.

ـقىمىز ئىچىلسە، شاڭيۇ، ـ دەپ قىمىز سۇندى غوجەكنىڭ تېكىنە زىياپەتلىرىگە داخىل بولۇپ يۈرگەن غالچىلاردىن بىرى.

ـشاڭيۇكام ئەجايىپ مەرت ئادەمدە! سىلەر قاراپ تۇرۇۋڭلار، ئەتىلا ھەممىمىزنى ئۆيىگە ئاپىرىپ، تالقان-تۆكتى قىلمىسا كاللامنى چورتتىدە كېسىپ، ئالدىڭلارغا تاشلاپ بېرىمەن، ـ دېدى ماختاش ئارىلاش زاڭلىق قىلغان ئىككىنچى غالچى .

ـشۇنداق بولمايچۇ، ـ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بېشىنى كۆتەردى غوجەك، بەگزادەم رۇخسەت

قىلىدىكەن، مېھمانلارنى ھازىرلا يۆتكەپ كېتىمەن، دەپ يەڭگىلىرىنى تۇرۇپ، ئادىتى بويىچە چەيزەسىمان بۇرنىنىڭ ئاسمانغا قارىغان تۆشۈكىگە چىمەلتىگىنى تىقتىدە، نېمىنىدۇر ئاختۇرغاندەك قىلدى. ئۇنىڭ بەتقىلىغىدىغان يىركەنگەن مېھمانلار تەتۈر قارىشىۋالدى. ئەمما، ئۇلارنى غېنى كۆلدۈرۈۋەتتى.

ـ چىمەلتىگىڭنى ئىچكىرىرەك تىق، شاڭيۇكا، «غەزنە» تېخىمۇ چوڭقۇرلۇقتا بولسا كېرەك! ـ دېۋىدى شۇنداق كۆلكە ساداسى كۆتىرىلدىكى باغ ئىچى جاراڭلاپ، بۇلبۇللار ئۈركۈپ كەتتى. شۇ ئارىدا ئۆڭسىلى يوق كىرگەن بىرسى:

ـ شاڭيۇكا، شاڭيۇكا... ـ دېدى.

ـ ئۇنۇڭنى باس! ـ دەپ بەگزادىغا قارىدىدە، كەچۈرۈم سورىغاندەك باش ئېگىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ شىپاڭدىن تۆۋەن چۈشكەن غوجەك مالىيىنى چەتكە تارتىپ: ـ ئاتاڭ ئۆلۈپ، ئۆيۈڭ كۆيگەن بولسىمۇ ماڭا ئاستا ئىما قىلساڭ بولمامدۇ، خۇمپەر! ـ ئۇ خىرىلداپ ئاستا گەپ قىلغىنى بىلەن بەرى بىر ھەممىسى ئاڭلىدى.

غېنى «خەۋەر كەلدى» دېگەندەك مەھەممەتجانغا كۆز قىستى.

ـ زەي...زەي...نەپ...

ـ زەينەپ دەمسەن؟ ئۆلمىگەندۇر ئۇ قانجۇق؟!

ـ يا ـ ياق... قاچ ـ تى...

ـ نېمەدەيدۇي، مونۇ گاداي؟! ـ غوجەك مالىيىدىن باشقا گەپ ئاڭلاشقا تاقىتى قالماي، ئۇنىڭ كانىيىغا پەنجە سالدىدە، نېرى ئىتتىرىۋەتتى.

ـ نېمە شۇنچە كۆپسەپ كەتتىڭۇي، لاۋزا! ـ ۋاقىرىدى بەگزادە.

شۇم خەۋەر يەتكۈزۈپ كەلگەن مالىيىنى دىستىلىماق بولۇپ تۇرۇشىغا بەگزادىنىڭ تەنبىسىنى ئاڭلىغان غوجەك بىردىن ئېسىنى يىغىپ، مالىيىنىڭ ياقىسىنى قويۇۋەتتى ۋە ئىككى قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ:

ـ ئەپۇ قىلسىلا، بېگىم؟ ـ دەپ ئىلتىجا قىلدى، ـ كېلىنىم، كېلىنىمنى.

ـ بەس! ئاڭلىدىم. كىم ئېلىپ قېچىپتۇ؟ ـ غوجەككە ئېچىنغانلىقتىن ئەمەس، ۋاقىەگە قىزىققانلىقتىن سورىدى، چاشقان بۇرۇت بەگزادە.

ـ تايىنلىق بىر نائىنساپ ئوغرىدە...

ـ ئۇنداقتا ئوغرىنى قاراقچى ئۇرۇپتۇ، ـ دېدى غوجەككە جاۋاۋەن غېنى.

بۇ قېتىم غېنىنىڭ سۆزىگە كۈلۈشمىسىمۇ، ئەمما بىر ـ بىرىگە مەنىلىك قاراشتى مېھمانلار.

## تۆرتىنچى باپ

"ئاق ئۆستەڭ" قاش دەرياسىدىن باشلىنىدۇ. ئېچىق بېشىنى بويلاپ قاتار تىكىلگەن ئاق چېدىرلار، كىگىز ئۆيلەر، موم ياغاچلارغا باغلانغان ئاتلار. تۇرمەل باغلاش ئۇچۇن كېرەكلىك شاخ ـ چوگالار، بادرا ـ خەرىلەر يۆكلەنگەن ئىرگىلۇ ھارۋۇلار كەينى ـ كەينىدىن كېلىپ ـ كېتىپ تۇرۇپتۇ. بىر چەتتە يوغان داش قازانلاردا چايلار قايناپ، گۆشلەر پىشماقتا. ئۆستەڭ چېپىشقا ئەتراپتىكى يېزىلاردىن ھاشارغا كەلگەن دېھقانلار خۇددى ئۈۋىسى بۇزۇلغان چۈمۈلىلەردەك قىمىرلاشماقتا، بەسلىشىپ ئىشلەشمەكتە. ھەر بىر يېزىنىڭ ھاشارلىرىغا چاملار بۆلۈپ بېرىلگەن. ھەر قايسىسى بالدۇر پۈتىرىپ بىرىنچىلىكنى ئېلىپ، ماختاشقا سازاۋەر بولۇشقا تىرىشىدۇ. ھەر قېتىمدىكىدەك بۇگۇنمۇ ياشلارنىڭ، ـ بوز يىگىتلەرنىڭ كۈچ سىنىشىپ، ئاتاق ئالىدىغان، ئاقساقاللار تەرىدىن تەغدىرلىنىدىغان كۈنى. ياشلار كۆڭۈللۈك. ئۇلار ناخشىنى دۇك ئېيتىپ ئىشلىمەكتە، كەتمەنلىرى، جوتۇ ـ جۇمبىلىرىنى ئېگىز

كۆتىرىپ، توپا ئارىلاش شېخىل-تاشنى ئېگىز قىرغاققا ئاتماقتا، كۈچ-غەيرىتىنى كۆرسەتمەكتە. ئۇلارغا ھايداقچىلىقنىڭ لازىمى يوق.

ئۆستەڭنىڭ تېگى قاتتىق،
چاپسام كەتمەن ئۆتمەيدۇ.
زالىملارنىڭ قامچىسى،
بېشىمىزدىن كەتمەيدۇ...

كۆك بېشى ـ مىراپلار، ھاسىغا تايانغان تەجرىبىلىك دىھقانلار دەم چېپىقچىلارغا، دەم تۇرمەل باغلاۋاتقان ۋە ئېچىق بېشىغا نەرسىلەرنى توشۇۋاتقانلارغا كۆرسەتمە بېرىشىپ، بەزىلىرىنى ماختاپ، بەزىلەرگە تەنبىھ بەرمەكتە. شوخ ئاقىدىغان قاش دەرياسىنىڭ يىل ئارىلاپ دېگىدەك، توما بېشىنى، تۇرمەل «بۇقىسىنى» ئېلىپ كېتىدىغان ۋە ئادەم بويى يار پەيدا قىلىپ «ئىش» تېپىپ بېرىدىغان ئادىتى بار. شۇڭا ھەر قېتىمدا سۇنىڭ، تۇرمەلنىڭ، توسۇقنىڭ ئېپى-جېپىنى بىلىدىغان ئاقساقاللار «ئاق ئۆستەڭ» سۈيىنى ئىچىدىغان يېزىلاردىن يەر كۆلەمىگە قاراپ ھاشارلار كېلىپ، چوڭ ئېچىقنى قايتا ياساپ، لاتقا باسقان ئۆستەڭنى تازىلاپ ئەينىگە كەلتۈرىدۇ. «ئاق ئۆستەڭ» ـ ئىلى ۋادىسىدىكى دىھقانچىلىق مەيدانلىرىنى سۇ بىلەن تەمىنلەيدىغان ئەڭ زور ۋە ئاتاقلىق سۇ ئىنشائىتى ھېساپلىنىپ، ئۇ ئىلى «تارانچىلىرىنىڭ»، يەنى، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. «ئاق ئۆستەڭ» قۇرۇلۇشىغا قولى تەگمىگەن بىرمۇ ئىلى دېخىنى بولمىسا كېرەك. شۇ سەۋەپتىنمۇ «ئۆستەڭ ناخشىسى» نامىنى ئالغان ناخشىلار موشۇ غول ئۆستەڭ چېپىغىدا خەلق تەرىپىدىن ئىجات قىلىنىپ، ئۇنىڭ سۈيى بىلەن خەلق قەلبىگە سىڭىپ كېتىشى بىجەز ئەمەستە..!
بېشىدا قاسقىنى كەڭ كۈچار كۆپىلىك تۆپە، ئۇچىسىدا بېغىر رەڭ چىبەرقۇت پەشمەت، سىم، بېلىدا قارا لەستىك پوتا باغلىغان تەمبەللىك ئادەم ئۆستەڭ چېپىۋاتقانلارنىڭ قېشىدا توختىدى.
ـئىشقا بەرىكە، يۇرتداشلار! ـ دېدى ئۇ ئاۋازىنى كۆتىرىپ.
ـئىلاھىم، بەرىكىسى بولغاي، ـ دېيىشتى ئىش بېشىدا تۇرغان ئاقساقاللار ۋە كۆك بېشىلار.
ـتۇرمەللەر تەييار بوپتۇ. ئېچىق-تومىسىنى بۈگۈن بېكىتەرمىز؟ ـ سورىدى تەمبەللىك ئادەم.
ـھاشارلارنىڭ غەيرىتى بىلىدۇدە، مىراپ بېگىم، ـ دېدى كۆك بېشىلارنىڭ بىرى .
ـئەۋۇ يوغان تاشنى كۆتىرىپ توسۇققا تاشلاۋاتقان يىگىت كىمۇ؟ ـسورىدى مىراپ.
ـئۇمۇ؟ غېنى! نەچچە ئادەمنىڭ كۈچى باردە، ئۇ يىگىتتە .
ـھە بىلىمەن. كىمنىڭ ئورنىغا كەلدىكىنە؟
ـئۇ يىگىت «ئاق ئۆستەڭ» چېپىغىدىن قالمايدۇ. ئاڭلىسىلا يېتىپ كېلىدۇ.
ـياخشى ئادىتى بار ئېكەن، ـ دېدىدە، كۆك بېشىنىڭ بىر نەرسە دېمەكچى بولغىنىغا قارىمايلا غېنى ئىشلەۋاتقان تەرەپكە قاراپ ماڭدى باش مىرەپبەگ. قاسىم مىراپ دەپ نام ئالغان بۇ ئادەمنىڭ خەلق ئىچىدە خېلى ئىناۋىتى بار. ھەممە يېزىلارنىڭ كۆك بېشى ـ مىراپلىرىنىڭ ئۈستىدە سۇ ئىشلىرىنى، تەخسىمات-ماجرالىرىنى باشقۇرىدۇ. ئۆزى ئارئۆستەڭ يېزىسىدىن، ئەلاخان سۇلتاندىن تارتىپ ئارئۆستەڭلىكلەر «باش مىراپ» بولۇپ كەلگەن ئەن بار. مۇنداق بولۇشتىكى سەۋەپ ئوتتۇز ئالتە كۈن سۇلتانلىق تەختىدە ئولتارغان قارا نىيەت ماھمۇت ئوچىنى ئورنىدىن ئېلىپ تاشلاشتا ۋە ئەلا پالۋاننى ئەمىرلىككە كۆتىرىشتە كۈچ چىقىرىپ، تۇغ كۆتەرگەنلەر ئاساسەن ئارئۆستەڭلىكلەر بولغانلىقتىن «ئىلى-ئالەمنى» كۆكەرتىپ تۇرغان سۇ مەنبەلىرىنى باشقۇرۇش ئىشلىرى ئارائۆستەڭلىكلەرگە بەخشەندە قىلىپ بېرىلگەن ئېكەن. شۇندىن بۇ يان بۇ ئىش ئەن بولۇپ كەلگەن. قاسىم مىراپ شۇ دەستۇرگە بىنائەن ھېكىمبەگ غوجىنىڭ رازىلىغىدىن ئۆتكەن ۋارىسلاردىن بولۇپ، بۇ ئادەم خالىس ۋە

كەمتەرلىكى بىلەن خەلقىقە يېقىن تۇراتتى .

ـ هاي، يىگىت! تولا ئىغىرنى كۆتىرەۋەرمە، بېلىڭ چىم بولۇپ قالمىسۇن، ئاۋايلا! ـ دەپ ۋاقىرىدى خېلە نېرىدىنلا قاسىم مىراپ.

ـ هارام كۈچنىڭ نېمىسىنى ئاياي، ـ دېدى غېنى پېشانىسىدىكى تەر مونچاقلىرىنى سىرىۋېتىپ ۋە مىراپقا سالام بەردى.

ـ ئاڭلىسام هەر دايىم ئۆز ئىختىيارىڭ بىلەن ئۆستەڭ چېپىشقا كېلىدېكەنسەن، ئىنىم. بۇ ئەجايىپ ياخشى خىسلەت.

ـ ئاق ئۆستەڭنىڭ» سۇيىنى «ئېلى ئالەمنىڭ» ھەممىسى ئىچىدۇ. خەلقىقە باشقا ياخشىلىق قىلىش قولۇمدىن كەلمىسىمۇ، ئۆستىڭىنى چېپىپ بېرەي دەيمەنا، مىراپكا!

ـ بارىكاللا، ئىنىم، ھەممىمىزنىڭگە رەخمەت. سەندەك بالىلىرىمىز بولسا ھېچ قاچان سۇسىز قالمايمىز، ـ دېدى غېنىغا تېخىمۇ زوقمەنلىك بىلەن قارىغان قاسىم مىراپ.

ـ ئاق ئۆستەڭ»، ـ دېدى ئاقساقاللار قاتارىدا تۇرغان نۇسرەت خەلپەت (ئۇما «ئاق ئۆستەڭ» چېپىشقىدىن قالمايدىغان) «ئاق ئۆستەڭ» ـ بىزنىڭ قان تومۇرىمىز. ئاۋرال تېغىنىڭ غەربىي ئېتىگىدىن تارتىپ تا ئالمۇتىيار ـ كۇرەگىچە ئىككى كۇنلۇك مۇساپە ئۇزۇنلۇقتىكى بۇ غول ئۆستەڭنى قېزىپ پۈتەرگىچە ئەجداتلىرىمىزنىڭ بېشىدىن نە قىسمەتلەر كەچمىدى؟ ـ نۇسرەت گېپىنىڭ قانچىلىك تەسىرى بولىدېكىن دېگەندەك ئەتراپقا نەزەر تاشلىۋېدى، ھەممەيلەن كەتمەن ـ گۈجەك، لوم ـ جوتۇلارنىڭ ساپلىرىغا تايانغان ھالدا تىڭشاپ تۇرۇشقان ئىكەن. ئۇ داۋام قىلدى. ـ «ئاق ئۆستەڭ» مۇسا گۇڭ دەۋرىدىن باشلىنىپ، ئاندىن ئورانزىپ، مەلىكىزات ۋە ئۇلاردىن كېيىن چورۇق ھېكىم زامانىسىدا چېپىلىپ پۈتكەن. مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان ئاتا ـ بوۋىلارنىڭ جاپالىق ئەجرىدىن ـ تۆكۈلگەن قان تەرلىرىدىن بىنا بولغان بۇ قەدىم ـ قەدىناس ئۆستەڭنىڭ سۇيىدە كۆكەرگەن زىرائەتلەردە ئۆزىمىزنى ـ ئۆزىمىزدىن كۆرە چەتتىن كېلىپ يەلكىمىزگە مىنىۋالغان زوراۋان كەلگەندىلەرنى بېقىپ ـ بوداپ كەلدۇق...

مەشەگە كەلگەندە ھاشارلار غۇل ـ غۇلا قىلىشىپ، تەۋرىنىپ كەتتىدە، نۇسرەت خەلپەت توختاپ قالدى. قاسىم مىراپ بوسا سۆزنى چەكلىمىدى.

ـ ئاق ئۆستەڭ توغرىلىق قوشاقلار بېكارغىلا توقۇلغىنى يوق، ـ سۆزنى ئۇلاشتۇردى نۇسرەت خەلپەت، ـ بۇ قوشاق، ناخشىلار ئەجداتلىرىمىزنىڭ ئاھ ـ زارى، ئەلەم ـ ھەسرىتى ۋە ئارزۇ ـ ئارمانلىرىدىن ئىبارەت. ـ ئۇ سەل تىنىق ئالدىدە، شار قىچارغاندەك بەلەنت ئاۋازدا: ـ «ئاق ئۆستەڭ» ئېلى دېھقانلىرىغا كۈچ ـ قۇۋەت، ھايات بەرگەن ـ ئانا ئۆستەڭ!

"ئاق ئۆستەڭ" بىزنىڭ ئۆستەڭ! ـ ۋاقىرىدى غېنى. ئۇنىڭغا ھاشارلار قوشۇلدى، كۈچلۈك سادا ياڭراپ كەتتى ۋە بۇ ساداغا جور بولغاندەك، «ئۆستەڭ ناخشىسى» ئېيتىلدىدە، ھاشارلار ھاياجان ئىچرە ئىشقا چۈشتى.

ئۆستەڭنىڭ تېگى لايدۇر،
دەسسىسەم لىغىرلايدۇ.
زالىم تۆۋچىسى كەلسە،
يۈرەكلەر يىغلايدۇ.

***

كەچكە يېقىن ھاۋا بۇزۇلۇپ، تاغ تەرەپتىن كەچ كۈزنىڭ سوغ شامىلى ئۇرۇشقا باشلىدى. ئەتىگەندىن بۇ يان ئوچۇق ئاسمان گۈمبىزىنى قېلىن بۇلۇت پەردىسى بېسىۋالدى. تۇرمەللەشكەن بۇلۇت قاتلاملىرى

بارغانچە يەر بېتىگە يېقىنلىشىپ، پاختا تۇرتەكلىرىدەك ئۇزۇلۇپ چۈشىدىغاندەكلا كۆرۈنەتتى. ئاخىرقى ئۇۋاق، لېكىن مۇزقۇمسۇق يامغۇر تامچىلاشقا باشلىدى.

ـئاق يېغىنغا ئايلىنىپ كەتمىگىدى، ھاۋانىڭ ئوزايى يامانىراق، ـ دېدى كۆك بېشىلارنىڭ بىرى.

ـياقە! ـ دېدى كۈن پېتىشقا قاراپ تەجرىبىلىك ئاقساقال. ـ كۈن پېتىشتىن شامال قوزغالدى، ئەتىگەنگىچە بۇلۇت دېگىنىڭدىن بىر پارچىمۇ قويماي، ھايداپ كېتىدۇ.

سوغ كۈچەيدى. يالاڭ كىيىملىك ھاشارلار سوغ شامالدىن دالدىلىنىپ، ئۆستەڭ ئىچىگە چۈشۈۋېلىشتى.

ـسەنلەرنىڭ سۈسىز قالغىدەك يېرىڭ، نە بېغىڭ بولمىسا بۇ سوغدا شۈمشەرىشىپ تۇرۇشقىنىڭنى قارا! ـ دېدى قويلار ئوخشاش غۇجمەكلىشىۋالغان ھاشارلارنىڭ يېنىغا كەلگەن غېنى.

ـكۆپچىلىككە تەڭ كەلگەن ھاشاردە! ـ دەپ سۆزگە ئارىلاشتى كۆك بېشى.

ـئۆزەڭچۇ، ئۆزەڭ بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرىسەن ـ غېنىغا قاراپ تىكلەندى. ئونىيارىيۈزلۈك ھاشارلارغا باش بولۇپ كەلگەن زېمىندارنىڭ ئوغلى.

غېنى دەرھال جاۋاپ قايتۇرالمىدى. راست، ئۇنى ھېچ كىم چاقىرغىنى يوق، مەجبۇرلىغىنى يوق، ئۆز ئايىغىدىن كەلگەن، قاش دەرياسىنىڭ شەرقىي قانىتىدىكى ـ قاراباغ يېزىلىرى «ئاق ئۆستەڭدىن» سۇ ئىچمەيدۇ، بۇ تەۋەگە سۇ مەسىلىسىدە مۇناسىۋەتسىز. شۇنداق ئىكەن، نېمە سەۋەپتىن دايىم بۇ يەرگە كېلىپ، يەرنى قېزىپ ئېغىر تاشلارنى كۆتىرىدۇ بىرەر مەنپىيەت كۆزلەمدۇ ياكى كۈچلۈكلىگىنى كۆرسەتمەكچى بولامدۇ؟ ياق، ياق ئۇ بۇ تەرىقە شەخسىي غەرەزدىن تامامەن خالى، بەلكى ئۇ بىرەر دوستىنى ياكى موشۇ دېھقانلارنى ھاشارلارنى ئۇۋاق تارتىپ كەلگەندۇر. بەلكىم با ئۆستەڭ چېپىغى تۆگەپ، ھەر قېتىمدىكىدەك بولىدىغان چېلىش، كۈچ سىناش ئويۇنلىرىنى ھەۋەس قىلىپ كەلگەندۇر؟ بۇنىڭ نېمە يامانلىغى ياكى ئارتۇقلىغى بار؟ ئۇ كۆپچىلىك بار يەرگە تەلپۈنىدۇ، بىرەر ياردەم قىلىشقا ئىنتىلىدۇ. يۇقۇرىدا قاسىم مىراپقا دېگىنى ھەق گېپى: «... خەلىققە باشقا ياخشىلىق قىلىش قولۇمدىن كەلمىسىمۇ، ئۆستىڭىنى چېپىپ بېرەي دەيمەنا...» ھە، مۇھتاجىغا ياردەم قىلسا، بېشىغا كۈلپەت چۈشكەنلەرنى پالاكەتتىن قۇتۇلدۇرسا ئۇنىڭ كۆڭلى سۇ ئىچىدىغۇ!

ـمەنمۇ؟ـ سوئال ئورنىغا سوئال بەردى غېنى ۋە كەسكىن دېدى: ـ مەن سوغدا دۈگدەرەشكە موشۇ كەمبەغەل دېھقانلارنى ئالدىغا سېلىپ ئىشلەتكىنى ئەكەلگەن سەن سىياقى يەر ئېگىسى باي-غوجامنىڭ غوجايىنلىغىنى كۆرەي دەپ كەلدىم.

ـبۇ، بۇ... بۇنداق تەپرىقە چىقىدىغان گەپلەر...

ـبولدى! ـ كۆك بېشىنى كەسكىن توختاتتى قاسىم مىراپ، ـ غېنىنىڭ باشقا يامان غەرىزى يوق بولسا كېرەك. سۆز ئۇختىسىغا كېلىپ شۇنداق دەپ قويدى. ئۇنى يوغۇنۇتىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟

تەجرىبىلىك قاسىم مىراپ ئارىلاشمىغاندا ھاشارلار غۇل-غۇلىسى كۈچىيىشى مۇمكىن ئىدى. بىر قېتىم شۇنداق بولۇپ، جېدەلمۇ چىققان. غېنىنىڭ ھېچ كىمدىن ئەيمەنمەي، توغرا كەلگەندە ھەق سۆزنى سۆزلەيدىغانلىغىنى بىلەتتى ئۇ. شۇڭا ماجرانىڭ ئالدىنى ئالدى، كۆپچىلىك ئالدىدا كۆك بېشىنى ئەيىپلەپ، غېنىغا يان باسقان بولدى.

ـيامغۇر كۈچىيىپ قالدى، مىراپ بېگىم، ـ دەپ ئەتتەي ئاگاھلاندۇردى قاسىم مىراپنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەن لولى كۆك بېشى .

ـئىشنى يىغىشتۇرۇڭلار! ـ بۇيرۇق قىلدى قاسىم مىراپ. ئۇ ئاق چېدىرنىڭ ئالدىدا توختاپ، ھەممىگە ئاڭلىتىپ، ـ يەنە ئىككىنى سويۇڭلار كۆك بېشى! ـ دەپ ئاگاھلاندۇردى.

داش قازانلاردا قاينىغان گۆشنىڭ پۇرىغى ئاچ قوساق ھاشارلارنىڭ نەپسىنى غىدىقلاپ، ئاغزىدىن سېرىق سۇ كەلتۈرۈپ، تەقاززاسىنى تېخىمۇ ئاشۇراتتى. ئۇ يەر، بۇ يەردە يېقىلغان ئوتقا قاخلىنىپ، گۆلخاندىن تەپ ئېلىپ ئولتىرىشقان ھاشارلار غېنىنىڭ مەردانىلىغىنى، قەيەردە بولسا «چوڭلاردىن»

ئەيمەنمەي، ھەققە يان بېسىپ، بوزەكنى قوللايدىغانلىغىنى ماختىشىپ پاراڭلاشقىنى بولمىسا، بارغانچە كۆچەيگەن سوغ شامال جان-جېنىدىن ئۆتتۈپ، ئۆز ھالەكچىلىگى بىلەن بولۇپ قېلىشتى. ئاخىرى جاۋۇر-تەڭنىلەردە پۇقۇراپ ھو چىقىپ تۇرغان مېيىزلىك گۆش، چېلەكلەردە بولسا ــ شوۋىلاركەلتۈرۈلدىدە، بىردىن خوشاللىق كەيپىيات روي بەردى.

"كەمبەغەلنىڭ بىر تويغىنى ــ يېرىم باي بولغىنى» دەپتېكەن، قېنى ئېلىڭلار يىگىتلەر! ئەتىكگە ئاللا ئېگەم! ــ دېدى ھاشارلارغا گۆش بۆلۈپ بېرىۋاتقان توپ باشلىغى.

ــتويمىساق قانداق قىلىسەن، تاغا؟ ياكى ئەۋۇ قازان بېشىدا قومايدەك قادىلىپ تۇرغان كۆك بېشىنى سويۇپ بېرەمسىلەر؟!

ھەممىنىڭ ئاغزىدا لىق گۆش بولسىمۇ پاراقلاپ كۈلۈشتى ھاشارلار غېنىنىڭ ئاچچىق تەنىسىنى قۇۋۋەتلەشكەندەك.

ــسېنىڭ بەستىڭ زور، ئاندىن سەن مېھمان ھېساۋىدا بولغاچقا ساڭا چەك يوق، يەۋەر ئۇكام، غېنى.

ــمېنىڭدىن قايغۇ قىلما، تاغا. مونۇ ئايلىغى ــ ئوتتۇز كۈن، يەيدىغىنى ئۆزىدىن، شامالغا ئىشلەيدىغان ھاشارلارنى ئۇبدانىراق تويغاز. بولمىسا سولخاي يەڭنى چىقىرىمەن جۇمۇ.

توپ بېشى غېنىنىڭ بۇ سۆزلىرىنى كۈلكە بىلەن قۇلاق تۇۋىدىن ئۆتكۈزىۋەتتى. ئۇ غېنىغا رەددىيە بېرىشتىن قورقۇپ، نان ئەكېلىشنى بانە قىلىپ، قازان بېشى تەرەپكە كەتتى.

ــمەن بىر نەرسىگە ھەيرانمەندە، ــ دېدى غېنى ھاشارلار تېگىشلىك گۆشنى يەپ، ئىسسىق شوۋا ئىچىشىپ، نەپسى قۇرۇتىنى باسقاندىن كېيىن، ــ ئىشلىتىپ-ئىشلىتىپ بىر قېتىم ئۇبدانىراق تويغۇزۇپ قويسا شۇنىڭغا قانائەت قىلىپ ياتىدىغان زامانمۇ بۇ؟

ــباياراقتا ئېچىق بېشىدا قىلغان سۆزۈڭ بىلەن موشۇ دىگەنلىرىڭنىڭ جېنى بارلىغىنى بىلىمىز، ئۇكا! ــ دەپ خىتاپ قىلدى قاداق قوللىرى بىلەن چوغنى ئالدىغا تارتقان دىھقان، ــ بىز شۇ مېھنەتكە تۇغۇلغان ئېكەنمىز...

ــشۇ، مېھنىتىڭنى، ــ دىھقانىنىڭ سۆزىنى بۆلدى غېنى، ــ ھالاۋىتىنى ئۆزەڭ، بالا-جاقاڭ كۆرسە مەيلىدىغۇ! باشقىلار كۆرۈۋاتسا قانداق چىداپ تۇرغىلى بولىدۇ دەيمەنا!

ــتەغدىر ئىلاھى شۇنداقكەن: بىرسى-باي، بىرسى-گاداي، بىرى-ئەمەلدار، بىرى-پۇخرا.

ــئەلمىساقتىن تارتىپ موشۇنداق تۆرەلگەن دېسەڭچۇ، ــ دەپ قاداق قولغا يانداشتى يەنە بىر دىھقان.

ــئەلمىساقتىن، تەكرارلىدى خىيالچان قىياپەتتە غېنى. ئۇ بۇ ئىبارىنىڭ مەناسىنى قوغلاشقاندەك بىر دەم ئويلىنىپ قالدىدە، ئاندىن دېدى:

ــبىز-بوينىمىزغا بويۇنتۇرۇق سېلىنغان ئۆكۈز، قاياققا ھايدىسا شۇ ياققا ماڭىمىز دېمەكچىسەنغۇ ھە؟!

ــبايلارنىڭ گېپىنى يىرساڭ يېرىنى ئوتاققا بەرمىسە، ھۆكۈمەتنىڭ ئالۋاڭ سېلىغىنى تۆلەلمىسەڭ ئۇرسا-سوقسا، نارازىلىق قىلساڭ يامۇل-زىندانغا سولاپ، ئاتسا-چاپسا تەغدىرىڭگە تەن بەرمەي نېمە چارە؟ ــ قانداق قول دىھقان ئۆزىنىڭكىنى توغرا قىلماقچىدەك، غېنى تەرەپكە سىلجىدى.

ــزورلۇققا چىدىمىغان قۇمۇللۇقلار قوزغىلىپ چىقىپتۇ. شۇلارمۇ بىزگە ئوخشاش ئادەملەردۇ، يە ئىككى بېشى بارمېكىن؟ ــ غېنى ئېيتماقچى بولغان مەقسىتىگە ئەندى كەلدى.

ــئۇ خەقنىڭ ئىسلام ئاچقانلىغىنى ئاڭلىدۇق، ئاقىۋېتى قانداق بولىدېكىن تاڭ، ــ دېدى قاداق قول غېنىغا سىلىق جاۋاپ بېرىپ. ئۇنىڭ گەپ-سۆزىگە قارىغاندا ھايات تەجرىبىسى بارەدەك كۆرۈنەتتى.

ــئاقىۋېتى قانداق بولاتتى، ئىسلام ئاچىدۇدە! ــ دېدى كىمدۇر بىرى.

ــئىسلامنى قىيا ئېچىپ قويۇپ، كېيىن دەردىنى بىزدەكلەر تارتمىسا، ــ يەنە ئۆز پىكرىنى قۇۋۋەتلىمەكچى بولدى قاداق قول.

ــنېمە دەيسەنكىنتاڭ، نۇرغۇن تاغا! ــ دېدى قاداق قول دىھقانغا تىكىلىپ، ــ ئىسلامنى قىيا

ئاچىدىغان ئىشكمىدى؟
غېنىنىڭ بۇ گېپىگە ئۆگدەك، چالا ئۆگدەك ھاشارلار كۆلۈۋېتىشتى. گەرچە سۆز-ئويۇنى بولسىمۇ، مەقسەتلىك دېيىلگەن بۇ سۆزلەرنىڭ تېگى تەتىگە بارچەيلەن يېتەلمىسىمۇ، بەزى مەئىشىي تەجرىبىگە ئېگە بەزىلەر چۈشىنەتتى «خۇدا بىر، پەيغەمبەر بىر ـ ھەق» دەپ قاتتىق ئىشىنىدىغان غېنى «ئىسلام»، «ئىسلام ئېچىش» دېگەن قائىدىلىك ئىبارىلەرگە چۈشەنمەيتتى. شۇ تاپتا قاداق قوللۇق دېھقانغا خاپا بولۇپ، ئۇنىڭغا گۇمانلانغاندەك كۆڭلىگە شەك كەلدى. «خىتايلارغا يان باسامدۇ نېمە مونۇ، خەقنىڭ رايىنى قايتۇرۇپ؟! ـ دەپ پىچىرلىدى ئىچىدە. لېكىن نۇراخۇن تاغىنىڭ گېپىگە ئېتىراز بىلدۈرۈپ، ئۇنى بېسىپ چۈشكىدەك قوزغىلاڭ كۆتىرىپ، قوللۇق ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن نېمە قىلىش، نېمىدىن باشلاش توغرىلىق ئۆز چۈشەنچىلىرىنى ئېيتىپ، باشقىلارنى قايىل قىلىش، ئۇلارنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈش ئۈچۈن تېخى ئۇنىڭدا يېتەرلىك تەجرىبىمۇ، چۈشەنچىمۇ، تەشكىلىي قابىلىيىتىمۇ يوق ئېدى. «نېمىشكە قاراپ ياتىمىز؟ نېمىشكە باش كۆتىرىپ چىقمايمىز؟ «موشۇ ۋىيدانىي چاقىرىقلار ئۇنىڭ قەلبىنى ئازاپلاتتى.
غېنى ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، كۈچلۈك شامالدا تېخىمۇ شاۋقۇن كۆتەرگەن قاش دەرياسىغا قاراپ ماڭدى. قاداق قوللۇق نۇراخۇن باشلىق ئىسلامىيۈز مەھەللىسىدىن كەلگەن ھاشارلار ئۇنى توختاتمىدى ـ غېنىنىڭ رايىغا بېقىشتى .
دەل شۇ دەقىقىلەردە ئاق كىگىز ئۆينىڭ ئىچىدە تائاملار تولۇق دەستىخاننى چۆرەدىشىپ ئولتىرىشقان يۇرت «چوڭلىرى» كۈچلۈك تائامدىن كېيىن ئۇنلۇك كېكىرىشىپ، خامقايماق ئىلەشتۇرۇپ، سىڭچاي ئىچىشمەكتە ئېدى.
ـبايا ھېلىقى غېنى دېگەن تەنتەك باشنى راسا ئۈچۈقداپ قويىدىغان يولى كېلىۋېدىدە، مىراپ بېگىم، ـ ئۆكۈنگەندەك دېدى سېمىز كۆك بېشى ۋە ئارقا-ئارقىسىدىن ئۇنلۇك كېكەردى.
ـمەنما ھەيران بولدۇم. مىراپ بەگ تۇرسىمۇ ھېتىقماي، گەپكە قوناق بەرمەيدا، بېئەدەپ! ـ قوشۇمچە قىلدى شاڭيۇلاردىن بىرى.
ـتەلۋە كۈچىگە ئىشىنەمدېكىن، قەيەردىلا بولسا چوڭلارنىڭ ئاغزىنى غېرىچلايدىغان بولۇۋالدى. زادى بۇ تەلۋە كىمگە ئىشىنىدۇ؟
ـشۇنى دېگىن، ھېمىت باي، ئۇنىچۇ موشۇنداق سورۇنلارنىڭ قېشىغا كەلتۈرمەسلىك كېرەك، باشقىلارنى يامان ئۆگىتىدۇ .
ـئۈچۈ، يەنە تەكسىز گەپلەرمۇ قىلىدېكەن.
شاڭيۇ، ئەللىك بېشى، كۆك بېشى ئوخشىغان بىر نەچچىسى  غېنىنى خېلە غاجىلاشقان بولدىيۇ، لېكىن قاسىم مىراپ نېمە ئۈچۈندۇر ئۇلارنىڭ شىكايەتلىرىنى دەرھال قوللاپ-قۇۋەتلىمىگىنىگە ھەيران بولۇشتى .
ـئون ئادەم بىرلىشىپ كۆتىرەلمەيدىغان تاشلارنى كۆتىرىپ، خالىس قارىشىپ بېرىۋاتسا يامان بوپتىمۇ؟ ـ قاسىم مىراپنىڭ بۇ سۆزى ئۇلارنىڭ بېشىغا چېقىلغان چۈشكەندەك بولدى، ھەممىسىنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ياردەمچىلەرنىڭ روھى چۈشكەنلىگىنى سەزگەن قاسىم مىراپ:
ـھە، دەپ قويۇپ، هارام كۈچىدىن پايدىلانامسىلەر، ـ دەپ قوشۇپ قويدىيۇ، ئەمما غېنىنى يامانلاشقا تىلى بارمىدى.
ـبۇگۈن «غېنىنى سولاپتۇ» دەپ ئاڭلىساق، ئەتىسىگىلا ئات چېپىپ تۇتۇپ كەتكىنىنى كۆرىمىز. زادى نېمە ئادەم؟
ـيەنە غېنىنى كوچىلاشقا باشلىدى سېمىز كۆك بېشى.
ـھېچ ئوقەت قىلماي، ئات ئۇستىدە مالخاينى قىرلاپ يۈرگىنى يۈرگەن!
ـئوغرىلىق قىلىدۇ، ـ دېدى كەسكىن رەۋىشتە ھېلىقى غېنىدىن گەپتە سوققا يېگەن ئونىيارىيۈزلۈك

ھېيمىت باي. ئۇ سۆزلىگەندە مولۇن كۆزلىرى چاناقلىرىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك بولاتتى.
ــئوغرى بولسىمۇ پاسكىنا ئوغرى ئەمەس، مەرت ئوغرى. تېزەكچى قوڭغۇزدەك، يېمەي-ئىچمەي پۇل يىغىدىغان خەسىسلەر بىلەن، جازانىخور ئالدامچىلارنىڭ مېلىنى ئوغرىلاپ، يىتىم-يېسىرلارغا بېرەرمىش. بىر ھېساپتا ساۋاپ ئىشقۇ ھە تەخسىر؟ ــ دەپ باياتىن دەستىخاندىن باش كۆتەرمەي، ئۇنى-بۇنى ئۇزمەي يەۋاتقان ئىمامغا قارىدى قاسىم مىراپ .
ــھە، ھىم... ئاللا ئۆزى بىلىدۇ، ــ ئىككى بىسلىق جاۋاپ بەردى شارائىتچى موللا. - تېخى ياش، خۇدا ئىنساپ بېرەر...
ــئۇنىما قويۇپ، بۇنىما قويۇپ، قېنى قايسىڭ غېنى بىلەن كۈچ ئېلىشالايسەن؟ ــ دەپ زور بەستىلىك، موشۇ كەمگىچە چېلىشتا يېنى يەرگە تەگمىگەن ياش باي ھېيمىتقا قارىدى قاسىم مىراپ. ھېيمىت بولسا پۇشۇلدىغىنىچە يەرگە قاراپ ئولتىرىپ، ئىچىدە غېنىغا « يان باسقان» قاسىم مىراپقا لەنەتلەر ئوقۇدى. باشقىلارمۇ جىمىپ كېتىشتى.
ــئەگەر، ــ دېدى، يەنە ئاگاھلاندۇرغان قاسىم مىراپ، ــ سەن ھېيمىت ياكى باشقا بىرسىڭ كۈچ سىناشتا غېنىنى يەڭسەڭلار ئاتاقلىق قۇلا يورغامنىڭ كۈمۈچ ئېگەر-توقۇمى بىلەن قوشۇپ مىنگۈزۈپ قويىمەن.
ھېيمىت، سېمىز كۆك بېشى ۋە باشقىلارنىڭ كۆز ئالدىدا قازاندەك تاشلارنى بۆلجۈتماي كۆتىرىپ، سوغ دەريا سۈيىگە بېلىچە كىرىپ، تۇرمەللەرنى باغلىغان غېنىنىڭ باتۇرلارغا خاس كىپتى نامايان بولىدىدە، تارلىغى ــ رەشقى كېلىشىپ، تەرلىرىنى پۇرۇشتۇردى.
ــغېنى يەڭسىچۇ؟ ــ توساتتىن، چۆچۈگەندەك سورىدى ھېيمىت.
ــمىنىپ كەلگەن ئېتىڭنى غېنىغا بېرىسەن. بەسلىشىشنىڭ قىزىغى شۇدە!
ــقازاق-قالماقلارنىڭ پالۋانلىرىنى يەڭگەنلىگى راستمېكىن؟
ــراست بولمايچۇ. ئۈچ ياشلىق غۇناننى دەس كۆتىرىپ، ئۆستەڭ كېچىگىدىن ئۆتكىنىمۇ راست! ــ دېدى غېنى ئۇچۇن ئۆزى ماختانخان قىياپەتتە قاسىم مىراپ.
ــۋاي، كاساپەتەي...ئۇنداق بولسا ئۇنىڭغا دېۋە-مەلئەنلار توغرا كەلمىسە، ئادىمىزات تاقابىل تۇرالماس، ــ دەۋەتتى بۇ قېتىم غېنىغا ھەۋەسى كەلگەن سېمىز كۆك بېشى.
ــئۇنچىلىكمۇ ئەمەستاي! ــ دېدى ھۆسۇتخور ھېيمىت.
ــئىشەنمىسەڭ بەسلەشكىن، ــ دېدى قاسىم، ــ ئېيتىپ قوياي، كېيىن داداڭدىن تىل يەپ يۈرمىگىن.
ــمېنى ئاتام ئوغۇل دەپ تاپقان! ــ دەپ كۆكسىگە ئۇردى، قاسىم مىراپنىڭ سۆزى تىك كەلگەشكە، ھېيمىت.
ــمانا بۇ ئەر يىگىتنىڭ لەۋزى، يارايسەن ھېيمىت باي! ــ ماختاپ قويىدى قاسىم مىراپ.
ــئەگەر جىرەن قاشقامنى كۆتىرىپ، ئون چامدام يەرگە ئاپارسا مىنىپ كەتسۇن...
ــباركاللا، ھېيمىت باي!
ــرەسمىمىز بويىچە: ئۆستەڭ بېشىنى ياساپ پۈتىرىپ، ئاندىن بۇ ئويۇننى باشلايمىزدە، مىراپ بېگىم؟ ــ سورىدى سېمىز كۆك بېشى.
ــياق، ھازىر، شۇ تاپىنىڭ ئۆزىدە!
ــموشۇ جۇدۇندىما؟ ــ ھەيران بولۇشتى ئولتارغانلار.
ــھەممىنى يىغىمىز. سەينانى كەڭ قۇرىمىز. گۇلخان دېگەننى يېقىۋېتىمىز...
ــنېمە شۇنچە ئالدىراش، مىراپ بېگىم؟ ــ يەنە چۇقىراشتى ئولتىرغانلار.
ــغېنى ــ ئۇ ئەركىن بۈركۈت. بۇگۈن كېچىدە كېتىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن.
ــبۇ قاراڭغۇ تۈن، جۇدۇندا نەگە كېتەلەتتى. ئۇ ئېتىنى ئونىيار يۈزىگە قويۇپ كەپتۇ.

ـ ئۇنىڭغا ئات كاممىدى. بەلكىم، بۇ ۋاقىتچە سىنىڭ جىرەن قاشقاڭنى مىنىپ، قاش دەرياسىدىن ئۆتۈپ كەتكەندۇر، تېخى! ـ دەپ كۈلدى قاسىم مىراپ.

ـ ياق، ھەددى ئەمەس. يولدا چۈشۈپ قالغان ئات يوق ـ دەپ كۆپسەپ كەتتى ھېمىت. ئۇ راستىنلا قاسىم مىراپنىڭ ھەزىلىسىگە ئىشەندى، ئەتىمالىم، تالاغا قاراپ مېڭىشىغا :

ـ سىنىڭ سوكال تېپىلىڭ مىنى كۆتىرەلەيدۇ دېۋىدىڭمۇ؟ ـ دېگەن پېتى كىرىپ كەلدى غېنى. ئۆز كۆزلىرىگە ئىشەنمىگەندەك ئالاق-جالاق بولۇپ قالدى ھېمىت. قالغانلارمۇ «بۇ نېمە گەپ؟» دېيىشكەندەك كۆزلىرىنى پاقىرتىپ غېنىغا قاراپ قېلىشتى. قاسىم مىراپ بولسا سۆزىنىڭ ئۇختىسىغا كېلىپ قالغىنىغا ماختانغاندەك قويۇق قارا بۇرۇتىنى تولغاپ، مىيىغىدا كۈلدىدە:

ـ سىنىڭ غېۋىتىڭنى قىلىۋاتىمىز غېنى. كەل، ئولتار، چاي ئىچ ـ دەپ ئورۇن كۆرسەتتى.

ـ غېۋەتنىڭ چەت-چۆرىسى قۇلىغىمغا كىردى. كۆك بېشىنىڭ ئۇنى غۇلجىدىكى بۇقا مەزىنىڭ ئۇنىدىنمۇ كۈچلۈك ئېكەندە..!

غېنىنىڭ ئوخشىتىشىغا يەنە كۈلۈشمەك بولدى. تېرىككەن كۆك بېشى غۇدۇڭشىپ تەتۈر قاراۋالدى. ھېمىت بولسا غېنىنى يەۋەتكىدەك گولايدى .

ـ ئولتارۇي، ئولتارساڭچۇ، ئۇكا!

ـ رەخمەت، مىراپ بېگىم. مەن خوشلاشقىنى كىردىم، ـ دېدى ئۆرە تۇرغىنىچە غېنى.

ـ بۇ قانداق گېپىڭ؟ كەتسەڭمۇ، ئەلۋەتتە دېگەن، تاڭ يورىغاندا كەتكىنىدە! ياكى بىرسى رەنجىتتىمۇ؟

ـ قاسىم مىراپنىڭ كەتكۈزگۈسى كەلمىدى ئۇنى.

ـ ماڭا كېچىمۇ، كۈندۈزمۇ ئوخشاشلا.

ـ نېمە شۇنچە ئالدىرايسەن، بىرەر زۆرۈر ئىشىڭ چىقىپ قالمىغاندۇر؟ ـ ئاسماقچىلىدى غېنىنىڭ كېچىلەپ بېكاردىن-بېكار كەتمەسلىگىنى، بىرەر «چاتاق» قوزغايدىغانلىغىنى پەرەز قىلغان قاسىم مىراپ.

ـ چۈشۈمدە يېرىمىزنى قارا قاۋانلار تىلغاپ چۈشەپتىمەن. يۇرتۇمغا چاپسانىراق باراي دەيمەنا!

غېنىنىڭ ياپتا گېپىگە چۈشەنگەن قاسىم مىراپ ئۇنى تۇتۇپ قېلىش مۇمكىن ئەمەسلىگىنى چۈشەندى ۋە:

ـ سەل تەخىر قىلىپ تۇر، ئۇكا! ـ دەپ ئورنىدىن قوزغالدى، ـ مەن بىر تەرەپ، مونۇ ئولتارغانلار بىر تەرەپ بولۇپ بەسلىشىپ قالدۇق. تۇگۈننى سەن يېشىسەن.

ـ مە-ن؟

ـ ھە، سەن.

ـ ھېچ نەرسىنى ئۇقالمىدىم...

ـ ھازىر بىلىسەن، ـ دېدىدە ياردەمچىلىرىگە مەنىلىك ئىما قىلىۋېدى، ئۇلار ئىلدام چىقىشىپ كېتىشتى.

ـ مېنى لوزۇڭ-ئامباللارغا تۇتۇپ بەرمەيدىغانسىز، ـ مىراپقا غېنى چاقچاقىقا يۆلەپ دېسىمۇ، كۆڭلى گۇماندىن خالى ئەمەس ئېدى .

ـ ھا، ھا، ھا! ـ كۈلدى قاسىم ۋە: ـ سەندەك «مەندۇرمەن» دەپ كۆكسىگە ئۇرۇپ يۇرگەن يىگىتمۇ قورقامدېكەن؟

ـ كىم بىلىدۇ، بۇ كۈندە ئەمەلدارلارغا ئىشىنىپ بولامدۇ؟ ئۇلار خۇددى بۆرە ئوخشاش ھېجىيىپ تۇرۇپ پاخلاننى يەيدۇ!

ـ ئەمەلدارلارغا، لويە-بەگلەرگە ئىشەنمەسكە ھەققىڭ بار، ئىنىم غېنى، ـ دېدى قانداقتۇر ئىچكى ئەسرارلىق بىلەن قاسىم مىراپ ـ بىلىپ قوي: ۋۇجۇدۇڭغا پۇتۇلگەن كۈچ-غەيرەتنى، ئەقىل-ئىدرەكنى ئورنىدا، كېرەك جايدا سەرىپ قىلىشنى ئۇگەن...

قاسىم مىراپنىڭ ئاغزىدىن بۇ تەرىقە سەممىمىي گەپلەرنى ئاڭلىغان غېنى تەئەججۈپ ئىچرە ھودۇقۇپ قالغان ئىدى. بۇ تەرىقە چىن ئەسرارلىقنى نۇسرەت خەلپەت، رەھىمجان ئوخشىغان ئىشەشلىك، ئىخلاس قىلىدىغان كىشىلەردىن ئاڭلىسا غەيرى تەبىىي تۇيۇلماس ئىدى. ھە، بۇ قاسىم مىراپتە، ئاخىر... ئۇ شەنگەن يامۇلغىمۇ، دوتەي مەھكىمىسىگىمۇ، غوجامنىڭ ئوردىسىغىمۇ ئۇددۇل كىرىپ كېتىدىغان ئىناۋەتلىك مىراپىبەككۇ! غېنىنى ئىككى قېتىم يامۇلغا سولاتقان بىر يۇرتلۇق رەقىپلىرى ھاشىم باي، ، روزى ئىمام ۋە غوجەك شاڭيۇ ئوخشىغان زومىگەرلەردىن قاسىم مىراپنىڭ نېمە پەرقى بار؟ زادى ھۆكۈمەتكە خىزمەت قىلغان، خەلقنىڭ بېشىغا چىققۇالغان بۇ لەڭ يەيدىغان سۇلۇكلەرگە ئىشىنىشكە بولامدۇ؟ ياق، ياق! باشقىسى ئەمەس، موشۇ سالاپىتى بار، بىر كۆرگەندىلا دىلىغا ياققان ئادەم ئۇنى خىتايلارغا تۇتۇپ بېرەرمۇ؟ ئۇنى مايلىق سۆزلەر بىلەن ئالدارمۇ؟..

ــ مېنىڭ سۆزۈمگە ئىشەنمىدىڭغۇ دەيمەن، قوساق تىڭشاپ قالدىڭا؟ ــ رەنجىش قىلدى غېنىنىڭ ئىچكى كەچۈرمىلىرىدىن مەڭپۇڭ ئالغان قاسىم، ــ قان جىگەرىم بولغىنىڭ ئۈچۈن دىلىمغا پۈككىنىمنى ئېيتتىم، ئىشەنمىسەڭ يولۇڭ بولسۇن! ــ دېدىدە سىرتقا قاراپ ماڭدى.

غەزنىدىكى گۆھەر مىسالى، قەلبىنىڭ ئەڭ تۆرىدە ساقلىنىدىغان بۇ تەرقى ئاسىل، مىللىي ئىپتىخارنى قوزغايدىغان سۆزلەردىن كېيىن گۇمان بۇلۇتلىرى تارقىلىپ دىلى يورۇپ كەتكەندەك بولدى غېنىنىڭ. ئۇ قاسىم مىراپنىڭ كەينىدىن قوغلاپ دېگىدەك چىقىپ: «ئىشەندىم، مىراپقا، سىزدەك ئادەمگە ئىشەنمەي، كىمگە ئىشىنىمەن!» دېمەكچى بولۇپ، ئاغزىنى ئاچقان پېتى تۇرۇپ قالدى .

بىر دەمنىڭ ئىچىدىلا يۈزلىگەن ھاشارلارنى تاتلىق ئۇيقىدىن تۇرغۇزۇپ، كەڭ سەيناغا گۈلخانلارنى يېقىپ ئۇلگەرگەن شاڭيۇ، ئەللىك بېشى، كۆك بېشىلار «غوجا كۆرسۇن» دېگەندەك قاسىم مىراپ تۇرغان دۆڭرەك يەرگە يىغىلىشتى. يامغۇر توختاپتۇ. يەر نەم تارتىپ تۇرسىمۇ، قۇمسۇق بولغاچقا تېيىلغاق ئەمەس. يامغۇرنىڭ نېمى ۋە سەھەرنىڭ سوغ سەلكىنىدىن يالاڭ كىيىملىك ھاشارلار، ئۆپكىسىگە سوغ تەككەن قوتاندىكى قويلاردەك چۇشمە-چۇشتىن يۆتىلىشكە باشلىدى. بەزىدە ھاشاردىن قاچقان ياكى بەگ ۋە لوزۇڭلارنىڭ گېپىگە كىرمەي «گۇناھ» قىلىپ قويغان «گۇناھكارلارنى» تۇيۇقسىز، ھەممە تاتلىق ئۇيقىدا ياتقان چاغدا ئورۇنلىرىدىن تۇرغۇزۇپ، جازالايدىغان، قالغان ھاشارلارغا ئىبارەت بولۇش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ يۈرىگىنى موجۇشنى مەقسەت قىلىدىغان. بۇ قېتىممۇ ھاشارلار بىرە بېچارىنى مەيدانغا چىقىرىپ قامچا ياكى دەررە بىلەن جازالايدۇ دەپ دەھشەتلىك مەنزىرىنى كۈتۈشمەكتە.

ــ ئادەملەرنى سوغدا ئۇزاق تۇتماڭلار، باشلاڭلار! ــ بۇيرۇق قىلدى قاسىم مىراپ.

ــ ھەي، خالايىق! ــ جېنىنىڭ بارىچە ۋاقىرىدى كۆك بېشى، ھازىر مونۇ غېنى...

نېمە ئۈچۈندۇر كۆك بېشى تېلىققاندەك تۇرۇپ قالدى. غېنىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغان ھاشارلار ئۇنى جازالايدىكەن دەپ بىلدى، ئەتىمالىم، غۇل-غۇل بولۇشۇپ تەۋرىنىپ كېتىشتى.

ــ غېنى دېگەن... ھېممەت باينىڭ ئېتىنى كۆتىرىدۇ!

بۇ گەپتىن كېيىن ھاشارلارنىڭ يۈرەكلىرى ئورنىغا چۈشكەندەك يېنىك تىنىق ئېلىشتى.

ــ ھاي، راستمۇ؟

ــ راست بولمايچۇ. غېنى ئات ئەمەس، قوتازنىمۇ دەس كۆتىرەلەيدۇ!

ــ ئەتە كۈندۈزى كۆرسەك بولماسمىدى!

ــ شۇنى دەڭا. قەۋەتلا ئالدىراشقۇ بۇلار!

ــ كۆتىرەلمەي، رەسۋا بولمىغىدى!

ھاشارلارنىڭ غۇل-غۇلىسى بېسىلغىچە سۇرەتتەك چىرايلىق، قومۇچ قۇلاق، غاز بويۇن، قۇرغۇيدەك چاققان جىرەن قاشقىنى سەيناغا يېتىلەپ كىرگەن ھېممەت ئېتىنى قىيالمىدى، ئەتىمالىم، جىرەننىڭ يايلى، كوكۇلىسىنى سۆيۈپ، بوينىدىن قۇچاقلىدى.

ـ بولدۇي، ھەجەپ خوتۇنۇڭنى ئەركىلەتكەندەك سىلاپ ـ سىيپاپ كەتتىڭا! ـ ۋاقىرىدى مىراپ.
ـ شۇ ئارىلىقتا يالاڭ كۆينەك كىيگەن، بىلەكلىرىنى تۇرۇپ، شامدىغايلىنىپ، تۆگە قۇشىدەك، لەڭ ـ لۇڭ بېسىپ مەيدانغا چۈشتى غېنى. ئۇ ھېمىتنىڭ قولىدىن تىزگىنىنى يۇلۇپ دېگىدەك ئالدى. جىرەن قاشقىنىڭ گۇلخانلار شولىسىدا ئىپەكتەك تاۋلىنىپ تۇرغان دۈگلەك ساغرىسىنى پەپىلەپ، ئاندىن نەپەسلىرىنى تۇتۇپ جىم تۇرغان ھاشارلارغا :
ـ ئاۋال خۇدا، ئاندىن ھەر قايسىڭلارنىڭ مەدەت تىلىشىڭلارغا تايىنىپ، بۇ ئاتنى كۆتىرىمەن، ھەپپا! غېنى ئاتنىڭ مىنەر تەرىپىدىكى ئالدى قولى ۋە كەينى پۇتىنى چاققانلىق بىلەن قاماپ تۇتتىدە چېتىغا كىرىۋالدى قولى ۋە كەينى پۇتىنى چاققانلىق بىلەن قاماپ تۇتتىدە چېتىغا كىرىۋالدى ھەم شۇنداق تېز ھەرىكەت قىلدىكى جىرەن باشتا تۇيماي قالسا كېرەك، پەقەت مۇرەدەپ كۆتەرگەندىلا جۇلقۇندىيۇ، لېكىن كۈچلۈك قوللاردىن بوشىنالماي، تەن بەرگەندەك بېشىنى تۆۋەن سالدى. ئات يۇلقۇنغاندا غېنى سەنتۈرۈلۈپ كېلىپ يەنە قەددىنى رۇسلاپ ئالغا چامدىدى. ئەلۋەتتە، ھاشارلار ئۇنىڭغا مەدەت تىلەتتى، بەزىلەر دەم سالغاندەك نېمىلەرنىدۇر ئوقۇپ، پالۋانغا قاراپ «سۇپ، سۇپ» دەپ نىجات تىلەشتى. غېنى ئاتنى دەس كۆتەرگەندە بولسا، يېنىك تىنىق ئېلىشىپ، دولقۇندەك، ئالغا تەۋرىنىشتى.
ـ بىر، ئىككى، ئۈچ... ئون! ـ ئون قەدەم سانالغاندا ئورنىدا توختىغان غېنى ھېمىتقا قارىتا: ـ ئەندى داداڭنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن يەنە ئون قەدەم بېسىۋېتەي!
ـ ياراپسەن، غېنى!
ـ تاپقان ئاتا ـ ئاناڭغا رەخمەت!
ـ ئاللاھ يار بولغاي، ئوغلۇم غېنى!
ھاشارلارنىڭ خوشاللىق ئاۋازى كۆككە كۆتىرىلدى، سەينا ھاياجانغا تولدى .
ساناپ تۇرۇپ يىگىرمە قەدەم باسقان غېنى، كىچىك بالىنى مۇرىسىدىن ئېلىپ يەرگە قويغاندەك، جىرەن ـ قاشقىنى يەرگە قويۇۋېدى، ھاشارلار چۇقان ـ سۈرەن سېلىشىپ، دەۋرەپ بېرىپ غېنىنى ئورىۋېلىشتى.
ـ يىگىتنىڭ يىگىتى ئىكەنسەن!
ـ سەدىقەڭ بولايلى!
ـ بىزنى يەرگە قاراتمىدىڭ!
بۇ تەرىقە ئېقىدە ۋە ئەينى ۋاقىتتا مەغرۇر ۋە شادىمان ئاۋازلار ھەر تەرەپتىن ياغىرىدى.
ـ تەرلەپ قاپسەن، سوغ تەگمىسۇن، ـ دېدىدە يېپىنچاقلاۋالغان بەرقۇت پېرىجىسىنى غېنىنىڭ ئۈچىسىغا يېپىپ قويدى، قاسىم مىراپ. ئۇنىڭ سۆزىدىمۇ، ھەرىكىتىدىمۇ ئاپىرىن ۋە تەھسىن ئوقۇغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.
ـ تونغا مۇبارەك، غېنىجان!
ـ كىيگىنى نېسىپ قىلغاي، ئىلاھىم!
ھاشار ـ دېھقانلارنىڭ غېنىغا بولغان ئىخلاس ـ ھۆرمىتىنى كۆكسىگە سىغدۇرالمىغان، خۇسۇسەن، قاسىم مىراپنىڭ بىر لەۋشەن «ئوغرىغا» كۆز تۇرا قىلغان ئېقىدىسىگە چىدالمىغان شاكىيۇ، ئەللىك بېشى، كۆك بېشىلار «كۆزۈم كۆرمىسۇن» دېگەننى قىلىشىپ، نېرى كېتىشتى .
ـ ئات ئەندى مېنىڭ بولدىغۇ دەيمەن، مىراپ بېگىم؟ ـ دېدى غېنى.
ـ ھە، ئەلۋەتتە سېنىڭ. سەن ئۇتتۇۋالدىڭدە!
خەلىق جىم تۇرالماي يەنە سۈرەن كۆتەردى.
ـ ئۇتقاندا يەنە ھالاللاپ ئۇتتى!
ـ ھە، قانچە ماختىسا ئەرزىيدۇ!
ـ پاھ، پاھ!... بۇ ئاتزە غېنىغىلا لايىقكەندە!

ـ قۇلاقلىرى قومۇچ قەلەمدەك، كۆزلىرى بۇلاقتەك، تۇياقلىرى كۇمۇچ يامبۇدەك...

ـ بولدۇي! بولدى قىلىشۇي! ـ ۋاقىراۋەتتى چىدالمىغان ھېمىت.

ـ ھە، ئويۇن دېگەننى چىداپ ئويناش كېرەك!

ـ چىدىغانغا چىقارغان!

"قارغوجىنى" قويۇۋەتمەيلى...

كۆلكە كۆتىرىلدى. بۇ كۆلكە ھاشارلارغا تەن يېڭىش كۆلكىسى ئېدى .

ـ سىدىقكام بارمۇ مەشەدە؟ ـ سورىدى غېنى، كۆلكە بېسىلغاندا.

ـ مەن، بار، بالام. باياتىن پەش قايرىپ، سېنىڭ تەلىۋىڭنى قىلدىم.

توپنىڭ ئىچىنى يېرىپ غېنىنىڭ ئالدىغا كەلدى جۇل-جۇل كىيىملىك سىدىق.

ـ ئۆمرۈڭدە ئاتنىڭ قۇلىغىنى تۇتماپسەن. مە، مونۇ ئاتنى قېرىغىنىڭدا مىنىپ يۈر.

ـ نېمە دېدىڭ؟! ـ قۇلاقلىرىغا ئىشەنمىگەندەك تىڭىرقاپ قالدى سىدىق ئىسىملىك دېھقان.

ـ تۇت، دەيمەن! ـ دېدىدە، جىرەن قاشقىنىڭ چۇلۋۇرىنى سىدىققا تۇتقۇزۇپ قويدى غېنى.

ـ باركاللا!

ـ ھەشقاللا!

ـ مەرت، پالۋان يىگىت!

يەنە چۇقان كۆتىرىلدى .

ـ توختا، توختاپ تۇر! ـ دېگەن پېتى ئوتتۇرىغا چۈشتى ئۆڭسۈلى قالمىغان ھېمىت، ـ قانچە پۇل ئالساڭ ئال، ئېتىمنى قايتۇرۇپ بەر...!

ـ ئەندى ئات مېنىڭ ئەمەس. سىدىقكامدىن سورا، ـ دېدى غېنى.

ـ بۇ ئات ـ تەۋەرۈك ئات. غېنى بالام بەرگەن ئات. بۇ ئاتنى ئەندى جاڭجۇڭ كەلسىمۇ مېنىڭدىن تارتىپ ئالالمايدۇ ـ دېدىدە مۈكچەيگەن قەددىنى رۇسلىدى سىدىق ۋە لىككىدە ئاتنىڭ ئۈستىگە مىندى، يالاڭ پوپۇچ سېپىۋالغان پۇتلىرى بىلەن ئاتنى دېۋىتىپ: ـ چۇ! خەير، يارانلار! ـ دەپ يۈرۈپ كەتتى.

ھەممە سىدىق «يالاڭ تۆشكە» يول بېرىشتى.

بەشىنچى باپ

"ئات ـ ئوغۇل بالىنىڭ قانىتى" دېگەن تەمسىل موشۇنىڭدەك ئاتلارغا قاراپ ئېيتىلغان بولۇش كېرەك. كۈرەڭ-قاشقىنىڭ بۆرە مېڭىشىغا ھەر قانداق ئات ئۆكرەڭ تاشلاپ يېتىشەلمەيدىغان. ئۇ يول بېسىپ قىزىغانسىرى تىزگىن سىرىپ، بېشىنى ئوينىتىپ، ئىككى يانغا كۆۋۈك تاشلاپ ماڭسا ياكى-قۇيرۇغى بەئەينى لەگلەكتەك لەپىلدەپ كېتەتتى. كۈرەڭ قاشقىنىڭ ئۈستىدە يېنىك ھېس قىلىسەن ئۆزەڭنى، يولنىڭ ئۇزۇنلىغىمۇ بىلىنمەيدۇ. ئاتنىڭ قەدرىنى بىلگەن ئادەم ئۇنىڭ باھاسىغا قارىمايدۇ. كۈرەڭ قاشقىنى بىر ئۆيىر ئىلقىغا تېگىشمىگەن غالدان دوستلۇق ئەقىدىسى ئۈچۈن غېنىغا مىنگۈزۈپ قويغان ئېدى. كۈرەڭ قاشقا غېنىغا، غېنى كۈرەڭ قاشقىغا شۇنداق ياراشقانكى، كۆرگەن كىشىنىڭ زوقى كەلمەي قالمايدۇ.

بۈگۈنمۇ داڭلىق ئېتىنى بۆرە يۈرۈشكە سېلىپ، قىرقا بويلاپ كېلىۋاتقان غېنىنىڭ خىياللىرى چېچىلاڭغۇ. قەيەردە كىمگە بارىدىغانلىغىمۇ مۇقۇم ئەمەس. ئاخشام ھاشارچىلار ئارىسىدا قاداق قوللۇق دېھقانىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ئۇلارنىڭ «تەغدىرىگە تەن بېرىپ، ئۆز ھاياتىغا بېپەرۋا، بىغەم، قانداقتۇر «تەپسە تەۋرىمەس» مەھكۇم ھالىتىنى كۆرۈپ ۋىيدانى قايناپ، دەريا بويىغا كەتكەن ئېدى. شۇ تاپىتىمۇ ئۇنىڭ قەلبىنى بىر-بىرىگە قارىمۇ-قارشى، تېگى-تەتىگە يەتكىنى بولمايدىغاندەك ئوي-پىكىرلەر

چۇلغاۋالغان، گويا پىكىرلەرگە جاۋاپ ئىزدىگەندەك قاياققىدۇر كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى.

"بەرسەڭ يەيمەن، ئۇرساڭ ئۆلۈمەن" دېگەندەكلا مۆلدۈرلىشىپ تۇرۇشىدا. بۇ خەق بىلەن نېمە ئىش قىلغىنى بولار؟ گاس-گاراڭلىقنى بىزگىلا ئاتا قىلغانمۇ يە، بۇ خۇدا! ـ «پىچىرلىدى ئۇ كىمگىدۇر ئەزىيەت ئېيتقاندەك» يۇرت چوڭلىرىمىز بايلىق توپلاپ، مال-مۈلۈك يىغىپ، كۆپ خوتۇن ئېلىپ يۈرسە، كەمبەغەل-چۈمبەغەللەر ئايدا-يىلدا بىر تويغىنىغا رازى بولۇپ «تەغدىرگە تەن بېرىپ» سۆرۈلۈپ يېتىشسە نېمە ئىش قىلالايسەن؟! «بۇ ئويلار ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئۇنلۇك چىقىپ كەتكەشكە، كۈرەڭ قاشقا شىڭتىيىپ، قۇلاقلىرىنى ئويناتتى. بىردىن غېنىنىڭ ئېسىغا كىچىگىدىن، موللا-ئىماملار مۇددەرىس-ئاخۇنۇملار تەكرارلاپ، ئىسلام دىنىدىكى مۆمۈنلەرنىڭ قۇلاقلىرىغا قۇيۇپ كېلىۋاتقان: «بۇ دۇنيا ـ كاپىرلارنىڭ، ئۇ دۇنيا ـ بىزنىڭ» دېگەن ئەڭ قالاق قۇللۇقتا-مەھكۈملۈقتا چىرماپ بېرىدىغان «پەتۋا» كەلدىدە، ۋۇجۇدىنى غەزەپ تىترىگى باستى. شەخسىي غەرەز ۋە مەنپەئەتلىرىنى، ئۆزىنىڭلا راھەت-پاراغىتىنى قوغلاشقان روھانىيلار تەرىپىدىن ئىشەنگەن بۇ ساختا «پەتۋا» مۇسۇلمانلارغا ئاز كۈلپەت كەلتۈرگىنى يوقمۇ! ئون يىلچە بۇرۇن بۇ خۇراپىي پەتۋاغا ئەستائىدىل ئېتىقات قىلىدىغان غېنى بۇگۈن شەك كەلتۈرۈپ، بۇنى تاپقان ساختىپەزلەرگە، ئالدامچىلارغا لەنەتلەر ئوقۇدى. نېمىشكە؟ دىنىي ئېتىقاتتىن كەچتىمۇ؟ ھەرگىز! ئۇ دىنغا ئاللانىڭ بىرلىگىگە ئېتىقات قىلىدۇ، دىنسىزلارنى يامان كۆرىدۇ. پەقەت ھايات، مەئىشەت، مۇسۇلمان ئاتالمىش قان قېرىنداشلىرىنىڭ ئېزىلىشى، ھاقارەتلىنىشى ئۇنى ئويغاتتى، ئىنسان مۇناسىۋەتلىرىگە تەنقىدىي كۆز قاراشنى، ھەق، ناھەقنى ئايرىشنى ئۈگەتتى. «ھەجەپ ئىشا! مۇسۇلمان بەندىلىرىنى ياخشى كۆرگەن خۇدا بۇ دۇنيانىڭ راھىتىنى كاپىرلارغا، ئۇ دۇنيادىكىنى مۇسۇلمانلارغا ئاتا قىپتا؟! نەق ـ كاپىرلارغا، نېسىيە ـ مۇسۇلمانلارغا، خا-خا-خا!» بېئىختىيار كۈلۈۋەتتى غېنى «توختا، توختا! قايسى كۈنى جۈمە قۇتبىسىدا خاتىپ ئاخۇن: «پادىشانىڭ ئەمرى ـ خۇدانىڭ ئەمرى. ھۆكۈمەتنىڭ دېگىنىدىن چىقماس كېرەك...» دېگىنى پۇت قولىمىزنى باغلاپ بەرگەنلىكتۇ؟! ئۇ ئويلىسا، ئويلىسا تىت-تىت بولاتتى. «غازاتنى ئاۋال ئۆز ئىچىمىزدە ئېچىپ، ئەشۇنداق ئېزىتقۇلارنى يوقىتىپ، ئاندىن ياتلارغا تۇتۇش قىلساق بولىدىغان ئوخشايدۇ... ئۇنداقتا ئۆزىمىزنىڭ قېنىنى ئۆزىمىز تۆككەنلىك بولىدىغۇ! ياق، بۇنداق بولمايدۇ، ئاللاھ ئالدىدا گۇناھغا پاتىمىز..."

ئېچكى كەچۈرمىلەر ئىلكىدا نۇسرەت خەلپەتنىڭ قوغۇنلىغىغا يېقىن كەلگەندىلا ئۇيقىدىن ئويغانغاندەك، خىيالدىن باش كۆتەردى غېنى. ئۇنى بۇ يەرگە ئات ئېلىپ كەلدىمۇ ياكى ئاتنىڭ بېشىنى موشۇ تەرەپكە بۇرىدىمۇ ئۆزىمۇ سەزمەي قالغان ئېدى.

تېخى يېقىندىلا كۆكىرىپ-ياشناپ تۇرغان قوغۇنلۇق ۋاشاڭ بولغان: قوغۇن-تاۋۇزلارنىڭ يوپۇرماقلىرى غازاڭلىشىپ، نۆكچە غوللىرى كۆرۈنۈشكە، چۆنەكلەرنىڭ قىرلىرى يېسىلىشىپ، ئۇ يەر، بۇ يەردە جىگىلىگەن كەنجە خەمەكلەر ۋە گۈللەرنىڭ نازۇك نۆكچىلىرى قاخشاللىششقا باشلاپتۇ. باراڭنىڭ تەمىسى ئېلىپ تاشلانغان، پەقەت سۇپىچە بىلەن ئوچاقنىڭ ئىزناسى قاپتۇ ـ قوغۇنلۇق شۇ قەدەر خۇنۇك تاشلاندۇقتا ئايلانغانكى، كۆڭۈل غەشلىگىنى قوزغايتتى.

غېنى ۋاشاڭلاشقان قوغۇنلۇقتىن كىمنىدۇر ئىزدىگەندەك ئەتراپقا نەزەر تاشلىدى. بەلكىم ئۇ قوغۇنلۇقتا: تەملىك باراڭغا، غۇچچىدا ئېچىلغان قىرمىزى گۈللەرگە ياراشقان ساغلام دېھقان قىزى چولپاننى ئىزدەيدىغاندۇر؟ چولپان يوق. بەلكىم چولپان يوق بولغاشقا قوغۇنلۇق بېپەيزە، خۇنۇك، قۇرۇق قاخشال بولۇپ قالغاندۇر؟... نۇرانىي ئۇزلۇك ئاقساقال نۇسرەت خەلپەتچۇ؟ ئۇ تۇنۇگۇن ئۆستەڭ چېپىغىدىن كېتىپ قاپتۇ. نېمىشكە غېنىغا گەپمۇ قىلماي كېتىپ قالدېكىنە؟! ھە، راستىلا نۇسرەت خەلپەت بىلەن كۆرۈشمەكچى، سۆزلەشمەكچى ئەمەسمىدى؟! غېنى كۈرەڭ قاشقىنى يىتىمسىرىغاندەك، يالغۇز دىڭگىيىپ تۇرغان موم ياغاچقا باغلاپ قويۇپ، باراڭلىق قىلغان يەردىكى يېسا تاشقا ئولتاردى (يازدا كەلگىنىدە چولپان قىز موشۇ تاشنىڭ ئۈستىدە ئولتىرىپ بوۋىسىنىڭ كۆينىگىنى ياماۋاتقان

ئېكەن). يانچۇغىدىن كەشتىلەنگەن تاماكا خالتىسىنى چىقاردى ۋە شۇ ئان موشۇ خالتىغا مۇناسىۋەتلىك ئۆمۈر بويى پۇشمان-ئىزتىراپ كەلتۈرگەن ۋاقىئە كۆڭۈلدىن كەچتى.

...تېخى «سەھرالىق»، يېقىندىن بۇ يان شەھەرلىكلەر بىلەن ئارىلىشىپ، كۆزى «ئېچىلىشقا» باشلىغان غېنى مال بازاردا ئىككى ئاتنى سېتىپ، پۇلىنى ئەندىلا ئېلىشىغا شەھەر «جىسەكچىلىرى»: ئۆمەر، ئاۋۇت، هاشىم «توكۇ» ئۈچى، ئاسماندىن توككىدە چۈشكەندەكلا پەيدا بولۇشتى.

ــ ۋاي، جىسەكچىلەرەي! ــ دېدى ھەيرانلىقىنى يوشۇرالمىغان غېنى، ــ قۇماي ئۆلۈك ئاتنىڭ ھىدىنى بىر كۇنلۇك يەردىن ھىدلاپ ئۇچۇپ كېلىدېكەن: سەنلەر قۇمايدىن قېلىشمايسەنده!

ــ داڭگاللىغىڭنى قىلما، سەھرالىق. خۇدايىم رىسقىمىزنى سەن توڭ كۆزلەردىن ئېيتىپ قويغانده!

ــ يانچۇغۇڭ تەتۈر ئۆرۈلمىگىچە بىزدىن قۇتۇلالمايسەن، قاشلىق!

"جىسەكچىلەر" غېنى بىلەن ئامان-ئەسەنلىكنى شۇ تېرىققىدە سوراشتى. بۇلار غۇلجىنىڭ لۆكچەك، قىمارۋاز گاڭگوڭلىرىدىن بولۇپ، ئۆمەر دېگىنى بۇلار ئىچىدە ئىناۋەتلىگىرەك، مەرتىرەك بولغاشقا غېنى ئۇنىڭ شۇ تەرەپلىرىنى يارىتىدىغان. ئاۋۇت بىلەن هاشىم ئىككىسى ئۆمەرنىڭ سايىسىدا جان باقىدىغان «جىسەكچىلەر» ھېساپلىناتتى. ھەر ئۈچىلىسى ئەتىگەندە مال بازاردا بېدىكچىلىك قىلىپ، چۈشتە ئاشپۇزۇلدا يەپ-ئىچىپ، كەچقۇرۇندا «چەنخۇ» ــ قىمار ياكى ئاشنا ئوينايدىغانلار.

ــ تايىنلىق، مېنى بىر قاتا يۈڭدۈمۈغىچە خاتىرجەم بولۇشمايسەن، يۇرۇڭلار! ــ دەپ ئالغا چۈشۈپ ماڭدى.

ــ قەيەرگە؟

ــ يۈسۈپنىڭ ياكى ئىسمايىلنىڭ ئاشپۇزۇلىغىده!

ــ لەڭشاڭغا، ماداسىنىڭ ئاشپۇزۇلىغا!

بىر نەچچە ئاشخانىلارنى ساناپ چىقىشتى تائامدىن دىتى بار «جىسەكچىلەر»، چۈنكى بۈگۈن غېنىنىڭ يانچۇغى دۆڭ ــ ئىككى ئاتنىڭ پۇلى بارده!

ــ مونۇ «يامپاشنىڭ» ئەدەپ كەتكىنىنى قاراڭلار! ــ دېدى دىڭگاقلاپ، باشقىلاردىن قالماي كېلىۋاتقان هاشىمغا قارىتا، غېنى، ــ ساڭىچۇي، مەنتەڭما ئارتۇق كېتىدۇ .

ئىلپەتلەر كولىشە-كولىشە «سەكسەن تۈرلۈك سەي» چىقىرىدىغان ماداسىنىڭ ئاشپۇزۇلىغا قاراپ مېڭىشتى.

نەچچە خىل سەيلەر يېيىلدى، نەچچە جىڭ جۈن هاراقلار ئىچىلدى ــ ئىلپەتلەر «لەيلىشىپ چالۋاقاشقا»، «مەن ساڭا ئېيتاي» دېيىشكە باشلىدى. غېنىلا ئاشخانىغا قانداق كىرگەن بولسا شۇنداق «بۇدۇڭتەي» ئولتىرىپتۇ. ئۇنىڭ بۇرنىنىڭ ئۈچى سەل قىزىرىپ، كۆزلىرى ئوت چاقناپ كەتكىنى بولمىسا، هاراق ئىچكەنلىگى بىلىنمەتتىيۇ، لېكىن پەيلى بۇزۇلۇپ ۋەس-ۋەسكە سالاتتى. ئۇ شىر كەيپە بولۇۋالغان. ھەممىنى ئوڭتەي-توڭتەي قىلىۋەتكەندەكلا ئەپتى بار. شۇ تاپتا كوچىغا چىقىپ ئۈچراشقان چېرىكنىڭ تۇمشۇغىغا ئۇرۇپ، مىلتىغىنى تارتىۋالسا، كۆرۈنگەن ئەمەلدار خىتايلارنى ئاتسا، ئاندىن، ئاندىن... هاشىم نېمىنىدۇر غىڭشىدى.

ــ مىياڭلىمارۇي، يامپاش! بۇ سېنىڭ ئاشناڭنىڭ ئۆيى ئەمەس !

ــ تاۋنىڭ بولسا ئاشنامنىڭكىدە باشلاپ بارىمەن، ئۇكا، غېنەم. ئۆز قولى بىلەن شاراپ قويۇپ بېرىدۇ... خالىساڭ «چەنخۇ»، «بەش لەڭ»، «تۆرت ئوشۇق»، دەتتىكام-تاۋكا تەييار! ــ تىلىنى چاينىدى هاشىم، ۋە:

ئاشنام چەنخۇ ئويناپدۇ...

غىڭشىشقا باشلىدى.

بۇزۇقچىلىقنىڭ ئىلھامچىسى ـ ھاراق. ئىچىپ قىزىۋالغان، شىر كەيپە بولۇۋالغاندىن كېيىن كۆپ ئادەملەر تەڭپۇڭنى يوقىتىپ غەرەزلىك مۇددىئالار ئويغىنىپ نە ھايا ۋە نە ئەيمىنىش قالمايدۇدە، پاھىشە، قىمار ۋە ھەتتا جىنايەتكە ئىنتىلىدۇ. بۇ ھالەت ئەزەلدىنلا مەئىشىي مۇناسىۋەتلەردە روي بېرىپ كېلىۋاتقان خۇدبىنلىكتۇر. ھاشىم توكۇنىڭ «جازىبىلىك» تەكلىۋى كەيپىمەنلەرنىڭ نەپسى-تەقاززاسىنى غىدىقلىدى، ئەتىمالىم، ئۇلار بۇ تەكلىپتىن يايراپ كېتىشكەندەك بولدى.

ـئويۇن دېگەننى، تەكتىگە يەتكۈزۈپ ئويناش كېرەك، ـ دېدى ئاۋۇت «كاۋا» تۈكلۈك مەيدىسىگە ئۇرۇپ، ـ ئاشنىغىمۇ بارىمىز، قىمارىڭنىمۇ ئوينايمىز. ـ ئويىنغىنىمىز-ئويىنغان!

ـپۇلۇڭ بارمۇ! سەن قۇرۇق چاقماقتىن ئوت چىقىرىدىغان كالۋا! ـ دېدى ئۆمەر "گۆش"

ـپۇ-ل؟! ھا، ھا، ھا! بىزدەك ئوغا بالىنىڭ قويىنىمۇ، قونچىمۇ پۇل دېگىنە! ـ دېدىدە، ئوڭ يامپىشى تەرەپكە پولدۇڭلاپ تۇرىدىغان چەڭدازىدىن بىر تۇتام تىزا ـ پۇلنى ئېلىپ، جوزا ئۈستىگە قويدى ئاۋۇت.

ـئاخشام ياپا كەپتۇدە بۇ كالۋاغا!

ـبىردە ئۇتۇپ، بىردە ئۇتتۇرىمىز، بىردە ئۇرۇپ، بىردە...

ـبولدى. ـ ئاۋۇتنىڭ سۆزىنى بۆلدى ئۆمەر، ـ پوقچى خورازدەك ھېمىشەم تاياق يەيسەنغۇ! ئاڭۋاشقا سېنى بېكاردىن-بېكار «كالۋا» دېمەيدۇدە، كەتتۇق! ـ ئورنىدىن قوزغالدى ئۇ .

ـتوختاڭلار! ـ دېدى غېنى قولىنى شىلتىپ، ـ ھاراق ئىچىشسەڭ، سەتەڭلەرگە بېرىشساڭ مەن تەييار. قىما دېگىنىڭنى ماڭا دالىۋاي قىلىشما.

ئىلپەتلەر، بىسى قايتىشقاندەك، جىمىپ قېلىشتى. ئۆمەر، ئاۋۇتلار كەسپىي قىمارۋازلار. ئۇلار ئارىلاپ ئۆز ئۆيلىرىدە جەز قۇرۇپ، چوتۇ ئالىدىغان، يېڭى «شۇركىلارنى» ئۇتۇپ دەندىگەن «تۈلەكلەر» دىن ئېدى. غېنىنىڭ كەسكىن رەددىيەسى ئۇلارنىڭ تۇمشۇغىغا مۇش تەككەندەك بولدى. خۇسۇسەن، ئۆز ئاغىنە ئۆڭگىلىرىنى ئالداپ ئۆگەنگەن ئاۋۇت كالۋاغا ئەلەم بولدىدە. ئۇ مال بازىرىدىلا غېنىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ يانچۇغىدىكى پۇلنى «ئۆزەمنىڭ» دەپ چوت قويغان ئېدىدە!

ـپۇلۇڭنى ئۇتتۇرۇپ قويۇشتىن قورقساڭ بىزنىڭ ئويۇنىمىزغا قاراپ ئولتار، چوتۇ ئالىسەن، ـ يەنە قاماق سېلىپ كۆردى ئاۋۇت.

ـمېنى چوتۇغا قىزىقتۇرالمايسەن.

ـسەنما بۇگۈن بىزدىن ئاسانلىقچە قۇتۇلالمايسەن. كانىدەك يېپىشقىنىمىز ـ يېپىشقان.

ـمەنما بىر ئاتنىڭ پۇلىنى سەن «جىسەكچىلەرگە» ئاتاپ قويغان.

ـئۇنداق بولسا «دۆڭ شوپاڭغا» كەتتۇق!

غېنى شەھەرلىك ئىلپەتلىرىنىڭ رايىغا بېقىپ، شۇ كەملەردە ئىچەرمەنلەرنىڭ «خانىقاسى» ھېساپلىنىدىغان «دۆڭ شوپاڭغا» بېرىشقا رازى بولدى. زاتەن غېنى ئىچىشنى، چېكىشنى موشۇ شەھەرلىك «لائۇ دەيۋاڭلارغا»1 قېتىلغاندىن بۇ يان ئۆگەندى. باشتا ھەۋەس قىلىپ، ئاندىن كەيپە سۈرۈپ، ئەندى خۇما سۈرۈپ ئىچىدىغان، چېكىدىغان بولۇۋالدى. ئۇنىڭدەك ھەر جەھەتتىن تەل-تۆكۈس يىگىتكە بۇ خىل بۆۋەكچىلىك ياراشمايدىغانلىغىنى، ئاقىۋېتى خەتەرلىك ئېكەنلىگىنى ئېيتىپ، نېسھەت قىلغۇچى جان كۆيەرلىرىگە: «باشقا كۆڭۈل ئاچىدىغان نەرسە بولمىسا، نېمە قىلىسەن؟» دەپ جاۋاپ بېرەتتى. ھەي، ياشلىق، نادانلىق، تەلۋىلىك... ئۇلار دەلدەڭلىشىپ كوچىغا چىقىشتى. گاڭگۈڭلىقتىن تاماسى بار، ئۆزلىرىگە يارىشا تەرەپدار «چىلتەنلىرى» بار ئۆمەر «گۆش» ۋە ئاۋۇت «كالۋا» ئۈچۈن غېنىدەك كۈچلۈك، قورقۇمسىز ياش پالۋاننى يېنىغا ئېلىپ يۈرۈش ئۇ ئابروي، مەدەت ۋە تەمانىنا ئېدى. غېنى بار چاغدا ھەر قاندىغىغا قىر چىقىرىپ، ئىشەشلىك ھالدا سولخاي يەڭنى چىقىرالاتتى.

كىمنىڭدۇر ناخشا ئېيتقىنىنى ئاڭلىدى:

شوپاڭدىن ھاراق ئىچسەم...
شەنسىنىڭ داڭزىغا يازدى...

گۇگۇم چۈشسىمۇ، كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يامغۇر سۈيىدىن ھاسىل بولغان قارا پاتقاقنى كېچىپ، خىرامان ناخشا ئېيتىپ كېلىۋاتقان ئېگىز بوي ئادەمنى پەرىق قىلغىنى بولاتتى. ئۇ ئىككى كوچىنىڭ قىيىلىشىغا كەلگەندە توختاپ، كىمگىدۇر خىتاپ قىلغاندەك:

ـ ئۆرۈۋېتىمەن! ھەي، ئۆرۈۋېتىمەن! ھۆتۈت-پۆتۈت قىلساڭ بىر ئۇرۇپلا بىقىنىڭنى تېشىپ بىلەي ئۇزۇك قىلىمەن...

ـ ھە، مانا-مانا! ـ خوشاللىغىدىن ۋاقىراۋەتتى ئاۋۇت «كالۋا» ـ قەسلەپ يۈرەتتىم، بۇ «توڭگۇز» راسا ۋاقتىدا يولۇقتىدە! راسا سالمايمىزمۇ ھە، غېنى؟!

ـ نامەرت! ـ كالۋانى سىلكىۋەتتى غېنى، ـ ئوغۇل بالا بولساڭ قېنى مۇشلىشىپ باققىنا! ئۇ مەس بولسىمۇ سەندەك ئۇن لەيلىۋاشقا تېتىيدۇ. ـ شۇ ئارىلىقتا «توڭگۇز» ئاتالغان مەسنىڭ كەينىدىن ئۈچەيلەن يېتىپ كېلىشتىدە گەپ-سۆزسىزلا ئۇنىڭغا يېپىشتى. ئۈچ تەرەپلەپ تەككەن مۇشقا پىسەڭ قىلمىغاندەك كۆكسىنى كېرىپ بىر پەس تۇرۇپ بەردى «توڭگۇز»، ئۇ پەقەت بېشىنىلا قاچۇرغاندەك قىلاتتى. سالغا ئاتقاندەك، بىر مۇش ئېتىۋېدى، ئۈچ «نوچىنىڭ» بىرى قالپاقتەك ئۇچۇپ بېرىپ، ئەگىز سۈيىگە مىلىنىپ كەتتى. قالغان ئىككىسى خوراز بازلىغاندەك، كەينىگە، سىركە-لازا ساتىدىغان خىتاينىڭ دۇكىنى تەرەپكە، داجىشقا باشلىۋېدى، شۇ ئان تورلۇق مۇش يەنە بىرسىنى تىرىڭگىدە ئۈچىرىۋەتتى.

ـ ھۆتۈت-پۆتۈت دېسەڭ ئۆرى-ۋېي-تىمەن! ـ دېگەن پېتى ئۈچىنچىسىگە ھەملا قىلىشىغا ئۈچىنچى «نوچى» يىلىندى:

1لاۋ دەيۋاڭ ـ چوڭ بۇزۇق .

ـ بولدى، جېنىم ئابدۇلكا، بولدى... ئىككىنچى ئالدىڭدىن توغرا ئۆتمەيمەن...

ـ شۇ ھالىڭغا بىرۇغا قول كۆتەردىڭما، ھېجىقىز؟ ـ دەپ يېقىن كەلگەن غېنى «ئەل» بولغانىنىڭ بېلىدىن تۇتۇپ دەس كۆتەردىدە، ـ ئۆگۈزگە چىقىپ كەپتەر ئوينا! ـ دەپ، كېسەك تاشلىغاندەك، دۇكاننىڭ ئۆگۈزىگە ئېتىۋەتتى.

ـ غېنىمۇ سەنۇي، ئۇنىۋڭدىن تونۇدۇم، ـ دېگەن پېتى يېقىن كەلدى ئابدۇللا ـ ماۋۇ كىسكاشلارنى قارا، ئادەمنى بىكار ئاۋارە قىلىپ...

ـ مەستەك قىلىۋېدىڭ، مۇش يەپ سەگىپ كەتتىڭمۇ نىمە؟

ـ سوقۇشسام سەگىپ كېتىمەن، قارا! ـ دېدى ئابدۇللا.

ـ مۇشتۇڭ ھەزرىتى ئەلىنىڭ گۇرزىسىدىنمۇ قاتتىق ئېكەنا، "توڭغۇز!"

ـ بېشىمغىلا تاش-تاياق تەگمىسە ئۈچ-تۆرتىگە يېتىپ جان بەرمەيمەن، جۇمۇ، ـ ئات كىشنىگەندەك ئۇنلۇك كۈلدى ئابدۇللا ۋە: ـ خىزمەتتە بولاي، ئۇكا، ـ دەپ تەكلىپ قىلدى.

ـ رەخمەت. ئەمما يۇڭ ساۋىغاندەك، سالماقلىق مۇش ئاتقىنىڭغا پەيزە قىلدىم، ئوغۇل بالىسەندە! جوۋا، ـ دەپ چېكىۋاتقان تاماكىسىنى ئابدۇللىغا سۇندى غېنى.

ئىككىسى بىرىنچى قېتىم ئۇچراشقاندىلا ئىجىللاشقان مەرتنىڭ دىلى مەرتكە يېقىن. ئۇلار كۆپىمۇ گەپلەشمەيلا بىر-بىرىگە يېقىپ قېلىشقان. ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا گۇلشەنباغ سەيلىسىدە تونۇشتى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن نەچچە قېتىم ئىلپەتچىلىك قىلىشتى.

ـ سەن ئارام ئال. ئىككىنى ئۇچۇقداپ، بىرىنى توۋۋا ئوقۇتتۇڭ شۇما بۇگۇنگە يېتەر، ـ دېدى كۇلكە

ئارىلاش غېنى.

ـ ياقە، ئابدۇللامنى قويۇپ بەرمەيمىز، مېھمان قىلىمىز، ـ ئوتتۇرغا چۈشتى يېڭىلا «توڭگۇزنى ئۇرىمىز» دەپ غېنىنى كۈچەيتمەك بولغان ئاۋۇت «كالۋا»، ئۇزىنى ئۆرۈپلا.

ـ ۋاي، لەڭمەنتاختاغەي! ـ دەپ ئاۋۇتقا ئالايدىدە، ئابدۇللىغا قاراپ: ـ ئۇچاڭغا قارىغىنا، پاتقاقتا چۆمۈلگەندەك بولۇپ كېتىپسەن، ئابدۇلكا. دەرھال ئۆيۈڭگە بارە يۇيۇنغىن.

ئۆمەرنىڭ ئابدۇللىنى توڭگۇزغا ئىشارە قىلغان چاقچېقى ئورنىغا چۈشكەشكە ھەممە كۈلۈشتى.

ئۇلار ئەتىسى يۇسۇپنىڭ ئاشپۇزۇلىدا كۆرۈشمەك بولۇپ ۋەدىلەشتى.

***

پاسكىنا قاۋاقخانا بىلەن بېشەم ئايالنىڭ مېھرى كۈچلۈك بولىدىغۇ! ھاراقكەشلەر ئۈچۈن دۆڭ شوپاڭنىڭ «مېھرى» شۇنداق كۈچلۈك بولىدىغان. باشقا جايلاردا ئىچىپ ئاخىرى بېرىپ، دۆڭ شوپاڭدىن ئەرلەڭ[1] ياكى سىلەڭ[2] ئىچمىسە خۇمادىن چىقمايدىغانلار كۆپ. غۇلجىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى «توپا دەڭ» مەھەللىسىگە جايلاشقان بۇ قاۋاقخانىنىڭ ئىشىك ئالدىغا:

سى لەڭ بۇ گائۇ گۇئاڭ،[3]

با لەڭ بۇ چى چۇئاڭ ـ[4]

دەپ خىتايچە يېزىلغان خەت ئېسىقلىق تۇرىدۇ. ئىچەرمەنلەر، چېكەرمەنلەر، ئوينارمەنلەر تولاراق موشۇ ئەتراپنى ئەگىشىدۇ. ئۇلار بەسلىشىپ ئىچىشىدۇ، تالىشىپ ئىچىشىدۇ. نەق ئىچىدۇ، نېسىيگە ئىچىدۇ. تاپقان-تەرگىنى خىتاي جاڭگۇيدىنىڭ غەللىسىگە چۈشىدۇ. قەرزدار بولسا، شەنسىنىڭ داڭزىسىغا[5] چۈشىدۇ ـ ئۇلارنىڭ ھايات چاقى شۇ قېلىپتىلا پىقىرايدۇ.

غېنىلار چىراق ئىسىدىن بىقىسىپ تۇتەكلەشكەن قاۋاقخانىغا كىرىشتى. ئىشتانباغدەك توم ئېشىلگەن پىلىكلەردىن، خۇددى تۇرخۇندىن چىققاندەك، ئىس-تۇتەك بۇرقۇپ چىقىپ تۇرۇپتۇ. سېسىق ھاراق، ئېچىغان سەيلەر بىلەن قىچا-زاغۇنىنىڭ ئاچچىق ئىسى قوشۇلۇپ شۇنداق قاڭسىق، قەي قىلغىدەك بەدبۇي ھاسىل بولغانكى، بىرىنچى كىرگەن ئادەم تۇنجۇقۇپ قېلىشى مۇمكىن. لېكىن دايىملىق چۆپقاتلار ئىپارگۇللەر سايىسىدا ئولتىرىشقاندەك كۈلۈشۈپ، چاقچاق قىلىشىپ «پەيزە» سۇرۇشۇپ ئولتىرىشىدۇ. غېنى بوسۇغىدىن ئاتلىشى بىلەن كۆزلىرىدىن ئاچچىق ياش تۆكۈلدى، قاتتىق چۈشكەردى ۋە كۆڭلى ئايلىنىپ قەي قىلىۋەتكىنى تاسلا قالدىدە، ئۆزىنى تالاغا ئاتتى.

ـ نېمە بولدۇڭۇي، سېزىك بولغان خوتۇندەك قەي قىلىپ كەتتىڭا! ـ خاپا بولدى غېنىنىڭ قىلىغىغا ئۆمەر.

ـ ھە، «باتۇر»، ئەھۋالىڭ شۇما؟ جانەن قىزلاردەك ئاچچىق بۇسقا چىدىماي قالدىڭا؟! ـ تەنە قىلدى ئاۋۇت "كالۋا".

ـ مەن سەنلەر ئوخشاش مەخلۇق ئەمەستە! ـ دېدى، كۆزلىرىدىن چىققان ئاچچىق ياشنى سۇرتۇپ، غېنى.

ـ دۆڭ شوپاڭغا ئالايتەن كېلىپ، ئەرلەڭدىن قاقماي كەتسەك ئۇيات بولار، باتۇرۇم؟ ـ دېدى ئۆمەر يېلىنغاندەك، ـ تۆڭلۈكتىكى توقۇمنى ئالغۇزىۋەتسەك ئىس ئۇرمايدۇ.

ـ خىتاي خەق دېگەن سوققا كايەك. كىچىككىنە يامغۇر يېغىۋېدى، ئىشىك-تۆڭلۈكنى دۇملەۋەتكىنىنى قارا! ـ كايىغاندەك قىلدى ئاۋۇت.

---

[1] ئەرلەڭ ـ ئىككى سەر

[2] سىلەڭ ـ تۆرت سەر

[3] تۆرت سەر ئىچسەڭ بېكەتتىن ئۆتەلمەيسەن

4سەككىز سەر ئىچسەڭ ئورنىڭدىن تۇرالمايسەن!
5داڭزىسىغا ـ نېسىيە يازىدىغان تىزىمغا.

ئىلپەت دېگەننىڭ رايىنى قايتۇرماق تەسقۇ. سالا-سۇلا بىلەن تۆرت سەردىن تىكتۇرما قىلىشقا كۆندى غېنى.
ئۆمەر بىلەن ئاۋۇت قاۋاقخانىچى لائۇ ۋاڭنىڭ قەرزىنى ۋاقتىدا تۆلەيدىغان «داڭزىنىڭ» تۆردە ئىسمىلىرى يېزىقلىق تۇرىدىغان ئىشەشلىك چۆپقاتلىرى بولغاشقا ئۇلارنىڭ ئىلتىماسىنى رەت قىلماي، تۇڭلۇكنى يېپىپ قويغان پاختىلىق كونا چۇشەكنى ئېچىۋېتىپ، ئۇلارغا كىچىگىرەك ئوۋچە جوزنى بوشىتىپ بەردى. تۇڭلۇك ئېچىلغاندىن كېيىن بىقسىغان قويۇق تۈتەك بېسىلغاندەك بولدىيۇ، لېكىن شوپاڭ ئىچىدىكى ماناندا ئولتىرىشقان ئادەملەرنىڭ ئۆز-كۆزلىرى، لايقا سۇدىكى ئەكسىدەك، گىرىمسەن كۆرۈنەتتى. ئۇلار چالۋاقىشىپ سۆزلىشەتتى، نېمىلەرنىدۇر بەسلىشەتتى، كۇلۇشەتتى، باش-ئۇچى يوق ناخشىلارنى باشلاپ قويۇپ، ئاخىرىغا يەتكۈزمەيلا، يېڭىنى ئېيتىشاتتى.
ئۆمەرنىڭ بۇيرۇتمىسى بويىچە ھېچ قاچان يۇيۇلمىغان، مايلىشىپ پاقىراپ، سىلىقلىشىپ كەتكەن ھېجىرلارغا تۆرت سەردىن جۇڭ، يەنە شۇنداقلا ياغلىشىپ، قاسناقلىرى كىرلەشكەن ساپالغا تۇزلىغان پوچاق، ئېچىتقان سامساق، جۇسەي، چىلەڭ-دۇفۇلارنى1 كەلتۇردى.
ـئىچەيلى، جورىلار، ئىچەيلى! بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى كەڭ، قانچە ۋاقىراپ-جاقىرساقما ھېچ كىم غىڭ قىلمايدۇ، قانداق دېدىم، ۋاڭ جاڭگۇيدا؟ ـ دەپ بېشى تاقىر، ئۆزى ياغلىق قاپاقتەك پاقىراپ تۇرغان بەدىنى كۆپتەك دۇگىلەك خىتايغا قارىدى ئۆمەر.
ـئىچسۇڭ، كەتسۇڭ! ـ دېدى قاپاقلىرىنى مۇشتۇمدەك تۇرگەن ۋاڭ.
ـيانچۇقلارنى تازىلايسەندە، ئاندىن دۇبۇرغا تېپىسەن، شۇنداقمۇ جاڭگۇيدا؟ ـ دېدى غېنى.
قاشقا باش خىتاي چاشقاننىڭكىدەك مىتىق كۆزلىرىنى غېنىغا قادىغىنىچە تۇرۇپ قالدى:
ـمەن بىلىدۇ شۇ: قوغلايدۇ دېسۇڭ، يەنە كەلسۇن دەيدۇ، ـ ئۆزىگە ئىشەنگەندەك ئۇتتۇر چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ كۇلدى، قاۋاقچى خىتاي.
ـبىز خەقنىڭ پوستىغا راسا كىرىۋاپتۇدە، مونۇ «تۇلۇم چاشقان»، دېدىدە ھېجىردىكى ھاراقنى زەردە قىلىپ ئىچىۋەتتى غېنى، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە خۇش ياقمىدى. ئەتراپتىكى ۋاراڭ-چۇرۇڭلارغىمۇ قۇلاق سالماي، بۇ يەرگە كىرىپ قالغانلىغىنى ئۇنتىغاندەك بىر قىياپەتتە جىم بولۇپ كەتتى. بەلكى «ئىلپىتىڭ قارغا بولسا يېيىشىڭ تېزەك» دېگەندەك، مونۇ ئادەم ئەمەس، ئىشت-ئېشەكمۇ تۇرمايدىغان سېسىق، مەينەتچىلىككە كەلگىنىگە ئۆكۈنۈپ، ئۆزىگە-ئۆزى كايىۋاتقاندۇر؟ ياكى ھاراق ئىچىپ ئولتىرىشقان ياشلارنىڭ گۇلدەك ئۆمرىنى، تەكرارلانمايدىغان ياشلىق باھارىنى موشۇنداق ئىپلاس، تۈڭگۈزخانىدىنمۇ بېتەر ھاراقخانىدا ئۆتكۈزۈپ، ئەقىل-زېھنىنى بۇلغاپ ناكالىشىشىغا كۆيۈندىمۇ؟

1چىلەڭ-دۇفۇ ـ سەيلەرنىڭ نامى.

ياكى بولمىسا ئەۋۇ ھاراق كۆپىگە يۆلىنىپ، ئەتراپقا خوجايىنلارچە نەزەر تاشلاپ تۇرغان يالغۇز بىر خىتاي شۇنچە «چەنتۇلارنى» ئالداپ-سالداپ زەھەرلەپ، خۇماش قىلىپ، كېرەكسىز مەخلۇقلارغا ئايلاندۇرغانلىغىغا ئىچ-ئىچىدىن تىتتىت بولۇۋاتقاندۇر؟ ھەر ھالدا چىرايىنى ئاچماي ئولتاردى .
ـئاپاڭنى سېغىنىپ قالمىغانسەن، سەھرالىق، دېمىدىڭ ئىچىڭگە چۇشۇپ كەتتا؟! ـ تەنە قىلدى ئاۋۇت.
ـبۇ دىمىقتىدا ئىچىڭ پۇشقان بولسا، ئۇكا، ئۆيگە كېتەيلى، ـ دېدى ئۆمەر.

ئا... ئاشنام نەكەتتى، بالىخان،
شاياغا كەتتى...

ـ يۇرۇڭلار، ئاشنىغا كەتتۇق...
هاشىم توكۇنىڭ تىلى مۇنەكلىشىپ، سۆزىنىڭ ئاخىرىنى ئۇلاشتۇرالمىدى. ئۇ پەقەت «ئاشنا» ئىبارىسىنى تەكرارلايتتى .
ـ دېمىم سىقىلىپ كەتتى... كەتتۇق! ــ غېنى ئورنىدىن تۇرۇپ مېڭىشىغا، كىمدۇر:
ـ ساراڭ شوينىڭ چېرىكلىرى!
ـ هېلىقى بولۇسقۇ! ئۇ راسا قاندىن...
ئۈگىمچە مەخسۇس تىكىلگەن چېرىك كىيىملىك بولۇس ۋە ئۇنىڭ كەينىدە قوچاقتەك ياسانغان چىرايلىق ئىككى چېرىك، ئۇلار بىلەن بىللە غوجەك شاگىيۇنىڭ ئوغلى تۇسۇق كىرىپ كېلىشتى. شۇ ۋاقىتلاردا ئىلى ۋىلايىتىنىڭ دوتىيى ــ ۋالىسىنىڭ ئوغلى شويى (ئۇنىڭ تەلۋە قىلىقلىرىدىن بېزەر بولغان خەلىق ئۇنى «ساراڭ شويۇ» دەپ ئاتايدىغان) قىلىدىغان قىلىق تاپالمىغاندەك قىرىق-ئەللىكچە ياش، چىرايلىق (بېساقال) ئۇيغۇر باللىرىدىن تەركىپ تاپقان شەخسىي مۇهاپىزەتچى ئەترەت قۇرغان. بۇ شەخسىي «مۇهاپىزەتچىلەر» بىر تەرەپتىن ساراڭ شويىنى مۇهاپىزەت قىلىدىكەن، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ پاهىشە-بۇزۇقچىلىقلىرىغا هەمدەم بولۇشاتتى. ئەگەر، ساراڭ شويى كولاسكىدا، ئاتلىق ياكى مەپىدە سەيلە تاماشىغا چىقىدىكەن ئەشۇ «تېكىز» مۇهاپىزەتچى ــ چېرىكلىرى ئالدى-كەينىدە قوغداپ مېڭىشىپ، يىراقتىنلا كوچىلارنى بوشاتقۇزۇپ، دەب-دەبە بىلەن ماڭىدىغان. ساراڭ شويىنى كۆرگەندىلا توختاپ باش ئېگىپ هۆرمەت بىلدۈرمىگەن «چەنتۇلارنى» شۇ يەردىلا قامچىلاتتى ياكى بىر نەچچە كۈن سەيىسىگە ئىشلىتەتتى. ئەگەر ساراڭ شويىغا قاراپ، ئۇقۇشماي كۈلۈپ قويغان كىشىنىڭ هالىغا ۋاي، ئۇنىڭ ئورنى يامۇل-زىندان. بەگدىنمۇ غالچىسى يامان، «بۆكىنى ئەكە دېسە بېشىنى كېسىپ كېلىدۇ» دېگەن گەپ بارغۇ. مۇهاپىزەتچىلەرنىڭ باشلىغى بولۇس ئىسىملىك پەيجاڭ[1] ، ساراڭ شويى بىرنى دېسە ئوننى قىلىدىغان، هەتتا لومودىلىق ۋەزىپىسىنىمۇ ئۆتەيدىغان بۇ «قىزىل كۆز» مۇرتەد، ئادەملەرنى قورقىتىپ پۇلىنى ئېلىش، خالىغانچە زورلۇق قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، هەممىلا يەرنى تىمىسقىلاپ يۈرىدىغان... ئەشۇ قىزىل كۆز، قۇش بۇرۇن، دوقا ماڭلاي، ئات ئۇزلۇك، ئۇستىدە چېرىك كىيىم بولۇس شوپاڭنىڭ بوسۇغىسىنى ئاتلا-ئاتلىمايلا:

ـ غېنى ئوغرى بارمۇ؟ ــ دەپ سورىدى، مەيدىسىنى كەرگەن هالدا. قاينىغان قازانغا سوغ سۇ قۇيغاندەك، باياتىن قايناپ تۇرغان شاۋقۇن بىردىن جىمىپ قالدى. بۇ جىم-جىتلىقنى سالماقلىق ئاۋاز بۇزدى:

[1] پەيجاڭ ــ ۋزۋود كوماندىرى.

ـ غېنى دېگەن مانا مەن! ــ ئىككى قەدەم ئالغا چىقتى غېنى.
ـ ئالدىمىزغا چۈشۈپ ماڭ! ــ خىتاي ئەمەلدارلىرىغا قىياسەن بۇيرۇق قىلدى بولۇس پەيجاڭ.
ـ ئالدىڭغا چۈشۈپ ماڭىدىغان ئويناش قىلىپ، تۇتۇلۇپ قالغان خوتۇنىڭمىدىم؟
غېنىنىڭ زەردىلىك تەنىسىگە شۇنداق كۈلكە كۆتىرىلدىكى، هەتتا هاراقتىن بوشىغان قاچا-قومۇچلار جاراڭلاپ كەتتى.

ــ هوش كاللاڭ بىلەن سۆزلە، ئوغرى! ــ دېۋەيلىدى ئىزا ئەلەمدىن تىترىگەن بولۇس پەيجاڭ. دېگىنى ـ دېگەن، ئەتكىنى ـ ئەتكەن بولۇپ يۈرگەن بۇ ساراڭ شوينىڭ «ئوڭ قانتى» غېنىنىڭ ئۈز تۇرا رەددىيەسى، خۇسۇسەن، مونۇ كۈشەندىلەرنىڭ كۆلكىسى ئۇنىڭغا ئەلەم قىلغان ئىدى. ئۇ ئۆزىنى ئوڭلاپ، زەربىگە تەييارلانغىچە غېنى ئىككىنچى سۆز پەشۋاسىنى بەردى:

ــ مېنى «ئوغرى» دەپ ئىككى قېتىم تىلغا ئالدىڭ. ئۈچىنچى قېتىم «ئوغرى» دەيدېكەنسەن، ئوتتۇز ئىككى چىشىڭنى سوڭۇڭدىن چىقىرىمەن!

ــ بۇ، بۇ دودەن سىلىنى تونۇمايۋاتىدۇ، بولۇس پەيجاڭ، ــ دېدى بولۇسنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالغان تۇسۇق.

ــ بولۇسنىڭ ئاغزىنى مايلاپ، ئۇنى قالقان قىلماي، بۇ ياققا چىق، تۇسۇق! قوينۇڭدىكى خوتۇننى تارتقۇزۇپ قويغان ئادەم، قىز ئەپقېچىپ نېمە قىلاتتىڭ؟ ئۇنىڭدىن كۆرە ئەتە مال بازارغا چىقىپ، بىر ئاختا تەخەي سېتىۋالدە، شەھەرنى بوشات !

يەنە كۈلكە ياڭرىدى. بولسىمۇ هېجايدىيۇ، پەيجاڭلىك «سالاپىتىنى» يوقاتماسلىقتا تىرىشتى، ئۇ ئۇنىنىڭ بارىچە :

ــ ماڭامسەن يوقمۇ. ئو... ــ «ئوغرى» ئىبارىسى ئۇنىڭ ئاغزىدا قالدى.

ــ نەگە؟

ــ نەگە بولاتتى، دوتەي يامۇلىغا.

ــ مېنىڭ ئۇ يەردە نېمە كېرىگىم باركەن؟ ساراڭ شوينىڭ بېلىنى تۇتۇپ، بېشىنى يەلپۈيدىغان قىرىق ـ ئەللىك لەلىگۈشلىرى ئازلىق قىلدىمۇ؟

بۇ زەردىسىگە چىدالمىغان بولۇس ئاچچىق هەسرىتىدە غېنىغا ئېتىلدى. ئۇنىڭغا قوشىلا ئىككى «تېكىز» چېرىك ۋە تۇسۇقمۇ بىرلىشىپ يېپىشتىيۇ، خادا تاشتەك تىك تۇرۇۋالغان غېنىنى بىر قەدەممۇ قوزغىتالمىدى. تۆرت ئادەم يېپىشىپ، تېچ تۇرۇپ بەرگەن بىر «ئوغرىنى» ئورنىدىن قوزغۇتالمىسا نېمە دېگەن رەسۋاچىلىق!... هەممە ئىسمىنى ئاڭلىغاندا تىك تۇرىدىغان «بولۇس پەيجاڭ» بولغىنى قېنى؟

ــ خەپ، مونۇ چۆرەدەپ تۇرۇشقان رودۇپايلارنىڭ زاڭلىق كۈلكىسىگە ئۆلەيمۇ تېخى!

كۈچ ئېلىشالمىغان پەيجاڭ ئەندى قۇرالىغا تايانماق بولدى، ئەتىمالىم، تاپانچىسىنى قېپىدىن چىقاردىيۇ، لېكىن شۇ ئان قولىدىن ئۇچۇپ كەتكىنىنى سەزمەي «ۋاي، قولۇم» دەپ ئىڭراپ، تولغىنىپ كەتتى.

تاپانچا غېنىنىڭ ئاياق پەشۋاسىدىن ئۇچۇپ بېرىپ، ئاغزى ئوچۇق تۇرغان هاراق كۈپىلىرىنىڭ بىرىگە چۈشكەن ئىدى.

بۇ قېتىممۇ غېنىنى ئالقىشلىغاندەك چۇقان كۆتىرىلدى. بەزىلەر. «ياشاپ كەت»، «باپلىدىڭدە» دەپ ۋاقىراشتى.

ــ ئەندى، يېتەر. ئاستا كېتەيلى، ئۇكا، ــ دەپ غېنىنىڭ پېشىدىن تارتتى ئۆمەر.

ــ قانچە دېگەن بىلەن هۆكۈمەت ئادىمىدە! ــ دېدى تەشۋىشلەنگەن ئاۋۇت "كالۋا".

ــ قورقۇشساڭ كېتىشىۋەر! ــ پىسەڭ قىلمىدى غېنى .

ــ سەن كەتسۇڭ، ئۇكاڭزا؟ ــ ئىلتىماس قىلدى قاۋاقچى خىتاي، غېنىنىنىڭ ئەپتىدىن هېلىغۇ چەنتۇ پەيجاڭ ئېكەن، شويى كەلسىمۇ بۇ قەيسەر توپىلاڭ چىقىرىپ، هەممىنى ئوڭتەي ـ توڭتەي قىلىۋېتىشىگە كۆزى يەتكەنلىكتىن.

ــ كېچىسى شويى ـ لويىلارنىڭ تاپىنىنى يالاپ، كۈندۈزى ئۆز قان ـ قېرىنداشلىرىنى ئۇرۇپ ـ سوقۇپ بوسۇنچى قىلىپ كۈن كۆرگىچە ئىشتانىباقتا بوغۇلۇپ ئۆلسەڭچۇ، خىتاي گەندىسىنى يېگەن ئىپلاس! ــ دېدىدە، ماداخان كۆينىگىنىڭ ئىزمىسىنى ئېتىپ، پەشمىتىنى مۈرىسىگە تاشلاپ لەڭ ـ لەڭ بېسىپ، ئىشىك تەرەپكە ماڭدى غېنى ۋە بوسۇغىدا توختاپ:

ـ پالپىستەككە ئوخشاش تاپانچاڭنى كۆرگەنلا ئادەمگە تەڭلەۋەرمە، قىزىل كۆز پەيجاڭ! ـ دەپ خىتاپ قىلدى ۋە پەش قېقىپ چىقىپ كەتتى.

****

كۆپ ۋاقىتلاردا كۈچ-قۇۋۋىتى زور ئادەملەرنىڭ پەم-پاراسىتى كام، ئەقلى كوتا-خامۇشىراق بولىدىغۇ! ئەمما، تېخى ياش بولسىمۇ غېنىدا ھەر ئىككى خىسلەت: كۈچ-غەيرەت ۋە پەم-پاراسەت قوشۇلۇپ كەلگەنلىكتىن ئۇنىڭ ئىنسانىي سۈپىتىنى ئاشۇرۇپ تۇرىدىغان. سۆزگە-سۆز، كۈچكە-كۈچ ـ ھەر ئىككىلىسى ھېمىشەم تەڭپۇڭ.
"دۆڭ شوپاڭ" شەھەرنىڭ غېۋەت-شىكايەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولغاشقا ئاخشامقى ۋاقىئە ئەتىسىلا شەھەر بويلاپ تارىلىپ، كۆپنى كۈلدۈرۈپ، ھەممىنى دېگىدەك خوشال قىلغان ئېدى. ھۆكۈمەتنىڭ ئىشەشلىك ئادىمىگە سۆز قايتۇرۇپ، ئۇنى ھاقارەتلىگەن. ئىشەنگەنلەرمۇ بار، ئىشەنمىگەنلەرمۇ بار. مىللىي ھىسسىياتى بارلار غايىۋانە غېنىغا ئاپىرىنلار ئوقۇيدېكەن، مىللىي مۇردەتلەر، ئازغۇنلار غېنىنى «دودەن» ـ دەپ ئەيىپلەشتى. ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بولسا مەسىلىگە «شەخسىي توقۇنۇش» دەپ قارىماي، چوڭقۇرىراق تەھلىل قىلىپ، غېنىنى قارا داڭزىغا يېزىپ، ۋاقتىدا «پېيىنى قىرقىش» ئۈچۈن تاپشۇرۇقلار بېرىشتى. غەزەپناك بولغان ساراڭ شويى ئون نەچچە مۇھاپىزەتچى چېرىكلىرىنى قۇراللاندۇرۇپ شۇ كېچىسىلا «دۆڭ شوپاڭغا» كېلىپ تېخى تارقاشمىغان ھاراقكەشلەرنى تېرە-پېرەڭ قىلغاندىن كېيىن، غېنى بارىدۇ دەپ تەخمىن قىلغان بارلىق دەڭ-ئۆتەڭلەرنى، تونۇش بىلىشلەرنىڭ ئۆي-جايلىرىنى ئاختۇرۇپ ئوڭتەي-توڭتەي قىلىشتى. كۆپلىگەن ئادەملەر شاپىلاق يېدى، مۇش يېدى، قامچا يېدى، تۈكۈرۈكتەك ئۇزلىرى «يېلىملاشتى». لېكىن غېنى تېپىلمىدى. ھېچ كىم كۆردۈم دېمىدى.
غېنى شوپاڭدىن چىقىپ، ئۇدۇل «توپا دەڭگە» كەلدىدە. ئېتىنى توقۇپ، ئەندىلا ئاتلانماق بولۇپ تۇرۇشىغا ھاسىراپ-ھۆمۈدەپ كېلىشكەن ئىككى ئىلپىتى تەڭلا ئاتنىڭ تىزگىنىگە يېپىشتى.
ـ كاللامنى چورت ئۈزۈۋەتسەڭمۇ، سېنى بۈگۈن ئۆيۈمدە قوندۇرماي قويۇپ بەرمەيمەن.
ـ ياق! باتۇر بۈگۈن مېنىڭ مېھمىنىم بولىدۇ. ئۇنىڭ بۈگۈنكى قەيسەرلىگى ئۈچۈن بالامنى سويۇپ، بېشىدىن سەدىقە قىلىشقا تەييارمەن .
ـ بالاڭنىڭ گۆشى نېمىگە يېتىدۇ، ئۆزەڭنىلا سويايلى، ـ دېدى ئاۋۇتنىڭ ياسالما تەكەللۇپىنى سەزگەن غېنى.
ـ مەيلى، مەيلى... سەدىقە بولاي...
ـ توختىغىنا، نەدىكى ياپتا گەپنى قىلماي! ـ كالۋانى سىلكىۋەتتى «ئۆمەر، ـ بۈگۈنكى كۈن جېدەل-غەۋغا بىلەن ئۆتتى، ھېچ بىر جۇڭ سۈرۈشەلمىدۇق. سېنى موشۇنداقلا قويۇپ بېرىشكە، ئەزبىرايى خۇدا، كۆڭلۈم تىنمايدۇ، ئۇكا!
ـ ھاراقنى تولا ئىچىپ، ئەقلىدىن ئېزىپسىلەر، قاپاق-باشلار! ـ دېدى جىددىي ھالدا غېنى.
ـ ھە نېمە بوپتىمىز ـ دېيىشتى چالا مەسلەر.
ـ ھېلىقى بولۇس دېگەن شوۋەك كۈچۈكلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ مېنىڭ پېيىمغا چۈشەر. ساراڭ شويىمۇ بىللە ئاتلىنار تېخى...
ئۇلارنىڭ مەسلىھتى پۈتمەي، چوڭ كوچىدىن ئاتلارنىڭ دۈپۈرلىشى ئاڭلاندى.
ـ ئەشۇلار، ئەشۇلار! ـ دېدى ھودۇققان ئاۋۇت «كالۋا»، ـ كېتەيلى...
ـ تار قىلىڭلار. مېنى دەپ بالاغا قالماڭلار. مەنما يولۇمغا ماڭاي. ئەگەر دوقۇرۇشۇپ قالغىدەك بولسا ئات ئۈستىدە سىنىشارمىز...
ـ ساراڭمۇ سەن! ـ تېرىكتى ئۆمەر، ـ شويى ۋاققىدە ئېتىۋېتىشتىن قايتمايدۇ. جۇرى، بۇ ياققا! ـ ئۇ

يۇلۇپ دېگەندەك ئاتىنىڭ چۇلۋۇرىنى قولىغا ئالدى.
ئۇلار «قارا دۆڭ» مەھەللىسىدىكى ئۆيلىرى قاتار، شىنادەك قويۇق، خالتا كوچىنىڭ تاقىلىشىغا سېلىنغان تام ئۆيىنىڭ ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە باش توخۇ چىللىدى. پاكا قوش-قوۋۇقتىن غېنى ئېگىلىپ ئىچكىرى كىردى. كۇرەڭ قاشقىنىڭ ئېگەر-توقۇملىرىنى سىرىپ ئېلىۋەتكەندىلا، ئاران دېگەندە قوش-قوۋۇقتىن سىغدى. سىرتى خارابى كۆرۈنگەن هويلا-ئارام سەرەمجان، ھەتتا هويلىنىڭ بىر چېتىدە ئەپچىل ئوقۇرما بار ئىكەن. قوش مومشام يېقىلىۋېدى، چاسا كەلگەن ئۆي ئىچى يالتىراپ كەتكەندەك بولدى: مېھرابچە ئويۇقلاردا ئادەم بويى كۆرپە-يوتقانلار، جۈپ-جۈپ پېتىلار، قاچا-قومۇچلار تاملاردا زىلچە گىلەملەر، خانا چۆرىسىگە بولسا زەدىۋال ئېسىلغان بولۇپ، هويلا تەرەپكە قارايدىغان ئىككى دېرىزىگە گۈللۈك پەردە تارتىلغان ـ بۇلارنىڭ ھەممىسى مىللىي خۇسۇسىيەتكە رىايە قىلىنغانلىقى بىلىنىپ تۇرۇپتۇ. خۇددى مېھمان كېلىشىنى كۈتكەندەك، خانە ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان دۈگىلەك جوزا ئۈستىگە يەل-يېمىشلەر تىزىلىپ، ئاق لوڭگا بىلەن يېپىپ قويۇپتۇ. جوزىنىڭ تۆرت تەرىپىگە قېلىن كۆرپىلەر سېلىقلىق، يۆلەنسەڭ ماموق ياستۇقلارمۇ بار ـ ئۆي كەيپىياتى ئارامۇجانلىققا تەكلىپ قىلغاندەك.
ـنېمە بولسا شۇ بولسۇن، بۇ ئۆيىنىڭ ئانا ـ خېنى ئېسىل خوتۇن ئوخشايدۇ، ـ دېدى ئۆي سەرەمجانلىقىغا ھەيران بولغان غېنى.
ـقىزى ئانىسىدىنمۇ ئېسىل، ـ دەپ مېيىقىدا كۈلدى ئۆمەر، ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ كېتىۋېتىپ.
غېنى «كالۋانىڭ» سۆزىنى ئاڭلىماسقا سالدى. پەشمىتىنى يانغا قويۇپ، ياستۇققا يۆلەندى. قىز-چوكاننىڭ ئېتى چىققاندا يۈرىگى ئويناپ، ئىختىراسلىق تۇيغۇلارغا بېرىلىدىغان پەيتلەرمۇ بولىدىغان. بۇرۇتى خەت تارتقان چاغلاردىلا قىز-چوكانلارنىڭ ئالدىنى توراپ، جاۋالىرىنى كۆرگەن بولۇپ، چاشتەڭگىسىنى قىيىۋالىدىغان، تۇيۇقسىز تام ئاتلاپ باغلاردا پەيدا بولۇپ، گۈلەڭگۈچ ئويناۋاتقان قىز-چوكانلارنى قورقىتىدىغان ئادىتى بولىدىغان. مەھەللىنىڭ قىزلىرى ئۇنىڭدىن ئەيمىنەتتىيۇ. ئەمما، قايرىلىپ كۆرگۈسى كېلەتتى. كىچىك بالا چېغىدا شوخلىقى ئۈچۈن دادىسىدىن تاياق يېگەن چاغلىرىدىمۇ، ئاكىلىرىنى ياردەمگە چاقىرماي، ھەمشېرىلىرىنىڭ ئېتىنى تىلغا ئالاتتى ۋە شۇنىڭدىن ئاغرىقى بېسىلغاندەك قىلاتتى... ئۇنىڭ قۇلاقلىرىغا ئايال كىشىنىڭ ئاۋاز كىردى:
ـھە-ە، ئۆيدە. ئۇخلاۋاتىدۇ، مەرىيەمنى سۈرۈشتە قىلىپ قالدىڭا؟
ـسۈرۈشتۈرسەم نېمە بوپتۇ...
قۇلاقنى ھەر قانچە دىڭ تۇتسىمۇ، ئاخىرىنى ئاڭلالمىدى غېنى.
ئاز ئۆتمەي ئۆمەر قايتىپ كىرىپ، جوزىغا يېپىلغان داستۇرخاننى ئاچتى. ئۇنىڭ كەينىدىنلا ئېگىز بوي، ئات ئۇزلۇك، قېنىق ئوسما قويۇلغان قاشلىرى، قاپاقلىرىنى يېپىپ تۇرغان، قۇلاقلىرىدا خوراز تاجىسىدەك ئالتۇن زىرە، ئۆز چېچىمۇ ياكى ئۇلاقمۇ، ئىككى ئۆرۈم چېچى تاپىنىغا چۇشۇپ تۇرغان ئاقپىشما ئايال كىرىشى بىلەن بىر قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ، ئىككىنچى قولى بىلەن چېچىنىڭ ئۇچىنى تۇتقان ھالدا شۇنداق تازىم قىلدىكى، ئۇنىڭ نازكەرەشمىلىرىدىن ھەر قانداق بەخەست كىشىنىڭ يۈرىكى ئاغماي مۇمكىن ئەمەس.
غېنى لېۋەن ئايالنىڭ «خۇش كەپسىز» دېگەن تەكەللۇپىنى ئاڭلىمىدى، ئەتىمالىم، ئايالنىڭ سۈرۈشتىگە، جىلۋىسىگە مەپتۇن بولغاندەك قاراپلا قاپتۇ. ئۇ ھەتتا شامال ئۆتۈپ كەتكەندەك يېنىككىنە دەسسەپ چىقىپ كەتكەن ئايالنىڭ كەينىدىن كۆز ئۈزمىدى.
ـھۇي، غۇنچۇن كۆرمىگەن كۆك بۇقا! ئادەمنى خىجىل قىلماي، ئىسكەتىڭ بىلەن ئولتار! ـ دېدى ئوڭايسىزلانغان ئۆمەر. ئاۋۇت كالۋالىقىغا يارىشا، ئۆيگە كىرىپلا، ياستۇققا قىڭغىيىپ، شۇ ئان خورەك تارتىشقا باشلىغان ئىدى .
لېۋەن ئايال يەنە پەيدا بولدى. دۈگىلەك پەتمۇستا پىشقان جۈجە، نەچچە تۈرلۈك سوغ سەي، ئاپتاۋاسىمان

گەردىن قۇمرىدا مۇسەللەسنى جوزىغا قويدى ۋە قوللىرىنى كۆكسىگە ئېلىپ، تەبەسسۇم ئىچرە ئاستا:

ــخۇش كەپسىلەر، ــ دېدى ۋە ئۆمەرگە قىيا بېقىپ! ــ ئۆمەر ئاكا، مېھماننى سىز مېلىكە قىلىپ تۇرۇڭ، مەن غىزاغا تۇتۇش قىلاي.

ــموشۇلارمۇ يېتەرلىك. كېچىدە ئاۋارە بولما. ئايەك، ــ دېدى ئۆز خوتۇنىغا مۇئامىلە قىلغاندەك، ئۆمەر. ئۇنىڭ بۇ خىل بېقىپ يىتىلگىنگە غېنىنىنىڭ غىجىغى كەلدىيۇ، لېكىن ئەپتىنى بۇزماي:

ــرەخمەت، ئاۋارە بولماڭ، ھەدە، ــ ھۆزۈرخانلىق قىلدى ئۇ.

ــئاۋارە بولغىدەك ئىش يوق. مېھمان ئۇچۇن تەسەددۇق، خۇش كەپسىلەر، ــ دېدىدە، ئىككى ئۆرۈم چېچىنى ساغرىسىدا ئوينىتىپ چىقىپ كەتتى.

ــسېنىڭ بۇ نېمەڭ؟ ــ قوپال سورىدى كۇنچىلىگى تۇتقان غېنى.

ــنېمەم بولۇشنى خالايسەن؟

ــخۇددى ئۆز خوتۇنۇڭدەك قىلىقلارنى قىلىسەنا!

ــيەنە شۇ، سەرالىق داڭگاللىغىڭ باردە. نەرقى-ناۋاسىنى سۈرۈشتۈرۈپ نېمە قىلاتتىڭ؟ ئېپى كەلگەندە، قەنتىنى چاقمامسەن، ئاخماق!

ــھېمىشەم ھازىر جاۋاپ غېنى لايىغىدا سۆز تاپالماي قالدى.

ــئېزىتقۇ شەلىك... قويە ھارىغىڭدىن!

ــمانا ئەندى ئەكسىڭگە كەلدىڭ، پالۋان.

ئىككى پىيالىغا شارپ قۇيۇلدى. چاڭقىغان ئادەملەردەك غورتۇلدۇتۇپ ئىچىشتى.

ــئايىگىڭگە ئېيت: مەيەگە كىرىپ بىز بىلەن چۇڭ سۈرۈشسۇندە!

ــئاستا-ئاستا پەللىگە يېقىنلىشىۋاتىسەن، سەھرالىق. خوپ، دېگىنىڭنى بەجا كەلتۈرەي.

ئۆمەر ئىچكىرى كىرىپ كېتىشكە پىيالىنى لىق تولتۇرۇپ ئىچىۋەتتى «قېلىنلاشماق» بولغان غېنى .

ــۋىيەي، سەت بولمامدۇ، نېمە دېگەنلىرى بۇ، ئۆمەركا؟ ــ تارتىنغاندەك نازلىنىپ كىرىپ كەلدى. ئايىمخان. ئۇنىڭ ئاپپاق بىلىگىنى ئۆمەر تۇتۇۋالغانلىغىنى كۆرۈپ يەنە رەشقىسى قوزغالدى غېنىنىڭ.

ــئەندى ئۆز قولۇڭ بىلەن قۇيۇپ، ئۆز قولۇڭ بىلەن جوۋايسەن ــ پەيزە شۇنىڭدىدە، قانداق دېدىم، پالۋان؟ ــ دەپ غېنىغا كۆز قىستى ئۆمەر.

ئايىمخان تارتىنچاق قىزلاردەك، تىلىنىڭ ئۇچىنى «لىپ» چىقىرىپ، ئەيمىنىپكىنە، يەكتىز ئولتاردى. ئۇنىڭ ئەڭنىگە سېپىلگەن مۇشك ئىپارنىڭ خۇش بويى غېنىنىڭ دىمىغىغا گۈپپىدە ئۇرۇلدى ۋە كۆڭۈل خۇشلىغىنى قوزغاۋەتتى.

ــبۇ ئاكىسى ئۇخلىغىنى كەلدىمېكىن؟ ــ يىركەنگەندەك چىرايىنى تۈردى ئايىمخان خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتقان ئاۋۇتقا بېقىپ.

ــبوش ئۆي بارمۇ؟ ــ سورىدى «كالۋادىن» بېزەر بولغان غېنى.

ــبولمامدىغان، ئىنىم، ــ دېدى غېنىنىڭ مەقسىتىگە چۈشەنگەن ئايىم.

ــبۇ كالۋانى دۈملەپ قوياي، بىر ئاز «دەم» يېسۇن، ــ دېدىدە، زاكىلاقلىق سەبىنى كۆتەرگەندەك، خېلە بەستىلىك ئاۋۇتنى كۆتىرىپ ماڭدى. غېنىنىڭ كەينىدىن ئايىمخان بىلەن ئۆمەر قوزغىلاشتى. ئۇلار ئاۋۇت كالۋانى «جايلاشتۇرۇپ» قايتىپ كىرىشكەندە، ئايىمخان قوللىرىنى قوشتۇرۇپ :

ــخۇش كەپسىلەر، ــ دەپ تازىم-تەكەللۇپ قىلغاندىن كېيىن، يەكتىزلىنىپ ئولتىرىپ چاي قۇيۇشقا باشلىدى.

چاي ئىچىلدى، مەي ئىچىلدى. بىرىنچى قەدەھنى ئايىمخان زورغا ئىچتى، ئىككىنچى قەدەھنى خالاپ ئىچتى، قالغانلىرىنى قىزىپ-قىزىرىپ ئىچتى... باياتىن ئارىنى توساپ تۇرغان ھايا پەردىسى كۆتىرىلدى ــ ئايىمخان ئېچىلىپ، يېيىلىپ كەتتى. مەجۇن قوشۇلغان تەملىك سىڭچايىنى ئىچە-ئىچە

كەيپى قىيامىغا يېتىپ، روھىي خوشاللىقى سەيلانە قىلىشقا باشلىغان غېنىنىڭ كۆزىگە ئايىمخان ئۇچماق قىزلىرىدىنمۇ جانان، دىلكەش كۆرۈنۈشكە، ئۇنى مەپتۇن قىلىشقا باشلىدى.

ـ ئايەك! ـ دېدى بىر كەمدە ئۆمەر، گويا ئۇ بۇ ئۆينىڭ غوجىسىدەك قىياپەتتە، ـ سەتەڭ ناخشىلىرىڭنى باشلىغىنا!

ـ نېمە دېدىڭ؟! ـ ئۆمەرگە قادالدى خاپا بولغان غېنى، ـ يەنە پەسەيتىپ «ئايەك» دەيدىغان بولساڭ، نوخۇلاڭنى ئالىمەن، بىلىپ قوي "گۆش!".

ـ ۋاي، باشلىرىدىن ئۆرگىلەي. ۋاي، سۇمباتلىق بويلىرىنىڭ سەدىقىسى بولاي، باتۇرۇم ـ پالۋېنىم...

ـ بولدۇي، قالىغاچتەك ۋىچىرلاپلا كەتتىڭغۇ! سەدىقەڭنىڭ ئازىراغى بىزگىمۇ قالسۇنده! ـ ھەسەت قىلدى بارغانچە غېنى تەرەپكەرەك سىلجىپ، كۆز ئوينىتىشقا باشلىغان ئايىمخاننى كۈنلىگەن ئۆمەر.

ـ خېرىدارى بولسا، سېخىلىقىم يەتكۈلۈك، ـ ئايىمخان قاقاخلاپ كۈلدى. يېشى خېلىغا يەنكەن بولسىمۇ ئاۋازىنىڭ بېجىرىملىكى ۋە ئۇنچىدەك چىشلىرىنىڭ نوخۇتتەك ئاقلىقى ھۆسنىنى ئاۋۇتۇپ تۇراتتى .

ـ دۇتارىڭنى قولۇڭغا ئالساڭا! ـ بۇ قېتىم ئىلتىماس قىلدى. غېنىدىن ئەيمەنگەن ئۆمەر.

ـ غېنەم خۇش كۆرەمدېكىنتاڭ؟ ـ نازلاندى ئايىمخان، خۇمالاشقان كۆزلىرىنى ئويناقلىتىپ.

ـ خۇش كۆرمەمدىغان، ـ دېدى غېنى ھەرىر ئەتلەس كۆينەكنى تېپىپ چىقىپ كېتىدىغاندەك دىغراپ تۇرغان ئايىمنىڭ كۆكسىدىن كۆز ئۈزمەي. ئۇنىڭ تۇمانلاشقان كاللىسىدا «ئانىسىمۇ، قىزىمۇ؟» دېگەن غەرەزلىك سوئال ئويناتتى.

ئايىمخان چالغۇ ئەسۋاپلىرى تىزىقلىق چوڭ مېھراپچە ئويۇقنى كۆرسىتىپ:

ـ دۇتارمۇ، راۋاپمۇ؟ داپ نەغمىسى قىلىپ بېرەيمۇ، غېنەم؟

غېنى جاۋاپ بەرمىدى. ئۇ سېخىرلەنگەن ئادەمدەك، (بەلكىم مەجنۇن كەيپى ئۆتۈپ كەتكەندۇر) دەم ئايىمغا، دەم چالغۇ ئەسۋاپلىرىغا قارىدى .

ـ سەتەڭ ناخشىلىرى راۋاپ پەدىسىگە ياخشى چاپلىشىدۇ، راۋاپنى چال! ـ غېنى ئۇچۇن ئۆمەر جاۋاپ بەردى.

ـ سىلى جىم ئولتارسىلا بولامىكىن، ئۆمەر «گۆشۇم». بۈگۈن غېنەمدىن چوڭ، ئەزىز مېھمىنىم يوق، جۇمۇسىلا!

بۇ تېرىقە نەپىس ئەقىدىلەر كىمنى تەۋرەتمىسۇن! كىمنىڭ شەھۋىي ئىختىراسىنى قوزغىمىسۇن؟ ياش يىگىت تەۋرىنىپ كەتى. ئۇ لېۋەن سەتەڭگە دېۋىندىيۇ، تەمكىنلىك غالىپ كەلدى ـ نەپسى تەققازاسىنى زورغا باستى.

ئۇڭغىچە بۇلبۇل مىسال سايراشقا باشلىغان راۋاپقا جور «سەتەڭ» ناخشىسى ياڭراشقا باشلىدى:

ئاق كەپتەرمۇ ئۇندەشكەن،
كۆك كەپتەرمۇ ئۇندەشكەن.
ھەجەپمۇ يامان ئېكەن،
قاراڭغۇدا كۆرۈشكەن.

ئاق كەپتەر ئۇچالايدۇ،
كۆك كەپتەر ئۇچالايدۇ.
ئاشنا تۇتساڭ لېۋەن تۇت.
ھەجەپ تاتلىق كۇتەلەيدۇ...

ئېيتىشنى بىلسە ناخشىنىڭ يامىنى بولمايدۇ. ئايىمخان تەجرىبىلىك ناخشىچى ئېكەن. ئۇ شوخ، جوشقۇن ناخشىلارنىڭ ماھىرى ئېكەن. ناخشا ئېيتقان چاغدا سول مەڭزىنى سەل قىڭغايتىپ، چالغۇ ئۈزلىگىگە چىرپاشقاندا ئۇنىڭ ياڭاقتا چۇشۇپ تۇغان سىكىلىگى راۋاپ پەدىلىرىنى يەلپۈگەندەك سىلكىنەتتى، راۋاپ بىلەن يۇغىرىلىشىپ كەتكەندەك قىلاتتى. بۇ ھالەت ئۇنى تېخىمۇ يېقىملىق، جازىبىلىك كۆرسىتەتتى. غېنى ناخشىنى تولۇق ئاڭلىدىمۇ، يوقمۇ نامەلۇم. لېكىن ئۇ شۇ پەيتتە ساماۋىي دولقۇنلار ئىچرە ئۈزمەكتە ئېدى.
راۋاپتىن كېيىن دۇتار، ئاندىن داپ نەغمىسى، ئۇسسۇل پەدىسى بىلەن تاڭغا ئۇلاشتى...
غېنى ئەتىسىمۇ، ئۆگۈنىمۇ بۇ ئۆيدىن ئۈزۈلۈپ چىقىپ كېتەلمىدى، كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ دېگەندەك ئالتە كۈن كەيپە-ساپا سۈردى، ئىككى ئاتىنىڭ پۇلى پاك-پاكىزە تۈگەپ ئاز-تولا قەرىزدارمۇ بولدى. يەتتىنچى كۈنى ئايىمخان «شۇڭقار» قولدىن چىقىپ كەتمەسىنىڭ ئامالىنى قىلدى: يېقىنلىرىنىڭ بىرسىنىڭ قىزىنى سالا-سۇلا بىلەن چېتىپ قويۇشتى ۋە شۇ ھويلىدا ئۆي تۇتۇپ بېرىپ، «ئىچ كۈيئوغۇل» ھېساۋىدا تۇتۇپ قالدى. ئالدىراقسان كۈنلەر ئۆتۈپ، بىر پەرزەنت تاپتىدە، ئايقلىرى ئائىلە يىپىغا چېتىلدى. بۇ ۋاقىە ئۇنىڭ ئوڭىمۇ، چۈشىمۇ ئۈزىمۇ بىلمەي، سەزمەي قالغان ئېدى .
...غېنىنىڭ كۆز ئالدىدىن شۇ سېخىرلىك كېچە ۋە ئۇنىڭغا ئۇلىشىپ داۋام قىلغان ئالتە كۈنلۈك قىسمەتلەر تىزىلىپ ئۆتكەندە، يۈرىگى قىسىلغاندەك قىلدىدە، ئورنىدىن چاچراپ تۇردى ۋە تاماكا خالتىسىنى پېقىرتىپ تاشلاۋېتىپ، ئېتىغا مىندى ـ شۇ كۆڭۈلسىز خىياللاردىن قاچاندەك، ئاتنى چاپتۇردى. ئۇ شۇ ئازغۇن كېچىنى، شۇ پۇشمان «خالتىسى» كېچىنى ئەستىن چىقىرالماي قىينالدى. چولپان قىزنى بىرىنچى كۆرگەندە بولسا بۇ پۇشمان «خالتىسى» تېخىمۇ ئېغىرلاشقان ئېدى .

ئالتىنچى باپ

غېنى قاش دەرياسىنىڭ بويىغا جايلاشقان ئاۋات مەھەللىسىگە پادا-كالا ئەندى ئوتلاقتا ماڭغان، تۇرخۇنلاردىن ئەتىگەنلىك چايغا قالانغان مەڭگەن-پاخال، تېزەك-كۆكۈملارنىڭ ئىسلىرى چىقىشىغا باشلىغان چاغدا يېتىپ كەلدى. كەچ كۈزنىڭ نەم ھاۋاسىدا ئىسسىق قوتانلاردىن يېڭىلا چىققان كالىلاردىن يېنىك ھو كۆتىرىلىپ چىلە پۈرىغى دىماققا ئۇرۇلاتتى. غېنى تاز چىراي، توپاق كۆز، توپاقتا مىنىۋالغان پادىچى بالىدىن نۇسرەت خەلپەتنىڭ ئۆيىنى سورىۋېدى، پادىچى جاۋاپ بېرىش ئورنىغا غېنىغا پالكۆزلىرىنى تىككىنىچە قاراپ قالدى.
ـ كېكەشمۇ سەن، پاقىراپلا تۇرىسەنغۇ؟
ـ ئۆزىڭىز كىم بولىسىز؟
ـ غېنى «ئوغرى» دېگەننى ئاڭلىمىغانمۇ؟
ـ ھە. ـ دەپ دېمىنى ئىچىگە تارتتى پادىچى ۋە كۆلۈمسىرەپ، ـ غېنى پالۋان... ئاخشاملا بىز، بالىلار، تونۇر بېشىدا ئولتىرىشىپ، سىزنىڭ گېپىڭىزنى قىلىشقان.
ـ كاۋا كۆمگەنمىدىڭلار ؟
ـ ھە، كاۋىسىز ئولتىرامدىغان.
ـ سەن تازلا تونۇر بېشىدا ئولتىرىپ، نان تۇتمايدىغان قىلىۋېتىدىغان.
تازچاق پادىچى قاقاھلاپ كۈلۈۋەتتى ۋە ئەيمىنىشنى قايرىپ قويۇپ، سۆزلەپ كەتتى:
ـ ئاتنى دەس مۈرەڭگە ئېلىپ، ئوتتۇز قەدەم يەرگە كۆتىرىپ بارغىنىڭ راستما؟
ـ راست.
ـ يەتتە قالماق بۆكسىنى يىقىتىپ، يەتتە ئات ئۇتۇۋالغىنىڭ راستما؟

ــ يەتتە ئەمەس، ئۈچ.
ــ ئەللىك دەريا تاشقىنىدىن ئامەلەرنى قۇتقازغىنىڭچۇ؟
ــ راست.
ــ لەك قوغلاپ چىققان ياقۇپ لوزۇڭنى ئۇرغىنىڭما راستما؟
ــ راست بولمايچۇ. شۇ سەۋەپتىن بىر يىلچە يامۇلدا ياتتىمدە!
ــ توقايلىقتا يولۋاس بىلەن ئېلىشقىنىڭچۇ؟
ــ بۇ يالغان.
ــ ھاكىم باينىڭ كېلىنى...
ــ بولارمىكىن، شېتىلە!
ــ خاپا بولمايسەندە، غېنىكا، ــ دېدى مۇغەمبىر پادىچى، ــ سېنىڭ گېپىڭنى قىلىمىز. ئىشەنمىسەڭ جۇرۇ، ئۆيگە باشلاپ بارىمەن. ئاپامنىڭچۇ ناندەك قېلىن قاتۇرما قايماقلىرى بار، ئېھ، ئەتكەن چاي بىلەن.
ــ بولدى، ماختانما. مېھماندوستلىغىڭنى كېيىن كۆرەرمىز. سەن ماڭا ئاۋال نۇسرەت خەلپىتىمنىڭ ئۆيىنى كۆرستىپ بەرگىنە !
ــ ھىم، ــ يەر تېگىدىن سىرلىق كۆز تاشلىدى، تازچاق، ــ خەلپەتنىڭ ئۆزى كېرەكمۇ، يە ھېلىقى...
ــ شاخ ئارىما، لەيلىۋاش!
ــ ئۇلار ئۆيدە يوققۇ، دەيمەن...
ــ ئەزمە، پەخشەك ئوخشىمامسەن، ئوچۇغىراق گەپ قىلغىنا !
ــ تىلىم بارمىسا... سېنى خاپا قىلىپ قويماي دەيمەنا!
ــ يۈرەك يېرىلىپ كەتكىدەك ئىش بولسىمۇ ئېيتە!
ــ خەلپىتىمنى... خەلپىتىمنى يايىلار...
ــ يايىلار؟! ــ غېنىنىڭ ئۆڭى ئۆچۈپ كەتتى.
ــ ئاخشام «ئاق ئۆستەڭ» چېپىغىدىن يېنىپ كېلىۋاتقىنىدا «ئالا بايتال» باشلىق يايىلار تۇتۇپ كېتىپتۇ...
"ئالا بايتال" دېگەندە بېشىغا تۇيۇقسىز چوماق تەككەندەك تۇيۇلدى غېنىغا. ئەسلى ئىسمى نىياز، شەنگەن يامۇلدا ئىشلىگەندىن كېيىن نىياز «لوزۇڭ» بولسىمۇ، خەلىق ئۇنى «ئالا بايتال» دەيدىغان. نىياز لوزۇڭلۇق مەنسەپكە چىققاندىن كېيىن خەلىقتىن سەي لەك، غەللە-پاراق يىغىش ئۇچۇن بىرىنچى قېتىم كەلگىنىدە ئالا بايتال مىنىپ چىققان ئىكەن. گەپ-سۆزى ئىلاندەك زەھەرلىك، ئۆزىمۇ چىغ بويۇن، ئىلانباش كەلگەن بۇ ئەشەددىي زالىمنىڭ زورلۇق-زومبىلىغى خەلىقنىڭ جېنىغا پاتقانلىقتىن ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاتاشقىمۇ دىلى تارتماي «ئالا بايتال» دەپ لەقەم قويۇشقان ئېدى. شەپقەتسىزلىكتە «داڭقى» چىققان بۇ مىللىي مۇرتەدتىن خىتايلار ئۇزۇن يىللار پايدىلانغان. نۇسرەت خەلپەتنى «ئالا بايتال» ئېلىپ كەتكەنلىگىنى ئاڭلىغان غېنى زور خەتەر بارلىغىنى ھىس قىلدى. دەرۋاقە، نۇسرەتنى «لەك بەرمىدىڭ» «غەللە-پاراق تۆلىمىدىڭ» دەپ سولىمايدۇ. بۇ يەردە باشقا گەپ بولۇشى كېرەك...
ــ ئۆيىنى ئاختۇرۇپ، ھەممە كىتاپلىرىنى، يازغان-سىزغانلىرىنى ئېلىپ كېتىپتۇدەك...
ــ يەنىچۇ، يەنە؟!
ــ چولپان قىزنىمۇ...
ــ چولپان؟! ــ بۇ ئەندى ئىككىنچى زەربە بولۇپ، غېنىنىڭ كۆزلىرىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى. چولپان ھە! چولپاننى نېمە قىلىشماقچى؟.. قىز بالىدا نېمە گۇنا؟ بۇ زامان نېمە بولۇپ كەتتى ھە..!
ــ مىش-مىش گەپلەرگە قارىغاندا بۇ ئىشقا تۇردىيۇزلۇك ھاكىم باينىڭ چېتىلىشى...
ــ ھا-كىم-باي؟! ئىزتىراپلىق ۋاقىراۋەتتى غېنى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن غەزەپ ئەلەڭگىسى چاقناپ،

ھەممىگە پادىچى بالا ئەيىپلىكتەك، غەزەپ كۆچىدە ئۇنى يەلكىدىن تۇتۇپ يەردىن يۇلۇپ ئالدىدە:
ــ دېگەنلىرىڭ راستمۇ؟!
ــ راست... ئەزبىرايى خۇدا راست، ــ دەپ ياغاچقا ئىلىپ قويغان قوچاقتەك، پۇلاڭلاپ تۇرغان ھالەتتە، پادىچى.
ــ قورقما، ئۇكا! ــ دەپ پادىچىنى ئاستا يەرگە قويدى، ئېسىنى يىققان غېنى ۋە بالىدىن كەچۈرۈم سورىغاندەك، ھېلىملىق بىلەن: ــ يەنە بىر كەلگىنىمدە ئۆيۈڭگە بارىمەن، خوش!
پادىچى غېنىنىڭ قارىسى يوقالغىچە كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇردى. ئۇنى چۆچەكلەردىكى باتۇرلار: ئەلا شېرىيازدان، رۇستىمى-داستان، ئابۇ-مۇسەللىملەرگە قىياسەن تەڭلەشتۇرۇپ، مەغرۇر ئىلمايدى...
كۆرەڭ قاشقىنى يىراقتىنلا تونۇغان ئۇششاق بالىلار ئويۇنلىرىنى تاشلىشىپ. «غېنىكام! غېنىكام كېلىۋاتىدۇ!» دەپ چۇقۇرىشىپ ئاتلىقنىڭ ئالدىغايۈگرەشتى. غول ئۆستەڭدىن سۇ ئېلىشقا چىققىشقان قىز-جۇگانلار قايرىلىپ ئاتلىق تەرەپكە قاراشتى. ئۆگۈزلەردە پاخال بېدىلەرنى ئۆردەۋاتقان دېھقانلار بۆرە مېڭىشلىق ئويناقىي ئاتقا، سۇمباتلىق يۇرتدېشىغا زوقلىنىپ، ئارىلىرىغا تايانغان ھالدا قاراپ قېلىشتى. كېيىنكى يىللاردا پات-پاتلا يوقاپ كېتىپ، ئارىلاپ پەيدا بولۇپ قالىدىغان غېنىنى يۇرتداشلىرى سېغىنىپ قالسا كېرەك، بۇگۈن ئۇنىڭ كېلىشىنى خوشال-خورام قارشى ئېلىشىپ، ئۆيلىرىگە تەكلىپ قىلىشقانلار ئاز بولمىدى. بۇ قېتىم ئۇششاق بالىلارلا ئومۇلۇپ قېلىشقان، قاپاقلىرى چۈشۈپ، دومسىيىشقان ئىدى. ئۇلار ھەر قېتىمدىكىدەك غېنى ئاكىسىنىڭ كەينىدىن قالماي ئۆيىگىچە ئۈزىتىپ قويۇشماي، چوڭ كوچىدا بىرلەپ، ئىككىلەپ ئۈزۈلۈپ قېلىشتى. بۇ قېتىم غېنى ئاكىسى قۇرۇق قول ــ زىماتاڭگا، كەمپۈت-پەتتاسىلاردىن بىر تالمۇ بازارلىق ئەكەلمەپتۇ. ئۇنىڭ ئەپتىدىن بازارلىق ئەمەس، جۇدۇن-چاپقۇن يېغىپ تۇرغاندەك كۆرۈنىدۇ. غېنىدىكى بۇ كەيپىياتنى يۇرتداشلىرىمۇ سېزىشكەن، بىرەر چاتاققا مۇپتىلا بولدىمېكىن دەپ تەشۋىشلىنىشكەن ئىدى.
"چاتاقچىنىڭ" مەھەللىدە پەيدا بولۇشىغا نائىلاج بولغان ئۇنىڭ رەقىپلىرىنىڭ پۇشقاقلىرىغا پىشت چۈشۈپ سوكۇلداپ «ئاگا بولۇڭلار» دېيىشكەندەك، شۇ ئان بىر-بىرىنى خەۋەردار قىلىشتى. غېنى ئۆز ئۆيىنىڭ ئالدىدا توختاپ، ھويلىغا كىرمەستىنلا ئېتىنىڭ بېشىنى ھاكىم باينىڭ ئۆيىگە ئاپىرىدىغان كوچىغا بۇرىغاندا يۇرتداشلىرى بىر-بىرىگە مەنالىق قارىشىپ قويۇپ، ئۇنىڭ كەينىدىن كۆزىتىپ ماڭماق بولۇشۇپىدى، غېنى «قېلىڭلار» دېگەندەك قامچا تۇتقان قولىنى شىلتىدى. شۇنداقتىمۇ بەش-ئونى سوڭىدىن قالمىدى. تۇردىيۈزىنىڭ ئەڭ ئاتاقلىق باي-زېمىندارى ۋە شاڭيۇسى ھاكىم باينىڭ ئۆيى باشقا ئۆيلەردىن پەرىقلىنىپ تۇرىدۇ. پەشايۋىنى كۆتىرىپ سېلىنغان نەچچە يۈرۈش ئىمارەتنىڭ ئۆزىلا زور بايلىقتىن دېرەك بېرىپ، قورغانسىمان ئېگىز تاملار بىلەن ئىھاتىلەنگەن، ھويلا ئىچىدە بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىش تەس. غېنى كەلگەن پېتى بېغىر رەڭ سىردا سىرلانغان چوڭ قاپقىنى قامچا سېپى بىلەن تاقىلداتتى. جاۋاپ بولمىغاچقا مۇشتۇملاپ، جالاقلاتتى .
ــ كىمۇي؟! دەرۋازىنى چېقىۋېتەمدېكىنە؟ ــ خوتۇن كىشىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.
ــ مەن. ئاچ! غېنى «ئوغرى»، كۆرگۈڭ كەلمىدىمۇ؟
ــ ۋاي، ئاللا! ــ بەدەر قاچتى ئايال.
غېنى ئېگەرنىڭ ئۈستىگە ئۆرە بولۇپ، قاپقىغا بويلاشتى ۋە ھويلىغا سەكرەپ چۈشمەك بولۇشىغا ئاكىسى ئېلەم يۈگرەپ كەلگەن پېتى:
ــ نېمە خەقنىڭ تېمىغا يامىشىپ يۈرىسەن، چۈش بۇ ياققا! ــ دەپ ئاكىلارچە تەلەپچانلىق بىلەن ۋاقىرىدى.
ــ ئارىلاشما. ئۆيۈڭدە نامىزىڭنى ئوقۇپ تېچ ياتىۋەر ئاكا.
ــ چۈش دەيمەن. بالا تېپىپ بېرىسەن...
ئۇڭغىچە بىرلەي، ئىككىلەپ تورلانغان يۇرتداشلىرى غېنىنىڭ پەيلىنى سېزىپ، ھاكىمباي، روزى

ئىمام ۋە ئەللىك بېشلار بىرلىكتە توققۇز تارا تەرەپكە كەتكەنلىكىنى ئېيتىشتى.

—خەپ، كېچىكىپ قالغىنىمنە! بەرى بىر مېنىڭدىن قۇتۇلالمايسەن! — غەزىۋى تېخىچىلا بېسىلمىغان غېنى يەنە ئاتلانماق بولدىيۇ، كۇرەڭ قاشقىنى چېلىقتۇرمىسا زورۇقۇپ ئۆلۈشى مۇمكىنلىكىنى ئەسلەپ ئاكىسى ئېلەمنىڭ رايىغا بېقىپ، ئۆيىگە كەلدى.

—نەلەدە ئوتلاپ، نەلەردە سۇلاپ يۈرسەنكىنتاڭ، ئۇكام. ئالتۇن قوزۇق ئۆيۈڭگىمۇ باش تىقمايدىغان بولۇۋالدىڭ، — دېدى ئاكا-ئۇكىلار، يەڭگە-سىڭىللار دەستىخان چۆرىسىگە جۇغى-جەم ئولتىرىشقاندىن كېيىن، چوڭ ئاكىسى ئېلەم.

—ئۆزەڭگە تاۋى يېرىڭنى قوراي بېسىپ يېتىپتۇ. ئاتا كەسپى دېھقانچىلىقتىن ئۇلۇق ئىش بولمايدىغۇ، — دەپ ئۆكۈندى كىچىك ئاكىسى ئەمەت.

—قاياقلاردىن ئويلىنىۋالدىڭكىنتاڭ، ئېگەكىم... ئۇ شەلىك يەڭگىنىمۇ كۆرمىدۇق، راستلا، قىزىڭغا مۇبارەك بولسۇن، ئاكا! — سىڭىللىق مېھرىنى تۆكتى ئايسىخان.

—ئۇ يەڭگەڭنىڭ گېپىنى ئىككىنچى قىلما. پۇچۇغۇم، — دەپ سىڭلىسىنىڭ پاناغىراق بۇرنىنى چىمداپ قويدى، ئەركىلەتكەن ئاكا .

قېرىنداشلىرى غېنىنىڭ بۇ سۆزلىرىگە ھەيران بولۇشتىيۇ، لېكىن تېگى-تەتىنى سۈرۈشتە قىلىشقا پېتىنالمىدى.

بۇ ئائىلىنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىدىن تارتىپ مىراس بولۇپ كېلىۋاتقان ئۈچ يۈز خولۇقچە «مۆھىرلىك» يېرى بولىدىغان. مەمەتباقى تاغا ۋاپاتىدىن كېيىن يەر ئۈچ ئوغۇلغا تەخسىم قىلىنغان. دەسلەپكى ئىككى-ئۈچ يىل ئۆز بېشىغا ئوڭچە دېھقانچىلىق قىلغان غېنى زىرائەتتىن مول ھوسۇل ئالدى. ئۇ يالغۇز ئۆزى بەش كىشىنىڭ ئوقىتىنى قىلىپ، بەش كىشىلىك ئومىنى ئوراتتىدە! لېكىن ئەتراپتىكى مۇھىت تۈپەيلى، ئۇنىڭ جوش ئۇرۇپ تۇرغان قەلبىگە يېزا تارلىق قىلدى. قۇشلار ئەركىن پەرۋاز قىلغاندەك، كەڭ تاشالىققا، ئەركىنلىككە تەلپۈندى. ئۇ باشقىلارغىمۇ كەڭ-تاشالىقنى، ئەركىن بولۇشنى خالايدۇ، شۇ كويدا يۈرىدۇ، ھەرىكەت قىلىدۇ... غېنىغا قايتىدىن ساپان تۇتقۇزۇش ئۇنى ساپانغا، تار يېزىغا بەنت قىلىش ئەندى مۇمكىن ئەمەس.

—مەلىگە چىقىۋالساڭ قۇۋا-چۇۋا، گۇڭگۇر-مۇڭگۇر يۈرسەڭ ياخشى بولاتتى، ئىنىم، — دېدى يەڭگىلەرنىڭ بىرى.

"يىراقتا كىشىنىشىدۇ، يېقىندا چىشلىشىدۇ" دېگەندەك، يىراقتاراق يۈرگەن ياخشى بولارمېكىن، يەڭگە! — دەپ گەپنى باشقا قىنغا سالماق بولدى غېنى .

—قەيەردە يۈرسەڭ يۈر ، ئۇكام. ئەشۇ شوخلىغىڭنى تاشلىساڭ دەيمىز.

—راست ئېيتىسەن، ئاكا، — دېدى ئېلەمنى قوللىغان ئەمەت، — يالغۇز قارا كۈچۈڭگە تايىنىپ ھاكىمباي، روزى ئىمام ئوخشىغان ئاتارمەن-چاپارمەنلەر بىلەن ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرساڭ ئوڭداڭغا چۈشكىنىڭ-چۈشكەن.

—شۇنداق بولمايچۇ. ئۇلارنىڭ كەينىدە لوزۇڭ ، شەنگەن، دارىنلار تۇرسا تەڭ كەلگىنى بولامدۇ؟!

—جېنىمغىنا ئاكا، تېچ يۈرگىنە؟.. سېنى ئويلىسام يۈرىگىم يىغلايدۇ...

كۆيۈمچان سىڭلىسىنىڭ قۇندۇز چاچلىرىنى ئاكىلىق مېھرى بىلەن سىلىغان غېنى ئاستا، باشقىسى ئاڭلىمىسۇن دېگەندەك پىچىرلىدى:

—مېنى ھېچ كىم قورقىتالمايدۇ، سەنما قورقما، سىڭلىم...

ئولاش-چولاش كىرىشكەن ئەر-ئايال يۈرتداشلىرى ئائىلەۋىي سۆھبەتنى بۇزۇۋېتىشتى.

—كۆزۈمىزدىن ئۈچۈپلا كەتتىڭا، بالام. سېنى قەۋەتلا سېغىنىپ كەتتۇغاي، — غېنى گويا ھەرەمدىن كەلگەندەك، ئۇنىڭ قوللىرىنى كۆزلىرىگە سۈرتتى دۇمچەك موماي.

—سەن يۈرتتا بولساڭ كۆڭلىمىز توق تۇراتتى، — دېدى چا ساقال دېھقان.

ـ شۇنى دېگىنە، ئانچە-مۇنچە ئەھۋالىمىزنى ئېيتىپ، يېنىكلىشىپ قالاتتۇق، ـ قوشۇمچە قىلدى بېشى توختىماي لىڭشىپ تۇرىدىغان قېرى بوۋاي.

ـ توي-تۆكۈن، چېلىشلار سەن بار چاغدىلا قىزىغان چېغىكە، ھازىر ياشلار ئەسنىشىپ ئولتىرىدىغان بولۇۋالدى...

ئۆينىڭ ئىچى لىق تولۇپ، بوسۇغىدىمۇ ئولتىرىشقان يۇرتداشلار غېنىنى سوئال-سوراقلارغا كۆمۈۋېتىشتى. غېنىمۇ ئۆز نوۋىتىدە ئىخلاس بىلەن ھەممىسىنىڭ ھال-ئەھۋالىنى سورىدى .

ـ كۆزلۈك ئۇن تارتىپ، ئوتۇن-ياغاچ جايلىۋالغانسەن؟ ئۆيۈڭدە تامچا ئۆتمەيدىغاندۇر، زورا چوڭنا؟ ـ ئالاھىدە تەكىتلەپ سورىدى غېنى دۇمچەك مومايدىن .

ـ نەۋرىسى ئەسقېتىپ قالدى. موماي بىزدىنمۇ سەرەمجانراق، ـ زورا موماينىڭ ئورنىغا چا ساقال جاۋاپ بەردى .

ـ سوقۇملىغىڭ باردۇ؟

ـ ئۇنىڭغا يېتىش نەدە دەيسەن، بالام، ـ سوقۇمنىڭ ئېتى چىققاندا موماي تىلىنى چىقىرىپ، قورۇق لەۋلىرىنى يالاپ قويدى. بۇنىڭدىن نەچچە يىل ئىلگىرى، قىشنىڭ راسا جاڭگىرلاپ تۇرغان سوغ كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، سېمىز تۇۋۇ سىيىرنى سويۇپ، تۇزلاپ، قازناقىا ئېسىپ بەرگەن موشۇ غېنىدە! ئۇھ، شۇ يىلى نەۋرىسى ئىككىسى قىشچە ماي چايناپ چىققانە! موماي ئاغزىغا يىغىلىپ قالغان سېرىق سۇنى غۇرتتىدە يۇرتىۋەتتى.

ـ سېنىڭ ھالىڭ قانداق؟ ـ دەپ چا ساقالدىن سورىدى غېنى، ـ تېخىچىلا ھاكىمباينىڭ چاڭگىلىدىن چىقالماي يۈرەمسەن؟

ـ قانداق قىلاي، ـ ھارسىندى چا ساقال دىھقان، ساقىلىنى ئوچۇملام، ـ رەنگە قويغان يېرىمنى قايتۇرۇپ ئالغىچە ياللىنىپ ئىشلەيمەندە.

ـ ئۆمۈر بويى ئىشلىسەڭمۇ ئۇ جازانخوردىن قۇتۇلالمايسەن. ئۇنىڭ كىملىگىنى تېخىچە بىلمەي يۈرەمسەنا؟ ئۇلار بىلەن يەڭ تۇرۇپ ياقىلاشمىغىچە بولمايدۇ، ئۇقتۇڭمۇ؟ ـ غېنىنىڭ زەردىسى قايناپ كەتتى. ئۇنىڭ مىجەزىنى ياخشى بىلىدىغان يۇرتداشلىرى شۈك ئولتىرىشتى.

ـ ئېيتساڭ تىلىڭ كۆيىدۇ، ئېيتمىساڭ جېنىڭ، دېگەندەك ئېيتىپ كەلسەڭ دەرت تولا، ـ دەپ چوڭقۇر تىندى ياشىراق بىرسى.

ـ قانداق قىلساق بولىدېكىنتاڭ، لەڭنى ۋاقتىدا تۆلىمىدىڭ دەپ يەر خېتىمنى تارتىۋېلىشتى...

ـ مېنىڭكىنىمۇ!

ـ مېنىڭكىنىمۇ!

يەرلىرىنىڭ مۆرى خېتىنى تارتقۇزۇپ قويغانلارنىڭ سانى ئونغا يەتتى.

ـ كىم شۇ تارتىۋالغان؟

ـ كىم بولاتتى دەيسەن، ئەشۇ «ئالا بايتال»، ھاكىم شاڭيۇلاردە!

ـ تېخى ھاكىم باي لەڭنى ئۆزەم تۆلەيمەن، گادايلارنىڭ يېرى تەۋە بولىدۇ دېگىدەك...

يۇرتداش دىھقانلار دەرت-ئەھۋالىنى ئېيتمىسىمۇ ھەممىسى غېنىغا مەلۇم. ئەمەلدارلارنىڭ، ئۇلارنىڭ گۇماشتىلىرى بايلارنىڭ، شاڭيۇلارنىڭ زوراۋانلىغى، مۇتەھەملىگى بۇگۈن-تۇنۇگۈنكى ئىش ئەمەس، ئەزەلدىن كېلىۋاتقانلىغىنى كىم بىلمەيدۇ؟ ئەمەلدار كەتسە ئورنىغا باشقىسى كېلىدۇ. شاڭيۇ ئۆلسە ئورنىغا باشقىسى بەلگۈلىنىدۇ. يېڭىلىرى كونىلىرىدىن بېتەر زالىم، ئاچ كۆز، پارىخور. بۇ شۇ پېتىچە قېلىۋېرىدىغان ئەمەلدارلار، بەگلەر-شاڭيۇلار شاپ، كۇلۇپ، دىھقانلار موشۇنداق زار قاخشاپ ئۆتىدىغان زامانمۇ؟ خىتايلارغۇ چەتتىن كېلىپ ئەزسۇن، بۇلىسۇن، يېسۇن، بوزەك قىلسۇن دەيلۇق، بۇ ئۆز مىللەت، دىنداش، قېرىنداشلىرىمىز بەگلەر، شاڭيۇلار، بايلار نېمىشكە ئۆز خەلقىگە كۆيۈنمەيدۇ؟... خىتاي جاڭگۇدىلار ھەممە ئەسكىلىكنى شۇلارنىڭ قولى بىلەن قىلىدىغۇ! موشۇلارنى ھەممىمىز

بىلمەمزمۇ؟ ئەگەر نۇسرەت خەلپەت چەت-چۆرىسىنى ئىيتىپ، چۇشەندۇرمىگەن بولسا مەنما ھا-ھا، ھو-ھو بىلەن گاراڭ يۈرەر ئىدىم. نۇسرەت خەلپەت...غىنىنىڭ يۈرىگىنى سوغ تۆمۈر پەنجە قىسقاندەك سەسكەندى. ئۇ نۇسرەتنى سولاتقانلارنىڭ بىرى ھاكىم شاكىيۇلارنى «ئۇچۇقداپ» ئەنتىنى ئىلىش ئۈچۈن بۇ يېزىغا كەلگەن ئەمەسمىدى؟ نېمە ئۈچۈن بۇ يەردە ئولتىرىدۇ؟ يۈرتداشلىرىنىڭ دەردىگە دەرمان بولغىدەك باشقا ئىش قولىدىن كەلمىسە، ھاكىم باينىڭ كەينىدىن قوغلاپ بىرىپ يەر خەتلىرىنى تارتىۋىلىشقا چامىم كەلمىسە «غىنى پالۋان» بولغىنىم قۇرسۇن...

-قايسىڭ مەن بىلەن بىللە بارالايسەن؟ ــ كەسكىن سورىدى ئىغىر خىياللاردا ئىلكىدە بىر نەچچە دەقىقە جىم ئولتارغان غىنى .

-ئۆزەڭنى ئوتقا ئاتماقچىمۇسەن؟ تەشۋىشلەندى چوڭ ئاكىسى ئىلەم.

-بالاغا قالىسەن، بالاغا! ئۆزەڭنى ئايىمىساڭمۇ، قىرىنداشلىرىڭنى ئايىساڭچۇ، ئىنىم، ــ زارلاندى، كىچىك ئاكىسى ئەمەت.

-ئۆزەمنى ئاياپ، قورققانچاقلىق قىلىپ، يەتكەن يىرىمىز موشۇغۇ! ئۆيدە ئولتىرىپ ئاھ-ۋاھ ئۇرغاندىن نىمە ھاسىل چىقىدۇ؟ ياق، مەن مۇنداق ياشالمايمەن!

ئاكىلارنىڭ يالۋۇرىشىغا، ھەمشىرەلەرنىڭ زارلىشىغا قارىماي ئاتلاندى غىنى. شۇ پەيتتە ئۇنىڭ يولىنى ھىچ كىم توساشقا قادىر ئەمەس، ئۇما كۆنمەس، چۈنكى ئۇنىڭ ھاكىم شاكىيۇغا نىسبەتەن غەزىۋى، ئۆچمەنلىگى چەكسىز ئىدى. ئۇنىڭ بۇ تەرەپكە شەخسىي قەھرىمانلىقتا مايىل ھەرىكىتى دىھقانلارنىڭ مەنپىيىتى ئۈچۈن پايدىلىقمۇ ياكى دەخلىسى بولامدۇ، بۇ جەھەتلەرنى ئەتراپلىق ئويلاشمىغان ۋە ئىجتىمائىي قارىمۇ-قارشىلىقلارغا دائىر چۈشەنچىسى چەكلىك بولغان غىنى ۋىيدان ئەمرى، ئەرلىك غۇرۇرى بويىچە بوزەكلەرگە يان باستى، زوراۋانلارغا قارشى چىقتى، ئۇلاردىن ئۆچ ئىلىشنى مەقسەت قىلدى .

***

ئۇلار گۇگۇم چۈشكەندە توققۇز تاراغا يىتىپ باردى. ئىشىكى چوڭ كوچىغا قارايدىغان پاكا تام ئۆينىڭ ئالدىغا كىلىپ توختاشتى .

-ھالىڭ قانداق، مۇزلىدىڭمۇ؟ ــ دەپ سورىدى غىنى ئاتتىن چۈشۈۋىتىپ يولدىشىدىن.

-سورىما، ــ دىدى مەھەممەتجان ئۇلۇق-كىچىك تىنىپ. مونۇ سوك-سوك ئۇچەي-قىرىنىمنى تەتۈر ئۆرۈۋەتتى. خۇددى كىلىنچەكلەر كىلە سوققاندەك قاتىرايدىكەن بۇ ھارامىلىق...

-ھازىر كاڭشاڭدا ئولتىرىپ، شاكپەر چاي1 ئىچكەندە ساقىيىپ كىتىسەن، ــ دىدىدە، يان ئىشىكنى تاقىلدىتىپ، ــ ھاي، سەي شەنسىن، بارمۇسەن! ــ دەپ ۋاقىرىدى، غىنى.

مونۇ خىتىيىڭ بۇ جۇدۇندا قاشاڭدىن قوپامۇ؟

-مىنىڭ ئۇنۇمنى ئاڭلىسا ئالدىرىغىنىدا خىينى تەتۈر كىيىپ چىقار. ئىشەش قىلغان ئۈچۈن سىنى باشلاپ كەلدىمدە. قاراپتۇر، ھەممە خەۋەرنى موشۇ خىتايدىن ئاڭلايسەن.

خۇددى سىپىل قاپقىسىنى ئاچقاندەك، يان ئىشىكنى قىيا ئىچىپ، بىشىنىڭ يىرىمىنى چىقاردى ئۆي ئىگىسى، ۋە:

-مەن بىلىدۇ، سەن شۇ كىلىدۇ. ئەيىا، سوگاكى، سوگاكى! ــ خۇشخۇيلۇق بىلەن ئىشكنى كەڭ ئاچقان خىتاي، ــ كىرسۇڭ ئاتى باغلىسۇڭ. شاۋ گۇي! ــ دەپ ۋاقىرىدى. شۇ ئان كىچىك بالا پەيدا بولدى. ئىككى ئاتنى قورا تەرەپكە يىتىلەپ كەتتى. سايىپخانا بولسا كىچىك فونارچىدا مىھمانلارنىڭ ئالدىنى يورۇتۇپ، غىنى يىنىچە ئاران سىققان تار ئايۋان ئارقىلىق كاڭشاڭلىق ئۆيگە باشلاپ كىردى. مىھمانلار كاڭشان ئۈستىگە سىلىنغان لەكەن سۈرەگە چازا قۇرۇپ ئولتىرىشقاندىن كىيىن غىنى

تېچلىق-ئامانلىق سورىدى .

-كەچتە ئىشىگىڭنى تاقىلداتتىم، خاپا بولماسسەن، سەي شەنسىن؟

-سەن، ئاينى، سالاڭ. مەن خوشال شۇ، - سەي شەپىرەڭ قانات قاققاندەك قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ، خىتاي رەسمى بويىچە دەرھال ئىسسىق چاي كەلتۇردى ۋە بىر گەز ئۇزۇنلۇقتا غاڭزىغا تاماكا سېلىپ، تۇتاشتۇردىدە، غېنىغا ئۇزاتتى.

-موشۇ قىلىغىڭغا خۇشتارمەندە، سەي جاڭگۇدا! - غاڭزىنى ئېلىپ، راھەتلىنىپ شورىدى غېنى ۋە ئات سوقۇپ، بېلىنى كۆتىرەلمەي قىڭغىيىپ ئولتارغان مەھەممەتكە جوۋىدى.

-سەن ياخشى كەلدى شۇ. سەن كەلمىسۇڭ، مەن ئەرتەڭ ساڭا بارىدۇ شۇ، گەپ تولا-تولا...

-نېمە-نېمە؟! بىر نەرسە بولدىمۇ؟ - غېنى ئالدىراش سورىدى.

-سەن ئالدىرمىسۇڭ. سەن شۇ نېم يەيدۇ؟

-نېمە بەرسەڭ شۇنى يەيمىز.

---

1شاڭپەرچاي - ئالىي سورتلۇق چاي.

-ھەي بولمايدۇ. سەن مۇسۇرمان شۇ، قوي سويسۇن. - قارشىلىق كۆرسەتتى، مۇسۇلمانچىلىقتىن خەۋىرى بارخىتاي.

-قوي سويالامسەن، دوغىلاق؟

-شۇ تاپتا تۆگىنىمۇ سويۇشقا تەييار، - دېدى مەھەممەتجان ئاغزىنى تامشىپ.

-سويدە، بىزگە ئاتىغان قوي بولغاندىكى، ھەممىنى قازانغا سال، ئېشىپ قالسا يولغا ئېلىۋالىمىز.

-شۇنداق، شۇنداق، - دېگەن پېتى مەھەممەتجاننى باشلاپ چىقىپ كەتتى سەي.

نەچچە كۈن ئات ئۈستىدىن چۈشمىگەن غېنىغا ھادۇق يەتكەن بولۇش كېرەك، ئىسسىق ئۆيدە ئۈنى ئۈگدەك بېسىشقا باشلىدى.

سەي فامىلىيەلىك خىتاي توققۇز-تارادا چوڭ بولغانلىقتىن ۋە ئۆمرى يەرلىك خەلقلەر بىلەن بىرلىكتە ئۆتكەنلىكتىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇرپى-ئادەتلىرىنى ياخشى بىلىدىغان ۋە ھۆرمەت قىلىدىغان، يەرلىك خەلققە ھېمىشەم ياخشىلىق تىلەيدىغان. شۇ سەۋەپتىن بولسا كېرەك خەلق بىلەن مۇناسىۋىتى ياخشى ئېدى. ئۇ ئۈتتۈر ئوقەت ئادەم. باشقا ئوپقان خىتايلاردەك ھېچ قاچان جازانىخورلۇق قىلمىغان، سەي كۆكتاتچىلىق قىلاتتى. بۇنىڭدىن بەش يىل ئىلگىرى، ئىلى دەرياسى تاشىدىغان مەزگىلدە، چوڭ قىزىنى ئەرگە بېرىش ئالدىدا غۇلجىدىكى «چىڭ خۇئاڭ مياۋ» ناملىق بۇتخانىغا چوقۇندۇرۇشقا ئېلىپ كېتىۋاتقىنىدا ياماتۇ كېمىسىنىڭ ئۆتكۈل سىمى ئۈزۈلۈپ، ئۆركەشلىك دولقۇنلار كېمىنى ئېقىتىپ ماڭىدۇ. دەل شۇ ئاندا، ئاسماندىن  چۈشكەندەكلا، قىرغاقتا پەيدا بولغان غېنى ئەھۋالنى بايقاپ، ئۈست كىيىملىرىنى يېشىپ، دەرياغا ئۆزىنى ئوقتەك ئاتىدۇ. كىچىكىدىنلا ئۈزۈشكە ماھىر، ئىلى دەرياسىدىن نۇرغۇن قېتىم ئۈزۈپ ئۆتۈپ يۈرگەن، بەزىدە ھەتتا قوينى مۈرىسىدە كۆتىرىپ ئۆتۈپ كېتىدىغان غېنى سۇدا بېلىقەك ئوينايتتى. بۇ قېتىممۇ دولقۇنلار بىلەن ئويناشقاندەك، ئىشەشلىك غۇلاچ تاشلاپ، كېمىگە يېتىپ باردىدە، ھودۇقۇپ، نېمە قىلىشنى بىلمەي تېنەپ قالغان ئىككى قېرى كېمىچىگە مەدەت بەردى. كۈچلۈك قوللار پالاقنى تۇتقاندا كېمىنىڭ يۈرۈشى ئۆزگىرىشكە، بۇ ھالدا كېمىچىلەرگىمۇ غەيرەت كىرىپ، ئۇلار كېمىنى ئىشەشلىك باشقۇردى ۋە ئاخىرى سىمنىڭ بىر چېتىدىن ئايرىلمىغان كېمە شىمالىي قىرغاققا سۈرۈلۈپ كېلىپ توختىدى. ئۈچ جان: سەي ئايالى ۋە قىزى ئۆلۈم خەتەردىن قۇتۇلغان ئېدى. ئۆتنە ئالەم سەيشەنسىنمۇ غېنىنى ئىككى قېتىم-دەسلەپ

قېتىم سولاقتىن، ئاندىن سولىنىشتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالدى، سەينىڭ كۆيئوغۇل توققۇز-تارا شەنگەن يامۇلىنىڭ ئىش باشقۇرغۇچىسى ۋەزىپىسىدە ئىشلىگەنلىكتىن شۇنىڭ ئارقىلىق غېنىغا ئارا بولالىغاندە! ئىككىسىنىڭ ئۆز-ئارا دوستلۇق رىشتىسىنىڭ باغلىنىشىغا ئاساسىي سەۋەبىنىڭ بىر تەرىپى موشۇ بولسا، ئىككىنچىسى بىر-بىرىگە نىسبەتەن ئاق نىيەت ۋە ئىشەنچە-ھۆرمەت. غېنى سەينى «خىتاي» دەپ ھاقارەتلىمەيدۇ. سەي غېنىنى «چەنتۇ» دەپ يەكلىمەيدۇ. ئىككىسى ئىناق دوستلار.

سەي مەھەممەتكە سويىدىغان قوينى، پىشىرىدىغان قازاننى كۆرسىتىپ بېرىپ قايتىپ كىردى. سىركىگە چىلانغان چەلەڭ، تۇزلانغان دادۇ پوچاق سېلىنغان خونچىلارنى غېنىنىڭ ئالدىغا قويدى. ئىنجىقلاپ تۇرۇپ، كاڭ تېگىدىن هاراق پىگىنى ئالدى ۋە ئىككى چىنە قەدەھكە قۇيۇپ:

ـ ئىچ، ـ دېدى، دوستانە قىياپەتتە.

ئىككى قەدەھ ئىچىلگەندىن كېيىن، سەي دېدى:

ـ سەن شۇ چاتاكى تولا-تولا...

ـ خىتايچە ئەزمىلىگىڭنى قوي. ئۆلۈم خەۋىرىنى ئېيتساڭما، تاڭگادەك سوزماي ئېيت!

ـ سەن شوخۇزا[1] ـ بالاڭزە بىلمەيدۇ. شۇ زامان يامان.

ـ زامانەڭنى كىم ياخشى دەپتۇ؟ ـ غېنى زەرپ بىلەن قەدەھنى كۆتىرىۋەتتى.

ـ سېنى سولايدۇ گەپ بار شۇ.

ـ شۇلىما؟ بۇ يېڭىلىق ئەمەسقۇ، سەي!

ـ توكىتا، ئاينى ئۇكاڭزا! ـ دەپ غاڭزىسىنى شورىدى سەي ۋە ئۇيغۇرچە تەس سۆزلەرنى يامداپ بولسىما مەقسەتنى ئۇقتۇردى؛ هازىرقى جىددىي، ۋەزىيەتتە بەش-ئون زامان كۆزدىن نېرى بولۇشنى، شەنگەن، لوزۇڭ، شاڭيۇلار غېنى ئوخشىغان «دودەڭلەرنى» سولاش، كۆزدىن يوقىتىشقا جەزم قىلغانلىغىنى ئېيتىپ كېلىپ:

ـ سەن باي، شاڭيۇ ئۇرىدۇ، يايى، لوزۇڭ تىللايدۇ، نېمە پايداڭ بار؟ بېتىڭكار، ـ دېدى، غېنىنىڭ بۇ خىل «يەككە» ھەرىكەتلىرىدىن نەتىجە چىقماسلىقنى بۇرۇنلاردىمۇ دەيدىغان ئۇ.

ـ سەن ماڭا ئوچىغىنى ئېيتقىنا! ـ تەلەپ قىلغاندەك سەيگە تىكىلدى غېنى.

ـ ھەي، مەن دېدى: شىڭ-شىسەي يامان ئاداڭ. ئۇ چەنتۇلارنى سولايدۇ خىيال بار. سەن يىلاك-يىلاك كەتسۇن...

شۇ كېچىسى ئۇلار خېلىغىچە ئەسرارلاشتى.

غېنىنىڭ كەلگىنىنىمۇ، كەتكىنىنىمۇ سەينىڭ خولۇم-خوشنىلىرى بايقىمىدى ـ قاراڭغۇدا كېلىپ، قاراڭغۇدا كەتكەن ئېدى. قارا سوغدا يەر بېتى توڭغىلاققا ئايلانغان. تاقىسىز، جۇگازدىنلا چىقىرىپ، مىنگەن تورۇق سوك-سوك تېشىقاپ، ماڭالماي قالدى.

ـ ئاتتىن چۈش، ئاداش. مەشەدە ئىككىمىز بۆكىمىزنى ئالدىمىزغا قويۇپ، مەسلىھەتنى چىڭىتايلى، ـ دېدى غېنى توققۇز-تارادىن خېلە ئۇزىغاندىن كېيىن، ئېتىنى توختىتىپ.

---

1شوخوزا ـ گۆدەك بالا .

ـ مەسلىھەتنىڭ ھەممىسى ئاخشام پۈتكەنغۇ، يەنە نېمىنى ئويلاپ تاپتىڭ؟ ـ دېدى مەھەممەتجان.

ـ ئادەم دېگىنىڭ سەھەر ۋاقتىدا لاچىندەك چېچەن بولارمىش. كەل، ئولتار. يەنە بىر قېتىم ئۇبدانىراق مەسلىھەت قىلىشايلى:

ـ قارىغوجىنى قويۇۋەتمىگەنسەن؟ ـ چېقىشتى تاماكىنى تۇتاشتۇرۇپ غېنىغا جوۋغان دوستى.

ـئاخشامقى مەسلىھەتتە بىر نەرسىنى ياخشى ئويلىماپتىمىز.

ـنېمىنى؟

ـبىر نېمىنىدە!

ـھە، بىلدىم: مونۇ سوك-سوك قاشاڭ پۇتلىكاشاڭ بولىدۇ دېمەكچىسەنغۇ! خەپ، خالتار يورغام ئالا-قاراق بولۇپ ئۆلمىگەن بولسا، ساڭا يول بەرمەس ئېدىمدە!

ـگەپ ئاتتا ئەمەس. ئات كېرەك بولسا ھازىرلا تاپالايمىزغۇ.

ـئۇنداق بولسا، تۇرۇپلا ماڭا كۆڭۈلسىز بولۇپ  قالدىڭمۇ؟ ـ قاقاخلاپ، خۇش كۈلكىسىنى كۈلدى مەھەممەتجان.

ـيوق گەپنى قوي، ـ دەپ دوستىنى كۈلكىدىن توختاتتى ۋە: ئاخشام سەينى كۆنمەيدۇ دەپ ئەتتەي بۇ گەپنى ئاچمىدىم.

ـھىم، ئويلىنىپ تۇردىدە، دېدى مەھەممەتجان: ـ كۆڭلۈڭگە پۈككەن-تۈككەنلىرىڭنىڭ ھەممىسىنى سەينىڭ ئالدىغا شاراقلىتىپ تۆكۈۋەرسەڭ ياخشى بولماس، قانچە قىلغان بىلەن خىتاي دېگەن ـ خىتايدە!

ـسەي شەنسىنگە ئىشەنمە دېمەكچى بولامسەن؟ سەينىڭ ماڭا قىلغان ياخشىلىقلىرىغا قاراپ تۇرۇپ ئىشەنگۈڭ كەلمەمدا؟

ـسەن سەينىڭ خوتۇنى، قىزى بىلەن خەتەردىن قۇتقازدىڭ. ئۇ سېنى ئىككى قېتىم خەتەردىن ساقلاپ قالدى. بۇ ئەندى: مەن ـ ساڭا، سەن ـ ماڭا دېگەندەك، ئۆتنە ئالەم ئىشتە!

ـبارە! ـ دوستىنى سىلكىۋەتتى غېنى، ـ سەن كومشا ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدىماقچىسەن.

ـۋاي-ۋۇي، مونۇنىڭ دانىشمەن بولۇپ كەتكىنىنى... ھۇي، تېخى تۇنۇگۇنلا «خىتاي ئەدىۋايىنى كۆرسەم قۇيقا چېچىم تىك تۇرىدۇ» دەيدىغان سەن ئەمەسمېدىڭ؟ ھەجەپ چاپسانلا ئۆزگىرىپ كېتىپسەنا؟!

ـئۆزگەرمەيچۇ! ئۆزگەرمەيدىغان مۇزاتنىڭ چوققىسى دېۋىدىڭمۇ؟

ـبوپتۇ، بوپتۇ. زالىم خىتايلار بىلەن ئىناق بولغۇڭ كەلسە بولۇۋال، سوغ كۈلدى مەھەممەتجان.

ـھېجايما! ـ تېرىكىشكە باشلىدى غېنى، ـ كىم ساڭا زالىم خىتايلار بىلەن ئىناق بولىمەن دەپتۇ؟

ـتېرىكمە. خىتايلارنىڭ ئەمەلدار-لويىسىمۇ، خۇرجا1 ـ سودىگىرىمۇ، ھەتتا ئاددىي پۇخراسىمۇ بىزنى بوزەك قىلىدىغانلىغىنى ئۇنتۇماسلىغىمىز كېرەك دېمەكچىمەندە، ئاداش!

ـئۆز ئىچىمىزدىن چىققان بەگ-غوجاملار، لوزۇڭ-شاڭيۇلار، باي-زىمىندارلار قايسى خىتايدىن ياخشېكەن؟ ئۇلار ئۆز پايدىسى ئۈچۈن سەندەك-مەندەكلەرنى ئوتقا تىقىشتىن يانمايدىغانلىغىنى بىلىسەنغۇ!

ـبۇ دېگىنىڭغۇ بىردىن-بىر راست، ـ قايىل بولدى مەھەممەتجان.

ـسەن بىلەن بىز ئۆلۈپ كەتسەكمۇ ھەقنى-ھەق، ناھەقنى-ناھەق دېيىشىمىز كېرەك. بىز ـ ھەقنىڭ قۇلى.

ئىككى دوست ئوي-پىكرىنى جەملىمەكچىدەك جىمىپ قېلىشتى. ئۇلار ئارىسىدا ئادەتتىكى مەئىشىي ئىشلار، كۈندىلىك قىلمىش-ئەتمىشلەر توغرىلىق تالاش-تارتىش بولۇپ تۇرىدىغانۇ، لېكىن بۈگۈندىكىدەك ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرگە دائىر مەسىلىلەر ئۈزەكى قەيت قىلىنىدىغان. شۇ سەۋەپتىن بولسا كېرەك، غېنىنىڭ پىكىر قىلىشىدا قانداقتۇر ئۆزگىرىش روي بەرگەنلىگىنى بايقىغان مەھەممەتجان بىر جەھەتتىن ھەيران بولسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ ئۆزگىرىشنى كېيىنكى ئىككى يىل ئىچىدە رەھىمجان سابىرىي، نۇسرەت خەلپەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەر نەتىجىسى دەپ ھېساپلىدى. غېنىدىكى غەيرى تەبىئىي كۈچكە، ئەرلىك-مەردانىلىقا ۋە پەم-پاراسەتكە تەن بېرىپ، ئۇنىڭغا ئىخلاس باغلىغان مەھەممەتجان شۇ تاپتا دوستى نېمە دېسە ۋە نەگە باشلىسا تەييار ئېكەنلىگىنى بىلدۈرمەك بولدى:

ــ ئاخشامقى مەسلىھەت بويىچە: بەش-ئون زامان ئەمەلدارلارنىڭ كۆزىدىن نېرىراق تۇرماققا كېلىشكەن ئىدىڭغۇ؟ ئەگەر يالتايغان بولساڭ باشقا ياققا باشلا، مەن تەييار.

ــ يالتايغىنىم يوق، ــ دېدى كەسكىن رەۋىشتە غېنى، ــ يۇلتۇز قالماقلىرىنىڭ ئىچىگە بېكىنىش ئالدىدا ھاكىم شاڭيۇنىڭ كەينىدىن قوغلاپ يېتىپ، ئۇ زومىگەردىن يەرنىڭ مۆرە خەتلىرىنى تارتىۋېلىپ، ئەسلى ئىگىلىرىگە تاپشۇرۇپ بەرمىسەم كۆڭلۈم تىنمايدۇ.

ــ سەي شەنسىنىڭ گېپىگە قارىغاندا ھاكىم شاڭيۇ باشلىق ئاتارمان-چاپارمەنلەر سېنىڭ ئۇستۇڭدىن ئەرىزە-شىكايەت يېزىپ، دوتەيگە تاپشۇرغىنى غۇلجىغا ماڭسا، سەن كەينىدىن بارساڭ ئۆزەڭنى-ئۆزەڭ تۇتۇپ بەرمەمسەن؟

ــ ھاكىم شاڭيۇلار غۇلجىغا بارغىچە قوغلاپ يېتەلەيمەن!

ــ قانداقچە؟ ئۇلار تۇنۇگۇن چۈشتىن كېيىن توققۇز-تارادىن ئاتلانغان بولسا!

---

1خۇرجا ــ دېھقان.

ــ مېنىڭ ھېساۋىمچە ھاكىم باداڭ قوساق قونالغۇ قىلماي، ئات ئۇستىدە تۈن قېتىپ غۇلجىغا يېتىشكە چىدىمايدۇ، ــ دېدى ئۆز سۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا ۋە ئېتىنى زوقمەنلىك بىلەن ئىما قىلىپ، نەچچە سىناقلاردىن ئۆتكەن خالتىرىم بۇ قېتىممۇ دېگەن مەنزىلگە يەتكۈزۈپ بارالايدۇ.

ــ ئۇنداق بولسا مەنمۇ بىللە بارىمەن...

ــ ياق، ــ دەپ دوستىنىڭ سۆزىنى بۆلدى غېنى.

ــ نېمىشكە؟ ــ رەنجىپ سورىدى مەھەممەتجان.

ــ مونۇ سوك-سوگۈك يولدا قالىدۇ، ــ رەت قىلدى غېنى ۋە: ــ سېنى بۇ قېتىم ماجراغا ئارىلاشتۇرمىغىنىم ياخشى بولار، ــ دەپ قوشۇپ قويدى.

ــ ماجرالارغا ئارىلاشقان مەنغۇ!

ــ رەنجىمە، ئاداش. كېيىن بىلىسەن.

ــ خەپ، خالتار يورغام بولسا ــ ئۆكۈندى مەھەممەتجان، ــ سېنى يالغۇز قويۇپ بەرمەستىم.

ــ كېلىشتۇق: سەن «ئۇچ كەپتەر» دېگەن قىشلاقتىكى ئەكبەر قازاقنىڭ ئاۋۇلىدا مېنى كۈت، ــ دېدىدە گەپنى چورتتىدە كەستى غېنى ۋە دەرھال ئېتىغا مىندى. نېرىراق بېرىپ،ئېتىنىڭ بېشىنى ئىلى دەرياسى تەرەپكە بۇرىدى. مەھەممەتجان بولسا ئۇنىڭ كەينىدىن ئىككىنچى كۆرۈشمەيدىغاندەك بىر دەم مىسكىن بېقىپ تۇرۇپ، ئۇمۇ ئاتلاندى.

بۇ يوللار خەرىتىگە سىزىلغاندەك غېنىغا مەلۇم. ھېلىغۇ كۈندۈز ئىكەن، قاراڭغۇ كېچىلەردە بۇ ئەتراپنىڭ تار چىغىر يوللىرىنى تېپىپ، تېنىمەي ماڭالايدۇ. شۇڭا بىر سائەتتا يېتە-يەتمەيلا دەريا بويىغا يېتىپ كەلدى. كەچ كۈزدە سۇ تارتىلىپ قالغان بولسىمۇ، كۆنەس، تېكەس دەريالىرىنىڭ بىر قىنغا قۇيۇلغان تۈگىنى بولغاشقا دەريا لۆمشۇپ ئاقماقتا. سۇنىڭ سىرىنى ۋە كېچىك بېرىدىغان ئۆتكۈلىنى ياخشى بىلىدىغان يىگىت ئويلىنىپ تۇرمايلا ئۇست كىيىملىرىنى يېشىپ بوغمىلىدى. سۇنىڭ سوغ تەپتى يالاڭ تەننى شۈركەندۈردى، ئەتىمالىم، ئۇ كىرپىدەك تۈگۈلۈپ سەل تۇردىدە، ئېتىنى يېتەكلەپ، سۇغا قەدەم قويۇپ، سەسكىنىپ تارتىۋالدى. ئەگەر زۆرۈرىيەت بولمىسا، ئالتۇن-كۈمۈچ بەرسىمۇ بۇ مۇزدەك سوغ سۇغا كىرمەس ئىدى. لېكىن ئۇ ئالدىراش. ياماتۇغا بېرىپ، كېمىدىن ئۆتۈپ كەلگىچە ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈپ قويىدۇ. توڭلاپ-قېتىپ قالسىمۇ سۇغا چۈشۈش كېرەك... دوستى غالدانىنى چېرىكلەردىن قۇتۇلدۇرغاندا، بۇنىڭدىنمۇ سوغ، شۇرمەل يۇرگەن ۋاقىتتا دەل مەشەدىن ئۆتكەنغۇ! ئۇنىڭ

كۆز ئالدىدا ھاكىم بىلەن نىياز لوزۇڭ نامايان بولدىدە، ۋۇجۇدى تىركەشتى:
ــيا، پىرىم، نوھ ئەلەيھىسسالام! ــ سۇنىڭ پىرى نوھنى شىپى كەلتۇردىدە ئاتنى يېتىلەپ سۇغا كىرىپ، بېلىچە ئۈزۈپ ماڭدى. دەريانىڭ ئۇ قانىتىغا چىققاندا ئات سىلكىندى. غېنى ئۇنىڭدىنمۇ قاتتىق سىلكىنىپ، جالاقلاپ تىترەشكە باشلىدى. ھۆل كۆينەك تامبىلىنى يەشتى. يەلكىسىگە قويۇۋالغان قۇرۇق ئۇست كىيىمىنى كىيىپ، ئەتراپتىن مال تېزەكلىرى ۋە زاك شاخلىرىنى تېرىپ كېلىپ ئوت ياقتى. ئۇ ئوتقا قاخلىنىۋاتقاندا چىشلىرى بولقىنى سەندالغا ئۇرغاندەك كاسىلداپ تۇراتتى. ئۇ غالىلداپ تىترەپ تۇرۇپ ئېگەر-توقۇمنى سېرىپ ئېلىپ ئوتقا قاخلاپ قويدى. غانجۇغىدىكى ئارپا سېلىنغان توغرىنى يېشىپ كۆرەڭ قاشقىنىڭ بېشىغا ئىلدى ۋە ئاندىن كېيىن خالتىدىكى پىشقان گۆش بىلەن ھاراق تورسىغىنى ئالدىغا قويۇپ ئاچاي دېيىشىگە:
ــئەسسالامۇئەلەيكۇم! ــ ئاسماندىن توككىدە چۈشكەندەك، ئوت بېشىدا بىر ئىنسان پەيدا بولدى .
ــنەدىن پەيدا بولدۇڭ؟
ــغېنەم؟
ــھە، مەن. تايىنلىق ئىسىنىڭ ھىدىنى ئېلىپ كەلگەنسەن، ئولتا.
ــمال بېقىپ يۈرىمەن، ــ يەك تىزلىنىپ ئوتقا قولىنى قاخلىدى، مالچى.
غېنى تورسۇقنىڭ ئاغزىنى بېكىتكەن قوناق مەدىگىنى ئېلىپ، ھاراقتىن نەچچە ئۇتلاپ، گۆشتىن بىر پارچىنى ئاغزىغا سالدى.
ــھاراق ئىچەمسەن؟
ــبەرسەڭ ئىچەي.
مالچى ئىچتىيۇ قاقىلىپ كەتتى، لېكىن تورسۇقتىن كۆز ئۈزمىدى، قايتۇرۇپ بەرمىدى.
ــمە، گۆش يە. مېنى نەدىن بىلىسەن؟
ــسەن قۇسېنىنىڭ تامىرىغۇ؟
ــمېلىڭ ئۆزەڭنىڭمۇ؟ مە، تاماكا چەك.
مالچى ئاۋال تاماكىنى شوراۋېلىپ ئاندىن:
ــھاكىم شاڭيۇنىڭ يىلقىسى.
ــھاكىم شاڭيۇنىڭ؟! ــ چۆچۈگەندەك سورىدى غېنى. ھەر يىلى يايلاقتىن كېيىن باينىڭ جانلىق ماللىرى دەريا بويىدىكى قومۇچلۇق-ئوتلاقتا قىشلايدىغان ئەمەسمىدى ھاكىمنى ئويلايدېكەن، مالچىنىڭ قولىدىن تورسۇقنى يۇلۇپ دېگىدەك ئېلىپ، ئىلدام-ئىلدام ئۇتلاشقا باشلىدى. ئىككى پارچە گۆشنى ئالدىراش چاينىماي دېگىدەك يەپ، چالا-پۇلا قۇرىغان كىيىملىرىنى كىيىپ، ئېتىنى توقىدى. ئۇنىڭ جىددىي ھەرىكەتلىرىگە ھەيران بولغان مالچىنىڭ ئاغزى ئوچۇقلا ئولتارغان ئېدى .
ــھاكىم شاڭيۇ نەدىلىگىنى بىلەمسەن؟
ــبۈگۈن ئەتىگەن شەھەرگە كەتتى...
ــسەن نەدىن بىلىسەن؟
ــجىرەن قاشقا بىلەن قارىغىرنى يەتكۈزۈپ بەردىم. مالچىنىڭ باشقا تەپسىلاتلىرىنى ئاڭلاشقا تاقىتى قالمىغان غېنى ئەندى مەھەللە تەرەپكە ماڭماي، توقايلىقنى كېسىپ ئۆتىدىغان چىغىر يولنى بويلاپ، شەھەرگە قاراپ كەتتى.
مالچى بولسا غايىۋانە ياخشى كۆرىدىغان پالۋان يىگىتكە خەيىرلىك سەپەر تىلەپ، ئۇنىڭ كەينىدىن نېمىلەرنىدۇر پىچىرلىدى ۋە غېنى قالدۇرۇپ كەتكەن گۆش بىلەن تورسۇققا كۆز قىرىنى تاشلاپ ئىلمايدى.
"كۇنما ئولتاردى، مەنما يېتىپ باردىم" دېگەندەك قۇياش غىلاۋىغا كىرگەن مەزگىلدە غۇلجىغا يېقىن جىرغىلاڭ سېيىدا ھاكىملارنى قوغلاپ يەتكەن غېنى ئۇلارنىڭ يولىنى توردى. ئۇلار تۆرت كىشى

ئېكەن: ھاكىم، روزى قارى ۋە ئىككى ئاتنى يېتەكلىگەن ئىككى مالاي يىگىت.

ــ يول بولسۇن، شاگىيۇكا! ــ دېدىدە، بايىنىڭ ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى شارتتىدە قولىغا ئالدى غېنى.

ــ نېمە قىلىۋاتىسەنۇي، ساراڭ!

ــ نېمە قىلاتتىم، بىر دەم ئوغلاق تارتىشايلى دەيمەنا! ــ دېدى غېنى ھاكىمغا قادىلىپ.

ــ يولۇمنى توسما! ھېلى بولمىسا... ھاي، ئاسىم... نېمە دەغداراپ تۇرىسەن، لالمىلار! ــ ھاكىم ھودۇققىنىدىن نېمە قىلىشنى بىلمەي قالدى. مالاي يىگىتلەر غېنىنى بىلىدۇ، ئۇنىڭغا يېقىن كېلەلمىسۇنمۇ، روزى قارى بولسا كەينىگە قاراپ قاچماق بولۇشىغا سويلىنى تېقىمدىن چىقىرىپ، ئاسماندا پۇلاڭلاتقان غېنى:

ــ توختا، يالغان پەتۋاچى! مەن دېگەننى قىلمىساڭ تىرىك پېتىڭچە دەرياغا تاشلاۋېتىمەن!

ــ خوپ، خوپ... بالام، ئابدۇلغېنى، دېگىنىڭنى قىلاي ــ قارى تىتىرەپ، ئات ئۈستىگە دۈم يېتىۋالدى.

ــ مۇددائايىڭ نېمە؟ ــ ئەيمىنىپ سورىدى سويلىدىن كۆز ئۈزمەي تۇرۇپ ھاكىم.

ــ مۆرە خەتلەرنى چىقار!

ــ مەندە يوق، لوزۇڭ بەگدە...

ــ نېمە؟ ــ سويلىنى ئېگىز كۆتىرىپ سالماقلىدى غېنى.

ــ توختا، سويلاڭنى چۈشەر... مۆرى خەتنىڭ ساڭا نېمە كېرىكى؟...

ــ چىقار دەيمەن! بولمىسا پوكىنىڭنى تېشىپ ئالىمەن. جان كېرەكمۇ، يەر خېتىمۇ؟ ــ غېنى سويلىنى يەنە ھەملە قىلدى.

ــ توختا، ئۇرما بالام... بېرىدۇ، بېرىدۇ، ــ دەپ ئارىغا چۈشتى ئۆز جېنىدىن قورققان روزى قارى.

ــ ئەستەخپۇرۇللا! ــ پىغان چىقاردى ھاكىم ۋە مالاي-يىگىتلىرىگە مەدەت تىلىگەندەك قارىۋېدى، ئۇلار يېقىن كېلىش بۇ ياقتا تۇرسۇن، نېرىراق داجىپ كېتىپتۇ. تەسلىم بولۇشتىن باشقا چارە قالمىغانلىغىنى چۈشەندىدە، يۈرىگىنى سۇغىرىپ ئالغاندەك، قوينىدىنى يەر خەتلىرىنى ئورىغان تۈگۈننى ئېلىپ يەنە بىر قېتىم پىغان چىقىرىپ:

ــ ئەندى، ــ دېدى تۈگۈننى يانچۇققا سالغان غېنى. ــ مېنى سولاتماق بولۇپ خىتاي دارىنلىرىغا سوغا قىلماق بولغان ئەۋۇ ئىككى ئېتىڭنى ئالىمەن.

ــ نائىنساپ، نائىنساپ بۇلاڭ...

ھاكىم شاڭيۇنىڭ بوغۇزىغا تۈۋۈق كەپلىشىپ قالغاندەك خىرىلدىدى، يەر خېتىدىن كۆرە تۇلپاردەك ئىككى ئاتتىن ئايرىلىش ئېغىر ئەلەم ئىدى. لېكىن غېنىنىڭ پەيلى يامان، قارشىلىق قىلدى سويلا بېشىغا تېگىدۇ. مونۇ كەينىدە ئەگىشىپ يۈرگەن ئۈچ يۈندىخورلارنىڭ ئەھۋالى، ئەنە، خەپ! يولۇۋچىلارما ئۆتمىدا!

ــ ئەكېلىش، ئاتلارنى! ــ خىتاپ قىلدى مالاي يىگىتلەرگە غېنى، ـ بولۇشە، بولمىسا «خالىس» چوماق بېشىڭلارغا تېگىدۇ .

يىگىتلەر غىڭ قىلماي ئىككى ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى غېنىغا تۇتقۇزۇشتى. ئۇلارنىڭ نېمىسى كۆيەتتى؟ بەلكى غېنىغا يان باسقاندۇر ئۇ چارىسىز ياللانمىلار.

ــ سەندىن ئالىدىغان ھېساۋىم تۈگىمىدى، يەنە كۆرۈشۈپ قالارمىز، ھاكىم شاڭيۇ! ــ دەپ ئىككى ئاتنى يېتەكلەپ مېڭىشىغا، بىردىن دات-پەرياد ئوقۇپ، خۇدىنى يوقاتقان ئادەمدەك، غېنىنىڭ ئۆزەڭگە بېغىغا ئېسىلغان ھاكىم:

ــ ئاۋال مېنى ئۆلتۈرۈپ، ئاندىن تۇلپارلىرىمنى ئال، ئوغرى، قاراقچى... دەپ چالۋاقىدى. خېلە يەرگىچە سۆرىشىپ باردى. ئۇ ھازا تۇتقاندەك «ئېتىم، جېنىم ئاتلىرىم...» دەپ يىغا ئارىلاش زارلىناتتى، داتلىناتتى، غېنىغا يالۋۇراتتى. غېنى ئاتلارنى قالدۇرۇپ كەتمەك بولدىيۇ، «مەن-مەن» دەپ يۈرت سوراپ، خەلققە «باش» بولغان بىر سالاپەتلىك باي ئىككى ئات ئۈچۈن ئۇن سېلىپ يىغلىغىنى

ئۇنىڭ نەپرىتىنى قوزغىدى ۋە «ئىپلاس، خەسىس!» دەپ باينىڭ شىلىلىسىگە بىرنى تېپىپ، يولىغا راۋان بولدى. ھاكىم شاڭيۇ بولسا ــ ئوغلاقچىنىڭ تېقىمىدىن چۈشكەن كۆك سەركىدەك توڭغىلاق يەرگە پوككىدە چۈشتى.

يەتتىنچى باپ

بۇ كەچە نىياز لوزۇڭ قارادۆڭ مەھەللىسىدىكى كىچىك خوتۇنى ھاۋاخاننىڭ ئۆيىدە جەز قۇردى. زالىملىغى، شەپقەتسىزلىگى ۋە خۇسۇسەن، خىتايلارغا يالاقچىلىغى تۈپەيلى خەلىق نەزەرىدىن قالغان بۇ قالاق بېشەمنىڭ نە ئىلپىتى، نە دوست-يارانلىرى بولسۇن! مىللىي ساز-ناخشا، مىللىي ئويۇن-تاماشە دېگەننىڭ قېشىدا تۇرمايدىغان. ئۇنىڭ بىردىن-بىر كۆڭۈل خۇشى ــ قىمار. خىتايلاردا قىمارنىڭ تۈرى كۆپ بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرلار ئېلىگە ئېلىپ كىرگەن «مەدەنىيىتىنىڭ» بىر تۈرى موشۇ قىمارغۇ ئاخىر. نىياز لوزۇڭ ئەنە شۇ قىمار تۈرلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆزلەشتۈرگەن ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ تۆرت ئوشۇق-دەتتىكامىدا كۆكسى تاۋلانغان داغال قىمارۋازلاردىن بولۇپ، ئۈچ ئەيىپ: ھاراقخور، پاھىشەۋاز ۋە قىمارۋازنىڭ پىرلىرىدىن ئېدى. ئۇنىڭ جۇڭ سۈرۈشىدىغان ئويۇنچىلىرى ئۆزى ئوخشاش لوزۇڭ، توڭچى، لويىلار ــ «توگىنى يۇڭى بىلەن يۇرتىدىغان» پارىخورلار. بۈگۈن شۇلاردىن: ما لوزۇڭ، داۋۇر توڭچى، ياقۇپ لوزۇڭلار جەم بولۇشتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھېمىشەم يۈگۈ-يىتىمغا ماڭىدىغان، تالا-تۈزنىڭ گېپىنى ئېقىتماي-تېمىتماي يەتكۈزۈپ تۇرىدىغان داۋۇرنىڭ «قۇيرۇغى» ھاشىم توكۇمۇ بار. ئۇ قىمارۋازلارغا يىراقنى يېقىن قىلىپ بېرىدۇ. ئۇنىڭغا ھەممە ئوخشاش قوسىغى تويسا بولدى. ئۇ «تېكە بولسىمۇ سۈتى بولسۇن» دەيدىغانلاردىن. ياسىداق خانىنىڭ بىر چېتىدە، دۈگلەك جوزىنىڭ ئۈستىدە لىق يېمەك-ئىچمەك، ئىككىنچى تۆرىدە قېلىن كۆرپىلەرگە ئولتىرىشقان قىمارۋازلار «بەش لەڭ»1 ئويناشماقتا. ئۇلار شۇنچىلىك ۋاقتى يوقتەك، ئويۇندىن باش كۆتىرىشمەيدۇ.
ــبۇ قېتىم دوكالىغىمغا ئۇتمىسام، ــ دېدى ياپتا كەلمەي جېلى بولغان نىياز لوزۇڭ، ــ قەغىزىڭنىڭ ئۇزىگە شالاققىدە تۇكۇرىمەن.
ــنېمە كېتىپتۇ شۇنچە؟ ئاغزىڭنىڭ يېلى: بىر پوپۇزا بىلەن ئەتىلا تۆلەۋالىسەن.
چالا مەس قىمارۋازلار داۋۇرنىڭ كىنايىسىگە كۈلۈشتىيۇ، ھەممىسى نىياز لوزۇڭدىن تەپ تارتقاچقا جىمىپ كېلىشتى.
ــنىياز بېگىم كۆپىرەك تىكسىلە. بۇ قېتىم ئۇتمىسىلا ئوڭ قۇلىغىمنى كارتىتىدە كېسىپ، تاۋكىغا تاشلاپ بېرىمەن، ــ خوشامەت قىلدى ئۇسۇلۇق سۇنۇۋېتىپ ھاشىم توكۇ.
ــما سېسىق غالچىنىڭ گېپىنى. ئادەمنىڭ ئۆغىسىنى قايناتماي نېرى تۇر توكۇ، ھېلى تېپەك يەيسەن! ــ ھاشىمغا ئالايدى نىياز.
ــخوپ بېگىم، خوپ... ــ داڭگاقلاپ سىرتقا چىقتى ھاشىم.
ــبۇ گۈيتۇزا قەغەز چىقمىدى، ــ زارلىدى يەنە ئۇتتۇرغان نىياز لوزۇڭ قەغەزنى پېقىرىتىپ تاشلاپ.
ــشامالداپ كىر، ياپتا كېلىدۇ.
ــكۆرەڭلىمە شوۋىچى، ــ داۋۇرغا تېرىكتى نىياز، ــ گاڭسا-جىسا قىلمىسام ئېتىمنى يۆتكەۋېتىمەن.
ــقېنى كۆرىمىز: كىمنى كىم گاڭسا-جىسا قىلىدىغانلىغىنى.
ــبۇ ئويۇندا ھەپسىلەم قالمىدى. ئويناشساڭ تۆرت ئوشۇق ئوينايمەن.

1بەشلەڭ ــ خىتايچە قەغەز (كارتا) ئويۇنى .

ــ خوپ. سىنىڭچە بولسۇن، ــ دېدى داۋۇر ۋە: ــ تۆرت ئوشۇقتىمۇ ئۇتتۇرساڭ «ماجاڭ»1 ئويناپمەن دېسە؟

ــ چوڭ سۆزلىمە. تېخى ئەتىگەن. ئەگەر ساڭا ئۇتتۇرسام خوتۇنۇمنى ئۈچ...

ــ هاي-هاي، نىياز بەگ! ئۇ تەرەپلەرگە ئۆتمەيلى! ــ دېدى باياتىن شۈك ئولتارغان ما لوزۇڭ.

ــ نەچچە قېتىم ئۆتۈپ قايتىۋالغان، ــ دېۋىدى داۋۇر، باشقىلار كۈلۈۋېتىشتى. چۈنكى نىياز لوزۇڭ هە دېسىلە «خوتۇنۇم ئۈچ تالاق» دەپ قەسەم ئىچىدىغانۇ، ئەمما، تېز يېنىۋالىدىغان. هارسىز بېشەملەرنىڭ چاقچاقلىرى تىللاشقا، ئاندىن ئۇرۇش-جېدەلگە ئايلىنىپ كېتىدىغان چاغلارمۇ بولاتتىيۇ، ئەتىسىگىلا ماداسىنىڭ ئاشپۇزۇلىدا ناماقۇل بولۇشۇپ، ئاخىرى يەنە قىمارغا باغلىناتتى. لېكىن بىر-بىرى بىلەن مەنسەپ تالىشى، بايلىق تالىشى سامان ئاستىدىن سۇقۇيۇپ، ئېپىنى تاپسا پېيىنى قىرقىش، غۇلىتىشقا، دەسسەپ ئۆتۈپ كېتىشكە هەر دەم تەييار تۇرۇشىدىغان.

ــ هاي توكۇ! نەدىسەن؟ ــ خوتۇنىنى تىلغا ئالغىنىغا سەل خىجىل بولغان نىياز گەپنى يوپۇتماققا ئۇرۇندى.

ــ لەبەي، بېگىم! ــ پەيدا بولدى هاشىم.

ــ ما گىلەمنىڭ چېتىنى قايرىغىن.

ــ خوپ، بېگىم، ــ هاشىم زور زىلچىنىڭ بىر ئۇچىنى ئىنجىقلاپ تۇرۇپ قايرىدى ــ تۆرت ئوشۇق ئويناپدىغان تاۋكا تەييارلاندى. قىمارۋازلار تاۋكىنى دۈرە قىلىشىپ، زوڭزىيىشتى.

ــ يۈز لىڭپىيۇدىن كام تىكىشسەڭ ئوشۇق ئاتمايمەن، ــ دېدى تۆرت چىمەتنى قولىدا دەڭسەپ تۇرۇپ نىياز، ــ ئۇ يەكتىز بولۇۋاپتۇ.

ــ مانا، ئىككى يۈز، ــ ئىككى بولاق پۇلنى تاۋكىغا تىكتى داۋۇر.

ــ يۈز، ــ دېدى ما لوزۇڭ.

ــ يۈز. ــ دېدى ياقۇپ لوزۇڭ.

ــ دەت-تىكام! ــ چىمەتلەرنى تاۋكىغا زەرپ بىلەن تاشلىدى، قاتاڭ مەيدىسىگە ئوڭ قولىنى ئۇرۇپ نىياز لوزۇڭ.

ــ يا، جەمشىت! ــ دەپ قىمارنىڭ پىرىنى تىلغا ئالدى ئۆز نۆۋىتىدە چىمەتلەرنى ئاتقان داۋۇر. ئۇ ئاۋال يەرنى، ئاندىن كۆكسىگە ئۇردى.

قارىمۇ-قارشى ئېتىشلار نەچچە تەكرارلاندى. ئاخىرى كىر، مايلىق قوللاردا تولا تۇتۇلۇپ، پاقىراپ-سىلىقداپ كەتكەن چىمەتلەرنى غەزەپ بىلەن ئالىقىنىغا تىزغان نىياز لوزۇڭ «ئەپسۇن» ئوقۇغاندەك پۇۋدىدى، ئاڭدىن كىچىك بالا چېقىرىغاندەك:

1ماجاڭ ــ قىمارنىڭ يەنە بىر تۈرى .

ــ ئوشۇق تارتىشىۋاتىدۇ. دو بارمۇ؟ ــ دېدى.

ــ ئارماندا قالما، يەنە يۈزنى تىكىش، ــ دەپ بىر بولاقنى تاۋكىغا قويدى داۋۇر.

ــ يا، پىرىم، لەيلىۋاش! ــ نىياز ئۈنلۈك ۋاقىرىدىدە، چىمەتلەرنى ئاتتى ــ تاۋكادا بىر تاككا، ئۈچ چىككا كۆرۈندى.

ــ چۇ، چۇ، چۈشتى! ــ ۋاقىراشتى ئۇتقانلار.

نىياز لوزۇڭ هوشىنى يوقاتقاندەك قېتىپلا قالدى. شۇ ئارىلىقتا دەرۋازا تاقىلداپ كەتتى. قىمارۋازلار تەشۋىشلەنگەندەك بىر-بىرىگە قاراشتى. ئۇلار قىمار ئويناشتىن قورقمايدۇ. چۈنكى دوتەي، شەنگەنلەرما

خاگۇڭ يوق ئوينايدۇ ـ قىمارنىڭ بېشى شۇلار. مونۇلارنىڭ قورقىشى باشقا ـ لىڭسىڭ زامان، كىم بىلىدۇ بىر يەردىن توپىلاڭ چىقتىمۇ.

ـقايسى لومودا بۇ ھە؟

ـكېچىدە بېكار كەلمىگەندۇر...

ـشۇم خەۋەر بولمىسا بولاتتىغۇ.

ـمەن چىقىپ باقاي، ـ دەپ قوزغالدى ياش، باشقىلاردىن جۇرئەتلىكرەك داۋۇر.

ئەستاخپۇرۇللا، ئويۇننىڭ بېلىغا تېپىۋېتىدىغان بولدىدە! ـ ئۆكۈندى تاۋكادىكى پۇللارنى يىغىشتۇرۇپ، نىياز لوزۇڭ.

تالادىنلا نېمىلەرنىدۇر غۇدۇڭشىپ كىرىپ كەلگەن ھاكىم شاڭيۇ بوسۇغىدىن ئاتلا-ئاتلىمايلا:

ـۋاي دات، نىياز بېگىم! ـ دەپ داتلىدى.

ـسەنمېدىڭ، قېرى پەسەندى! ـ يىركەنگەندەك تەرىنى تۈردى نىياز، ـ لالما ئىشتتەك كېچىدە ئادەمنىڭ بۇردىسىنى قاچۇرۇپ يۈرگىنىنى قايلاڭلا، بۇ گۆيتۇزنىڭ!

"ئۆلگەننى تەپتى" دېگەندەك، بۇ خىل زەھەرخەندىلىكتىن ھاكىم شاڭيۇ تېنەپ-تەنتىپ كەتتى. ئۇ كەينىگە قايتماقمۇ بولدىيۇ، «ئالا بايتالدىن» قورققاشقا تۆۋەن قارىغىنىچە پۇشۇلداپ، ئۇن چىقارماي دومسىيىپ تۇردى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى ئىككى مەڭزى چېتىپ قويۇلغان ئىككى دوساقنى ئەسلىتەتتى. ھەجەپ، ئادەم باللىرى بىر-بىرىگە شۇنداقمۇ ئوخشايدېكەنە! غوجەك بىلەن ھاكىم بىر قېلىپتىن چىققاندەكلا. ناھايىتى تەپتىشلەپ كەتسەڭ ھاشەكنىڭ شىللىسىدىكى قىزىل مەڭنى تاپالمايسەن ـ پەرقى شۇلا.

ـنېمە دەپ كېچىدە ئادەمنىڭ كەيپىنى بۇزۇپ كەلدىڭ دەيمەنۇي ئۇششۇق! ـ دېۋەيلىدى نىياز بارچە كۆپسەپ، ـ بۇ قېتىم قوينۇڭدىكى خوتۇنۇڭنى تارتقۇزۇپ قويمىغانسەن، ھېلىقى غېنى ئوغرىغا؟!

ـھە، ھە.. شۇشۇ...

ـدەيدىغىنىڭنى دېمەمسەن، ھەلەپ يېگەن ئۆكۈزدەك پۇشۇلدىماي!

ـبېچارە ئېسىنى يىغىۋالسۇنلا، بىر چىنە چاي بېرەيلى، ـ ئارىغا چۈشتى ھاكىم شاڭيۇدىن تالاي قېتىم «سوغىلار» ئالغان ياقۇپ لوزۇڭ.

ـبۇ دىتسىز كالامپاينىڭ تاپقان ۋاقتىنى قارىمامسىلەر، ـ يەنە بىر دەم ۋايسىغان نىياز ئىشىكتىن بېشىنىلا كىرگۈزۈپ تۇرغان ھاشىم توكۇغا: ـ چاي قۇيۇپ بەر! ـ دەپ بۇيرىدى.

ئۆرە تۇرغان پېتىچە نەچچە چىنە چاينى كەينى-كەينىدىن ئۇلاپ ئىچىپ، بۇيغۇرىغان تەرىنى سۈرتۈپ، ئاندىن دۇدۇقلاپ تۇرۇپ بولغان ۋاقەنى سۆزلەپ بەردى ھاكىم شاڭيۇ.

ـئىست، شاڭيۇ نامىنى كۆتىرىپ يۈرگىنىڭ... بوينى بېشى بۇقىدەك تۆرت ئادەممۇ بىر ياش گۆدەككە بوزەك بولۇشتۇڭما! تفۇ!... ئەر نامىنى كۆتىرىپ يۈرگەن ھەزىلەك! مېنىڭ ئالدىمغا كەلگىچە، ئەۋۇ ئاغامچىدەك سۆرۈلۈپ تۇرغان پۆپۈكلۈك ئىشتانبېغىڭغا ئېسىلىپ ئۆلسەڭچۇ، كاشكى.

ـجېنىمنى ئالساڭمۇ ئال، موشۇنداق زەھەردىن بېتەر تىلىڭنى سانچىمىساڭ، نىياز بەگ! ـ دېدى ئاخىر زەھەرلىك كىنايىلەر جېنىغا پاتقان ھاكىم شاڭيۇ.

ـسەن، ـ دېدى داۋۇر تۇڭچى، ـ سەن، نىياز لوزۇڭ، غېنىنى ياخشى بىلمەيدېكەنسەن، ھېلىغۇ تۆرت كىشىكەن، ئون كىشى بولسىمۇ ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشماق تەس.

ـغېنى دېگىنىڭ بۇگۈن شاڭيۇنىڭ يولىنى توربسا، ئەتە سېنىڭ ـ مېنىڭكىنى، ئاندىن شەنگەن دوتەينىڭ ئالدىنى تورىشى چوقۇم. ۋاقتىدا ئۇنىڭ تاناۋىنى تارتىش كېرەك، ـ دېدى ما لوزۇڭ، قولىدىكى تۆرت چىمەتنى ئوينىتىپ تۇرۇپ.

ـبەك ئاشۇرىۋەتتىڭلار. ئۈچ كۈن ئىچىدە تۇتۇپ، شەنگەن دارىنىنىڭ ئالدىدا تىز پۈكۈرمىسەم ئۇ ئوغرىنى، نىياز لوزۇڭ بولماي قالاي.

ــ بەكمۇ ئالدىراپ كۆكسۈڭگە ئۇرما، نىياز لوزۇڭ، ــ دېدى غېنىنى ياخشى بىلىدىغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن خېلە ئىلپەتچىلىك قىلغان داۋۇر.

ــ شۇ ھارىمىدىن ئۇچۇمنى ئېلىپ بەرسەڭلار، جان بەگلىرىم، مال-مۈلكۈم سىلەردىن ئۆرگەلسۇن، ئەزبرايى خۇدا! ــ يالۋۇرۇپ بېشىنى ئەگدى شاڭيۇ.

ھاكىم باينىڭ ۋەدىسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن «ئالا بايتال» خاتىرجەم بولغاندەك كىچىككىنە شىشە قۇتىدىن بۇغدايدەك ئەپيۇننى ئېلىپ ئاغزىغا سالدى.

قىمارۋازلار ئەندى غېنىنى تۇتۇشنىڭ چارىسىنى ئويلاشتىيۇ، ئېنىق بىر قارارغا كېلىشەلمىدى. چۈنكى شۇ تاپتا غېنى قەيەردە؟ تاغدىمۇ، توقايلىقتىمۇ ياكى شەھەردىمۇ؟ بەلكىم داۋان ئېشىپ ئاقسۇ، كۇچار، قەشقەر تەۋەسىگە ئۆتۈپ كەتتىمۇ؟ غېنى بىر قېتىم سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتۈپ كەتكەن ئېدىغۇ! ھاراق بىلەن ئەپيۇن كەيپىدە باشلىرى ئايلانغان پارىخورلار بۇ ئىشنى ئاۋال شەنگەن دارىنغا بوگولە1 قىلماق بولۇشتىن ــ قۇراللىق كۈچكە تايانماقتا قارار قىلىشتى. بۇ مەسلىھەتكە داۋۇر قوشۇلماي سۈكۈت قىلىپ ئولتاردى ــ ئۇنىڭ ئۆز ھېساپ-چوتى بار.

****

ــ چوڭ قوبۇلخانىغا چېتىلاش پىنھان بۆلمىگە ئىككى كىشى ئەپيۇن چەككىنى كىرىشتى. بىرىنىڭ چۈغى كىچىك، ئۇزى مومشام ئوخشاش ساغۇچ، مونچاقسىمان كۆزلىرىدىن قۇۋلۇق شۇملۇق ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ، بۇ غۇلجىنىڭ ھۆكۈمرانى ــ شەنگەن. ئىككىنچى، قاش-كىرپىگىنىڭ تايىنى يوق، بۇقاپاقتا ئوخشايدىغان بولسا ــ شەنگەننىڭ مەخسۇس كاتىۋى ۋە مەسلىھەتچىسى. كەڭ، ئىنتايىن باي غۇلجا ناھىيەسىنىڭ تەغدىرى موشۇ ئىككى ئەمەلدارنىڭ قولىدا. ئۇلار ئەپيۇن تارتىپ يېتىپ مەھكۇم ئۇيغۇرلارنى باشقۇرىدۇ، ئەپيۇننىڭ كەيپىنى سۈرۈپ تۇرۇپ خەلىق ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىدۇ ــ ئۇلارنىڭ ھوقۇقى چەكسىز، داخىلسىز. چۈنكى شەنگەنلىك ۋە باشقا مەنسەپلەرنى سېتىپ ئالغاشقا خەلىق ئۇلار ئۈچۈن خۇسۇسىي مۈلۈك ھېساۋىدا مۇئەمىلە قىلىنىدۇ. مەن-چىڭ خاندانلىغى دەۋرىدىن ئەن بولۇپ كېلىۋاتقان مۇستەملىكە سىياسەتنىڭ تۇپ ماھىيىتى شۇنىڭدىن ئىبارەت.

قۇياش نۇرى چۈشمەيدىغان مەخسۇس بۆلمىنى مىس تاۋاق ئۈستىدە يېنىۋاتقان ئەپيۇن چىرىغى غۇۋا يورۇتۇپ تۇرىدۇ. تاۋاق ئۈستىدە يەنە تالقان قىلىنغان ئەپيۇن ۋە چەككۈچ ئەسۋاپلار ــ پەقەت ئەپيۇن چېكىش ئۈچۈن كېرەك .

ئەپيۇنكەشلەر ئەندىلا قىڭغىيىشىپ، چېكىشكە تەرەددۇت قىلىشىغا ئىشىك ئاستا چېكىلدى ــ بۇ ئىنتايىن زۆرۈر ئىش ياكى مۇھىم خەۋەر روي بەرگەندىلا بولىدىغان ھالەت. شەنگەن ئەپيۇن نوگەيچىسىنى ئاغزىدىن چىقارماي تۇرۇپلا كاتىپقا قارىدى. كاتىپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىك تۈۋىگە بېرىپ :

ــ نېمە ئىش! ــ ئاستا سورىدى.

ــ ئاينى...

ــ ئاينى؟! ــ شەنگەننىڭ ئاغزىدىكى نوگەيچى مىس تاۋاققا چۈشۈپ كەتتى. ئۇ قانداق تۇرغانلىغىنىمۇ سەزمەي قالغاندى.

ــ ئاينى، ــ تەكرارلىدى ئىشىكنى قىيا ئېچىپ بېشىنى كۆرسەتكەن خادىم، ــ داۋۇر تۆڭچى كەلدى. شەنگەن «داتاڭغا» چىققىچە غېنىنى قانداق جازالاش ۋە بۇ دولەن-گەدەنكەش، چاتاقچى چەنتۇنى جازالاش ئارقىلىق باشقا چەنتۇلارنىڭ «يۇرىگىنى موجۇش» چارىلىرىنى ئويلىدى.

---

1بوگولە ــ مەلۇم قىلىش.

بۇگۇن ئەتىگەن ئورنىدىن ئەندىلا تۇرۇپ، ئاخشامقى كەيپىنى بېسىلدۇرۇش ئۈچۈن ئاچچىق چاي دەملىتىپ ئىچىپ تۇرۇشىغا كۆمۈچ پەتمۇستا جۇپ يامبۇ، ئۈچ يۈز سەر پۇلنى كۆتىرىپ كىرگەن شەخسىي كاتىپ بۇ «سوغىلار» قاش-قاراباغلىق ھاكىم شاڭيۇنىڭ ئېكەنلىگىنى ۋە غېنى دېگەن «زىۋازا» ئاتاقلىق شاڭيۇغا «زورلۇق» قىلغانلىغىنى ۋە نىياز لوزۇڭ، ما لوزۇڭ، ياقۇپ لوزۇڭلار غېنىنى دەرھال تۇتۇپ چارە كۆرۈلمىسە چوڭ «غوغا» قوزغاش ئېھتىمالى بارلىغىنى ئېيتىشقانلىغىنى يەتكۈزۈپ، ھاكىم شاڭيۇ باشلىق يۇرت «چوڭلىرىنىڭ» غېنى «ئوغرى تەپرىقچى» ئۈستىدىن يازغان ئەرزە-شىكايەتنى تاپشۇرغان ۋە شەنگەن ئەرزە-شىكايەتنى ئوقۇمايلا «زىۋازا» غېنىنى قەيەردىن بولمىسۇن تۇتۇپ كېلىشكە جىددىي بۇيرۇق بەرگەن ئېدى.
شەنگەن «داتاڭگا» چىقتى. مەنسەپ ئۈستىلىگە ئولتاردى ــ ئۇ ۋىجىك ئەپىيۇنكەشتىن سۇرلۇك مەمۇرغا ئايلاندى؛ ئۇنىڭ ئەتراپىدا مۇھەپىزەتچىلەر، كاتىپ-مەسلىھەتچىلەر.
ــداۋۇر كىرسۇن!
ــشى[1] ــ باش كاتىپ، چىقىپ داۋۇرنى باشلاپ كىردى.
ــبوگو، [2] دارىن ــ رۇخسەت قىلغايسىز، غوجام.
داۋۇر چوقۇنغاندەك، ئۈچ قېتىم باش ئېگىپ، يەرگە قارىغىنىچە تەق تۇردى.
ــسۆزلە! ــ بۇيرىدى شەنگەن.
ــغېنى ئوغرىنىڭ بېكىنگەن جايى تېپىلدى...
ــقېنى؟ ئېيت قەيەردە؟
ــمەشەدە، شەھەردە...
ــشە-ھەر-دە؟! ــ ئورنىدىن تىك تۇردى شەنگەن ۋە ئەسەبىي ئاددەمدەك ۋاقىراپ: ــ تۇتۇڭلار! نېمە قاراپ تۇرىسىلەر، تۇتۇڭلار!
"داتاڭ" ئوپۇر-توپۇر بولدى. داۋۇر قۇراللىق چېرىكلەرنى ئەگەشتۇرۇپ چىقىپ كەتتى. شەنگەن بىلەن شەخسىي كاتىپ ئىككىسىلا قالدى. ئۇلار چالا قالغان خۇمارنى قاندۇرۇش ئۈچۈن يەنە پىنھان بۆلمىگە كىرىشىپ كېتىشتى .
ئون نەچچە قۇراللىق چېرىكنى ئەگەشتۇرۇپ، غېنىنى تۇتۇش ئۈچۈن شەنگەن يامۇلنىڭ قارا قاپقىسىدىن چىققاندىلا نامەرتلىك قىلغانلىغىغا ئەپسۇسلاندى داۋۇر. ئۆتمۇشتە قەسەم ئىچىپ دوستلاشقان ئادىمىنى نېمە ئۈچۈن ختايلارغا تۇتۇپ بېرىدۇ؟ غېنىدىن نېمە يامانلىق ئۆتتى؟ بۇ سوئاللارغا چاك باسقىدەك جاۋاپ تاپالمىدى ئۇ. ئەندى قانداق قىلىش كېرەك؟ يالتايسۇنمۇ؟ باشقا بىر جاينى چېرىكلەرگە كۆرسىتىپ، ئىز يوقىتىش كېرەكمۇ؟ شەنگەن نېمە دەر؟ ياق ئۇ ھەرگىز ئىشەنمەي، ئىش چاتاققا ئايلىنىپ، ئۆزى جازاغا تارتىلىدۇ...

---

1شى ــ خوپ
2بوگو ــ دوكلاد قىلىمەن.

كېچىكتى-ئەندى باسقان ئىزىدىن قايتالمايدۇ. بۇنىڭدىن بىر نەچچە يىل ئىلگىرى غېنى بىلەن دوستلاشقان. ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا سېنىڭ، مېنىڭ دېگەن گەپ بولمايدىغان. تالاي شوخلۇقلارنىمۇ

بىللە قىلىشقان داۋۇرنىڭ يامۇلدا تۇڭچى بولۇشى غېنىغا ياقمىدى. ئۇ داۋۇرغا ئاشلەڭپۇڭ سېتىپ جان باقساڭ مەيلى، يامۇلغا يېقىن بارما دەپ رەنجىپ، ئېچىنىپ دېسىمۇ دوستى پىسەڭ قىلمىدى. ھەتتا ئۇ: «تۇڭچى بولدۇڭ ـ شەنگەننىڭ تىلى بولدۇڭ دېگەن سۆز. ھەممە سېنىڭدىن ئەيمىنىدۇ. خالىساڭ يايى قىلىپ قويىمەن...» دەپ غېنىنىڭ غەزىۋىنى قوزغىغان. ئۇلار قەسەم ئىچىپ دوستلاشقان. ۋەدىگە، قەسەمگە ۋاپا قىلغان غېنى داۋۇردىن كېچىپ كەتمىدى، ئۇنىڭغا قارا سانىمىدى. لېكىن زالىم ئەمەلدارلارغا يېقىنلاشقان داۋۇردىن سەل چەتنەپ قالدى. داۋۇرنىڭ مۇئامىلىسى ئۆزگىرىپ گېدىيىپ قارايدىغان، ئۇزۇن بۇرۇتىنى تولغاپ سۆزلەيدىغان بولۇۋالدى. بۇ يىل باھاردا دەريا بويى سەيلىسىدە مەس بولۇۋالغان داۋۇر ئىلپەتلەرنىڭ بىرىگە زوتالىق قىلىپ، بىكاردىن ئازار بەرگىنىدە، غېنى: «نېمە شۇنچە ئەدەپ كەتتىڭىۋي، كۆكۆلتەك؟» دېۋىدى ئىلپەتلەر قاقاخلاپ كۈلۈشتى. غېنىنىڭ سۆزى تۇڭچى جاناپلىرىغا تىك كەلدى. يالغۇز يەردە بولسا مەيلېدى. مونۇ «سوكولتاقلارنىڭ» ئالدىدا ئابرويىنى تۆككىنىنى قارا ۋەھشىنىڭ... داۋۇرنىڭ كۆزىگە قان قۇيۇلدى، غەزەپتىن بېشى پېقىرىغاندەك بولدىدە، بېخۇت ئادەمدەك غېنىغا پەشۋا ئاتتىيۇ لېكىن ئۇنىڭ پۇتىنى كوپپىدە تۇتۇۋالغان غېنى لىككىدە كۆتىرىپ سۇغا تاشلاۋەتتى. باشتا كۈلۈشكەن، كېيىن ئۇزۇشنى بىلمەيدىغان داۋۇرنىڭ سۇغا چۆكۈپ كېتىۋاتقانلىغىنى كۆرۈشۈپ قورقۇپ، چۇقۇرىشىپ كېتىشتى ۋە غېنىغا يالۋۇرۇشقا باشلىدى. «بۇ خادا بىردەم سۇ ئىچسۇن» دېدىيۇ، ئۆزىنى دەرياغا ئاتتى غېنى، ھەيەل قىلماي بېھوش داۋۇرنى يۇدۇپ قىرغاققا ئېلىپ چىقتىدە پۇت-قولىنى سىلكىشتۇرۇپ ئاغزىدىن سۇ قايتۇرغۇزۇپ ئاران ئەيۋەشكە كەلتۈرگەن ئېدى. بولغان ۋاقىە شۇنچىلىك، ئويۇن-چاقچاقنىڭمۇ ئاقىۋېتى شۇنچىلىك. شۇ كۈندىن ئېتىۋارەن غېنىنى قەستلەپ، ئېپىنى تاپقاندا «موماخاللىسىنى» كۆرسىتىشنى ئىچىگە پۈكۈپ قويىدى. مانا شۇ پەيتمۇ كەلدى: غېنىنى تۇتۇپ بېرىپ ئۆچىنى ئالىدۇ ۋە ئەينى ۋاقىتتا «خىزمەت كۆرسىتىپ» شەنگەن دارىن ئالدىدا ئىناۋىتى ئاشىدۇ «بىر كالتەكتە ئىككى پاختەكنى ئۇرماقچى». ئۇنىڭ ياردەمچىسى ھاشىم توكۇ (توكۇ غېنىنىڭ ھەممە كىرىپ چىقىدىغان تۆشۈكلىرىنى بىلەتتى، غېنىنىڭ سۇقۇنغان يېرىنى تېپىپ بەرگەندى...)

ـ قېنى، قەيەردە؟ بىر يەرنىلا ئايلانغاندەك قىلىمىزغۇ ھە.

ـ خىتاپ قىلدى گۇمانلىنىشقا باشلىغان چېرىكلەر باشلىغى.

ـ ھازىر، ھازىر يېتىمىز...

سەككىزىنچى باپ

ھاكىم شاگىيۇدىن يەرنىڭ مۆرە خەتلىرىنى ۋە ئىككى يورغا ئاتنى تارتىۋالغان غېنى تۆرت-بەش چاقىرىمچە ئارقىغا، توققۇز-تارا تەرەپكە قاراپ مېڭىپ، چوڭ يول چېتىدىكى ئويمانلىقتا توختاپ، ئاتتىن چۈشتى. توققۇز-تارا بىلەن غۇلجا ئارىلىغىدىكى بىر يېرىم كۈنلۈك مۇساپىنى بىر كۈندە باسقان كۆرەڭ قاشقا ئەندى يەنە شۇ مۇساپىنى ھادۇق ئالماي مېڭىش مۇمكىن ئەمەس ـ زورۇقۇپ نوخۇلا، ياكى ئالاقاراق بولۇپ كاردىن چىقىشى چوقۇم. ئۆزى قىينالسا مەيلى، لېكىن كۆرەڭ قاشقىنى ھەرگىز قىينىمايدۇ. ئۇ ئۇزۇن ئويلىنىپ تۇرمايلا بىر نەرسىنى جەزم قىلدىدە، ئېتىنىڭ ئېگەر-توقۇمىنى سىرىپ ئېلىپ، قارا تورۇقنى توقۇپ مىندى ۋە ئىككى ئاتنى يېتەكلىگەن پېتى يولسىزلا، دەريانى ياقىلاپ، غۇلجا تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئاز ئۆتمەي، جىرغىلاڭ سۈيىنىڭ ئىلى دەرياسىغا قۇيۇلىشىغا يەتكەندە ئاتتىن چۈشتى. بۇ ئەتراپ ئۇنىڭغا بەش قولدەك تونۇش. دەريانىڭ ئىككى ئاچىلاش ئاقىدىغان يېرىدە تال، جىگدە دەرەقلىرى قويۇق ئارالچا بولىدىغان. بۇ بۇككىدە ئارالغىچە يازنىڭ ئىسسىق كۈنلىرى ئۇزۇشنى بىلىدىغان ھەۋەسكار «بېلىقچىلار» ئۆتمىسە، باشقا ھېچ كىم كەلمەيدىغان. غېنى قولداشلىرى ئەكبەر، نۇراخۇن، غالدانلار بىلەن بۇ «پىنھان» ئارالچىدىن موشۇنداق كەچ-كۈز كۈنلىرى

(يىراقلاردىن ھايدىلىپ كېلىنگەن ئاتلارنى سۇقۇپ قويۇپ، ئاستا-ئاستا «سۇ» قىلىشقان)،غېنى مىنگەن ئېتىنى جىگدىگە باغلاپ قويۇ، كۇرەك قاشقىغا ئىككىنچى ئاتنى چېتىپ، دەريا بويىغا ئەكېلىپ:

-باشلا، جانىۋارىم! - دەپ كۇرەك قاشقىنىڭ ساغرىسىنى پەپىلەپ، سۇغا قويۇۋەتتى. ئېگىسىنىڭ تىلىنى بىلىدىغان، بۇ ئۆتكۈلدىن نەچچە قېتىم ئۆتكەن ۋە كىچىك ئارالچىنىڭ جىگدە، تال يوپۇرماقلىرىنىڭ تەمىنى تېتىغان كۇرەك قاشقا چېتىق ئاتنى ئەگەشتۇرۇپ سۇغا كىردى. غېنى بولسا ئاتلار ئۇ قاناتقا ئۆتۈپ، قاتتىق سىلكىنىپ، كۇرەك قاشقا كىشنىگەندىن كېيىنلا ئاتلاندى...

****

رەھىمجان سابىرى مېھمىنىنى ئىش بۆلمىسىگە باشلاپ، ئۇلار ئەندىلا پاراڭ باشلاپ ئولتىرىشىغا خىزمەتكار بالا كىرىپ، قانداقتۇر بىر ئادەم كەلگەنلىكىنى، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمەن دېگەنلىكىنى ئېيتتى.

كىملىكىنى سورىدىڭمۇ؟

-قەيەردىن، كىم بولىسىز، نېمە ئىش بىلەن كەلدىڭىز دەپ سورىۋېدىم، ئۇ ئادەم: «مېنى تولا سوراقتا ئالما، سوراق دېگىنىڭدىن سېسىق كېكىرىپ كەتكەن ئادەممەن» دەيدۇ .

رەھىمجان بىلەن مېھمان كۈلۈشتى .

-سوراقتىن بېزار بولغان بولسا، سولاقتا تولا ياتقان ئادەم بولىدىدە؟! - دېدى مېھمان.

-بوي-تۇرقى قانداراق؟ - سورىدى رەھىمجان.

-ئۇنىڭ چىرايىغا قارايمەن دەپ بۆكۈم يەرگە چۈشۈپ كەتتى...

-غېنى! - ۋاقىراۋەتتى خوشال بولغان رەھىمجان ۋە بالىغا: - دەرھال باشلاپ كىر! - دېدى.

-خوپ، -دەپ چىقىپ كەتتى بالا.

-تونۇشامسەن؟

-ياق. نامىنى ئاڭلىغىنىم بار. بىر كۆرسەم دەپ يۈرەتتىم، ياخشى بولدىدە! مېھمان يىگىتمۇ خوشال بولدى.

-ھازىر كۆرىسەن، پالۋان دېسەڭما، سۆزمەل دېسەڭما لەۋزىڭ يەردە قالمايدۇ.

-سالام! - ئىشىكنىڭ ئىككى قانىتىنى كەڭ ئېچىپ لەڭگەردە كىرىپ كەلدى غېنى.

-كەل، كەل پالۋان. كەلگىنىڭگە خوشالمەن.

رەھىمجان ئوچۇق چىراي قارشى ئالدى ۋە كۆرۈشۈپ ئولتىرىشقا تەكلىپ قىلدى.

-سالامەت ساھىبخانا! - دەپ پاتىھە قىلدى، يۇمشاق ئورۇندۇققا ئولتىرىپ غېنى.

ئۇچېيلەن سەممىمي تېچلىق سوراشتى. غېنىنىڭ قاپاقلىرى ئوتۇقۇپ، كۆزلىرى ياشاڭغىرىغاندەك ئىلىشىپ تۇرغانلىغىنى كۆرۈپ:

-سوغ تەككۈزدىڭمۇ نېمە، چىرايىڭ ئوتۇقۇپ، يۆتىلىپ قاپسەن؟ - سورىدى رەھىمجان.

-ھېچ گەپ ئەمەس.

-ئۇنداق دېمە. ئۆپكەڭگە سوغ تەككەن بولسا، سېنىڭ باتۇرلىغىڭ كۆچەكەلمەيدۇ، جۆمۇ!.. ساڭا دورا بېرىمەن، - دەپ ئورنىدىن تۇرماق بولغان رەھىمجاننى توختاتقان غېنى:

-دورا-پورا بىلەن خۇشۇم يوق. ئۇنىڭدىن كۆرە بىر چىنە ئىلىتما سېرىق ياغ بەرسەڭ بولدى، - دېدى.

-تووۋا، مۇجەزىڭ ئادىمىيزاتقا ئوخشىمايدۇدە، سېنىڭ، - دەپ چېقىشتى رەھىمجان.

-ئوخشىتىپ نېمە قىلاتتىڭ؟ ھېلىما ئەپتىم ئادەمزات دېگەنگە ئوخشاپ قالغىنىغا پۇشايمەن يەپ يۈرىمەن .

غېنىنىڭ كىنايىسىگە مېھمان قاقاخلاپ كۈلدى. ئۇ ئولتارغاندىمۇ بىر ئادەم بويىدەك بەستى بار غېنىنى ئۆلچەيدىغاندەك زەڭ قويۇپ، زوقلىنىپ قاربدى: «قەلبىمۇ زور بولۇش كېرەك» دەپ پىچىرلىدى ئىچىدە. رەھىمجان چىقىپ كېتىپ، ھەيەل قىلماي قايتىپ كىردى:

ــ يۇرۇڭلار، مېھمانخانىغا كىرەيلى، ــ دەپ تەكلىپ قىلدى .

ئۇلار ئازادە مېھمانخانىغا كىرگەندە چوڭ ئۇستەل ئۇستىدە تۇرلۇك يەل-يېمىشلەر ۋە چەينەككە دەملەنگەن چاي تەييار تۇرۇپتۇ. خىزمەتچى بالا پەتمۇستا بىر چىنە ئىلىتقان سېرىق ياغنى كۆتىرىپ كىرىپ، غېنىنىڭ ئالدىغا قويدى. غېنى تەكەللۇپسىزلا ياغنى كۆتىرىپ ئىچىۋەتتىدە، ھادۇغى چىققاندەك ئۇھ تارتتى .

ــ مانا ئەندى سوغ-پوغ دېگىنىڭنىڭ مومىسىنى كۆرسىتىدۇ بۇ سېرىق ياغ، ــ دېدى.

ــ دېگەن بىلەن ئۆزەڭنىڭ دورىسىنى ئۆزەڭ بىلىدېكەنسەن.

ــ كەچ دېمەي ئۆيۈڭگە كىرگۈزگىنىڭگە، مونۇ سېرىق ياغنى بەرگىنىڭگە رەخمەت...

ــ نېمە دېگىنۇڭۇي! قاچان كەلسەڭ ساڭا ئىشىگىم ئوچۇق. چايغا باق.

ــ چېيىڭدىن ئاچچىق تەر چىققىچە ئىچىمەن.

ــ راستلا، ــ دېدى غېنىغا چاي سۇنغان رەھىمجان، ــ سىلەرنى تونۇشتۇرماپتىمەن. مونۇ يىگىتنى تونۇيدىغانسەن؟

ــ بۇ ئاقپىشماڭنى بۇرۇن كۆرمىسەممۇ، دىلىمغا يېقىن تۇرىدۇ، ئېتى نېمە؟

ــ زامان.

ــ پاھ، ئېتى ئۇلۇقكەن دىتى قانداقكىن.

ــ دىتىمۇ بار، جىگەرىمۇ بار.

جىگەرلىك بولساڭ، كەل كۆرۈشەيلى، ــ دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ، زامانغا ئوڭ قولىنى سوزدى غېنى.

ــ غېنىكام بىلەن تونۇشقىنىمغا رازىمەن. بۇ ئۇچرىشىش ياخشى بىر خاتىرە بولۇپ قالىدۇ، ئەلۋەتتە! ــ دېدى ھاياجان ئىچرە زامان.

ــ ھەر ئىككىڭ قونۇپ قالىسەن. زامان بولسا ساڭا ئوخشىغان ئادەملەر بىلەن مۇڭدىشىشقا خۇشتار، ــ دېدى رەھىمجان.

ــ قونالمايمەن...

ــ نېمە؟ كېچىدە كېلىسەنۇ، قونمايلا كېتىسەن. سېنىڭ بۇ كىرىپلا چىقىپ كېتىدىغان مېچىتىڭمېدى؟ ــ رەنجىدى رەھىمجان.

ــ ئوتتەك قونغۇم بار. بىراق قونالمايمەن. ساڭا يولۇقۇپلا كەتمەكچىدىم.

ــ زۆرۈر ئىشىڭ بارمېدى؟ ــ بۇ قېتىم تەشۋىش ئارا سوربدى غېنىنىڭ تېچ يۇرمەيدىغانلىغىنى بىلىدىغان رەھىمجان.

ــ نۇسرەت خەلپەتتىن خەۋىرىڭ بارمۇ؟

ــ ھە، بار.

ــ بار، دەيسەنغۇ؟ ــ رەھىمجانغا قادالدى غېنى.

ــ قاماققا ئېلىنغانلىغىدىن خەۋىرىمىز بار. ئەمما، سەۋەۋىنى ئۇقالمىدۇق.

ئۇ ئادەمنىڭ بۇ بىرىنچى سولىنىشى ئەمەسقۇ دەيمەن؟ ــ دېدى زامان.

ــ ياشلىق ۋاقتىدا زىندان ئازاۋىغا چىدىغان بىلەن ئەندى قېرىغاندا بەرداش بېرەلمەيدۇ-دە! ــ دېدى غېنى ــ ئەگەر پۇل تىقىپ بوشىتىدىغان يېرى كەلسە قاراپ تۇرمايمەن. شۇ تاپتا «خاڭسىر» قىلغان ئىككى يورغا ئات چاتقالدا تۇرۇپتۇ.

ــ ئۇ تەرەپتىن خاتىرجەم بول.

ــ خاتىرجەم بول دەيسەنا! ــ خىتاپ قىلدى غېنى بۇ ئىشتا گويا رەھىمجان ئەيىپلىكتەك ئۇنىڭغا

توغرا قادىلىپ، ــ قوي قوتىنىغا چۈشكەن بۆرە سىياقى، موشۇنداق بىر چەتتىن يوقىتىۋەرسە قاراپ ياتقۇلۇقما؟

ــسەنچە بولغاندا نېمە قىلساق بولار؟

"يېتىپ قالغىچە ئېتىپ قال" دېگەندەك، قاراپ يېتىپ هارام ئۆلگىچە، بىزمۇ ئادەم بولغاندىكى قىمىرلايلىدە!

ــهەي، غېنى... قوزغىلاڭ دېگەن ئويۇر-توپۇل ئاتلىنىپ چىقىدىغان ئوغلاق تارتىشى ئەمەس، ئۇختۇڭمۇ؟ ــ دېدى جىددىي تۈس ئالغان رەهىمجان.

ــقاچانلا بولسا موشۇنداق سەۋەپ كۆرسىتىشكە ئۇستا سەنلەر. بىر زامانلاردا ئاز قالدى، قوزغىلىمىز، تەييار تۇرۇڭلار دېدىڭلار. كېيىن يېڭى هۆكۈمەت قۇرۇلدى، ئەندى تەڭ باراۋەر ياشايمىز دەپ ۋاالاقلىدىڭلار. قېنى نېمە هاسىل چىقتى؟ ئۇرۇمچىدە هېلىقى خوجانىياز فۇجۇشى1، غۇلجىدا تۇردىئاخۇن باي فۇدوتەي2، ئاۋاكى هاجى شەنجەڭ بولغىنى بولمىسا، يەنە شۇ كونا سەنەم ــ خىتايلار مىنىپ يەلكىمىزدىن چۈشكىنى يوققۇ! ئەندى بولسا مۆتىۋەر ئادەملەرنى بىر چەتتىن قىرقىشقا باشلىدى... شۇما «تەڭلىك» دېگىنىڭلار؟! ــ غېنىنىڭ دېمى سىقىلىپ، سوغ چايدىن ئۇتلىدى.

ــگېپىڭىز ئىنتايىن ئورۇنلۇق، ــ دېدى خېلە ئۇزۇنغا سوزۇلغان سۈكۈناتتىن كېيىن زامان. ئۇ ساۋاتسىز غېنىنىڭ پىكىر قىلىشىغا هەيران قالغان ئىدى. شۇڭا غېنىنى يان باسقاندەك سۆزلىدى: ــ ئۇنداق قىلساق بولاتتى، مۇنداق قىلساق بولاتتى دەپ پال بېقىپ قالغانلىقىمىز راست...

ــسەن قىلغان ئىشلىرىمىزنىڭ هەممىسىنى يوققا چىقارماق بولامسەن؟ ــ تېرىككەندەك زامانغا تىكىلدى رەهىمجان.

ــهەرگىز ئۇنداق دېمەكچى ئەمەسمەن. ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىنكى ئۈچ-تۆرت يىل ئىچىدە مەدەنىي-مائارىپ ئىشلىرى رىۋاجلىنىپ، خەلقنىڭ ئاڭ-سەۋىيەسى ئۆستى ۋە مەيىشتى خېلە ئوڭلاندى ــ بۇ قۇمۇل قوزغىلىڭىنىڭ سەمەرىسى، ئەلۋەتتە!

---

1فۇجۇشى ــ مۇئاۋىن رەئىس.
2فۇدوتەي ــ مۇئاۋىن ۋالى.

لېكىن هاكىمىيەت تىزگىنى يەنە شۇ شىڭ-شىسەي قولىدا بولغاچقا يەرلىك خەلق كۈتكەن ئاررۇ-ئۈمۈتلەر ئاستا-ئاستا يوققا چىقىشقا باشلاپ، مەمۇرىي ئېرىش ۋە يەكلەشنىڭ يېڭى-يېڭى سىرلىق تۇرلىرى مەۋجۇت بولماقتىكى، چوڭ خەتەرنىڭ پۇراقلىرى هېلىتىنلا دىماققا ئۇرۇلماقتا...

ــسەن، زامان، كۆلەڭگۈ تەرەپلەرنى بەكمۇ ئاشۇرىۋەتتىڭ، ــ رەنجىگەندەك دېدى رەهىمجان ۋە: ــ قان بەدىلىگە كەلگەن هوقۇقلارنى قاراپ تۇرۇپ تارتقۇزۇپ قويماسمىز.

ــئاللىقاچان تارتقۇزۇپ قويدۇق. لېكىن شۇ ئاچچىق هەقىقەتنى ئېقرار قىلىشقا قورقىمىز ــ يۈرەك جاراهىتىنى يوشۇرىمىز، يوپۇتىمىز ــ دېدى كەسكىن رەۋىشتە زامان ۋە سەل ئويلىنىپ قوشتى: بىر دوستۇم: «بىز دۇتارنى قۇچاقلاپ قالمىغېدۇق» دېگەندى. ئويلايمەن: ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى ئەمەلىيەتكە يېقىن .

ــهېچ قاچان دېمىگەننى بۈگۈن دەۋەتتىڭ، زامانجان؟ ــ مىيىغىدا كۈلدى رەهىمجان. قەددى-قامىتى كېلىشكەن بۇ يىگىتكە قىسقا بۇرۇت ۋە تەبەسسۇم يارىشىدىغان.

ــغېنىكامدىن ئىلهاملاندىم. ئۇ سەن، مەن ئوخشاش گېزىت، كىتاپلارنى ئوقۇمىسىمۇ، يىغىنلارغا قاتناشمىسىمۇ ۋەزىيەتنى چۈشىنىشكە تەن بېرىش كېرەك. قانداق دېدىم، غېنىكا؟

ــسەنلەرنىڭ قارغا پۈتى ئىلمەك گەپلىرىڭلارنى ئانچىلا چۈشىنىپ كەتمەيمەن. ئەمما-لەيكىن ئۇكا،

زامان، سىنىڭ گېپىڭ كۆڭلۈمگە قونغاندەك قىلدى. سەنمۇ بۇ گەپلەرنى قىمارۋاز ھەممىنى ئۇتتۇرۇپ، يالىڭاچ قالغاندىن كېيىن تووۋا ئوقۇغاندەك، ھوقۇقنى تارتتۇرۇپ قويۇپ دەۋاتىسەنغۇ دەيمەن...
زامان بىلەن رەھىمجان غېنىنىڭ نەق سۆزىگە راسا كۈلۈشتى.

ـ مەيلى ئۇتتۇرايلۇق ياكى تارتقۇزۇپ قويايلۇق ئاقىۋەت نەتىجىسى بولماي قالماس. ھالبۇكى، بىزنىڭ خاتالىقلىرىمىزنى بىزدىن كېيىنكىلەر تۈزۈشى، بىز ئىرىشەلمىگەنگە ئۇلار ئېرىشەلىشى مۇمكىن. ئازاتلىق ئۈچۈن كۈرەش تېخى داۋام قىلغۇسى، ـ دېدى زامان ۋە خوجانىياز قوشۇنلىرى تەركىۋىدە قۇمۇلدىن تاكى قەشقەر، خوتەنلەرگىچە بارغانلىغىنى، خوجانىياز شىڭ-شىسەي بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەندىن تارتىپ بۇ «ئىتتىپاققا» گۇمانلىق قارىغانلىغىنى ۋە ھازىرمۇ زور خاتالىق دەپ تونۇيدىغانلىغىنى سۆزلەپ بەردى، رەھىمجاننىڭ بۇ مۇجادىلەلەردىن خەۋىرى بولسىمۇ، غېنى ئۈچۈن تامامەن يېڭىلىق بولغاچقا ئۇنىڭ كۆڭلىدىن «ھە، ئىش مۇنداق  ئىكەندە!» دېگەن ئوي كەچتى ۋە زامانغا زوقلانغاندەك دېدى:

ـ ياش بولساڭمۇ خېلە چوڭ قازاندا قايناپسەن، ئۇكا.

ـ قانچە كۆپ قاينىساق، شۇنچە ياخشى پىشىمىز، غېنىكا!

ـ دەللىڭ گەپ قىلدىڭ، زامان، ـ دەپ ئورنىدىن تۇردى غېنى، ـ سېنىڭ رەھىمجان، ئىناۋىتىڭ بار. نۇسرەت خەلپەتنى قۇتۇلدۇرۇشنىڭ ئامالىنى قىلارسەن.

ـ خاتىرجەم بول. توختا، كېتىشىڭ شۇما؟

ـ مونۇ نەرسىلەرنى، ـ دېدى قويۇن يانچۇقتىن يەر خەتلىرىنى چىقىرىپ ئۈستەل ئۈستىگە قويغان غېنى، ـ قاش-قارا باغلىقلارغا بېرىپ قويارسەن.

ـ ساڭا بۇ نەرسىلەرنىڭ نېمە كېرىگى بار؟ ـ تېرىككەندەك سورىدى رەھىمجان.

ـ ماڭا كېرەك بولمىسا، گاداي دىھقانلارغا جاندەك كېرەكتە! ـ دېدىدە، ئۆتكەن ئاخشام بولغان ۋاقىئەنى سۆزلەپ بەردى غېنى.

ـ ئاقىۋېتىنى ئويلىمايلا مۇشۇنداق تەنتەكلىك قىلىدىغىنىڭ يامانده!

ـ كۆز ئالدىڭدا ناھەق ئىش بولۇۋاتسا قانداق چىداپ تۇرىسەن؟!

ـ بۇلارنى بۈگۈن تارتىۋالساڭ، ئەتىلا ھاكىم شاڭيۇ قايتۇرۇپ تارتىۋالىدىغۇ؟

ـ بۈگۈن ھاكىم شاڭيۇنى يوقاتساڭ، ئۇنىڭ ئورنىنى تېخىمۇ يامان بىرسى باسىدۇ. بۇ خىل يەككە ھەرىكەت بىلەن خەلقنى زۇلۇم سىتەمدىن ئازات قىلالمايسەن، غېنىكا! ـ دېدى زامان.

ـ بەلكى، شۇ تاپتا سېنى تۇتۇش ئۈچۈن ھەممە يەرگە خەۋەر كەتكەندۇر. ئىز بېسىلغىچە مېنىڭ ئۆيۈمدە تۇر، ھېچ كىم گۇمان قىلمايدۇ، ـ دېدى رەھىمجان.

ـ بەش-ئون زامان مونۇجىسەكچىلەرنىڭ كۆزىدىن نېرىراق كېتەي. سەن مۇشۇ يەر خەتلىرىنى ئۆز ئېگىلىرىگە يەتكۈزۈپ بېرىشنىڭ ئامالىنى قىلساڭ، ـ رازىلىغىم شۇ. خەير! ـ دېدىدە، شىددەت بىلەن چىقىپ كەتتى غېنى.

رەھىمجان بىلەن زامان ئىككىسى قۇرغۇيىنى ئۈچىرىپ قويغان ئوچىدەك بىر قىياپەتتە غېنىنىڭ ئارقىدىن قاراپ قېلىشتى .

***

غۇلجا قاراڭغۇ تۈن پەردىسىگە ئورالغان. تېخى ئەل ياتقۇ بولمىسىمۇ، ئەتراپ ئادەمدىن خالى؛ پەقەت كوچىلار قىيىلىشىدىن قولىدا پانۇز تۇتۇپ ئۆتكەن بىرەن-سىرەن ئادەملەرنىڭ قارىسى كۆزگە چېلىقىدۇ. غېنى «ئۈچ دەرۋازا» كوچىسىنى بويلاپ كەلمەكتە. كۆڭۈلسىز قاراڭغۇ تۈن مىسالى، ئۇنىڭ دىلى پەرىشان، قەلبىنى بولسا ـ ئىزتىراپلىق ھەسرەت، گۇمانلىق تەشۋىش چۇلغاۋالغان. ھەجىبا، ئۇ ھېچ قاچان ئۆزىنى بۈگۈنكىدەك يالغۇز، تەنھا ۋە چارىسىز سەزمىگەن بولغېيدى. شۇ تاپتا ئۇ قاياققا

بېرىشىنى، نېمە قىلىشىنىمۇ جەزم قىلماي، مېيىسىگە ئورناۋالغان: «نېمە قىلىش كېرەك؟» دېگەن سوئالنى تەكرارلايتتى. ئۇ ئىشەنگەن ئادىمى رەھىمجان بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىنمۇ كۆڭلى سۇ ئىچمىدى ــ ئارىدا ئۆتۈلگەن سۆزلەردىن قانائەت ھاسىل قىلمىدى. رەھىمجاننىڭ ھېمىشەمقىدەك «پەندى-نېسىھەتلىرى» غېنىنىڭ تەلەپچان ئىستەكلىرىگە، جوشقۇن ئىنتىلىشلىرىگە، چەك باسقىدەك، قايىل بولغىدەك، تەسىر قىلالماتتى، بەلكى رايى قايتقاندەك بولدى. «بۇ خەق گەپ قىل دېسە ئۇ تاغنى بۇ تاققا ئۇرىدۇ، ــ ئېچىنىشلىق پىچىرلايتتى غېنى، ــ ئۇنداق قىلىش كېرەك، مۇنداق قىلىش كېرەك... قاچانلا بولسا شۇ گەپ. ۋاي، قۇرۇق گەپ بىلەن شەھەر ئالىدىغانلارەي...» ئۇ ئەسەبىي كۆلۈۋەتتى ۋە چۆچۈگەندەك ئەتراپىغا قارىۋېدى ــ قاراڭغۇ تۈندە ھېچ كىم كۆرۈنمىدى. «تەييارلىق قىلىش كېرەك، ۋاقىتنى كۈتۈش كېرەك» دېيىشىدا؟ سەنلەرنىڭ تەييارلىغىڭ پۈتكىچە ئەلنى بىر چەتتىن قىرىپ بولار، بۇ خىتايلىرىڭ! زادى ئۆزەم ئوخشىغان يالاڭ تۆشلەرنى ئەتراپىمغا توپلاپ، ھەرىكەت قىلمىسام بولمىدى... مەن نادان شۇنچە ۋاقىتمىنى ھا-ھا، ھۇ-ھۇ بىلەن ئۆتكەزمىگەن بولسام، بۇ چاققىچە بىر يەردىن بۆسۈپ چىقارېدىم، خەپ!.. غېنى كەچمىشىنى ئويلايدېكەن ئورۇنسىز سەرىپ قىلىنغان قارا كۈچىگە، بېھۆددە قاراملىغىغا ۋە خۇسۇسەن، نادان تەلۋىلىكلىرىگە ئۆكۈندى، ئەپسۇسلاندى، ھەتتا ئۆزىدىن يىركەنگەندەك يەرگە تۈكەردى. ئېغىر كەچۈرمىلەرگە بەنت بولغان پالۋان دولان دەرۋازىغا يېتىپ كەلگەنلىگىنى سەزمەي قالدى. شەھەر سېپىلىنىڭ بۇ شىمالىي قاپقىسى تاقىلىپ قالغان ــ شەھەر ئىچىگە كىرىشكە بولمايدۇ. زاتەن شەھەر ئىچىگە نېمىگە كىرمەكچى؟ ھە، ھە! داۋۇر بىلەن كۆرۈشۈپ، نۇسرەت خەلپەتنى قۇتۇلدۇرۇشنىڭ ئامالىنى قىلماقچى ئەمەسمېدى؟ چولپانچۇ، چولپان؟ ئۇنىڭ يۈرىگى ئېغىپ، بېشى پىررىدە قايغاندەك بولدىدە، بىر نەچچە دەقىقە ماڭلىيىنى تۇتقان پېتى تۇرۇپ قالدى. «چولپان، ــ ھەسرەتلىك پىچىرلىدى غېنى، ــ ئۇ قىزنىمۇ بوۋىسى بىلەن قوشۇپ سولىغان بولسا...» بۇ دەھشەتلىك گۇماندىن بېدەر قاچقاندەك ئىلدام مېڭىپ كەتتى. «ياق، ياق! سۈتتىن پاك قىزغا قول تەككۈزۈشكە ھېچ كىمنىڭ ھەددى ئەمەس!» كىمگىدۇر ئاگاھلاندۇرغاندەك قولىنى شىلتىدى ئۇ تېخىمۇ شىددەتلىك چامداپ. شۇ تاپتا چولپاننىڭ قەيەردە ئېكەنلىگىنى ۋە قەيەردىن ئىزدىشىنى ئېنىق بىلمەيدۇ. بالا چېغىدىنلا ئاڭلىغاننى ئۇنتىمايدىغان، كۆرگەننى ئەستىن چىقارمايدىغان زېھنى ئۆتكۈر غېنى بۇ كېچە قايمۇقۇپ قالغاندەك ھىس قىلدى. بەلكى، ۋىيدانىي ئازاپ ۋە جىسمانىي ھارغانلىق تەسىرىدە زېھىن چىرىغى خىرەلەشكەندۇر. بىرەر سائاتچە، خامۇش ئادەمدەك، نەگە بارارىنى بىلمەي، كوچا ئايلىنىپ يۈردى ۋە توساتتىن بىر نەرسە ئېسىگە كېلىپ، كۆڭلى ۋاللىدە يورىغاندەك بولدى. «ھاشىم توكۇ نۇسرەت خەلپەتنىڭ غۇلجىدا تۇققىنى بار دېگەندەك قىلغان، پىچىرلىدى ئۇ، ــ شۇ توكۇنى تاپسام چولپاننىڭ بار يېرىنى تاپىمەن...» ئۇ ئەندى گىر بازىرىنى بويلاپ، قازانچى تەرەپكە ئىلدام مېڭىپ كەتتى.

ھاياتنى چېقىمچىلىق، يالاقچىلىق ۋە بۇزغۇنچىلىق بىلەن ئۆتكۈزىدىغان ھاشىم توكۇ ھەر كۈنى دېگىدەك ئۆيىگە كەچ كېلەتتى: بەزىدە توق، بەزىدە ئاچ، بەزىدە بولسا، ــ ئۆلگىچە مەس كېلەتتى. ھاشىمنىڭ بۇ خىل بېشەملىگىگە ئىچىكىپ كەتكەن شاۋاخان ئۇنىڭ قاچان كېلىپ، قاچان كەتكىنىنى پەرۋامۇ قىلماتتى. بۇ ئايالنى ھاشىمنىڭ ھالال جۈپتى ياكى ئاشنىسى دەپ ئېنىق بەلگۈلەش مۇمكىن ئەمەس. ئۇمەمەن، تۆل خوتۇننىڭ تەييار ئۆيىگە كىرىۋالغان «مېكىيەن بايۋەچچە» ئېدى .

بۈگۈن ھاشىم توكۇنىڭ ۋاقتى چاق ــ داۋۇر تۇڭچىغا غېنىنىڭ بار يېرىنى كۆرسىتىپ بەرگىنى ئۈچۈن شاڭ-مۇكاپات ئالدى. ئاشپۇزۇلدا مېھمان بولدى. شۇ خوشاللىغىدا مەرتلىگى تۇتۇپ كېتىپ شاۋاخانغا بىر كىيىملىك توگا، بىر سېۋەت يېمەك-ئىچمەك، ھەتتا خۇگۇ ھاراقتىمنۇ ئالدى. شاۋاخان بىلەن كەنچەندا كەيپە سۇرمەك بولۇۋېدى، بىراق ھاشىم خاپىلىقتا ھاراقنى چىنىگە بۇلۇقلىتىپ قۇيدىدە، كۆتىرىپ ئىچىۋەتتى ۋە كىيىملىرىنىمۇ يەشمەي، چىراقنىمۇ ئۆچەرمەي، سېلىقلىق تۇرغان ئورۇنغا

ئۆزىنى ئاتتى...

ـ ۋاھ، ھاكىمبەگنىڭ ئومىسىنى ئۇرىغاندەك، ياتقىنىنى ماۋۇ شوۋەكنىڭ، قوپۇي، يامپاش!

سۇرلۇك ئاۋازدىن چۆچۈپ ئويغانغان ھاشىمنىڭ چېقىر كۆزلىرى ئالاق-جالاق بولۇپ كەتتى.

ـ قانداق... قانداق كىردىڭ؟ ـ دۇدۇقلىدى ھاشىم.

ـ قانداق بولاتتى: بىر ئاتلاپ ھويلىغا، ئىككى ئاتلاپ دېرىزىدىن كىردىم.

ھاشىم قومىرىلغان دېرىزىگە قاراپ تاتىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىدىن: «بۇ ئوغرى يەنە قۇيرۇق تۇتقۇزماپتىدە! داۋۇر نەدە يۇرىدېكىن...» دېگەن تەشۋىش كەچتىدە، ئۆزىدىن-ئۆزى خۇدۇكلىنىپ تېخىمۇ قورقۇپ كەتتى.

ـ سەن زۇغۇي توكۇنىڭ نېمە قىلىپ يۈرگەنلىگىڭنى بىلىمەن، ـ دېدىدە، ھاشىمنىڭ كانىيىدىن تۇتۇپ كۆتەرگەندە ۋە قوچاقنى پۇلاڭلاتقاندەك، ئۇ يان-بۇ يان سىلكىپ، ياتقان ئورنىغا تاشلاۋەتتى.

"ئۆلدۇم" ـ دېدى ئىچىدە ھاشىم ۋە غېنىنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ، يېلىنىشقا باشلىدى: ـ غېنەم! جېنىم ئۇكا... سادىغاڭ كېتەي...

ـ مىياڭلىما! دېگىنىمنى قىلمىساڭ بۇ قېتىم قولۇمدىن تىرىك چىقمايسەن.

ـ نېمە دېسەڭ شۇنى قىلاي، غېنەم...

ـ نۇسرەت خەلپەتنىڭ قەيەردە ئىكەنلىگىنى بىلەمسەن؟

ـ ھە، ھە! بىلىمەن، بىلىمەن! ـ دەرھال جاۋاپ بەردى سەزگۈر سۇخەنچى. ئەگەر، غېنى بۇ گەپنى سوراشنىڭ ئورنىغا يەنە بىر قاتار «ئۇچۇقدىغان» بولسا ئۇنى تۇتۇش ئۇچۇن داۋۇرنىڭ ئاتلىنىپ چىققانلىغىنى ئېيتىپ بېرەتتى. غېنى ئالدىراپ كەتتى.

ـ نېمە ئىشتىن سولاپتۇ؟

ـ ئۇنىسىنى ئېنىق بىلمەيمەن، غېنەم.

ـ يالغان ئېيتىسەن، يامپاش. سەن شۇمقۇش بىلمەيدىغان ئىش بارمۇ ھە!

ـ ھۆكۈمەتكە قارشى چىقىپتەك...

ـ نېمە، نېمە؟! ـ غېنى تىڭىرقاپ قالدى. سەكسەندىن ئاشقان، بىر پۇتى گۆرگە ساڭگىلىغان ئادەم يالغۇز ئۆزى قانداقلارچە نىيەت بولسا نېمىشكە غېنىغا بۇ توغرىلىق گەپ ئاچمىدى؟ ياق، ياق! بۇ يەردە باشقا گەپ بار، ئەشۇنداق بانىلار بىلەن خەلقنىڭ كۆزىنى تاڭماقچى...

ـ قىزنى، ياق نەۋرىسى...

ـ ھە، نەۋرىسى چولپان! ـ ھاشىمنىڭ سۆزىنى بۆلدى تاقەت قىلالمىغان غېنى.

ـ نەۋرىسى شەھەردە...

ـ نەدە؟ تىلىڭنى چاينىماي، ئېنىغىنى ئېيت، يامپاش!

ـ نۇسرەت خەلپەتنىڭ تۇققىنى... خەپ، مېنىڭ نايىنغىم نەدە يۇرىدېكىن، شۇ بىلەتتى...

ـ سەنما شاۋاخىنىڭدىن قالمايسەن، ئېيتە! ھېلى بولمىسا، ـ دەپ دېۋىندى غېنى .

ـ توختا، توختا غېنەم، ئېسىمنى يىغىۋالاي، جان ئۇكا ـ ھاشىم راست ئويلاندىمۇ، يالغانمۇ، كوچار سوۋىنىغا ئوخشىغان دوقا بېشىنى سىلاپ، ـ ھە، راستلا، ياقۇپ ۋاپۇرۇش...

ـ ئەندى قۇيرۇق شىپاڭلاتماي ئالدىمغا چۈشۈپ ماڭ !

ـ خوپ، خوپ غېنەم، ـ ئورنىدىن تۇردىيۇ، نېمىگىدۇر تارتىنىشقاندەك، ئۆپ-چۆرىسىگە قاراۋېلىپ، ـ ۋاپۇرۇشنىڭ ئۆيىنى كۆرسەتمىسىلا بولىدىغۇ؟

ـ ياق. بۇگۇن كېچىچە مېنىڭ دېگىنىمنى قىلىسەن. ئەتىلىككە داۋۇرىڭنى ھاپاش قىلساڭمۇ كارىم يوق.

ئىككىسى ئەندىلا كوچىغا چىقىشىغا كوچىنىڭ ئۇ بېشىدىن ئادەم كېلىۋاتقانلىغىنى بايقىغان غېنى، ئاتلىق ئۆتۈپ كەتكىچە ئۆزىنى دالدىغا ئالماق بولۇپ، ھاشىمنىڭ قولىدىن تۇتۇپ، يوغان سۆگەتنىڭ

كەينىگە ئۆتتۈۋېلىشتى. ئاتلىق ئادەم ئۇدۇل كەلگەن پېتى ئىشىك ئالدىدا توختاپ ئۇ يان-بۇ يان قاراپ، ئاتتىن چۈشمەك بولۇشىغا ئۇنىڭ ئەپتىدىن تونۇغان غېنى:

ـ مەھەممەتجان! ـ ۋاقىراۋەتتى خوشاللىقىدىن ۋە سۆگەتنىڭ دالدىسىدىن چىقىۋېدى ئات ئۈركۈپ، مەھەممەتجان ئاتتىن يىقىلغىنى تاسلا قالدى.

ـ ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولدۇڭدە، ئاداش! ـ دېدى دوستىنى ئاتتىن يۆلەپ چۈشەرگەن غېنى، ـ بۈگۈن يالغۇزسىراپ راسا قەدرىڭگە يەتتىم جۇمۇ!

ـ تۈنۈگۈن كۈتتۈق، چىقمىدىڭ. ئەنسىرەپ بۈگۈن سەھەردە ئاتلاندىم.

ـ ھە-ئە! موشۇ جانىۋاردە مېنى پېشىنغىچە يەتكۈزۈپ كەلگەن، ـ دېدى مەھەممەتجان ۋە رەنجىگەندەك، ـ نەدە يۈرىسەنكىنتاڭ، ئىزدىمىگەن يېرىم، سورىمىغان تونۇش-بىلىشلەر قالمىدى ـ ھەممىسى كۆرمىدۇق دەيدۇ.

ـ خېلى ئاۋارە بولۇپسەندە، ئاداش.

ـ ئاخىرى كىرمەيدىغان ئىشىگى، پۈرىمايدىغان تۆشۈگى يوق ھاشىم توكۇ بىلەر دەپ كېلىشىم .

ـ بۇ دېگىنىڭ توغرا، مەھەممەتجان. مەنما موشۇ موللا تاپقاقنى ئىزدەپ كېلىۋېدىم.

ئىككى دوست قاقاخلاپ كۈلۈشتى.

ھاشىم ئۇلارنى ئىچىدە قارغىدى.

ـ ئۆيگە كىر دېمەيسەنغۇ، ھاشىم؟ شۇ تاپتا ھېرىپ ئارانلا ئاياق ئۆرە تۇرىمەن.

ـ چىدا، مەھەممەتجان. بۈگۈن تۈنەيمىز ـ تاڭ ئاتقىچە پۈتىرىدىغان ئىشلار بار، ـ كەسكىن دېدى غېنى ۋە ھاشىمغا قاراپ: ـ باشلا! ـ دەپ بۇيرىدى.

***

تېخى مەسۇمە، بالاغەتكە ئەندىلا يەتكەن، ھاياتنىڭ ئاچچىق-چۈچۈگىنى تېتىپ ئۈلگەرمىگەن چولپاننىڭ بېشىغا چۈشكەن غەم-غۇسسىنىڭ سالمىغى ئېغىر ئېدى. ھەم بوۋا، ھەم ئاتا-ئانا ئورنىدىكى غەم-گۇزارى، ھاياتىي تايانچىسى بولغان قىممەتلىك بىر ئىنساندىن كۆز تۇرا ئايرىلىش، ئۇنىڭ دەھشەتلىك زۇلۇمىغا گىرىپتار بولۇشىنى كۆرۈپ ئارا تۇرالماستەك ئېغىر ھەسرەت بولارمۇ؟ تەغدىرنىڭ شەپقەتسىز ئادالەتسىزلىگى تۈپەيلى روي بەرگەن بۇ ھادىسە ياش قىزنىڭ بېشىغا توساتتىن، گويا چېقىلغان چۈشكەندەك، زەربە بولغاشقا ئۇ دەسلەپتە گاڭگىراپ قالغاندەك بولدى، لېكىن تەئەجۈپكە تەن ئۆزىنى ھەر يان ئۇرۇپ دات-پەرياد قىلمىدى. ئەكسىچە، چوڭ ئىرادە ئېگىسى مىسالى زەربىگە بەرداشلىق بېرىپ، ئەس-ھوشىنى يوقاتمىدى. بۇ ھالەت زاتەن ۋۇجۇدىغا پۈتۈلگەن تەمكىنلىك ۋە بالا چېغىدىن تارتىپ بوۋىسىنىڭ تەلىم-تەربىيەسى نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن ئىرادە تۇراقلىغىدۇر؟ نۇسرەت خەلپەتنى قاماققا ئالغىنى كەلگەن يايى-چېرىكلەر ئۇنىڭ قوللىرىغا كويزا سېلىپ، ئېلىپ ماڭغان چاغدا چولپان بوۋىسىنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ: «بوۋامنى بەرمەيمەن، بەرمەي-مەن...» دەپ ھازا كۆتەرگەندە، بوۋىسى:

"يىغلىما قىزىم، يىغلىما. دۈشمەنلەر ئالدىدا بېشىڭنى ئېگىز كۆتىرىپ يۈر..." دېگەندەك. بوۋىسىنىڭ نېسىھىتىنى، توغرىراغى ـ ۋەسىيىتىنى قۇلاققا تۈتقان چولپان ياش تۆكۈپ، ئۈن سېلىپ يىغلىمىدى، پەرياد ئوقۇمىدىيۇ، لېكىن دەرت-ئەلەمنى ئىچىگە سىڭىرىپ، مۇدھىش زىندان گىرىپتارى بولغان قېرى بوۋىسى ئۈچۈن كۆيۈنەتتى، ئىچ-ئىچىدىن ئاداپ بولاتتى، بوۋىسىغا ھەمدەم بولالمىغانلىقىغا ۋېژدانەن ئازاپلىناتتى. ئامال قانچە، تېخى ئۆزى تولۇق ئازات ئەمەس ياش، ئىجتىمائىي تايانچىسىز بىر مەسۇمە قىزنىڭ قولىدىن نېمە كېلەتتى؟ ئۇ پەقەت زالىملارنى قارغاتتى، لەنەت-نەپرەتلەرنى ئوقۇش بىلەن چەكلىنەتتى، خالاس! بوۋىسىنىڭ قايغۇسىدا ھەر كېچىنى ئۇيقىدىن بېدار ئۆتكۈزىدىغان چولپان بۇ كېچىمۇ كىرپىكلىرىنى قاتماي، تورۇسقا قادالغان ھالدا خىيال سۈرۈپ يېتىپتۇ. بوۋىسى

بىلەن بىللە ئۆتكەن قوۋناق، خاتىرجەم كۈنلەرنى ئويلايدىكەن ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا قوغۇنلۇققا مېھمان بولۇپ كەلگەن سۇمباتلىق يىگىتنىڭ غەيۇرانە سىماسى نامايان بولدىدە، قەلبى تەۋرىنىپ ئورنىدىن قوزغىلىپ كەتتى ۋە قېلىن بۇلۇت قاتلاملىرىنى يېرىپ چىققان قۇياش نۇرىدەك، ئۇمۇت يۇلتۇزى ۋاللىدە يورۇپ، شۇ يىگىتنىڭ كېلىشىنى كۈتكەندەك دېرىزە تۈۋىگە باردى .

"شۇ يىگىت يېنىمدا بولسىچۇ، كاشكى..." پىچىرلىدى چولپان ۋە بۇ ئىزگۈ ئارمىنىنى بىرسى ئاڭلاپ قالدىمېكىن دەپ چۆچۈپ ئەتراپىغا قارىدىيۇ، لېكىن كۆڭلىدىن يېقىملىق تۇيغۇ كەچكەنلىكتىن ئۇزىدە يېنىك تەبەسسۇم ئوينىدى.

ـ چولپان! كىچىك دادىڭىز كەلدىغۇ دەيمەن! ـ يان يېنىغا ئاۋاز ئاڭلاندى.

ـ هازىر! ـ دېدىدە هويلىغا چىقتى ۋە قوش-قوۋۇقنىڭ يېنىغا كېلىپ ئاستا:

ـ كىم؟ ـ دەپ سورىدى چولپان.

ـ مەن؟

بۇ تونۇش، زېھىن غەزنىسىدىن مەڭگۈ ئورۇن ئالغان ئاۋازنى ئاڭلاش بىلەن توك ئۇرغاندەك، نەچچە قەدەم ئارتىغا شوقچىغان قىز كۆكسىنى ئىككى قولى بىلەن مەككەم باسقان هالدا تۇرۇپ قالدى. «شۇ، شۇ...» پىچىرلىدى ئۇ، كۈچلۈك هاياجان ئىچرە.

غېنىمۇ دەل شۇ سېزىم ئىلكىدە تەۋرەندىيۇ، باشقا ۋاقىت تېپىلمىغاندەك، تۈن كېچىدە قىزنى ئىسسىق ئورنىدىن قوزغاپ، تەشۋىشكە سالغانلىقىغا خىجالەت بولدى، ئۆزىنى-ئۆزى ئەيىپلىدى ۋە قايتا كېتىشكە تەمشەلسىمۇ، پۇتلىرى ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلماي، ئۆرە پېتىچە تۇرۇپ قالدى.

ـ چول-پان! قاپقىنى نېمىشكە ئاچمايسىز؟ ـ ئۆي ئىچىدىن يەنە ئاۋاز چىقتى.

چولپان قانداقتۇر غەيرى تەبىئىي هېسسىياتتا ئوڭ قولى ئىلغۇرغا قانداق تەككەنلىكىنىمۇ سەزمەي، قوش-قوۋۇقنى قىيا ئېچىپ، گويا ئۇركىگەن ئاهۇدەك، يۈگرىگەن پېتى ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

ـ نېمە بولدىڭىز قىزىم، ئۆپكىڭىزنى باسالمايسىزغۇ؟ ـ ئەنسىرەپ سورىدى كىچىك ئانىسى.

ـ مېهمان... مېهمان كەل-دى، ـ دەلەلىدى تېخىچىلا هاياجانلىقى بېسىلمىغان چولپان.

ـ مېه-مان؟! تۈن كېچىدە نېمە قىلىپ يۈرگەن مېهمان ئۇ؟ ـ هەيران بولغان ئايال پەشايۋانغا چىقتىيۇ، هويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا پوتەيدەك زور ئادەمنىڭ قارىسىنى كۆرۈپ «ۋاي» دەپ كەينىگە ياندى.

"قورقما، كىچىك ئاپا، بۇ غېنىكام..." ـ دېمەك بولۇپ ئاغزىنى ئاچتىيۇ، لېكىن قىزلىق نومۇسى ئۈستىن كېلىپ، سۆزى تىلىنىڭ ئۇچىدا قالدى چولپاننىڭ.

ـ قورقماڭ هەدە، مەن ئۆز ئادەم. ياقۇپكام بىلەن كۆرۈشمەكچىدىم، ـ دەپ ئايالنىڭ ئەيمىنىپ تۇرغانلىقىنى سەزگەن غېنى.

ـ دادىسى ئۆيدە يوق. ئەتىگەنلىككە كەلسىڭىز بولارمېكىن، ـ دېدى ئايال.

بۇ جاۋاپنى ئاڭلاپ يۈرىگى جىغ قىلدى چولپاننىڭ ۋە كىچىك ئانىسىنى ئاستا نوقۇپ، پىچىرلىدى:

ـ نېمە ئىشتىن كەلدېكىن، سوراپ باققىنا.

ـ ئەتىگىچە شەهەردە تۇرالمايمەن...

ـ نېمە؟! ـ بۇ سوئال ئاغزىدىن قانداق چىقىپ كەتكىنىنى سەزمەي قالدى چولپان. ئۇ غېنى بىلەن دەقەمتە تۇرۇپ سۆزلىشىشنى، دىلىدا ئىشەنگەن يىگىتكە مۇڭ-زارىنى تۆكۈشنى خالايتتى. بىراق شۇ غايىۋانە كۆڭۈل بەرگەن يىگىت ئۇنىڭ هالىنى سورىماي، بىر ئېغىزمۇ كۆڭۈل ئېيتماستىن كېتەمدېكىنە؟!

ـ مەن نۇسرەت خەلپىتىمنىڭ ئەهۋالىنى بىلەي، قولۇمدىن كەلگەن ياردىمىمنى قىلاي دەپ ئەتتەي كېلىۋېدىم، ـ دېدى قىزنىڭ ئىچكى تەشۋىش، رەنجىشىنى بىلگەندەك غېنى.

بۇ تېرىقە چىن ئېقىدە ـ ئىخلاسنى ئاڭلىغان قىز تاقەت قىلالمىدى كىچىك ئانىسىغا يېلىنغاندەك، ئۇنىڭ قۇلىقىغا:

ــ ئۆيگە باشلىمىساق سەت بولار، ــ دېدىدە، كىچىك ئانىسى غېنىنى تەكلىپ قىلغىچە، ئىلدام كىرىپ، مېھمانخانىنىڭ شېمىنى ياقتى.

ــ سالامەت، سايىپخان! ــ ئادەت بويىچە پاتىھە قىلدى كۆرپىچە ئۈستىدە ئولتارغان غېنى ۋە ئەدەپ ساقلاپ، قول قوشتۇرۇپ ئۆرە تۇرغان چولپان قىزغا قىيا باقتىيۇ، ئىچى سىرىلىپ، چوڭقۇر ھارسىندى. ئىككى يۈزىدىن قان تېمىپ تۇرىدىغان لالە گۈلدەك بېجىرىم چولپان، ئۇنىڭ كۆزىگە تەڭ يېرىم ياداپ كەتكەندەك كۆرۈنۈپ، ئۇنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئۆي ئىچىنى بولسا قايغۇلۇق، ئېغىر ئۆكۈنۈشلۈك سۈكۈنات باسقان ئېدى.

ــ چولپان، مېھمان ئاكىڭىز ئۇسساپ قالدىمېكىن...

ــ يوغسۇ، رەخمەت، ئاۋارە بولماڭلار، ــ دېدى ئالدىراش، باياتىن سۆزنى نېمىدىن باشلاشنى بىلەلمەي ئولتارغان غېنى .

ــ بالىلارنىڭ دادىسى داۋۇت تۇڭچىغا يولۇقاي دەپ كېتىۋېدى كېچىكتىغۇتاڭ!

ــ داۋۇت تۇڭچى؟! ــ چۆچۈگەندەك سورىدى غېنى.

ــ ئۇلۇقلارغا خىتايچە ئەرىزە يازساق نۇسرەت خەلپىتىمنىڭ گۇناسى يېنىكلەمدېكىن دەيمىزا...

ئۆي ئىچىدە يەنە ئېغىر سۈكۈنات داۋام قىلدى. چولپانغا كۆڭۈل ئېيتىش ئۈچۈن كەلگەن يىگىت ئەندى قىزنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇتقىدەك، دىلى سۇ ئىچكىدەك گەپ-سۆز تاپالماي قىينىلاتتى. ھەجەبا، سۆزگە شۇنچە چېچەن، مۆرىتى كەلگەندە بەگزادە ئەمەلدارلارغا ياپتا بەرمەيدىغان غېنى چولپان قىزنى كۆرۈشى بىلەن تىلى تۇتۇلۇپ كەتتا؟! زاتەن ئۇ نېمە دېمەكچى؟ «نۇسرەت خەلپەتنى زىنداندىن ئۆزەم قۇتۇلدۇرىمەن» دەپ نەۋرىسى ئالدىدا كۆكسىگە ئۇرۇپ، پالۋانلىغىنى كۆرسەتمەكچېدىمۇ؟ ياق، ياق! ئۇ مۇنداق ۋەدە بېرەلمەيدۇ. شۇ تاپتا «يەتتە قات» خىتاي زىندانى تېگىدە ئازاپ چېكىۋاتقان سىياسىي مەھبۇسنى ئازات قىلىشقا ئۇنىڭ چامى يەتمەس. بۇ كۈنلەردە ئۇ ئۆزىمۇ تورغا چۈشۈپ قالماسلىق ئۈچۈن بەش-ئون زامان يوشۇرۇنۇشقا نىيەت قىلغان ئېدىغۇ! شۇ دەقىقىلەردە ئۇنىڭ يولىغا قويۇلغان تۇزاقنى، بىر-ئىككى سائەتتىن كېيىن ئۇنىڭ ھاياتىدا كەسكىن ئۆزگىرىش روي بېرىدىغانلىغىنى ئۇ نەدىن بىلسۇن...

ئىككى ئاجىز بولسا ئاياللارغا خاس نەپىس تۇيغۇ-سېزىم ئىچرە مۇڭلانغاندەك كۆرۈنسىمۇ، چىرايىدىن قەتئىيەت-جەزم ۋە شجائەت تىلىگەندەك تەلمۈرۈشۈپ تۇرۇشىدۇ.

چولپان غېنىنى بوۋىسى دايىم ھېكايە قىلىپ بېرىدىغان قىسسىلاردىكى ساماۋىي پالۋان-باتۇرلارغا، ئەينىقسە رۇستىمى داستانغا قىياس قىلىپ، ئۇنى يېڭىلمەس قىران ھېساپلاتتى، ئىشىنەتتى ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن غايىۋانە مەغرۇرلىناتتى. شۇ ئېقىدە تۇيەيلى بولسا كېرەك غېنىنىڭ «مەن» دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلاش بىلەن نەچچە كۈن چەككەن ئىزتىراپتىن ساقىت بولۇپ، قەلبىنى چۇلغاۋالغان غەم-ئەندىشىلەر بۇلۇتتەك تارقىلىپ، دىلى يورۇپ كەتكەن ئېدى. شۇ تاپتا غېنى ئاكىسى قېشىدا ئولتىرىدۇ ــ ئۇنىڭ كۆڭلى توق...

ــ بوۋاينى قۇتۇلۇرۇشنىڭ ئامالىنى قىلىمىز، ــ قىزنىڭ ئىچكى كەچۈرمىلىرىگە جاۋاپ بەرگەندەك ــ دېدى غېنى.

ــ ئىلاھىم، شۇنداق بولغاي، ئوغلۇم، ــ دەپ رازىمەنلىك بىلدۈردى ياشانغان ئايال.

ــ سىزنىمۇ سىڭلىم، يوقلاپ تۇرىمەن، تولا غەم قىلماڭ...

يەنەكۆڭۈل سۇ ئىچكىدەك سۆزلەرنى ئېتماق بولدىيۇ، نەپەسى كېسىلگەندەك توختاپ قالدى غېنى.

دىلىدا چەكسىز مەمنۇن بولغان چولپان بىر ئېغىز سۆز بىلەنلا رازىمەنلىك ئىزھار قىلدى:

ــ رەخمەت، غېنىكا...

ــ مەن، ــ دېدى ئايالغا بېقىپ غېنى، ــ ياقۇپ ئاكامدىن ئۈچ پارە ئۆتۈك، ئىككى پارە چېتىكنى قەرزگە ئالغان. شۇ قەرزىمنى سىلىگە تۆلەۋېتەي، ئايلا، ــ يانچۇغىدىن بىر بولاق ئاخچا چىقىرىپ

ئايالنىڭ ئالدىغا قويدى ـ چولپاننى خىراجەتتىن قىينالمىسۇن دەپ موشۇ ئامالنى تاپقان ئىدى غېنى .

ـ رەخمەت، ئوغلۇم، ـ دېدىدە، ئاخچىنى تىزىقلىق يوتقاننىڭ قېتىغا سېلىپ قويدى ئايال.

ـ ئەندى مەن قايتاي. ئەتىلەتىن يەنە كېلەرمەن، دېدى ئورنىدىن تۇرغان غېنى. ئۇ قوزغىلىۋېدى چولپاننىڭ يۈرىگى ئېغىپ، تەشۋىشلىك ئۇرۇشقا باشلىدى. بىچارە قىز قانداق قىلسۇن، يىگىتنىڭ ئالدىنى توسالمايدۇ، ھەتتا يەنە بىر دەم ئولتىرىڭا دېيىشكىمۇجۈرئەت قىلالمايدۇ. غېنىمۇ ئۆيدىن تارتىشىپ چىقتى. ئەگەر كوچا دوخمۇشىدا ئۇنى مەھەممەتجان بىلەن بىللە بولۇشنى، ئۇنىڭ ئۇلۇق-كىچىك تىنىشىنى ئاڭلىغۇسى كېلەتتى .

ھەر قانداق ئىشىڭىز بولسا، ـ دېدى قوش-قوۋۇق قېشىغا كەلگەندە غېنى چولپان قىزغا، ـ رەھىمجان سابىرى دېگەن كىشىگە ئىشەشلىك ئېيتىڭ. ئۇ يىگىتنى ياقۇپكام بىلسە كېرەك.

ئىشىك ئالدىدا تەلمۈرۈپ قالغان قىز يىگىتنىڭ ئاياق تىۋىشى بېسىلغاندا پاڭگىدە يىغلاۋەتتى.

...دوستىنىڭ قايتىپ چىقىشىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈپ تۇرغان مەھەممەتجان غېنىنىڭ قارىسى كۆرۈنگەندىلا كوچىنىڭ ئوتتۇرۇسىغا چىقتى، ۋە:

ـ خىتاي تەي-تەيلىرىدەك مىتىقلىماي، دەس-دەس چامدىساڭچۇي، تاڭ قالاي دېدى! ـ رەنجىش قىلدى ئۇ.

ـ يامپاشنى قويىۋۋەتمىگەنسەن؟

ـ ئەنە، دەرەق دالدىسىدا ئاغرىق مۆشۈكتەك مىياڭلاپ ئولتىرىدۇ.

ـ مۇزلاپتۇدە. بۇ مېرەز توكۇ، قىرچاڭغۇ ئاتتەك، ئىلىخونى پۈتۈن يېسىمۇ تېنىگە ئەت قونمايدىغاندىن.

ـ ماڭا بۇ نېمە زۇلۇم؟ ـ غالىلداپ تىترەپ غېنىنىڭ قېشىغا كەلدى ھاشىم.

ـ مە، ھازىر بېرىپ ئىچەمسە، ئەتە ئىچەمسە ئالىدىغىنىڭنى ئال، يامپاش، ـ دەپ ئاخچا سۇندى غېنى. غېنىنىڭ قولىدىن ئاخچىنى سا جۈجىنى ئىلغاندەك، شۇنداق چاققانلىق بىلەن ئالدىدە، بىدەر قاچتى ھاشىم. ئىككى دوست پەسەندىنىڭ كەينىدىن نەپرەتلىك كۈلۈشتى.

ـ چولپاننى كۆرۈپ كۆڭلۈڭ تىنغاندۇر؟

ـ ياق. دەرتكە-دەرت قوشۇلدى. ئۇ گەپنى قويايلى. سەن مېنى جىرغىلاڭ سېيىدا كۈت. مەن ئابدۇللىنىڭ ئۆيىدىكى ئېتىمنى مىنىپ، تاڭ يورۇغىچە يېتىپ بارىمەن.

ـ ئابدۇلكامغا بىللىلا بارساقمامدۇ؟

ـ ياق! مونۇ ئاخچىنى ئۆمەرگە تاشلاپ كەت، ئۆيدىكىلىرىمگە بېرىپ قويسۇن، ئاتلان ئاداش، ـ دېدىدە، ناغرىچى تەرەپكە قاراپ ماڭدى غېنى. مەھەممەتجان سەل تىڭىرقاپ تۇرۇپ، ئۇما ئاتلاندى.

غېنى ئارقا كوچىلار بىلەن مېڭىپ ئابدۇللىنىڭ لۆكچەك پاگزىسىغا بىر دەمدىلا يېتىپ كەلدى. ئۇ قىلىنغۇسى ھەممە ئىشلىرىنى دۇرۇس ھېساپلىغان بولسىمۇ، بىر ساندىن خاتا كەتكەن ئىدى. بۇنىڭدىن ئۈچ يىل ئىلگىرى داۋۇر تۇڭچى بىلەن ئاپپاق-چاپاق بولۇپ يۈرگەن چاغلىرىدا ئابدۇللىنىڭ موشۇ «لۆكچەك پاڭزىسىدا» بىر قېتىم يۇڭ سۈرۈشكەنلىگىنى ئەستىن چىقىرىپ قويۇپتۇ. ئۇنتۇپ قالمىغان ھالەتتىمۇ داۋۇردەك «مەن» دەپ كۆكسىگە ئۇرۇپ يۈرگەن يىگىت نامەرتلىك قىلمايدۇ دەپ ئىشىنەتتى. ئەنە شۇ ئىشەنگەن «دوستى» ئۇنى ئۆز قولى بىلەن تۇتۇپ بېرىش ئۈچۈن يايى-چېرىكلەرنى باشلاپ كېلىپ، پايلاپ تۇرۇپتۇ.

ھېمىشەمكىدەك، كەچ كەلگەن ۋاقىتلاردا دەرۋازىنى تاقىلداتماي، تامدىن ئارتىلىپ چۈشىدىغان غېنى، بۇ قېتىممۇ ئاغىنىسى ئابدۇللىنى ئاۋارە قىلماس ئۈچۈن تامدىن ئارتىلىپ چۈشتىدە، ئالدى بىلەن ئېتىنى كۆرمەك بولۇپ ئېغىل تەرەپكە مېڭىشىغا:

ـ زەڭخا!1 ـ ئىككى چېرىك ئالدىدىن توردى. غېنى ئۆگۈزگە سەكرىمەك بولۇپ قارىۋېدى بىر چېرىك قۇرال تەڭلەپ تۇرۇپتۇ. كەينىگە قايتماق بولۇۋېدى يەنە ئۈچ يايى لەمپە تەرەپتىن چىقىپ كەلدى.

ــ خەپ! ــ پىغان چىقاردى تورغا چۈشكەنلىكىنى ھارسىنغان يىگىت، ــ خەپ، قاراپ تۇرۇپ قولغا چۈشكىنىمنە! ئات ئۈستىدە بولسامدىم...
ــ ئەندى ئات ئۈستىدە ئويناپدىغان ۋاقلىرىڭ تۈگىدى غېنى! ــ زەھەرخەندىلىك بىلەن دېدى ۋە ئىبلىسانە سوغ كۈلدى ئۆي ئىچىدىن چىقىپ كەلگەن داۋۇر.

1زەڭخا! ــ توختا.

ــ ھە... سەنمىدىڭ؟ سەندەك نامەرتنى دوست تۇتقان مەن ئاخماقىقا بۇ ئاز...
ــ ئۆز پېشانەڭدىن كۆر، غېنى.
ــ ساتقۇن! ئاپىرىدىغان يېرىڭگە ئاپار!
سۇرلۇك غېنىنى قۇراللىق چېرىكلەر ئارىغا ئېلىشتى...

توققۇزىنچى باپ

ئۇ ھەر كۈنى تاڭ بەلگۈسىنى بەرگەن چاغدا ئورنىدىن ئاستا تۇراتتىدە، خۇددى سوغ ئېقىن سۇغا چۈشىدىغاندەك، پۈتىنىڭ ئۇچىدا ئاۋايلاپ دەسسەپ، روجەك تۈۋىگە كېلىپ، ئاسمانغا ئۇزاقتىن-ئۇزاق تىكىلىپ قاراتتى. كىچىككىنە، ئۇچ بەلدەم تۆمۈر سالاسۇنلۇق روجەكتىن توقۇم ئورنىدەكلا ئاسماننى ئاران كۆرگىلى بولىدۇ. شۇ توقۇم ئورنى ئاسماننى ئالەمگە قىياس قىلىپ بەھىرلەنگەندەك تۈيغۇلارغا چۆمۈلىدۇ.
قەددى ــ تاقفا، قەلبى ــ دەرياغا مۇناسىپ بۇ يىگىت، تار زىنداد گىرىپتارى بولغاندىن بۇ يان بېپايان دىيار، چەكسىز يايلاق، جوشقۇن دەريا، تىنىق ھاۋانىڭ قەدرى-قىممىتىگە يەتسە كېرەك، ئەتىمالىم، بەزىدە موشۇ روجەكنىڭ تۈۋىگە كېلىۋېلىپ، ساماغا تەلپۈنىدۇ.
ئۇ كۆزىنى ئۇزمەي ئاسمانغا قارايدۇ نېمىنىدۇر ئاختۇرۇپ مۆلچەرلىگەندەك قىلىدۇ: يۇلتۇزلارنى سانامدۇ، يە؟ ياكى ئاي جامالىنى كۆرگۈزى كەلدىمۇ؟ بەلكىم با، ئەركىن پەرۋاز قىلىپ يۇرگەن ئۇچار قۇشلارنىڭ بەسلىشىپ پەرۋاز قىلىشلىرىنى تاماشە قىلغۇسى كېلىدىغاندۇر؟..
بىر قېتىم، سەھەر مەزگىلى قانداقتۇر بەختلىك، ئۆز ئەركىدە يۇرگەن كەپتەرۋازنىڭ موللاقچى كەپتەرلىرى موشۇ روجەكنىڭ دەل ئۇدۇلىدىن غىل-پال كەتكەندە، ئۇنىڭ يۇرىگى ئېغىپ كەپتەر كەينىدىن ئۇچماق بولغاندەك تۆمۈر سالاسۇنغا ئېسىلىۋېدى پۈتىدىكى كىشەنلەر شاراقلاپ، ئۇخلاۋاتقان يولداشلىرىنى ئويغىتىۋەتكەن ئېدى. مانا شۇنىڭدىن بۇ يان كەپتەرلەرمۇ، باشقا قۇشلارمۇ ھېچ كۆرۈنمىدى: پەقەت، ئۇرۇمچىنىڭ ئىسىدا قارىداپ كەتكەن قۇشقاچلار بىرەن-سەرەن كۆزگە چېلىقىپ قالىدۇ...
ئالەم يورۇشقا باشلىدى. مەھبۇسلارنى ئەتىگەنلىك تاھارەتكە چاقىرىدىغان گۇندىپايلارنىڭ گېكىتىگىنى قىرغان كالتە يۆتەللىرى، تۆمۈر ئىشىكلەر قۇلۇپلىرىنىڭ دەھشەتلىك شاراقلاپ ئېچىلىشلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ئەمما، ئەركىن نەپەس تەشناسى بولغان مەھبۇس تېخىچىلا توقۇم ئورنىدەك ئاسمان بوشلىغىدىن كۆزىنى ئۈزەر ئەمەس.
ئۇنىڭ بېلى ئاغرىپ، پۇتلىرى تالىمامدېكىنە!؟ ئۇچ كىشەن ــ ئون بەش جىڭ ئېغىرلىق ئوڭاي ئەمەسقۇ، ئاخىر...
ــ بۇركۈت! ــ دەۋەتتى مەھبۇس ۋە شۇڭغۇپ چىقىدىغاندەك روجەككە بويلاشتى. ئۇنىڭ ئاۋازىدىن

چۆچۈپ ئويغانغان مەھبۇسلاردىن بىرسى بېشىنى كۆتىرىپ:

ــ ھۇي، باتۇر! ئۆتتۈي بۇ ياققا! چېرىكلەر كۆرۈپ قالسا چاتاق، ــ دەپ ئەسكەرتتى.

ــ بۇركۇت دېدىمغۇ، بۇركۇت! ئەنە، ئەنە... تەكرارلىدى «باتۇر» ئاتالغان مەھبۇس. ئۇنىڭ بۇ قىلىغىدىن ئەنسىرىگەن قۇسەن ئىسىملىق قازاق يىگىتى ئىرغىپ تۇرۇپ، باتۇرنى زورلاپ دېگىدەك روجەك تۈۋىدىن نېرى ئېلىپ كەتتى.

مەھبۇسلار ھەر كۈنى ئەتىگەنلىك تاھارەتكە چىقىپ كىرىشكەندىن كېيىن كۆرگەن چۈشلىرىنى ئېيتىشىپ، ياخشى-يامانغا جورۇشىدىغان. دىندارلىرى بولسا سۈسىز تەيامۇم قىلىپلا نامازلىرىنى ئوقۇشاتتىدە، تەسۋىھ سۈرىشىپ «دۇرۇت-نىجات» ئايىتىنى مىڭلاپ-مىڭلاپ تەكرارلىشاتتى. ئاندىن ئەتىگەنلىك «تاماقنى» يېيىشكەندىن كېيىن، پىشت بېقىشىپ ياكى كىيىم ياماپ، پال-قۇملاق سېلىشتىدە، پاراڭ دۈكىنى ئېچىشاتتى. «ياخشى يولداش يار بولسا ــ گۆرمۇ گۈلشەن كۆرۈنىدە» دېگەندەك زىنداندا بىللە يېتىشقان ئالتە مەھبۇس «باتۇر» ئاتالمىش كىشىگە ئىجىللىشىپ كېتىشكەن ئېدى. چۈنكى تىلىدىن بال تامىغىدىغان بۇ ئادەم ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن سىرلىق سەرگۈزەشتىلەر، قىزىق پاراڭلار بىلەن ئۇلارنى دەم كۈلدۈرۈپ، دەم ھاياجانغا سالاتتىدە، ھەر كىمنىڭ روھى كەيپىياتىغا قاراپ مەدەت بېرىشكە، بىر دەم بولسىمۇ غەم-غۇسسىدىن خالى قىلىشقا تىرىشاتتى.

ھەجەبا، چىرايىغا غەم كۆلەڭگۈسى يات بۇ ئادەم ئۈچ كۈندىن بۇ يان جىمىپ، مۆڭلايغاندەك بولۇپ، روجەك تۈۋىدىن كەتمەس بولۇپ قالدا؟! نېمە بولغاندۇر؟ .. ئۇ جىمىپ قېلىۋېدى، گۈندىخانا تېخىمۇ سۆرۈنلىشىپ، گۆر سۈرى باسقاندەك بولۇپ كەتتى. مانا چېيىنىمۇ ئىچمەي، يەنە روجەك تۈۋىدە داڭقېتىپ تۇرغان ھالدا، ئالىقان ئورنىدەك تۆشۈكتىن كۆرۈنگەن ئاسمان بوشلۇغىدىن كۆز ئالار ئەمەس...

يولداشلىرى ئۇنى ئەزىزلەپ ھۆرمەتلىگەشكە، ئۇنىڭ رايىچە بولۇشۇپ، پەرىشان خىياللىرىنى بۇزماسقا تىرىشاتتى.

"ئەشۇ بۇركۇتنى يەنە كۆرسەم ھە! نېمە دېگەن بەختلىك قۇش، دەپ پىچىرلىدى مەھبۇس، ــ بۇركۇتنىڭ بىرلا كۈنلۈك ئەركىنلىگى مېنىڭدە بولسېدى، ھەسسىنە! مانا بۇ ئازاپقا گىرىپتار قىلغانلارنىڭ جاجىسىنى، ئەدىۋىنى راسا بەرسەم..." ئۇنىڭ كۆڭلىدىن بۇ خىل خىياللار كېچىپ، ۋۇجۇدىنى غەزەپ-نەپرەت، ھەتتا پۇشايمان-ئۆكۈنۈش چۇغلاپ ئالدىدە، پۈتىدىكى ئۈچ كىشەننى ئۈزۈپ تاشلىماقچىدەك، تولغاپ قويۇپ، چىشلىرىنى ئەسەبىي غۇچۇرلاتتى.

ــ غايىنام، سەۋىر قىل، ــ دېدى ئۇنىڭ مىجەزىنى ياخشى بىلىدىغان جان دوستى قۇسەن يالۋۇرغاندەك.

يوغان بەستىلىك مەھبۇس ئوت چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىنى قۇسەنگە قادىدى، غەزەپ-ئەلىمىنى يوشۇرماقچىدەك ئارقىغا بۇرۇلۇپ يەنە ئاسمانغا تىكىلدى.

ــ مەن ئاخماق، ــ دەتتى ئۇ، ئۆزىنى ئۆزى جېمىلەپ، ــ تەلۋە كۈچۈمنى، ياشلىق ۋاقتىمنى يوقىلاڭ ئىشلارغا زايە قىلىپ يۈرۈپتىمەنا! ئەڭ قىممەتلىك، ئەڭ ئىسىل نەرسە ــ ئەركىنلىك ئېكەنغۇ، ھە! بىر چاغلاردا قولۇمغا قوندۇرۇپ تۇلكە ئولايدىغان ئەشۇ بۇركۇتچىلىك ئەركىن بولالىسام، ھە؟ مەن ــ ئادەمغۇ! ئادەم بولۇپ تۇرۇپ ئۈچار قۇشتەك ئەركىن بولالمىسام ئەلەم ئەمەسمۇ! ياق، ياق، مەن ۋە ماڭا ئوخشاشلارنىڭ ھەممىسى ئەركىن بولۇشى كېرەك... بۇ قېتىم ئۇ مۇش تۈگۈپ، چىشلىرىنى غۇچۇرلاتمىدى ۋە كىشلەرنىمۇ تولغىمىدى. ئەركىنلىك ئۇنىڭ كۆزىگە ئاسمان بوشلۇغىدا يانغان مەشئەلدەك، بۇ مەشئەلنى ھېلىقى بۇركۇت تۇمشىغىدا چىشلەپ ئۇچۇپ كەتكەندەك ئېدى. «زادى مەن ئەركىنلىك دېگەن سۆزنى نەدىن ئۇگەندىم؟ نېمە ئۈچۈن بالدۇر بۇ سۆزنىڭ مەنىسىگە چۈشەنمىگەن؟ ــ سوئاللار بېرەتتى تېلىققاندەك ئاسمانغا قاراپ، ــ ھە، ھە! مەن زىنداندا ھوشۇمغا كەلدىم. مونۇ تار قەپەزگە سولاپ، ھەر كۈنى جېنىمنى قىينايدىغان خىتاي ئەمەلدارلىرى مېنىڭ كۆزۈمنى ئاچتى. مېنى غەپلەت ئۇيقىسىدىن ئويغاتقان موشۇ زۇلۇم، موشۇ زىندان...» ئۇنىڭ كۆڭلى بىردىن يورۇپ، ۋۇجۇدىغا

كۈچ-غەيرەت قۇيۇلغاندەك بولدى.

–چېپىلىڭ سوۋۇپ قالدىغۇ، غايىنام، ئىچىۋالساڭچۇ، – دېدى قۇسەن، ئىنتايىن جان كۆيەرلىك بىلەن. بۇ قازاق يىگىتى غېنى باتۇرنىڭ بىر تۇققان قېرىنداشلىرىدىنمۇ چارى يولدىشى بولۇپ كەتكەن.

–سېنىڭسىز، يالغۇز ئىچىمەنما؟ قۇسەننىڭ ئاۋازى تىترىگەندەك، ئېقىدە ئارىلاش چىققانلىقتىن خىجالەت بولغان غېنى دوستىنىڭ قېشىغا  ياندىشىپ ئولتاردى ۋە ئىنتايىن ھېلىملىك بىلەن قۇسەننىڭ پېشانىسىنى سىلاپ تۇرۇپ:

–ئالدىرىمىساڭمۇ بۇ ئىشت ئېشىنى بىرسى تارتىپ ئالماس، دوستۇم، – دېدىدە ھېجىرنى قولىغا ئالدى غېنى، گۆلەڭ ئۇنىڭدىن قۇرۇق سۇغا قايىنتىلغان ئاتىلا موزدۇزلار ئىشلىتىدىغان سىراچتىن پەرقى يوق، چۆچۈن ھىدى كېلىپ تۇرغاشقا ئاغزىڭغا ئاپارساڭ قەي قىلغۇڭ كېلەتتى. ئامال قانچە، قوساق ئېچى نېمە كويغا سالمايدۇ. غېنى قۇسەننىڭ كۆڭلى ئۇچۇنلا كۆزلىرىنى يۇمغان ھالدا، چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، ئاتىلىدىن نەچچە يۇرتۇپ، ھېجىرنى ئورنىغا قويدىدە، ھېمىشەم سېلىقلىق تۇرىدىغان ئورنىغا قىڭغايدى. كېيىنكى كۈنلەردە، دوستىنىڭ مىجەز-خۇلقىدا كەسكىن ئۆزگىرىشلەر پەيدا بولۇشى، خۇسۇسەن، ئۇنىڭ ھېمىشەم تەبەسسۇم كەتمەيدىغان ئۇزىدە ئېغىر خىيال كۆلەڭگىسى ھاسىل بولۇشى، كېچىنى ئۇيقىسىز دېگىدەك ئۆتكۈزۈپ، كۈندۈزى كىچىككىنە روجەك تۇۋىدىن كەتمەسلىگى، ياداپ، ئاۋالقى زور، ھەيۋەتلىك بەستىنىڭ كىچىكلەپ، يېرىمى قالغاندەكلا كۆرۈنۈشى سادىق دوستى قۇسەننى غەم-ئەندىشىگە سالغان ئېدى. ئۇ ھازىرمۇ غېنىنىڭ ھېچ نەرسە يېمەي، مونۇ ئاققوناقتىن ياسالغان، شاخاردىن قايناتقان سوۋۇن ئوخشاش، موممىدىن بىر بۇردىمۇ ئاغزىغا سالماي يېتىشىدىن ئەنسىرەپ، گېلىدىن ھېچ نەرسە ئۆتمىدى. ئۇ غېنىنىڭ قېشىغا قىڭغايدىدە، ئاستا، باشقىلارغا تۇيغۇزماي:

–ساڭا نېمە بالا بولدى، غايىمان؟ – دەپ سورىدى تەشۋىشكە تولغان ئاۋاز بىلەن قۇسەن.

–سامىسىغىڭ تۈگىمىگەندۇر، قۇسەن؟ – جاۋاپ بېرىش ئورنىغا غېنىنىڭ سامساق سورىشى قۇسەننى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرۇپ، چۆچۈتىۋەتكەن ئېدى.

–كىشەننىڭ چاتمىسىنى ھەر كېچىسى سامساق بىلەن سۈركە، – دېدىدە، ئۇخلىغان بولۇپ خورەك تارتتى غېنى.

–ھىم...بىلدىم، بېكار خىيال سۈرۈپ يۈرمەپتېكەنسەن، غايىنام، – خوشال پىچىرلىدى قۇسەن. چۈنكى ئۇ غېنىنىڭ غەيرەت-شىجايىتىگە ئىشىنەتتى. غېنى بىر ئىشنى كۆڭلىگە پۈكتىمۇ ئۇنىڭ ھاغداتىغا يەتمەي قويماتتى. مانا، ھازىر غېنىدىن سامساقنى كىشەنگە سۈركەشنى ئاڭلاش بىلەن قۇسەننىڭ كۆز ئالدىدا ئۇمۇت يۇلتۇزى چاقنىغاندەك بولدى. «ھە، ھە! سامساق تۈمۈرنى ئوڭاي چىرىتىدۇ...» قۇسەن غېنىنى قۇچاقلايدىغاندەك ئۇنىڭغا چاپلىشىپ دېگىدەك ياتتى.

غېنىلارنى سولىغان زىندان ئۈرۈمچىدىكى سەككىز زىندانىنىڭ تۆرتىنچىسى بولۇپ، بۇ زۇلۇم ئۇچىغىنىڭ ئورنى ئەسلىدە خىتايلارنىڭ زور بۇتخانىسى – چىڭ-خۇاڭ-مياۋ ئېدى. سولانغانلارنىڭ سانى «پلاندىن» ئارتۇق ئورۇندالغانلىقتىن، يېڭى سېلىنغان ئىمارەتلەر زىندانلارغا ئايلانغان. تۆرتىنچى زىندانىنىڭ «شاۋشيار» (غەربىي كىچىك ھويلا) دەپ ئاتىلىدىغان بۆلۈمچىنىڭ ئېگىز، سېپىلغا ئوخشاش قوش قەۋەت تاملىرى تىكەنلىك سىملار بىلەن ئورالغان بولۇپ، ھويلىنىڭ ئىچى-تېشى ۋە ئۆگۈزلەردىمۇ جېسەكچىلەر تۇرغاشقا «بۇ يەردىن ئۇچار قۇشما قاچالماس» دېگەن پەرەزنى قىلىش مۇمكىن. غېنى ئەنە شۇ گۇندىپايلارنىڭ سۆزىچە «پولات قورغانىنىڭ» ئىچىدە ئېدى.

ئۆزىنى سادىر پالۋانغا قىياس قىلىدىغان غېنى ھەر كۈنى تاھارەتكە چىققاندا ئەتراپقا كۆز قىرىنى سېلىپ، كۆڭلىدە نېمىلەرنىدۇر مۆلچەرلەتتى قورغانىنىڭ مەزمۇتلىغى ۋە پۈتىدىكى قوش-قوش ئۇچ كىشەننىڭ سالمىغى ئۇنى بەزىدە مەيۇسلەندۈرۈپ، بۇ قېتىم ئۇزاغىراق يېتىپ قالغانلىغىغا ئېچىناتتى. ئۇ بىر كۈنى كېچىسى ھەممە قاتتىق ئۇيقىغا كەتكەن چاغدا كاتىنىڭ ئاستىغا چۈشۈپ،

تامنىڭ ھۇلىغا ياتقۇزغان خىشلارنى قوزغاپ كۆرىۋېدى، كونا ئىمارەت زەيلىشىپ، ئاراش تارتىپ قالغاشقا خىشنىڭ قوزغىلىشى ئانچە تەس ئەمەس ئېكەنلىگىگە كۆزى يەتكەن ئېدى. بۇگۇنما يەنە بىر قېتىم تەكشۇرەش ئۇچۇن تەمشىلىشىگە، چىراق تۇتقان ئىككى گۇندىپاي كىرىشىپ كېلىشتىدە، ئۇخلىغان بولۇپ يېتىۋالغان غېنىنىڭ قېشىغا كېلىپ بىرسى خىتايچىلاپ:

–تۇر، ئورنىڭدىن! – دەپ ئۇنىڭ پۇتىغا تەپتى.

–نېمە گېپىڭ بار، شوۋەكلەر؟ – دېدى ئورنىدىن قوزغالماي تۇرۇپ غېنى. ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقىنىنى چۇشەنمىگەن گۇندىپاي قول چىراقنى غېنىنىڭ كۆزىگە تۇتۇپ:

–زو1 – دېدى قوپاللىق بىلەن.

–زو بولسا، زو، – دەپ كىشەنلەرنى شاراقلىتىپ ئورنىدىن تۇردى غېنى ۋە پۇتىدىكى كىشەنلەرنى كۆرسىتىپ، – مونۇ «ساپايىلەرنىڭ» ئاۋازىنى سېغىنىپ قېلىشقان ئوخشايدۇ بۇ كۆك ماڭقىلار، – ئۇ كىشەنلەرنى ئەتتەي قاتتىق شاراقلاتتى. غېنىنىڭ تەنىسىنى ئاڭلاپ يېتىشقان مەھبۇسلار كۇلۇۋېتىشتى تار دەھلىزىگە چىققاندا سىرتقى كۆرۇنۇشى گۇندىپايلاردىن پەرىق قىلمىغان ئەسكەرىي كىيىملىك ئىككى چېرىك پەيدا بولدى ۋە ئالدىراشلىق غېنىنىڭ قولىغا كويزا سالماق بولۇۋېدى غېنى ئادەتتىكى تەنىسى بىلەن:

–قولۇمدا بىلەيۇزۇك كامدى، ئەكېلىش قورققانچاق شوۋەكلەر، ئۇنىما سېلىش دەپ قولىنى تۇتۇپ بەردى. چېرىكلەر ئۇنىڭ قولىغا كويزا سېلىپ قۇلۇپلىغاندىن كېيىن، مەخسۇس ئىشلەنگەن پاختىلىق خالتىنى بېشىغا كىيدۇرمەك بولۇشۇپ، قوللىرىنى سوزۇشتىيۇ، لېكىن غېنىنىڭ ئېگىز تۇۋرۇكتەك بويىغا نەدىن بويلاشسۇن؟

–مەن پەرەنجە پۇركىنىدىغان نامەھرەممېدىم، ھۇي پاقا يېگەنلەر؟! – دەپ ئەسەبىي كۇلۇۋەتتى غېنى.

–دا زىۋازا (چوڭ ئوغرى) دېيىشتىدە، ئۇنىڭدىن ئەيمەنگەن ھالدا مائۇزېرلىرىنى يالاڭاشلاپ، ھەيۋە قىلدى چېرىكلەر.

–قولىدا قۇرال تۇرۇغلۇق كىشەنلەگلىك ئادەمدىن قورقىشىدا بۇ ياچىۋەكلەر – دېدى غېنى ۋە «نېمە قىلىشىسەن؟!» دېگەندەك، مەغرۇر ھالدا كۆكسىنى كېرىپ تۇردى. ئۇنىڭ ئەلپازىدىن چۆچۇگەن گۇندىپاي:

–سوراقىا بارىسەن! – دەپ سىلىق مۇئامىلە قىلىشقا باشلىدى.

–ماقۇلە، «چۇمبىلىڭنى» سېلىشە! – ئېڭىشىپ تۇردى غېنى. چېرىكلەر ئالمان-تالمان خالتىنى ئۇنىڭ بېشىغا كەپلىدىدە، يېتىلەپ ئېلىپ مېڭىشتى. «بۇ خۇمپەرلەرنىڭ نېمە قىلىغىدۇ ھە! كۇندۇزى بولسا بىرسى كۆرۇپ قالمىسۇن دەپ خالتىسىنى كەپلىسە مەيلىدى، كېچىدە بۇ نېمىگە كېرەك؟ بۇگۇن بۇ چىل بۆرىلەرنىڭ قىلىقلىرى ئۆمسىلا! مېنى ئۆلتەرگىنى ئېلىپ، مېڭىشمىغاندۇر؟! ئۇنىڭ كۆڭلىدىن مۇھدىش گۇمان كەچتى، بەدىنى تىكەنلىشىپ، قۇيقا چاچلىرى تىك بولۇپ كەتتى. نېمىشكىما مەن ئاخماق قولۇمنى تۇتۇپ، بېشىمنى ئېگىپ بەردىم بۇ ھەجىموناخلارغا؟! ئەڭ بولمىغاندا بىر-ئىككىسىنى دومىلاتقىنى بولاتتىغۇ. ئەندى تۆرت پۇتى ماتاقلىق، قۇرۋانلىققا سويىدىغان توپاق ئوخشاش يېتىپ بېرىمەنمۇ! ياق، ياق ئىشت ئۆلۇمدە ئۆلۇشنى خالىمايمەن!"

---

1 زو – ماڭ

–نامەرت، مۇتەھەملەر! سەنلەرگە باش ئېگىپ، بوزەك بولىدىغان غېنى يوق! – ۋاقىرىغان پېتى قولىدىن مەككەم تۇتۇپ ماڭغان چېرىكلەرنى بىر يۇلقۇپ موللاق چۇشەردىدە، كويزىنى تولغاپ ئۇزۇۋەتتى. بېشىدىكى خالتىنى بولسا سىرىپ تاشلاپ، – مانا ئەندى ئات، ئېتىشمامسەن، پاقىراپ

تۇرغىچە، قارغۇياپىلاقلار!

ھېچ قاچان يۇز بەرمىگەن كۆتۈلمىگەن ھادىسىدىن ھودۇقۇپ قالغان چېرىكلەر غېنىنى ئېتىپ تاشلاشقا جۈرئەت قىلىشالمىدى ۋە ئۇنىڭ يېنىغىمۇ كېلەلمىدى. ئۇنىڭ غەزەپلەنگەن يولۋاس سىياقى شامدىغايلىنىپ تۇرغان غېنىنىڭ ئەلپازىدىن ئەيمىنىپ، نەچچە قەدەم ئارقىغا چېكىنىشكەن ئېدى. نېرىراقتا، ئىككى ئات قېتىلغان فائېتون قېشىدا، ئەھۋالنى كۆزىتىپ تۇرغان دۈپ-دۈگىلەك، خۇددى بودىغان چوشقىدەك، گۇرەنلىرى قاتلىشىپ كەتكەن ئادەم ئالچاڭلاپ كەلدىدە، ياسالما كۈلكە ئارىلاش:

ــنېمە بولدۇڭۇي، باتۇر؟! مېنى تونۇمىدىڭما؟ ــ دەپ غېنىنى ئاستا نوقۇپ قويدى.

ــمېنى تونۇمىدىڭمۇ دەيدا تېخى. سەن غۇلجىدىكى ئاشلاڭپۇڭچىنىڭ ئوغلى مەخەممەر ئەمەسمۇ؟ ئۇرۇمچىگە كېلىپ، ئەمەلدار بولۇپ «ليۇبىڭدى» بولۇۋاپسەن...

ــكاپىشما، ئوغرى! بۇيرۇق بەرسەم ئۆزەڭنى جەھەننەمدە كۆرىسەن! ــ دوق قىلدى، غېنىنىڭ تەنىسىگە چىدىمىغان ليۇبىڭدى.

ــتۇرمىنىڭ تەرتىۋگە بوي سۇنمىساڭ يەر تېگىدە يېتىپ چىرىپ كېتىسەن ئاخماق!

ــۋاي، خۇدا، يەر ئاستىغا سولىماي، ئاسمانغا سولاتتىڭلارمۇ؟!

ــئۆلۈم ھالىتىدىمۇ تەنەڭنى تاشلىمايسەندە، تەلۋە! ــ دېدى غېنىنىڭ ھېچ ئەيمەنمەي قىلغان سۆزىگە تەن بەرگەن ليۇبىڭدى ــ بۇگۇن شىڭ-شىسەي ئۆزى سوراقتا ئالماقچى، ــ دەپ قوشۇپ قويدى ئۇ.

ــئۇ ئۇلۇقنىڭ ئالدىغا بېشىمنى پۈركەپ، قولۇمنى باغلاپ ئاپىرىشساڭما مونۇ ئۈچ «ساپايىنى» سۆرەپ قېچىپ كەتمەسېدىم!

ــراستلا، ئېيتىپ قوياي، چوڭ كىشىنىڭ ئالدىغا بارغاندا ھازىرقىدەك بېغەرەزلىك قىلساڭ، ئۇن جېنىڭنىڭ بىرسى ساق چىقمايدۇ! ــ جىددىي تەكىتلىدى ليۇبىڭدى.

ــقاراپ تۇرۇپ، ئۆزىنى ئوقتا تۇتۇپ بېرىدىغان ئاخماق مەن ئەمەس! ــ رەددىيە بەردى غېنى.

ــبايقىشىمچە، سەن ئانچە-مۇنچە سىياسىي گەپلەرنى ۋالاقلايدىغان بولۇپ قاپسەن؟!

ــسىياسەت-پەياسەت بىلەن كارىم يوق. مەن ھەقنىڭ قۇلى ئادەم .

ــھەق؟ ــ تەكرارلىدى ليۇبىڭدى ۋە سوغ كۈلۈپ، چېرىكلەرگە ئىشارە قىلىۋېدى، ئۇلار غېنىنى يۆلەشتۇرۇپ ئاران دېگەندە فائېتونغا ئولتارغۇزۇپ، ئۇنىڭ ئىككى يېنىدا ئىككى چېرىك مائۇزېرلىرىنى بەتلەپ ئۆرە تۇرۇشتى. ليۇبىڭدىمۇ گۈندىپايلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئىنجىقلاپ فائېتونغا ئولتاردى.

ــبۇ تۇن كېچىدە ئىسسىق ئورنۇڭدا ياتماي، ساڭىمۇ، مونۇ مېنى يۆلەشتۇرۇپ ھارۇۋغا چىقارغىچە پاقىدەك ماكىلداپ كېتىشكەن چېرىكلەرگىمۇ نېمە شۇنچە ئاۋارىگەرچىلىكتۇ، ھە؟ ــ دېدى غېنى، كۈلكىسىنى يوشۇرماق بولغان ليۇبىڭدى تەتۈر قاراۋالدى ۋە ئاسماقچىلاپ شۇنداق دېدى:

ــكاجلىق قىلماي، گۇنايىڭنى ئىقرار قىلساڭ ساڭىمۇ بىزگىمۇ ئاۋارىگەرلىك بولمايتتى.

ــگۇنايىڭنى؟! ــ تەكرارلىدى غېنى ۋە ئارتۇق سۆز قىلغۇسى كەلمەي، ئاسمانغا تىكىلدى. «سېنىڭ يۇمشاق تىلىڭنىڭ تېگىدە مېرەزلىك بارلىغىنى سەزمەيدۇ دەمسەن، سېتىلما؟!» ــ پىچىرلىدى غېنى ئۆز-ئۆزىگە، ئاسماندىن كۆز ئۈزمەي تۇرۇپ.

مارت ئېيى بولغاشقا كۈندۈزى قۇياش تەپتىدە ھاسىل بولغان ئەگىز سۆلاردىن كۆتىرىلگەن ھو چاڭلىشىپ ئاسمان گۈمبىزىنى، يۇلتۇزلارنىمۇ ئوچۇق-ئاشكارە كۆرگىلى بولماتتى: پەقەت تولۇن ئاي، خۇددى قېلىن چاشەپنىڭ ئىچىدە سۇس يېنىپ تۇرغان چىراق نۇرىدەك، تۇمان-چاڭ ئارىسىدىن گىرىمسەن پاقىراپ تۇراتتى. «كۆزۈمنىڭ نۇرى ئاجىزلىشىپ قالسا كېرەك. ئاي قوش-ئاچا كۆرۈنۈۋاتىدۇ! ــ ئۆكۈندى غېنى، ئايغا قاراپ ياشاڭغىرىغان كۆزىنى سۈرتۈپ، «بىر چاغدا سايرام كۆلىنىڭ ياقىسىدا قىمىز ئىچىپ ئولتارغاندا، كۈندۈزى ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنى كۆرگەن ئەمەسمىدىم. ئىست شۇ قۇۋناق كۈنلەر..."

ـئايغا سەياھەت قىلغۇدەك بارمۇ نېمە؟ ئاسماندىن كۆز ئۈزمەيسەنغۇ، باتۇر؟ ـ دەپ غېنىنىڭ بىقىنىنى نوقىدى لىيۇبىڭدى.

ـسەنلەرنىڭ پەيلى ـخۇلقىڭ موشۇ بولسا، ئاي ئورنىغا گۆرنى سەياھەت قىلمىساق بولاتتىغۇ!

ـلاۋزا! ـ ۋاقىراۋەتتى غېنىنىڭ سۆزى تېنىگە تىغدەك سانچىلغان لىيۇبىڭدى، ـ يۇرتداش دەپ رىئايە قىلغاننى بىل جۇمۇ، ۋەھشى!

ـرىئايە قىلارمىشا! ـ تەنىلىك كۈلدى غېنى.

ـتەكرار ئېيتىمەن: شىڭ ـشىسەينىڭ ھوزۇرىدا ۋاقلاپ يۈرمە، جۇمۇ!

ـماڭا خۇدادىن باشقىسى ئوخشاشلا! ـ دېدى بېپەرۋالىق بىلەن غېنى.

ـچوڭ سۆزۈڭ بېشىڭغا يەتمىسۇن، ئاخماق! قارا كۈچۈڭگە ئىشىنىپ رەسۋا بولىسەن! ـ دېدى تېرىككەن ھالدا لىيۇبىڭدى.

ـبىزدە قارا كۈچتىن باشقا نېمە بار دەيسەن. ئەگەردە پەم ـپاراسىتىمىز بولسا، كۆرۈنگەنگە بوزەك بولماستۇق..!

ـتېخى مۇنداق دېگىن! ـغېنى ئوغرى دەپ نام ئالغان «نادان» ئۇيغۇردىن بۇ خىل چوڭقۇر مەنالىق سۆز چىقىشىنى زادىلا كۈتمىگەن ئېدى. ھەجەبا، ـ دەتتى دېمى ئىچىگە چۈشكەن لىيۇبىڭدى، ـ ئاددىي بىر دېھقاننى تۈرمىگە سولاپ، ئىسيانكار قىلىپ چىقارمىساق..."

دۇبەن گۇڭشۇ ـ ئالىي مەمۇري باشقارما دەپ ئاتىلىدىغان زور ۋە ھەيۋەتلىك بىنانى، پىششىق خىشتىن ياسالغان سېپىل سىياقى قورغان قورشاپ تۇرىدۇ. بۇ زامانىۋي ئۇسلۇبدا سېلىنغان يېڭى بىنا ئۈرۈمچى سېپىلىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانى شىڭ ـشىسەينىڭ ھەربىي ـمەمۇري باش مەھكىمىسى ۋە شەخسىي رېزىدېنسىيەسى ئېدى. تۈركىستاننى خانۇ ـۋەيران قىلغان بۇ مەككار، پۇرسەت ـپەرەست قىلمىش جىنايىتىدىن ئەيمەنسە كېرەك، ئەتىمالىم، ئەشۇ «دۇبەن گۇڭشۇ» دەپ ئاتالمىش ئوردىسىدىن تولا ـتېرىم سىرتقا چىقمايدىغان. پەقەت، بىرەر زۆرۈرىيەت بولغاندىلا، سىرتقا چىقىش توغرا كەلسە، ئالدى ـئارقىدا ئەللىك ـئاتمىشچە ئاتلىق چېرىك، قۇراللىرى سەنجاق ھالدا ئۇنىڭ ئەتراپىنى كۈزىتىپ ماڭىدىغان ئېدى. ئەسكىرىي كىيىم ئورتاچە بويىغا قونۇپ كەلگەن دىڭ قاش، رېپىدە ئۇز، ياپما قاپىغىدىن رەھىمسىزلىك يېغىپ تۇرىدىغان بۇ شەخس «خەلىق رەھبىرىدىن» كۆرە، قولىغا قىلىچ تۇتقان جاللاتنى ئەسلىتەتتى. شۇڭلاشقا ئۇ كولياسكىدا غادىيىپ ئولتارغان پېتى، ئەتراپقا يىرتقۇچلارچە كۆز تاشلاپ ئۆتكەن چاغدا، پۇخرالار سەمىمىي ھۆرمەت بەلگىسى بىلەن ئەمەس، قورققانلىقىدىن ئۇنىڭغا نائىلاج باش ئېگىشىپ تۇرۇشىدىغان. غېنى باتۇر ئۇنى بىر قېتىم چالا ـپۇلا كۆرگەن؛ دوستلىرى بىلەن بىرلىكتە شىداچوا1 يېنىدىكى ئۇمۇمىنىڭ سەيلىگاھى باقفا چىققان چېغىدا شىڭ ـشىسەي ئادەتتىكى دەب ـدەبەسى بىلەن ئەشۇ باغ ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتكەن ئېدى. شۇ چاغدا شىڭ ـشىسەيگە تىكىلىپ قاراپ، كۆڭلىدە ئۇنىڭغا نىسبەتەن نەپرەتى قوزغالغان غېنى: ـ «مونۇ تىرىك بۇتنىڭ كېرىلىپ ئولتىرىشىنى، مونۇ خەقنىڭ ئۇنىڭغا باش ئېگىپ چوقۇنۇشىنى قاراڭلار!» ـ دېۋېدى دوستلىرى ئۇنىڭ سۆزلىشىگە ھەيران بولۇشقان.

2شىداچاۋ ـغەربىي چوڭ كۆرۈك .

چۈنكى شىڭ ـشىسەي ئۇ كەملەردە تىل تەككۈزۈپ بولمايدىغان «داھىچاققا» ئايلىنىپ ئۇنىڭ شەنىگە شەك كەلتۈرگەن كىشى ئۆزىنى قاراڭغۇ زىنداندا كۆرىدىغان. مانا ھازىر ئۇ ئادەمنى تىرىك يۇرتقىدەكلا قىلىپ تۇرىدىغان سۇرلۇك قارا قاپقىسىدىن كىرىشى بىلەنلا ئەشۇ دېگەنلىرى گۈپپىدە ئېسىغا

چۈشكەن غېنى: «ئەشۇ تىرىك بۇت بىلەن ئۇزمۇ-ئۇز كۆرۈشمەندە؟! ئۇلار مېنىڭ نېمەمگە قىزىقىدىكىنە؟! مېنىڭدىن نېمىنى سورار؟ نېمە دەپ جاۋاپ بەرسەم بولار! خۇدا دىلىمغا نېمىنى سالسا شۇنى دەۋېرىمەندە!» ئۇ ئەندى «دۇرۇت ــ نىجات» ــ ئايەتنى ئوقۇشقا باشلىدى. فائېتون «خەۋەرلەش بۆلۈمى» دەپ ئاتىلىدىغان يالاڭ قەۋەتلىك ئىمارەتنىڭ ئالدىدا توختىدى. دەسلەپ ليۇبىڭدى چۈشتىدە، چېرىكلەرگە خىتايچىلاپ نېمىلەرنىدۇر جېكىپ، ئۆزى شۇ ئان غايىپ بولدى. چېرىكلەر غېنىنى بايىقىدەك ھەشەم بىلەن يۆلەشتۇرۇپ يەرگە چۈشىرىپ، خەۋەرلەش بۆلۈمىگە باشلاپ كىرىشتى. ئالدىن-ئالا ھازىرلاپ قويغان كىشەن ئاچىدىغان ۋە سەندالدا غېنىنىڭ پۇتىدىكى ئۈچ كىشەننى بوشىتىپ، ئاندىن كېيىن ئىچكەركى بۆلمىگە ئېلىپ كىرىشتى.

ــ بۇ غىزالارنى جانابى شىڭ-دۇبەن ئۆزى بۇيرۇق بېرىپ ھازىرلاتقۇزدى. بېمالال ئىستىمال قىلىۋېرىڭ، غېنى، ــ دېدى ئېگىز، ئورۇق، ياچىۋەككە ئوخشاپ كېتىدىغان ئوفىتسېر، ئىنتايىن ھېلىملىك بىلەن.

ــ دۇبەن ئىلتىپات قىلغان بولسا، ياق دېمەيمىزدە! ــ تەكەللۇپسىزلا ئورۇندۇققا ئولتاردى غېنى، كۆڭلىدە: «تايىنلىق مېنى قىلتاققا چۈشىرىش ئۈچۈن دان چېچىۋاتىدۇ بۇ ئالدامچىلار» ــ دېگەن گۇمان كەچتى ئۇنىڭ كۆڭلىدىن ۋە: ــ «ھازىرچە بارىغا دەتتىكام...» دېدىدە، ھە دېگەندە سېمىز گۆشكە قول ئۇزاتتى.

ــ ھاراقتىن قۇيايمۇ؟

ــ ياق! ــ دېدى ئاغزىدىكى لىق گۆشنى چايىنماي يۇرتۇۋېتىپ غېنى. ئۇ ھەش-پەش دېگىچە يوغان تاۋاقتىكى گۆشنى سىيپاپ سېلىپ، تەخسىلەردىكى سەيلەرنى جىگمومىغا ئارىلاشتۇرۇپ سوقۇشقا كىرىشتى ۋە ئاچچىق-چۈچۈك ئىككى چىنە سۇەنتەڭنى كەينى-كەينىدىن سۇمۇرۇۋېتىپ، پېشانىدىن بۇيىيدە چىققان تەر تامچىلىرىنى ئوچۇملاپ سىرىۋەتتىدە، ئاچچىق دەملەنگەب چايغا تۇتۇش قىلدى. باياتىن ئۇنىڭ تاماق يېيىشىگە ھەيرانلىق ئىچرە قاراپ تۇرۇشقان ئوفىتسېر ۋە تۆرت قۇراللىق چېرىك بىر-بىرىسگە مەنىلىك كۆز تاشلاشتى. بۇ قاراشتا: «بىزنىڭ ئۇسۇڭ ناملىق باتۇرىمىزدىن قالمايدىغان چەنتۇكەن» دېگەن مەنا چىقىپ تۇراتتى. شۇ ئارىلىقتا، سېمىزلىقتىن خىرىلداپ ليۇبىڭدى كىرىپ كەلدى. ئۇ:

ــ قوساقنى بىر ئاز قاپارتىپ ئالغانسەن؟ ــ دەپ سورىۋېدى، غېنى ئۇنلۇك كېكىرىۋېتىپ:

ــ ئونى يېپىشىپ، بىر جىڭ گۆشنى يەپ بولالمايدىغان خىتاي دېۋىدىڭمۇ مېنى؟! بۇ نەرسىلىرىڭ قوسىغىمنىڭ بىر بۇلۇڭىغىمۇ كەلمىدى.

ــ ئېچىقاپ قالغان ئادەمنىڭ ئۆزى تويسىما كۆزى تويمايدۇ ئەمەسمۇ. بايقاپ يە «ھاسان» ئاكاڭ قوغلاپ كەتمىسۇن يەنە! ــ دېدى كۇلۇمسىرەپ ليۇبىڭدى.

ــ گۆشنى كۆرمىگىنىم ياخشىدى. مانا، ئازىراق يەپ نەپسىم قوزغىلىپ كەتتى.

ــ بىز دېگەنگە كۆنسەڭ ــ سېمىز پاخلانلار تەييار.

ــ پاخ-لان؟ پاخلان تۇرماق چاشقانمۇ ئاشماس سەنلەردىن.

ــ بولدى، بولدى يۇر! ــ دەپ غېنىنى باشلاپ ماڭدى ليۇبىڭدى. ئۇلار ئىشىكتىن چىقىشىغا ئۇگەنگەندەكلا، ئىككى رەت بولۇپ، سەپ تارتقان قۇراللىق چېرىكلەر تۇرۇشاتتى. غېنىلار تا شىڭ-شىسەينىڭ ئىشخانىسىغا كىرگىچە قۇراللىق سەپنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ماڭدى. «تايىنلىق ماڭا قىلغان ھەيۋىسى... زادى بۇلارنىڭ نېمە قىلغىنى؟ بىر دەم مېھمان قىلىدۇ، تۇرۇپلا پوپۇزا قىلىپ قويىدۇ، بىلەلمىدىم بۇ دىمىقتىلارنى... بىزگە ئوخشىغان قۇرالسىز مەھكۇملارنى ھەر كويغا سېلىشقا ئۇستىدە، بۇ رەڭۋازلار!...» دەپ پىچىرلاتتى، قەلبىدە غەزەپ-نەپرەت، ئۆچمەنلىك-ئىنتىقام ھىسسىياتى تېخىمۇ كۈچىيىشكە باشلىغان غېنى.

كەڭ بۆلمىنىڭ ئىچىنى سۇرلۇك سۈكۈنات بېسىۋالغاندەك سېزىلىدۇ. مىڭلىغان ئادەملەرنىڭ تەغدىرىنى بىرلا بەلگۈ ــ يەنى بىرلا سىزىق بىلەن ھەل قىلغۇچى بۇ بۆلمىگە ھەر ھەپتىنىڭ سەشەنبە

كۆنى بىر قېتىم تەشرىپ قىلاتتى شىڭ-شىسەي. گۇڭەن-گەن لىچۇ ـ بېخەتەرلىكنى ساقلاش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى لى-يىڭچى بە ھەربىي سوت باشلىقى لى-فۇلىڭ تەرىپىدىن خۇلاسىلەنگەن تېرگەۋ ھۆججەتلىرى شىڭ-شىسەي ئىمزاسى چېكىلگەندىن كېيىن، مەزمۇت ئېھاتىلەنگەن مەزكۇر بۆلمىنىڭ ئىچىگە ئورنىتىلغان سەيفتا ساقلىناتتى.

شەرقىي تۈركستان دائىرىسىدىكى ئون مەمۇرىي ۋىلايەتنىڭ ھەممىسىدىكى زىندان ـ ھەپسخانىلاردا بېگۇنا ئازاپ چېكىۋاتقان تۇتقۇنلارنى ھېساپقا ئالمىغاندا، پەقەت ئۇرۇمچى شەھىرىنىڭ ئۆزىدىلا ئالتە ئورۇندا چوڭ زىندانلار بولۇپ، بارلىق مەھبۇسلارنىڭ جازا ھۆكۈملىرىگە شىڭ-شىسەي بېۋاستە نازارەت قىلىش بىلەن بىللە، بەزىدە ئۇمۇمىي تىزىم بويىچە «خ» بەلگۈسىنى قوياتتىدە، ئەشۇ تەۋەككەلگە سىزىلغان «خ» مىڭلىغان ئادەملەرنىڭ قەتلى قىلىنىشىغا ئاساس بولاتتى. ئايرىم ۋاقىتلاردا «شەخسىي دۈشمەن» ياكى «خەتەرلىك ئۇنسۇر» دەپ ھېساپلايدىغان كىشىلەرنى موشۇ بۆلمىگە كەلتۈرۈپ، تېرگاۋنىڭ ئېلىپ بېرىلىشىنى يان بۆلمىنى ئايرىپ تۇرىدىغان سىرلىق پەردە كەينىدە تۇرۇۋېلىپ، كۈزىتىشكە خۇشتار ئېدى. بۇ تېرىقىدىكى سوراق-تېرگاۋلەرگە ئۇنىڭ ئەڭ ئىشەشلىك «تايانچىلىرى» بولغان لى-يىڭچى، لى-فۇلىن ۋە ئىشەشلىك تەرجىمان ھەمدە جىنائىي تەپتىشچى لىيۇبىڭدى قاتنىشاتتى. مانا بۇگۈن «خەتەرلىك» ھېساپلىغان غېنى باتۇرنى ئەشۇ بۆلمىگە كەلتۈرۈشتى.

غېنى يەتتە يىلدىن بۇ يان داۋاملىق ھالدا سولاقتا ئېلىنىۋاتقان «سىياسىي جىنايەتچىلەر» جۈملىسىدىن بولمىسىمۇ، غېنىنىڭ ھايات يولى ۋە جۇرئەتلىك- قەيسەرلىگى شىڭ-شىسەينىڭ دىققەت-ئېتىۋارىنى قوزغاپ، ئۇنى «خەتەرلىكلەر» جۈملىسىدىن ھېساپلاپ «قارا تىزىمغا» كىرگۈزگەن ئېدى. ئىككىنچى تەرەپتىن بولسا قورقۇمسىزلىغىدىن ھەر كىم ئەيمىنىدىغان بۇ «قارا تۈرۈك» ئەيۋەشكە كەلگىدەك بولسا، ئۇنى "تەربىيىلەپ"، كۈچىدىن پايدىلىنىشمۇ نەزەردە تۇتۇلغاندى.

غېنىنى باشلاپ كىرگەن لىيۇبىڭدى بۆلمىنىڭ بوسۇغۇسىدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ، كەڭ ئۇستىلدە نېمىنىدۇر ئىنتايىن دىققەت بىلەن ئوقۇپ ئولتارغان كىشىنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ـباشلايمىزما؟ ـ دېدى ئاستا پىچىرلاپ.

ـھازىر، ـ دېدى كۆزىنى قەغەزدىن ئۈزمەي لى-يىڭچى.

ـئولتار! ـ دەپ بۇلۇڭغا قويۇلغان ئورۇندۇقنى كۆرسەتتى غېنىغا لىيۇبىڭدى. ئۇستەلدىن باش كۆتەرمەي ئولتارغان كىشىنى شىڭ-شىسەي بولسا كېرەك دەپ پەرەز قىلغان غېنى ئۇنىڭغا تىكىلگىنىچە تۇرۇپ قالغاندى.

ـھاڭۋاقماي، ئولتار دەيمەن! ـ تەكرارلىدى لىيۇبىڭدى.

غېنى كۆرسىتىلگەن جايغا ئولتارغاندا ئۇنىڭ سالمىغىدىن ئورۇندۇق غىرسلداپ كېتىۋېدى، لى-يىڭچى بېشىنى كۆتىرىپ، چۆچۈگەندەك ئۇنىڭغا قارىدى. ئەنە شۇ چاغدىلا لىنىڭ شىڭ-شىسەي ئەمەسلىگىنى بايقىغان غېنى: «بۇ خەقنىڭ ھەممىسى دېگىدەك رېپىدە ئۈز، پاناق بۇرۇن بولىدېكىنە!» دەپ پىچىرلىدى ئىچىدە.

ـبۇ يەرگە نېمە سەۋەپتىن كەلگىنىڭنى بىلىدىغانسەن؟ ـ دېدى غېنىغا سىنچىلاپ قاراپ لى-يىڭچى. ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئېغىزچە تەرجىمە قىلىپ تۇردى لىيۇبىڭدى.

ـھە... ـ قىسقىلا جاۋاپ بەردى غېنى. ئۇ ئۆزىنى تەمكىن، بېپەرۋا تۇتماققا قانچە تىرىشسىمۇ، نېمىشكىدۇر سۇر باسقاندەك ھىس قىلدى. مونۇ خۇن پۇراپ تۇرغان بۆلمىنىڭ تۆرت تېمىدىن جاللاتلار پالتا كۆتىرىپ چىقىدىغاندەكلا، ئەۋۇ بۇلۇڭدىكى ئادەم بويى سېيفتىن قانغا مىلەنگەن قوللار چىقىپ، ئۇنىڭ گېكىتىگىدىن بوغىدىغاندەكلا تۇيۇلاتتى. «ھەجەپ... قانچىلىگەن خېيىم-خەتەرلەرگە دۇچ كەلگىنىمدە پىسەڭمۇ قىلمىغاندىم، بۇگۈن نېمە بولدىمە؟ ..»تەق تۇر، غېنى! شەنىڭگە ئۇيات«...

ـقىلغان جىنايىتىڭنى بىلەمسەن؟ ـ دەپ سورىدى لى-يىڭچى. ئۇ قىيا تاش چوققىسىغا قونغان تاغ

بۇركىتىدەك، ئورۇندۇقتا مەغرۇر ئولتارغان غېنىنىڭ قىياپىتىگە، ئۇنىڭ بەستىلىك، بەقۇۋەت قەددىگە، خۇسۇسەن، شىجائەت ئۇچقۇنى چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىگە ھوسۇت قىلغاندەك، تىكىلىپ قالدى، ــ نېمىشكە جاۋاپ قىلمايسەن؟ ــ تەكرارلىدى لى-يىڭچى.

ــشىڭ-شىسەي جاناپلىرى ئۆزى سورىغان بولسا، موشۇنداق سوئالنى بېرەتتىمۇ؟ ــ ياندۇرۇپ سوئال بەردى، غېنى. بۇ خىل جاۋاپنى كۈتمىگەن لى-يىڭچىنىڭ كۆزلىرى چانىغىدىن چىقىپ كەتكەندەك چەكچىيىپ كەتتى. ليۇبىڭدى بولسا غېنىغا كايىماق بولۇپ تەمشەلدىيۇ، ئۆزىدىن زور ئەمەلدار ئالدىدا چات كېرىشتىن ئەيمەندى، ئەتىمالىم، ئېغىز ئاچقىنىچە تۇرۇپ قالدى. پەردە ئارقىسىدىكى يان بۆلمىدە ئولتارغان گەپ ئوغرىسى شىڭ-شىسەي غېنىنىڭ جاۋاۋىغا قىزىقىش ھاسىل قىلىپ، پەردىگە تېخىمۇ يېقىنلاشتى .

ــنېمە سەۋەپتىن موشۇنداق پەرەز قىلدىڭ؟ ــ سورىدى غەزىۋىنى زورغا باسقان لى-يىڭچى.

ــمېنى نەچچە قېتىم سوراققا ئالغان سوراقچىلارمۇ، مانا سىزمۇ موشۇنداق تومتاق سوئال بېرىسىلەردە!

ــزىۋازا! ــ دەۋەتتى لى-يىڭچى. ئۇنىڭ «ئوغرى» دەپ ھاقارەتلىشىنى مىڭلارچە قېتىم ئاڭلاپ، سىڭىش بولۇپ قالغاشقا ئېرەڭمۇ قىلمىدى غېنى.

ــبىز سېنىڭدىن ھۆكۈمەتكە قارشى ئۇيۇشقان تەشكىلاتنى پاش قىلىپ بېرىشىڭنى تەلەپ قىلىمىز، ئۇقتۇڭمۇ؟ ــ دېدىدە، بۇ يالغانچىلىقنىڭ غېنىغا قانداق تەسىر قىلغانلىغىنى بىلمەكچى بولۇپ، غېنىنىڭ كۆزىگە تىكىلدى لى. غېنى بولسا جاۋاپ بېرىش ئورنىغا مىيىغىدا كۈلدىدە، «تېرەمنى تەتۈر شۇلىسەڭمۇ يوق نەرسىنى بار دېگۈزەلمەيسەن» دېگەن قىياپەتتە جىم ئولتاردى. ــ ياخشىلىقچە جاۋاپ بەرمەيدېكەنسەن، قالىغاچتەك سايرىتىش قولۇمىزدىن كېلىشىنى ئەستىن چىقارما. ئانى باتۇلى! ــ دەپ دوق قىلدى لى.

ــپۇتۇمدىن تارتىپ بېشىمغىچە كەرتىسەڭلارمۇ ئۆزەمگە ۋە باشقىلارغا قارا چاپلاشقا تىلىم بارمايدۇ، ــ كەسكىن جاۋاپ بەردى غېنى.

ــخۇندەن! ــ ئورنىدىن چاچراپ تۇرغان لى غېنىنىڭ كاچىتىغا ئۇرماق بولۇپ، قولىنى كۆتەرگەن پېتى توختاپ قالدى. چۈنكى مونۇ تەۋرەنمەس ئادەمنى ئۇرۇش، پوپۇزا قىلىش ئارقىلىق ئەيۋەشكە كەلتۈرمەسلىگىنى ئەسلەپ، چاتاشتۇرۇپ سىر ئېلىشقا تۇتۇش قىلدى:

ــنېمىگە ئىشەش قىلىسەن؟ ــ ئەندى باشقىچىلا سوئال بەردى.

ــھە، بىر خۇداغا ئىشىنىمەن!

ــدېمەك، بارلىق ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغانلارنىڭ بىرلىگىنى تەشەببۇس قىلىدېكەنسەندە؟

ــمەيەدىكى ئۇيغۇرلار بىرىكىش ئورنىغا بىر-بىرسىگە ئورا كولىشىپ يۈرگەن چاغدا بارلىق مۇسۇلمانلار قانداقمۇ بىرىكەلە؟ ــ لى-يىڭچىنىڭ ساختا سوئالىغا ئىككى بىسلىق جاۋاپ بەردى غېنى.

لى يىڭچى بىلەن ليۇبىڭدى غېنىنىڭ مەنىلىك جاۋاۋىغا تىڭىرقاپ قېلىشتى. پەردە ئارقىسىدا چاشقاننىڭ تۆشۈكتىن چىقىشىنى پايلاپ ياتقان مۆشۈكتەك ماراپ ئولتارغان شىڭ-شىسەي: «بۇ ئاددىي ئوغرى ئەمەسكەن...خەتەر موشۇنداقلاردىن پەيدا بولىدۇ» دەپ پىچىرلىدى ئۇ، تېرگاۋنى ئۆزى باشقۇرماق بولۇپ بىر قەدەم باستىدە، بۇ پىكىردىن يېنىپ يەنە ئولتاردى.

ــسەن، ــ دېدى ئوڭ قولىنى غېنىغا قارىتىپ شىلتىگەن لى-يىڭچى، ــ خەلىق ئىچىگە: ئىسىيان كۆتىرىمەن، ئىسلام ئاچىمەن دەپ ئىغۋا تارتقانلىغىڭنى بىزدىن يوشۇرالمايسەن...

ــبۇما كونا سەنەم، ــ دېدى لى يىڭچىغا دەرھال رەددىيە بەرگەن غېنى يەنە كۈلۈمسىرىگەن قىياپەتتە، ــ ئىسلام ئاچىمىز دەپ ئاخىرىدا ئۆزلىرىنىڭ سوڭى ئېچىلىپ قالغانلارنى كۆردۇققۇ!

ــخې... تېخى مۇنداق دېگىن. خوش قېنى كىملەرنىڭ سوڭى ئېچىلىپتۇ؟

ـ ھېلىقى ساۋۇت داموللا ئوخشىغانلاردە...

ـ سەن ئۇلارنى نەدىن بىلىسەن؟ ئۇلار بىلەن بولغان ئالاقەڭنى ئېيت! ـ دەپ تېگى-تەكتىنى كولاشقا باشلىدى، لى يىڭچى.

سوراقنىڭ بارغانچە شاخلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى، ئەگەردە بىر ئېغىز ئوشۇق گەپ قىلىپ قويسا مونۇلارنىڭ كانىدەك يېپىشىۋالىدىغانلىقىنى سەزگەن غېنى ئەندى پەخەس بىلەن جاۋاپ بەردى:

ـ سولاقتا يېتىپ ئاڭلىدىم...

ـ يالغان ۋالاقلايسەن! ـ كالتە كۆسەيدەك قىسقا قوللىرىنى شىلتىپ، ۋاقىراشقا باشلىدى لى-يىڭچى، ـ سەن ھەممىنى بىلىسەن. ساۋۇت داموللا بىلەن بولغان ئالاقەڭنى، مەخپىي تەشكىلاتىڭلاردا كىملەرنىڭ بارلىقىنى ئۆز ئاغزىڭ بىلەن ئېيتىپ بەرمىسەڭ تىلىڭنى يۇلۇۋالىمەن، زىۋۋازا!

غېنىنىڭ ئۇيۇل تاشتەك قىمىر قىلماي ئولتىرىشى، شۇنچە سىياسىي توقۇلمىلارنى ئاڭلىغاندا چىرايىدا تەشۋىش ئالامىتى ئەكس ئەتمەسلىكى لى-يىڭچىنىڭ ئەسەبلىرىنى قوزغىدى ئۇ، شۇ تاپتا غېنىنى قىيناشقا بۇيرۇق بېرىشكە تەمشەلدىيۇ، لېكىن ئۆزىنى زورغا تۇتۇپ، يېڭى سوئال بېرىشكە قارار قىلدى :

ـ ماقۇل، بۇ مەسىلە ئۈستىدە كېيىن سۆزلىشەرمىز. ئەندى پانتۈركىستلار بىلەن قانداق مۇناسىۋەتتە بولدۇڭ؟

ـ تووۋا! ـ دەپ ياقىسىنى تۇتتى غېنى. چۈنكى ئۇ «پانتۈركىست» دېگەن ئىبارىنىڭ مەنىسىنىمۇ چۈشەنمەيتتى.

ـ سەن ـ نەق پانتۈركىست! ـ قەتئىي ئېيتتى، خۇددى غېنىنىڭ پېشانىسىدە پانتۈركىستلىق تامغىسى باردەك لى يىڭچى.

ـ ھاي تاڭ، ئۇ دېگىنىڭلار: يەيدىغان، ئىچىدىغان نەرسىمۇ، بىلمىسەم...

لى-يىڭچى نە غەزەپناك بولۇشىنى، نە كۈلۈشىنى بىلمەي قالدى.

ـ مۇغەمبىرلىك قىلما، غېنى، قەيەردە ئېكەنلىكىڭنى بىلەمسەن؟ ـ ئارىغا قىسىلدى لىيۇبىڭدى.

ـ بۇ يېرىڭنى سەن بىلمىسەڭ، مۇغەمبەر، مەن نەدىن بىلەي؟

ـ تۈرمىدە يېتىپ ئوغرىلىق ھۈنىرىڭگە مۇغەمبىرلىك قوشۇلغانمۇ نېمە، ھە؟!

ـ سەنما غۇلجىدا چېغىڭدا ئاشلاڭپۇڭ ساتاتتىڭ، بۇ يەرگە كېلىپ، ئەمەلدار بولۇۋاپسەنغۇ ـ تەنىگە تەنىلىك رەددىيە بەردى، غېنى.

ـ تەلۋە! ـ دېيىشكىلا تىلى باردى لىيۇبىڭدىنىڭ. ئۇنىڭ سېمىزلىقتىن گارمون ئوخشاش، قاتلاشقان گۇرەنلىرى تېخىمۇ كۆپۈپ كەتتى. ئۇ مەھبۇسلارغا قوللىنىدىغان ۋەھشىلىكىنى ئىشقا سالماق بولۇپ تەمشەلدىيۇ، لېكىن يان بۆلمىدىكى شىڭ-شىسەيدىن تەپ تارتىپ، كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى چىشلىگەن پېتى تۇرۇپ قالدى. دوق ۋە پوپۇزىدىن سادا چىقمايدىغانلىقىنى سەزگەن لى-يىڭچى ئەندى ئالدامچىلىققا ئۆتتى:

ـ سېنىڭ خەلىق ئىچىدىكى ئابروي-ئىناۋىتىڭنى، خۇسۇسەن، باتۇرلىقىڭنى ئېتىۋارغا ئېلىپ، ساڭا نىسبەتەن قاتتىق قوللۇق قىلمىغانلىقىمىزنى چۈشىنىشىڭ كېرەك، ئاينى باتۇلى!

ـ قولۇمغا چېتىق، پۇتۇمغا ئۈچ كىشەننى سېلىپ، قاراڭغۇ زىنداندا ئازاپلىغىنىڭلارنى نېمە دېيىشكە بولار؟

ـ تۆرت قېتىم سولاقتىن قاچقان ئادەمنى چىڭ تۇتمىسا، بەشىنچى قېتىم قېچىشى مۇمكىندە! ـ دەپ يىركىنچىلىك ھېجايىدىدە، سۆزىنى داۋام قىلدى لى، ـ ئۆتكەننى تىيلە قىلماي، ساڭا بىر تەكلىپ قىلماقچىمىز.

ـ نېمە؟! ـ ھەيران بولدى، غېنى.

ـ ئەگەر سېنى تۇرمىدىن بوشاتساق، بىزگە خىزمەت قىلامسەن؟

لى يىڭچېننىڭ بۇ سۆزلىرى يارىغا تۇز سەپكەندىنمۇ ئازاپلىق تۇيۇلدى غېنىغا: «قاپاقتا سېلىپ كولدۇرلاتقاندەك، ئاخماق قىلىۋاتقىنىنى قارا بۇ پەسكەشلەرنىڭ»، ـ پىچىرلىدى غېنى، ـ مونۇ پاناق بۇرۇننىڭ مېيىسىنى چۇگۇۋېتىپ، نېمە كۆرسەم كۆرەيمىكىن، ھە!

ـ ياخشىلىقنىما قوبۇل قىلغۇڭ كەلمەمدا؟ ـ تەكرار سورىدى غېنىنىڭ ئىچكى كەچۈرمىلىرىنى سەزگەندەك لى يىڭچى.

ـ سىلەردىن ئادەم بالىسىغا ياخشىلىق تېگەرمۇ؟

ـ نادان، ۋەھشى، زىۋازا! ـ تەڭپۇڭلىغىنى يوقاتقان لى-يىڭچى يەنە نېمىلەرنىدۇر ۋايساشقا باشلىدى. ئۇنىڭ نەيرەڭلىرىگە پىسەڭ قىلمىغان غېنى:

ـ سەنلەر ئىزدىگەن قورققانچاق، ۋىژدانسىز ساتقۇن مەن ئەمەس، بىلىپ قويۇش! تولا بېشىمنى قوچۇماي جازا ھوكۈمىڭنى ئېيتىش...

يان بۆلمىدىن ئىلدام كىرگەن شىڭ-شىسەي غېنىنىڭ ئالدىدا توختاپ، ئىككى قولىنى كەينىگە تۇتقان ھالدا ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلدى. مەشھۇر جاللاتنىڭ بۇ قىلىغىدىن قىلچە ئەيمەنمەي، قاپاقلىرىنى تۈرگەن پېتى بۇلجىماي ئولتاردى غېنى. شىڭ-شىسەي ئۇنىڭ بوي-تۇرقىنى ئۆلچىمەكچىدەك بىر ئايلىنىپ چىققاندا شىڭ-شىسەينىڭ بويى ئولتارغان غېنىنىڭ مۈرىسىگە ئارانلا بويلاشتى. ئۇ: «يەرلىك ھايۋانلارنىڭ ئەڭ زورى ئېكەنسەن...» ئىچىدە ھەسەت قىلدىدە، سورىدى؟

ـ نەچچە ياشقا كىردىڭ؟

ـ قوغۇن پىشىغىدا، خۇدايىم بۇيرىسا، قىرىق ئىككىگە توشىمەن.

شىڭ-شىسەي يەنە تىڭىرقاپ قالدى. ئۇنىڭغا غېنىنىڭ ئاددىي سۆزلىرىدە قانداقتۇر مەقسەت باردەك سېزىلدى. «ئوقۇمىغان ساۋاتسىز چەنتۇ دېيىشكەندى، ئەگەر ئوقۇغان بولسا بېشىمىزغا زور بالا-قازا بولىدىكەنده بۇ زىۋازا» دېگەن تەشۋىشلىك ئوي كەچتى ئۇنىڭ كۆڭلىدىن، ۋە:

ـ ئاڭلىشىمچە خەت-ساۋاتىڭ يوق ئېكەن، نېمىشكە ئوقۇمىدىڭ؟ ـ دەپ سورىدى.

ـ زىندان، سۈرگۈنلەردە ئوقۇغىنىم يەتمەمدۇ؟ ـ جاۋاۋەن سورىدى غېنى.

ـ خا، خا، خا! ـ ئەسەبىي، ئۆشكە مەشرىدە كۈلدى شىڭ-شىسەي ۋە كېيىم پىچىدىغاندەك غېنىنىڭ بەستىگە خېلىغىچە كۆز ئۈزمەي تىكىلدى. ئۇنىڭ بۇ زەھەرلىك قارىشىدىن ئۆچمەنلىك، لېكىن چەكسىز قىزىقىش ـ ھەۋەس ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. «سېنى ھازىرچە ئۆلتۈرمەيمەن، قانداق يوللار بىلەن بولمىسۇن ئەيۋەشكە كەلتۈرۈپ، كۈچ تەسىرىڭدىن پايدىلىنىمەن، سىڭكۇ1...» دېگەن پىكرىنى كۆڭلىگە پۈكتىدە، ئۇنلۇك ھالدا: ـ دا زىۋازا!2 ـ دەپ ۋاقىرىغان پېتى ئىلدام چىقىپ كەتتى.

---

1سىڭكۇ ـ ھايۋان

2لا زىۋازا ـ چوڭ ئوغرى

مۇھەدىش كېچىدە دەھشەت بەلگۇسىنى بېرىپ، زىندان ئىشىكلىرى ئېچىلدى. ئۆلۈم نۆۋىتىنى كۈتۈپ يېتىشقان مەھبۇسلار، نۆۋەت كىمگە كەلدىكىن دېيىشكەندەك، ۋەھىم-تەشۋىش ئىچرە باشلىرىنى كۆتىرىشتى. تۇم قاراڭغۇدا كىشەن ئاۋازى ئاڭلاندىدە، ئاندىن «بارمۇ سىلەر؟» دېگەن تاۋۇش چىقتى.

ـ غاينامغوي، غاينام! ـ دەپ ئورنىدىن ئېتىلىپ تۇرغان قۇسەننىڭ پۇتىدىكى كىشەن كاتقا ئىلىنىپ، ئوڭدىسىغا چۈشتى. شۇنداق بولسىمۇ تەمتىلەپ بېرىپ، غېنىنىڭ بوينىغا ئېسىلدى ـ ئىككىسى ئۇزۇن يىللار جۇدالاشقان قېرىنداشلاردەك گىرەلىشىپ كېتىشتى. شۇ ئارىلىقتا غېنىنىڭ سوراقتىن خېيىم-خەتەرسىز قايتىپ كىرگەنلىگىگە خوشال بولغان مەھبۇسلار ئۇنىڭدىن ھال-ئەھۋال سوراشقا

باشلىدى.
–ئۆزلە كىچىككەنسىرى بۆلەكچىلا قوختۇق، جۇمۇسىلا، باتۇر، مەم-مەم – دەپ كۆڭۈل ئېيتتى قۇمۇللۇق چارۋىدار.
–بۇ لومودولاردىن ھەر بالا كېلىدۇ دېسىلە، يا پىرلەر! – دېدى تۇرپانلىق دېھقان ۋە ئاياپ ساقلىغان چىمەلتەكتەك موم شامنى يېقىپ، ھېجىردىكى سوغ چاينى غېنىغا سۇنۇپ، – ئۇسساپ قالغاندىلا، ئىچسىلە، پالۋان.
–رەخمەت، نىياز تاغا، – مىننەتدارلىق بىلدۈردىدە، ھېجىردىكى سوغ چاينى دەم ئالماي ئىچىۋەتتى غېنى ۋە راھەتلىنىپ ئۇ تارتتى.
–قارنىڭ ئاچتۇر؟ – دەپ لاتىغا يۆگەكلىك ئىككى جىگمومىنى دوستىنىڭ ئالدىغا قويدى قۇسەن.
–قوسىغىم توق، قۇسەن، ئۆزەڭ يېگىن. مېنى سوراقتا تارتىشتىن ئاۋال، نېمە ئۈچۈنكىن، گۆشكە راسا تويغۇزۇشتى.
–قايران ئېت... – دەپ پىغان چىقاردى، ئاغزىنى تامشىغان قۇسەن.
–بۇ مەككار خىتايلار ئاغزىمنى مايلاپ، يالغان-ياۋداق ۋەدىلەرنى قىلىپ، ئالدام خالتىسىغا سالماق بولۇۋېدى مەنما بوش كەلمىدىم، جۇمۇڭلا! – دەپ سوراق جەريانىدا ئۆتتۈلگەنلەرنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى غېنى.
–غېنىكام، ئوغۇل بالا ھېمىشەم بىينى-بىي دېگۈلۈك، – دېدى غېنىنىڭ جۈرئىتىگە قايىل بولغان خوتەنلىك گىلەم ئۇستىسى. بەش يىلدىن بېرى نېمە گۇناھ قىلغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەي، زىندان ئازاۋىنى چېكىۋاتقان بۇ قېرى ھۈنەرۋەن ئۆزىدىن كۆرە غېنىنىڭ ئۆمرى زايە بولۇۋاتقىنىغا كۆپىرەك ئېچىناتتى ۋە بەزىدە: «سىلى قۇتۇلۇپ چىقسىلا بۇ كۇپايىلىدىن ئۆچىمىزنى ئېلىپ بەيەتتىلە» دەپ ئارزۇ-ئارمىنىنى ئېيتتى غېنىغا.
–مەن بولسام يەر تېگىدىن قۇدۇق كولاپ، كارىزدىن سۇ چىقىرىپ زىرائەت كۆكەرتىدىغان دېھقانىنىڭ بىرى، باج-سېلىق تۆلەش، غەللە-پاراق قويۇشتىن باشقا نېمە يامانلىغىم بارلىغىنى ئۆزەمما بىلمەيمەن، ۋاي، دوۋۋا دەپ «سىياسىي جىنايەتچىلەر قاتارىدا سولانغانلىغىنى ئېيتىپ زارلىناتتى تۇرپان دېخىنى.
–قويسىلا، بۇ كېپەن ئۆغرىلىرىنى. مانا مېنىما خوجانىيازغا ئەسكەر بولدۇڭ دېگەن بانە بىلەن ئاز-تولا مېلىمنى تارتىۋېلىپ، مونۇ قاراڭغۇ گۆگە تاشلىۋەتكىنىگە ئالتە يىل بولدى مەم، مەم... چۆچۈرىدەك يەتتە بالام باش پاناسىز قالدىغۇزە! – قۇمۇللۇق چارۋىچىمۇ ئۆز دەردىنى تۆكۈشكە باشلىدى. بۇ خىل ئاھۇ-پىغان، دەرت-ئەلەم زىندانلارنىلا ئەمەس، پۈتكۈل شەرقىي تۈركىستاننىڭ بۇلۇڭ-پۇشقاقلىرىنى قاپلاپ، بىپايان ئۆلكە بەئەينى تىرىكلەر گۆرىگە ئايلانغان ئىدى. 1934-يىلى ھاكىمىيەت ئۇستىگە چىقىۋېلىپ، 1944-يىلغىچە قانلىق ھۆكۈم يۈرگۈزگەن شىڭ-شىسەينىڭ جاللاتلىغى شۇ دەرىجىگە يەتكەن ئىدىكى، قاماقتا ئېلىنغانلار ھەر دەقىقە قىيناش ۋە ئۆلۈمگە مەھكۇم بولۇشنى كۈتىدېكەن، سىرتتىكىلەر تەقىپ-تەھلىكە ئاستىدا ئەركىن نەپەس ئېلىشتىن مەھرۇم ئىدى. لېكىن مىللىي ئېزىش، مىللىي ھاقارەت ۋە كامسىتىش، زۇلۇم ۋە سىتەم قانچىكى ئاشقان سىرى خەلقنىڭ ئەزگۈچىلەرگە نىسبەتەن نەپرەت ۋە غەزىۋى كۈندىن-كۈنگە ئۇلغىيىپ پارتلاش نۇقتىسىغا يەتكەن ئىدىكى، بۇ پارتلاشقا شەرت-شارائىت پىشىپ كېلىۋاتاتتى. زۇلۇم گىردابىدا تاۋلىنىپ ھەق، ناھەقنى پەرىق قىلىش دەرىجىسىگە يەتكەن غېنى بولسا ئەركىنلىككە – خەلق ئازاتلىق ئىشىغا تەلپۈنەتتى.
–گەپ شۇ قېرىنداشلار، – دېدى مەھبۇس يولداشلىرىنىڭ ھەسرەتلىرىنى ئىخلاس بىلەن تىڭشاپ. – بىز قانچىكى يۈگاچ، ئىتائەتمەن بولۇپ، باش ئېگىپ تۇرساق بۇ ناپىسانىيەت جاڭگۇدىلار بوزەك قىلغىنى قىلغان، جۇمۇڭلار! – ئۇ سەل ئويلاندىدە، كۆڭلىگە پۈكۈپ يۈرگەن مەخسىتىنى ئىزھار قىلدى، – موشۇ ئولتارغانلار ۋە بىزگە ئوخشىغان مىڭلىغان كىشىلەر نېمە گۇناھ قىلىپتىمىز؟ يە

ئۇلارنىڭ يۈرتىغا كىرىپ، ئۇلارنىڭ لاتا خەيلىرىنى ئوغرىلاپ چىقىپتىمىزمۇ، ھە! قۇمۇلغىچە پىيادە داڭكاڭ كۆتىرىپ كېلىپ، يېرىمىزگە غوجايىنلىق قىلىڭ، مال-مۈلكىمىزگە ئىگىدارچىلىق قىلىڭ، ئەندى ئۇنى ئاز دەپ زىندانلارغا سولاپ، سۈرگۈنگە پالاپ جېنىمىزغا قەست قىلىڭ شۇما ئىنساپتىن بولدىما؟ شۇنچىما بوزەك بولىمىزما، قېرىنداشلار؟! ھايۋان چېغىدا تۆرت پۇتىنى بوغۇپ سويماق بولغاندا تېپىرلايدىغۇ! بىزنى بۇ قان ئىچەرلەر ھايۋانلاردىنما پەس كۆرۈۋاتسا باش پۈركەپ، تەغدىرگە تەن بېرىپ ياتىۋېرىمىزما؟!

بۇ كېچىسى ھېچ كىم ئۇخلىمىدى. مۇھدىش زىندان دەھشىتى بىلەن ۋەھىم قايغۇ گىردابىغا مۈپتىلا مەھبۇسلار ئۆز تەغدىرى ۋە غېنى ھەققىدە ئويلىشاتتى. غېنى ئۇلارنى قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇققا باشلاپ ماڭغاندەك ھىس قىلىشاتتىدە ئۇمۇت يۇلتۇزلىرى قايتا يورۇغاندەك بولاتتى. غېنىمۇ تاڭ ئاتقىچە كىرپىك قاققىنى يوق ــ بۈگۈن يۈز بەرگەن جالالاتلار باشلىغى لى-يىڭچى بىلەن بولغان تىركىشىشنى ئەسلىگەندە ۋۇجۇدىنى غەزەپ ئوراپ، خىتاي ھۆكۈمدارلىرىغا نىسبەتەن ئۆچمەنلىگى تېخىمۇ كۈچىيەتتى. «بۇلارنىڭ دېگىنىگە كۆنسەم ماڭا خىزمەت بېرەمىشا! ــ پىچىرلىدى ئۇ لى-يىڭچىنىڭ تەكلىۋىنى ئەسكە ئېلىپ، ــ مەن بۇ زالىملارغا قېتىلىپ، ئۆز قېرىنداشلىرىمنى ئازاپلايدېكەنمەندە؟! سەنلەرنىڭ ئالدام خالتاڭغا چۈشىدىغان ئاخماق غېنى يوق! تىرىك تۇرغۇزۇپ سويۇشساڭمۇ سەنلەرگە باش ئەگمەيمەن، لۆجىلەر!» ئەندى غېنىنىڭ كۆز ئالدىدىن ئۇنى «ئىقرار» قىلدۇرماق ئۈچۈن نەچچە كۈنلەپ ئاچلىقتا مۇزخانىغا يالىڭاچ قامىغانلىغى، تېنىگە قىزىتقان ياغ چېچىپ، تىماقلىرىغا يىڭنە سانچىشقانلىرى... سۈرەتلىنىپ ئۆتۈۋشكە باشلاپ، تېنى شۈركىنىپ يۈرىگى موجۇلغاندەك بولدى. «ۋاي، بۇقىنىمۇ چىمداپ ئۆلتۈرىدىغان، ئەزمە جاڭگودىلارەي! ئالدىرىماستىن قېنىمىزنى پىشت-بۈرگىلەرگە، چۈسى-چۆچۈنلەرگە شورىتىپ ئۆلتۈرەمدېكىنە»؟ غېنى پەرەز قىلغاندەك ئۇيغۇرلار ئىچىگە سىڭىپ، ئۇلارنىڭ ئۇجۇر-بۇجۇرىنى ياخشى بىلىدىغان، ئەندىلىكتە شىڭ-شىسەينىڭ ئىشەشلىك تەرجىمانى ۋە سىياسىي تەپتىش ھەيتىنىڭ باشلىغى لىۋبىڭدى (مۇخەممەر) ئارقىلىق غېنىنىڭ لايىقىتىنى، ئۇنىڭ ئۆز دائىرىسىدىكى كىشىلەر ئارىسىدا ئىناۋىتىنىڭ بارلىغىنى بىلگەن شىڭ-شىسەي غېنىدىن پايدىلانماق بولدى. مابادا غېنى «ئىنىدەككە» كەلسە زىندان باشلىغى قىلىپ «قارا كۈچىدىن» پايدىلىنىش بىلەن بىللە ئاستا-ئاستا شۇ مەزگىلدە ئەڭ خەتەرلىك جاي ھېساپلانغان ئىلى ۋادىسىدىكى ئىنقىلاپچىلارنى بېسىش ئۈچۈن «تايانچى خادىم» قىلىشمۇ نەزەردە تۇتۇلغان ئېدى. خىتاي ئەمەلدارلىرى بۇ خىل قەستىگە يېتىشتە ئۆزلىرىنىڭ ئادەتتىكى مەككارلىغى ــ سىلىق سۆھبەت، ئاندىن پوپۇزا، يەنە سىلىق سۆھبەت ۋە يەنە پوپۇزا ئۇسۇلىنى ئىشقا سېلىپ بېقىۋېدى ھېچ نەتىجە چىقمىدى ــ غېنىنىڭ ئىرادىسىنى سۇندۇرالمىدى. ئەلۋەتتە، بۇنىڭدىن بىر نەچچە يىل ئىلگەركى: چېلىشتا بۆكە، سوقۇشتا گاڭگۈك، ئېتىشتا مەرگەن ۋە زومىگەر بايلارنىڭ مېلىدىن «چوتۇ» ئېلىپ، گادايلارغا تەخسىم قىلىدىغان ــ ئۇمۇمەن، بەڭۋاش، يۈگەنسىز غېنى تامامەن يېڭى ئىرادىلىك غېنىغا ئايلانغان ئېدىكى، خىتاي شوۋىنىستلىرىنىڭ ھاقارەت-كامسىتىشى ئۇنىڭ مىللىي غۇرۇرىنى ئويغاتقان بولسا، مىللىي زۇلۇم ۋە تەڭسىزلىك ئازاتلىققا دەۋەت قىلىپ، خەلقىنىڭ ئاھۇ-زارى ــ كۈرەشكە چاقراتتى...

ــسېسىق زىنداندا چىرىپ ياتماي، بەختەش تەۋەككەل قىلىش كېرەك. ئەگەر ھايات قۇتۇلسام ئۆزەم ئوخشاش دەرتمەنلەرنى توپلاپ، بۇ زوراۋانلارغا ئۇيغۇر بالىسىنىڭ كىم ئېكەنلىگىنى تونۇتىمەن...» قەتئىي قارارغا كەلدىدە، كۆز يۇمدى غېنى.

...بۈگۈن ئالتە كۈن بولدى غېنى قايتىپ كامېرىغا كىرمىدى. كۈن ئۆتكەنسىرى خاۋ تەنجاڭنىڭ تەشۋىشى ئارتىشقا باشلىدى. ئالدىنقى سوراقلاردا مۇنچىلىك كېچىكمىگەن ئېدىغۇ! غېنىنى كېچىسى، ھەممە مەھبۇسلار ئۇيقىغا كەتكەن، زىندان ئىچىنى مۇدھىش گۆرىستان جىم-جىتلىغى باسقان ــ گۈندىخانىلارنىڭ تۆمۈر قالپاقلىق مەزمۇت ئىشىكلىرى تاقىلىپ، گۈندىپايلارنىڭ

مېڭىش-تۇرۇشلىرى سېلىككەن چاغدا، بەستىلىك تۆرت گۇندىپاي قوللىرىدا خازىچاڭ ــ ماۋزېر تۇتقان هالدا كىرىشىپ، ئېلىپ چىقىپ كېتىشكەن. غېنى گۇندىپايلارنىڭ ئۇنى ئالدىرىتىشىغا پىسەڭمۇ قىلماي كېيىندى. بىللە ياتقان يولداشلىرىنىڭ كۆڭلىنى تىنىدۇرماق بولدى، ئەتىمالىم: «خەپ، خويما تاتلىق چۈش كۆرۈۋاتاتتىم... يەنە بىر دەم ئويغاتماي تۇرسا، مونۇ چا پاقىلار، «ئالا بايتالنىڭ» قىزىنى ئېلىپ قاچاتتىمدە!» دەپ كۈلدۈرگەن ئېدى...

مانا، ئالتە كېچە-كۈندۈز ئۇنى مەھبۇس قولداشلىرى تۆرت كۆزى بىلەن كۈتمەكتە، كېچىلىرى تىرىق قىلغان تاۋۇش ئاڭلانسا باشلىرىنى كۆتىرىشىپ ئىشىككە قاراپ تەلمۈرىشەتتى. ئۇنىڭغا ئاتاپ دۇئا-تەگبىر ئوقۇشاتتى. قۇسەننىڭ بولسا تامىغىدىن هېچ نەرسە ئۆتمەي، كېچىلىرى مىچىلداپ يىغلايدىغان بولۇۋالدى.

ــغېنىنىڭ يولدىشى بولساڭ ــ غېنىدەك مەردانە بول قۇسەن. غېنى ئۆلمەيدۇ. ئۇنىڭ سىياقى ئادەملەر ئاسان ئۆلمەيدۇ، ــ دەپ قۇسەنگە تەسەللا بېرەتتى خاۋ تەنجەڭ1 .

ــراست، ــ دېدى تۇرپانلىق دىهقان. ــ غېنى پالۋان ئوتتىنمۇ ساق چىقىدىغان يىگىت تۇرسا.

ــخۇدا گۇندۇ، ئۇ پالۋان ساق بولغاي دېسىلەرا، دېدى قۇمۇللۇق.

مەھبۇسلارنىڭ ھەممىسى غېنىنىڭ تىلىگىنى تىلەشتى، ئۇلارنىڭ ئوي-پىكرى غېنىدا بولدى، ئەگەر پاراڭ سېلىشىدىكەن، غېنىنىڭ ياخشى تەرىپىنى قىلىشاتتى.

ــئۆتمۈشتە، ــ دېدى غېنىنى ئەسلەپ ئولتارغان كۇنلەرنىڭ بىرىدە خاۋ تەنجاڭ، ــ بىزنىڭ ئەلدە ئۆتكەن 108 باتۇر ــ سەركەردە توغرىلىق قىسسە بار. بۇلارنىڭ ھەممىسى مەۋجۇت تۈزۈمگە، زۇلۇم-ستەمگە قارشى تۇرغانلار. شۇلارنىڭ بىرى يولۋاس بىلەن يەكمۇ-يەك ئېلىشىپ، جاڭگال يولۋىسىنى يەڭگەن. تارىختا ئۇنى «ئۇسۇڭ دا لاۋخۇ» ــ يەنى، «يولۋاسنى يەڭگەن ئۇسۇڭ» دەپ ئاتايدۇ. مەن غېنىنى ئاتاقلىق باتۇر ئۇسۇنغا ئوخشىتىمەن. كۈنلەر كېلەر سىلەر غېنى بىلەن پەخىرلىنىسىلەر...

---

1تەنجاڭ ــ پولكوۋنىك.

خاۋ تەنجەڭنىڭ گېپى تۈگە-تۈگىمەي گۇندىخانا ئىشىگى شاراقلاپ ئېچىلىپ، غېنىنى ئىشتىرىپ دېگىدەك ئىچكىرى كىرگۈزۈۋېتىپ، قايتا قۇلۇپ سېلىندى.

ــغاينام! ــ ئۆزىنى غېنىنىڭ ئالدىغا ئاتتى قۇسەن. باشقىلارمۇ ئىشىككە يۆلىنىپ، ئاران ئاياق ئۆرە تۇرغان غېنىنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى. شام بىلەن غېنىنىڭ ئۇزىنى يورۇتقان خاۋ:

ــئي-يا! ــ دەپ ۋاقىراۋەتتى.

ــۋاي، ئاللا! ــ دەپ پىغان چىقاردى مۇسۇلمانلار.

غېنىنىڭ ئۇزى پۇچىلانغان كۆمۈقوناقتەك چاۋۇرۇپ كېتىپتۇ. ئوتۇقۇپ يىرىڭدىغان قاپاقلىرى كۆزىنى يېپىۋاپتۇ. جاۋغايلىرى قاسقانلىشىپ، لەۋلىرى گۆشۈندەك شەلۋەرەپ، تىلى ئىششىپ ئاغزىغا سىغماي قاپتۇ.

ــئاستا ياتقۇزايلى... شاۋ-شۇ قىلماڭلار، يولداشلار، ــ دېدى تەنجەڭ.

مەھبۇسلار غېنىنى يۆلەشتۇرۇپ، ئورنىغا ئاپىرىپ ئولتارغۇزدى.

ــسۇ، ــ دەپ ئاران ئۇن قاتتى غېنى.

ــسۇ، دەيدۇ، سۇ! ــ دەپ خوشال بولۇشتى غېنىنىڭ تىلغا كەلگەنلىگىگە مەھبۇسلار. قۇسەن بولسا بۇقۇلداپ يىغلىدى.

خاۋ تەنجەڭ ياستۇق قېپى ئىچىدىن ئىككى چاقماق قەنت ئېلىپ سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ، شەرۋەت

قىلدىدە، غېنىنىڭ لەۋلىرىنى بىر قولى بىلەن ئېچىپ، ئىككىنچى قولى بىلەن شەرۋەتنى ئىچكۈزدى ۋە:

ــچايداندا ئىسسىق چاي بار. دەرھال ھېجرىغا موما توغراپ ئۇۋتىڭلار، بولۇڭلار! ــ دېدىدە، غېنىنى كۆرپىچىگە ياتقۇزماق بولۇپ مۈرىسىنى تۇتتۇۋېدى ئۇ ئىڭراپ كەتتى. ئۇنىڭ كەينى بەدىنى قىزىتقان ياغ بىلەن داغلانغاشقا تېرىسى شۇلىنىپ جاراھەتكە ئايلانغاندى. غېنىنى ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلگەن خاۋ ئۆزىنىڭ ۋە غېنىنىڭ ياستۇقىنى ئۇستىلەپ تىكلەپ ئۇنى مەيدىسىچە ياتقۇزۇپ، قانغا بويالغان كۆينىكىنى ئاستا قايرىۋېدى، كۆمەچتەك پۇچىلانغان تەننى كۆرگەن مەھبۇسلار:

ــۋاي، خۇدايىمەي! ــ دېيىشىپ، كۆڭۈللىرى چىدىماي تەتۇر قاراۋېلىشتى.

ــھېچ گەپ ئەمەس، بىر-ئىككى كۈندە سەگىپ قالىدۇ. بۇنچىلىك قىيناشقا چىدىمىسا غېنى بولامدۇ. قېنى، چېيىڭلار؟ ــ خاۋ غېنىنىڭ ھالىغا ئىچىدە ئېچىنسىمۇ، چاندۇرماسقا سېلىپ، باشقىلارغا تەسەللى بەردى.

ــسۇ، سۇ...

بۇ قېتىم غېنىنىڭ ئاۋازى تېتىگىرەك، ئۇنلۇگىرەك چىقتى. ئادەمنى قىيىنغان چاغدا دەرھال تاماق قۇرىيدۇ، تەشنالىق كۈچىيىدۇ. ئالتە كۈن قىيىنغان ۋەھشىلەر غېنىغا بىر يۇرتۇم سۇ بەرمىدى. قىيناشتىن كۆرە تەشنالىق ئازاۋى ئېغىرىراق تۇيۇلدى ئۇنىڭغا. ئۇنىڭ تەشنالىغى قانار ئەمەس، مەھبۇسلارنىڭ چايدانلىرىدىكى چايلار تۈگىدى. لېكىن غېنى «سۇ، سۇ» دەپ يېنىپ-يېنىپ تەلەپ قىلاتتى. ئاخىرى ئۇنىڭ جېنى سەل ئارام ئالدى، ئەتىمالىم، ئۇيقىغا كەتتى. ئۇ يەنە ئۇيقىسىز، ــ ئۇنى ئالتە كۈن ئۇيقا بەرمەي قىيىنغاندە!

خاۋ تەنجاڭ باشچىلىغىدا ئالتە مەھبۇس «ئېھتىيات» ئۇچۇن سۇقۇشتۇرۇپ قويغان «زاپاسلىرى» قۇرۇتقان موما، قەنت، مېغىز قاتارلىق نەرسىلەرنى يىغىشتى. بىرسىدىن كىچىككىنە ناسۋال قۇتىسىدا ھەسەلمۇ تېپىلدى. بۇنىڭ ئۇستىگە خوشنا كامېرىلارغا شەرتلىك بەلگۇ بېرىپ، ئۇلاردىنمۇ ماي، قەنت بولسا «فاڭفىڭ ــ تاھارەتكە» چىقارغاندا بەلگۇلۇك جايغا تىقىپ قويۇش ئىلتىماس قىلىندى.

ــبۇ نەرسىلەرنىڭ سىرتىدا، ــ دېدى خاۋ، ــ ئاۋال غېنىنى تويغۇزۇپ، ئاندىن ئۆزىمىز تاماقلىنىمىز.

ــشۇنداق بولمامدىغان، تەنجاڭ، ــ خاۋنى قۇۋۋەتلىدى تۇرپانلىق.

ــپالۋاندىن جاننى ئايىمايمىز، دېيىشىلە..!

ــجاراھىتىنى چاپسانىراق ساقايتىشنىڭ ئامالى بولسا ئېيدى.

ــمېنىڭ ئاڭلىشىمچە، ــ دېدى تۇرپانلىق دېھقان، ــ كىچىك بالىنىڭ سۈيدۈگى كۆيۈكنىڭ زەھىرىنى تارتارمىش.

ــبۇ تىرىكلەر گۆرىدە نەدىن كىچىك بالىنى تاپالايسەن.

ــسۈيدۈك پەيدا قىلسا چوڭ ئادەمنىڭمۇ داۋا بولۇشى مۇمكىن. سىناپ كۆرەيلى، ــ دېدى خاۋ تەنجاڭ.

شۇ كېچىدىن تارتىپ پەرۋىش باشلاندى: ھەر كۈنى ئىككى ئادەم نوۋەتلىشىپ غېنىنىڭ قان ئۇيۇپ ئىششىپ كەتكەن پۇتلىرىنى ماسساج قىلىدۇ، جاراھەتلەرنى سۈيدۈك بىلەن يۇيىدۇ، تاماق يېگۈزىدۇ، ھاجەتكە ئاپىرىدۇ.

مېھرى-شەپقەتتىن ئارتۇق شىپا بولغايمۇ؟! ھەمدەرت يولداشلىرىنىڭ مەدەت بولۇشى تۈپەيلى ئىككى ئۈچ كۈندىلا ئەكسىگە كېلىشكە باشلىغان غېنى ئاۋالقىدەكلا سۆزگە كىرىشىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ ھەرىكەت قىلىشقا باشلىدى. تېنىدىكى جاراھەتلەر قېتىشقاندەك بولسىمۇ، قىمىرلىسا زىڭىلداپ ئاغىراتتى، تېخى ئوڭدىسىغا سۇنايلىنىپ ياتالماتتى.

ــياق، بۇ قىلىغىڭلار بولمىدى، ھەرگىز يېمەيمەن! ــ دەپ رەت قىلدى غېنى، خىتايلارنىڭ

«چاغان»بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن گۆشلۈك شوۋا بەرگەن كۈنى ئالتە مەھبۇس ئۆزلىرىگە تېگىشلىك گۆشنى يېمەي، ئۇنىڭ ئالدىغا قويغاندى.

ــيېمىسەڭ رەنجىيمىز، غېنى. چاپسانىراق كۈچۈڭگە كىر. ئۆزەڭ ئەمەس، سېنىڭ كۈچۈڭ بىزگە كېرەك، ــ دەپ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا چېقىشتى خاۋ .

ــبىر يىلدا بىر كېلىدىغان چاغاندا بېرىدىغان گۆشۈڭلارنى يالغۇز يەۋالسام، ئىنساپلىق بولماس. ياق، مېنى زورلىماڭلار. بۇ گۆشنى ئۆزەڭلارنىڭ گۆشىنى يېگەندەك بولىمەن، ــ دەپ قەتئىي تۇرۇۋالدى غېنى. ئاخىرى تارتىش-تارتىشا يولداشلىرىنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن ھەر بىرسىدىن بىر چىشلەم ئېغىز تەگدى غېنى. ئىجىللىق مېھرى سىڭگەن ئالتە چىشلەم گۆش ئالتە قوي يېگەندەك قۇۋەت بەردى غېنىغا.

ــمانا، بىز بىر تۇققان قېرىنداشتەك بولۇپ كەتتۇق. بۇ يەردە سېنىڭ، مېنىڭ يوق. ئەمەلدار بىلەن پۇخرا يوق ھەممىمىز تەڭ، ئىناق. نېمىشكە شۇنداق؟ ــ دېدى خاۋ ۋە ئۆز سوئالىغا ئۆزى جاۋاپ بەردى:

ــ ھەممىمىزنىڭ دەردىمۇ، مەقسىتىمۇ بىر ــ ئۇ ئەركىنلىك، باراۋەرلىك. شىڭ-شىسەي خىتاي، مەنما خىتاي. ئۇ ھاكىمىيەت ئۈستىگە چىقىۋېلىپ سىلەرنى، خەلقنى ئېزىپ، قۇللۇق ئاسارىتى ئاستىدا تۇتماقچى بولۇۋاتىدۇ. مەن ئۇنىڭ تۇتقان يولىغا قارشى. ئۇ مېنىڭ دۈشمىنىم، خەلقنىڭ قاتىل دۈشمىنى. كۈنلەر كېلىدۇ شىڭ-شىسەي ئوخشىغان مۇستەبىتلەر يوقىلىپ، خەلق ئۆز ئەركىنى، ئازاتلىغىنى قولغا ئالىدۇ.

ــئاغىزلىرىغا ماي، خاۋ تەنجاڭ...

ــئازاتلىق دېگەن ئۆز-ئۆزىدىن كەلمەيدۇ ياكى بىرسى ئەكېلىپ بەرمەيدۇ. ئازاتلىق ئۈچۈن جانپىدالىق بىلەن كۈرەش قىلىش كېرەك، ــ دېدىدە خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئىنقىلاۋىي كۈرەشلىرىنى، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ گىتلېر فاشىستلىرى ئۈستىدىن چوقۇم غالىبە قازىنىشى ۋە ئېزىلگەن ئەللەر ئۆز ئەركىنى تېپىشى توغرىسىدا شۇ ئەللەر قاتارىدا شىنجاڭ خەلقىمۇ ئازاتلىققا ئېرىشىشى مۇقەررەرلىگىنى سۆزلەپ بەردى خاۋ تەنجاڭ. ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى ھەر كىم ئۆز سەۋىيەسىگە يارىشا قوبۇل قىلىشتى. غېنى بولسا ئىنقىلاۋىي كۈرەشكە دائىر پىكىرلەرنى ئۆزلەشتۈرۈشكە تىرىشىپ، ئۆزىنى شۇ كۈرەش قاينىمىدا تەسەۋۋۇر قىلاتتى. ئۇ خاۋ تەنجاڭنىڭ سۆزىگە ئىشىنىدۇ. چۈنكى ئۇ غەرىزسىز خىتاي ــ ھەقىقەتچى خىتاي. ھەممە خىتاي موشۇنداق بولسا ئارىدا ماجرانىڭ نېمە كېرىگى؟..

بىر كۈنى قىزىق پاراڭلارنى قىلىشىپ ئولتىرىشقاندا غېنى مۇنداق دېدى:

ــموشۇ سۈيدۈك بىلەن داۋالاشنى توختاتساق. باشقىلارنىڭ بىر نورى، مونۇ سامساق بىلەن جۇسەينى تولا يېگەن ئادىشىمىز خاۋ تەنجەڭنىڭ سۈيدىگىگە چىدالمىدىم...

غېنىنىڭ چاقچىغىغا ھەممىدىن ئاۋال خاۋ قاقاخلاپ كۈلدى.

ــدورىنىڭ ھالال، ھارىمى يوق دېسىلە. شىپا بولسا بولدى، ــ دېدى قۇمۇللۇق.

ــمېنى بوۋاقنى ئاسرىغاندەك كېچە-كۈندۈز بېشىمدا تۇرۇپ باقتىڭلار. رەخمەتنى نوۋىتى كەلگەندە ئېيتارمەن.

ئەندى ئاۋارۇ بولمىساڭلارمۇ بولىدۇ، ياخشى بولۇپ قالدىم.

ــيەنە بىر نەچچە كۈن قىمىرلىماي يېتىشىڭ كېرەك. يوق گەپنى تاپماي، بىز دېگەننى قىلىسەن! ــ قەتئىي دېدى خاۋ. باشقىلار ئۇنىڭ سۆزىنى قۇۋەتلەشتى.

ــبىر قېتىم، ــ دېدى ئۆتمۈشنى ئەسلەپ غېنى، ــ مېنى سولاپ ئۇرۇمچىگە ئېلىپ كېلىۋاتقاندا ساۋەن دېگەن يەردە تاھارەت قىلىۋالاي دېگەن بانە بىلەن قولۇمنى بوشاتقان چېرىكنىڭ كانىيىنى بوغۇپ يەرگە ئۇردۇمدە، قاچتىم. چاتقاللىق يېقىن ئېدى. لېكىن ئۇنىڭغا يەتكىچە قارىغاچ سايىسىدا ئارام ئېلىپ يېتىشقان ئىككى چېرىك تۇيۇپ قېلىپ، ئوق ئېتىشقا باشلىدى. بىر ئوق سول پۇتۇمنىڭ بولجۇڭ

گۆشىگە تېگىپ يىقىلدىم. شۇنداقتىمۇ تۆرت ئاياقلىنىپ مېڭىپ چاتقاللىققا كىرىۋالدىم...

ـ خۇمپەرلەر تاپالمىغاندۇر؟ ـ سورىدى تۇرپانلىق.

ـ تاپالمىدى...قاراڭغۇدا نەدىن تاپسۇن...

ـ خۇدا گۇندۇ، ئۆزى ساقلاپتۇدە! ـ يېنىك تىنىق ئالدى قۇمۇللۇق.

ـ ئەمما ئۆملە-ئۆملە قانسىراپ يېتىپ قاپتىمەن. قانچە ۋاقىت ياتتىمكىن، كۆزۈمنى ئاچسام تاڭ يورۇپ قاپتۇ. ئوق تەككەن پۇتۇم ئۆزەمنىڭ ئەمەستەك ئۇيۇشۇپ قاپتۇ. ئوق تېگىپ چىققان تەرەپكە ساڭگىلاپ قالغان بۇلجۇڭ گۆشنى يۇلۇپ ئېلىۋەتتىمدە، چاپاننىڭ پاختىسىنى كۆيدۈرۈپ، قان تەپچىرەپ تۇرغان جاراھەتنىڭ ئاغزىنى يېپىپ، كۆينىگىمنىڭ بىر يېڭىنى يىتىۋېلىپ، مەككەم تاڭدىم...

ـ ۋاي، تووۋا! بەندىنىڭ بېشىغا كەلمەيدىغىنى يوقتە!

ـ تاڭ ئاتسا چېرىكلەر قان ئىزىنى قوغلىشىپ كېلىشى ئېنىق. غولى بىلەكتەك يۇلغۇننى ھاسا قىلىپ مېڭىپ باقتىم. ئوق تەككەن پۇت لاتىدەك سۆرىلىپ، مېڭىشقا بولمىدى، يەنە تۆرت ئاياقلىنىشقا توغرا كەلدى. شېخىل تاش، تىكەن قىيىندىلىرى ئالىقانلىرىمنى قىيما-جىيما قىلىۋەتتى. شۇندىمۇ چىشنى-چىشقا بېسىپ، ئالغا سىلجىدىم. يەر جاھان يورۇغىچە ماناس دەرياسىنىڭ بويىغا كېلىپ قاپتىمەن. سۇغا چۈشتۇمدە، ئۆزەمنى ئېقىن ئىختىيارىغا قويۇپ بەردىم.

ـ چۆكۈپ كەتمىدىڭما، پالۋان؟

ـ سۇدا بېلىقتەك ئوينايدىغان ھۇنەر باردە!

ـ ۋاي، تووۋا!

ـ شۇ ئاقىنىمچە ئىككى يولچە يەرگە بېرىپ، قېلىن قومۇچلۇق ئىچىگە كىرىۋالدىم. ئەندى مېنى ئاسماندىكى ئاللادىن باشقا ھېچ كىم كۆرەلمەتتى. ھېلىقى نازۇگۇم دېگەن خوتۇنما قومۇچلۇققا مۆكۈنگەنكەنغۇ!

ـ شۇنى دېسلەرا!

ـ ئون كۈنچە قومۇچلۇقنى ماكانلىدىم.

ـ ۋاي، ئاچ قالمىدىڭمۇ؟ ـ تەشۋىش ئارا سورىدى تۇرپانلىق.

ـ بىزدەك ھۇنرى جىق ئوغۇل بالا ئاچ قالامدىغان، نىياز تاغا، ـ دېدى غېنى، ـ قومۇچلۇق ئارىسىدىكى كۆلچەكلەردە بېلىق دېگەن مىغ-مىغ. ئوتقا قاخلاپ كاۋاپ قىلسا، سۇلايمان پاشامۇ ئۇنداق لەززەتلىك تاماق يېمىگەندۇر.

ـ جاراھىتىڭچۇ؟ ـ سورىدى خاۋ.

ـ ئوق تەككەن جاراھەتنى داغلىسا زەخمەت كەڭەيمەيدۇ دېگەننى سىلەرگە ئوخشاشلاردىن ئاڭلىغىنىم باردى. بېلىق يېغىنى ئوتتا راسا قىزىتىپ، جاراھەتنىڭ چۆرىسىنى قايتا-قايتا داغلاپ بەردىم. دېگەندەك ئاغرىق پەسەيدى، جاراھەتنىڭ ئاغزى پۈتۈشكە باشلىدى.

ـ ئۆزلە تەكسىز ئادەم ئەمەس جۇمۇسىلا! ـ دېدى قۇمۇللۇق چارۋىچى.

ـ سىلەر بېكارلا ئۇچامغا «ئوسا» قىلىپ ئاۋارە بولغىچە، داغلىساڭلار بولاتتى، ـ دەپ پاراڭنىڭ ئايىغىنى چاق-چاققا ئۆرىدى غېنى.

شۇ كېچىسى غېنىغا قاراش خاۋ تەنجاڭنىڭ نوۋىتى ئىدى. ئاۋالقى كۈنلىرى خېلە ئوبدان ئۇخلايدىغان غېنىنىڭ شۇ كېچىسى ئۇيقىسى قېچىپ، خىياللىرى چېچىلاڭغۇ، پەرىشانلىق بېسىۋالغان.

ـ نېمىشكە ئۇخلىمايسەن؟ يىغان چېكىپ قالدىڭغۇ؟ تېچ ئۇخلا، ـ ئاستا پىچىرلىدى خاۋ باشقىلارنىڭ ئۇيقىسىغا دەخىل يەتكۈزمەس ئۈچۈن.

ـ جۇدۇنۇم تۇتۇپ تۇرىدۇ...

ـ راستلا، كېيىنكى سوراقتا نېمە گەپ بولدى؟

ــ ھەي، خاۋ تەنجاڭ... ئېيتىپ نېمە قىلاي.
ــ ئېيتقىنىڭ يامان بولماس.
غېنى ئاز جىم ياتتىدە، دېدى:
ــ بىز دېگەنگە كۆنمىسەڭ يەتمىش پۇشتىڭنى قويماي سولايمىز دېيىشتى...
ــ ئېشىپ كەتكەن رەزىللىك!
ــ قىيناپ-ئازاپلاشتىن كۆرە كولدۇرلاتماق بولغىنى ئەلەم قىلىدۇدە، بۇ گەزەندىلەرنىڭ.
ــ شۇندا تۇپ مەقسەتلىرى نېمىكەن؟
ــ ئۇلارنىڭ دېگىنىگە كۆنسەم ئالايتەن ئۆي-جاي، ماشىنا بەرمەكچى، دېگەن قىزىمغا ئۆيلىمەكچى، خا، خا، خا! ــ ئەسەبىي كۈلدى غېنى.
ــ ئاستا، ئاستا! ــ غېنىنىڭ ئاغزىنى قولى بىلەن يېپىۋالدى خاۋ، ــ قىزىقارلىق تەكلىپ ئىكەن. سەن نېمە قىلىپ بېرىدېكەنسەن؟
ــ مەنمۇ؟ مەن لېۋبىڭدىنىڭ ياردەمچىسى بولۇپ، گوڭدىپايلارنىڭ باشلىغى بولغىدەكمەن، تفۇي ئىپلاسلار! ــ غېنى چىدىماي ئورنىدىن تۇرماقچى ئىدى، بىراق تەمشىلىشىگە خاۋنىڭ قولى ئۇنىڭ مۈرىسىگە تەگدى ۋە ھېلىملىك بىلەن:
ــ ياۋاش، ياۋاش، ــ دېدى خاۋ ــ تاپقان ئادىمىنى قارا! ئۇلار ھەممە ئادەمنى لېۋبىڭدى ئوخشىغان ۋىژدانسىز ساتقۇن كۆرەمدېكىنە!
ــ خەپ، مونۇ كاساپەت كىشەنلەر كاشىلا بولمىغاندا لى-يىڭچى دېگەن پاقا باشنىڭ خامارىنى چۈگىۋەتتىمدە! شۇنداق قول سوزۇشۇمغا نەچچە گوڭدىپاي يېپىلىپ، يەنە قىيناشقا باشلىدى...
ــ لى-يىڭچىنى ئۆلتەرگىنىڭ بىلەن زامان ئۆزگىرىپ كەتمەيدۇ. بۇ زاماندا قارا كۈچ ئەمەس، ئەقىل-پاراسەت يېڭىدۇ...
خاۋ تەنجاڭنىڭ سۆزىنى يان تامنىڭ شەرتلىك چېكىلىشى ئۈزۈۋەتتى. ئۇ ئىلدام تام بۇلۇڭىغا بېرىپ، جاۋاۋەن تامنى توكۇلداتتى. ئىككى تەرەپ شەرتلىك بەلگۈلەر ئارقىلىق تام چېكىپ سۆزلىشىدىغان. غېنى ساۋاتسىز بولغىنى ئۈچۈن بۇ تەرىقە مۇھىم ۋاستىدىن مەھرۇم ئىدى. ئۇ ساۋاتسىزلىقىغا ئۆكۈنگەن ھالدا «ئوقۇمىغان ئادەم ــ تۈگۈلۈكسىز ئۆي» دېگەن تەمسىلنى ئەسلىدى.
ــ خوشنا كامېرغا سېنىڭ يۇرتلىغىڭدىن بىرسىنى يۆتكەپتۇ، ــ دېدى قايتىپ ئورنىغا ئولتارغان خاۋ.
ــ ئىسمى؟ بەلكى تونارمەن.
ــ ئىسمىنى ئېيتىشمىدى. ئۆزى غۇلجىلىق ئىكەن.
ــ قانداق يېڭىلىقلارنى بىلىدېكەن؟
ــ سولاش-قاماش تېخىمۇ ئەۋجىگە ئالغان. بۇ ئەندى بەلگۈلۈك ئوقەت. ئەڭ مۇھىمى ئىلىخو ئەتراپىدا قانداقتۇر قۇراللىق «زىۋازىلار» پەيدا بولغان. بىلەمسەن، غېنى، بۇ ئىنتايىن مۇھىم خەۋەر.
ــ خەپ، سىرتتا بولارمېدىم... كىملەركى ھە! ــ تەۋرەنگەن غېنى بۇ قېتىم جاراھەتنىڭ ئاغرىغىغا قارىماي قوزغالدى. ئۇنى ئاران جايىدا ياتقۇزغان خاۋ تەنجاڭ سۆزىنى داۋام قىلدى:
ــ ئىككىنچى خۇش خەۋەر، ــ دېدى ئۇ، گىتلېر قاراقچىلىرىنى سوۋېتلەر ئېلىدىن سۈرۈپ چىقارغان قىزىل ئارمىيە ھازىر گېرمانىيە تەۋەسىدە جەڭ قىلماقتا ئىكەن. دېمەك، غەلىبە يېقىن، ئازاتلىق يېقىن. ئەنە شۇ ئازاتلىققا ماسلىشىپ ھەرىكەت قىلىش كېرەك، ئۇقتۇڭمۇ، ئىنىم غېنى؟!
ئىككى زىندان دوستلار كۈرەش يولىنى ئىزدىگەندەك، ئازاتلىق رىجىسىنى تۈزگەندەك خېلە ئۇزۇن ۋاقىت جىمىپ قېلىشتى. خىتاي قىزىل ئارمىيەسى سېپىدە يۈرۈپ ياپونىيە باسقۇنچىلىرى ۋە چاڭ-كايشى گومىنداڭچىلىرىغا قارشى جەڭلىرىدە پىشقان، تەجرىبىلىك كوممۇنىست خاۋ تەنجاڭغا كۈرەش نىشانى بەلگۈلۈك ــ ئۇ خىتايدا سوتسىيالىزم غەلىبىسى ئۈچۈن كۈرەشتى ۋە يەنە كۈرەشىدۇ. غېنىچۇ؟ ئۇ قايسى تۈزۈم ئۈچۈن كۈرەشمەكچى؟ ئىقرار بولۇش كېرەككى، ئۇنىڭ ئېنىق غايىۋانە كۈرەش

نىشانى يوق. ئەمما ئۇ خورلۇق-زورلۇقلاردا تەڭسىزلىككە قارشى، ئۆزى يېرى، قۇتلۇق ئېلىدىن خىتاي مۇستەملىكىچى ئوغرىلارنى قوغلاپ چىقىرىش، ئۆز ۋەتىنىگە ئۆز خەلقى ئىگە بولۇش ھەققانىيەت ئۈچۈن كۈرەشمىدۇ ـ بۇ ئۇنىڭ قەتئىي قارارى، ھايات يولىدا مۇقاملاشقان مۇقەددەس ۋەزىپىسى...
گۈندىخانا ئىشىكى شاراقلىدى. خاۋ دەرھال ئورنىغا يېتىۋالدى. ئىشىكنى ئېچىپ كىرگەن گۈندىپاي قولچېرىغى بىلەن كامېرا ئىچىنى يورۇتۇپ، بۇلۇڭ-پۇشقاقلارغىچە سەپ سېلىپ چىققاندىن كېيىن:
ـ خاۋ، چىلي!1 ـ دەپ ۋاقىرىدى.
ـ نېمە دەيسەن؟ ـ خاۋ ئەتتەي ئېرىنىپ باش كۆتەردى.
ـ شۈشى شىڭلى!2 ـ دېدى گۈندىپاي. «ئورۇن-كۆرپىلىرىڭنى يىغىشتۇر» دېگەنلىك كامېرىدىن-كامېرىغا يۆتكەش ياكى تامامەن ئېلىپ چىقىپ كېتىشنىڭ بەلگۈسى ئىدى. ئۇمۇمەن، شىڭ-شىسەي جاللاتلىرى مەھبۇسلار ئۆزۈنىراق بىللە يېتىشسا «تىل بىرىكتۈرىدۇ» دەپ ھېساپلىسا كېرەك، مەھبۇسلارنى پات-پاتلا ئالماشتۇرىدىغان ۋە بۇ «ئىشنى» ئەسەبكە تېگىپ، دايىم كېچىلىرى، ئۇخلاۋاتقاندا ئىشلىشىدىغان.
ـ خوش، يولداشلار! ـ دېدى كۆدە-كەپسىنى تاڭغان خاۋ ۋە ئىشىك ئالدىدا توختاپ، ـ غېنى! ـ دەپ چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇ ئايرىمچە خىتابىنى «مېنى ئۇنتىما» دەپ چۈشەندى غېنى.
شۇ كېچىدە بىر نەچچە سائەت گۈندىخانا ئىشىكلىرى ئېچىلىپ-يېپىلىپ، دەھشەت بەلگۈسىنى بېرىپ تۇردى. خاۋ تەنجاڭنى باشقا زىندانلارنىڭ بىرىگە يۆتكىدىمۇ ياكى پات-پاتلا بولۇپ تۇرىدىغان «يا پاۋ چىڭگۇڭغا» ـ ئېتىشقا ئېلىپ كەتتىمۇ ھېچ كىم بىلمەتتى.
خىتاي ئەمەلدارلىرىغا تامامەن ئوخشىمايدىغان، خۇش پېىل، ھەققەت خاۋ تەڭجاڭدىن ئايرىلغان ئالتە مەھبۇس چوڭقۇر ئۆكۈنۈشتى. خۇسۇسەن ئىشەش باغلىغان خىتاي دوستىدىن ئايرىلغانلىغى غېنىغا ئېغىر تۇيۇلغان ئىدى.

ئونىنچى باپ

يەنە بىر ئايچە ۋاقىت ئۆتتى. قار ئېرىپ، ئويمانلار ئەگىزگە تولدى. يەرلەر ئەكچىپ، تەبىئەت ئويغاندى. باھار شامىلى ئېلىپ كەلگەن ئىللىق پۇراقلار ھىس-تۇيغۇلارنى قوزغاپ، شادىمانلىق بېغىشلىدى ـ ھەممە جانلىقلار باھار پەيزىگە، يېڭى ئارزۇ-ئارمانلارغا يۇزلەندى.
ئېھ...مايسىلار ئەندى-ئەندى بىخ ئۇرۇپ، يەر كۆكسىنى تېشىپ ھاياتقا كۆز ئاچقان ئەشۇ بىر چاغدا ئېگىز دۆڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ، ئەتراپىڭغا نەزەر سالساڭ ـ ئالدىڭغا بىپايان ئىلى ۋادىسى گۆزەل ئېتىگىنى كەڭ ئېچىپ تۇرسا نېمە دېگەن راھەت-پاراغەت...

---

1چىلاي ـ ئورنىڭدىن تۇر
2شۇ شىڭلى ـ ئورۇن-كۆرپەڭنى يىغىشتۇر.

غېنى كىچىگىدىن باھار پەسلىگە خۇشتار ئىدى. ئۇ ئورنىدىن سەھەر تۇرۇپ، يېزىغا يانداش دۆڭنىڭ چوققىسىغا چىقىۋېلىپ يېزا ئۆيلىرىنىڭ تۇرخۇنلىرىدىن تۇرتەك-تۇرتەكلىشىپ چىققان ۋە ئاسمان گۈمبىزىدە بۇلۇت شەكلىنى ھاسىل قىلىدىغان تۈتۈنلەرگە؛ ساپان-سايمانلىرىنى يۈكلىشىپ ئېتىزغا مېڭىشقان دېھقانلارغا؛ ئوتلاقتا ماڭغان مال پادىلارغا؛ قىنىغا سىغماي ئىككى لېۋىنى يالاپ ئۆركەشلەپ ئاقىدىغان قاش دەرياسىغا خۇسۇسەن، ھاۋا بوشلۇغىدا ئەركىن پەرۋاز قىلىدىغان ئۇچار قۇشلارغا ھەۋەس-ئىختىراس ئىچرە ئۇزاقتىن-ئۇزاق، تېلىقىپ قالغاندەك، قاراپ تۇراتتى ۋە «يېڭى قۇلاق»

تەرگىنى چىققان ئۇششاق باللارنى كۆرۈشى بىلەن يۈگرەپ بارغىنىچە شۇلارغا قوشۇلۇپ ئويناتتى... مانا دەل شۇ تاپتا نە باھار تەپتى، نە قۇۋناق باھار پەيزىنىڭ قەترىچە ئىزناسىمۇ يوق ـ تىرىكلەر گۆرى زىندانىنىڭ گىرىپتارى بولغان غېنى ئەشۇ ئۇزاق ئۆتمۈش ـ باللىق چاغلىرىنى ئېسىگە كەلتۈرۈپ، ھەسرەتلىك پىغان چىقاردى. «ۋاقىت يەتتى. بۈگۈن كېچىدىن قالماي قېچىش كېرەك» دەپ پىچىرلىدى ئۇ ئالىقان ئورنىدەك روجەكنىڭ تۈۋىدە ئۆرە تۇرغان پېتى ئاسماندىن كۆز ئۈزمەي ۋە ئورنىغا يېنىپ ئولتاردىدە يانداش ياتقان قوسەننىڭ بىقىنىغا ئىككى ئۈچنى نوقۇۋېدى، دوستىنىڭ چىرايىدا خوشاللىق تەبەسسۇمى ئويناپ كەتتى. چۈنكى، بىرەر ئىشقا جەزم قىلغان چاغدا غېنىنىڭ ئەشۇنداق بەلگۇ بېرىشىنى بىلەتتى قوسەن.

ــ ياخشىلاپ ئۇخلاۋال، قوسەن! ــ دەپ قوسەنگە ئىما قىلدىدە، پەشمىتىنى بېشىغا پۈركىدى، غېنى...

1944-يىلى ئاپرېل ئېيىنىڭ بېشىدا ئاممىۋى تەقىپ يۈرگۈزۈلۈپ، ئۈرۈمچىنى دەھشەتلىك قورقۇنۇچ بېسىۋالغان ئېدى. بۇ قېتىم كۆزگە كۆرۈنەرلىك ھەربىي-مەمۇرىي خىزمەتچىلەرنى سولاش بىلەن بىللە بىر چەتتىن ئېتىشقا باشلاپ، يەنە بىر تەرەپتىن، ياش كۆچەتلەرنى قىرقىغاندەك ئوقۇغۇچى-ستۇدېنتلارنى تۇركۇم-تۇركۇملەپ قامىغاشقا تۇرمىلەر يېتىشمەي ئۆي-ئىمارەتلەر ۋە بۇختانىلار «شۆبە» تۇرمىلەرگە ئايلانغان ئېدى. موشۇ «چاپ-چاپ بازاردا» قوللىرى بەنت بولغان باش قاتىللار شىڭ-شىسەي، لىتس-يىڭچى، لى-فۇلىن، لىيۇبىڭدى قاتارلىقلار كونا چاڭگال ئىچىدىكى مەھبۇسلار بىلەن شۇغۇللىنىشقا، شۇ قاتاردا غېنىنىڭ مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىشقا پۇرسەتلىرى يەتمىسە كېرەك، ئەتىمالىم، ئۇنى ۋاقىتچە سۈرۈشتۈرۈپ كېتىشمىدى. موشۇ پۇرسەتتىن پايدىلانغان غېنى قېچىش ھەرىكىتىگە جىددىي كىرىشتى. ئۇ ۋە قوسەن ئىككىسى كېچىلىرى ھەممە ئۇخلاپ قالغان چاغدا پۇتلىرىدىكى كىشەنلەر باغلىرىغا سامساق سۈركىشەتتى. تۆمۈرنى دات يېگەندەك، سامساقمۇ تۆمۈر ماددىسىنى ئاستا-ئاستا چىرىتىدىغانلىغىنى نەچچە قېتىملاپ تەجرىبىدىن ئۆتكۈزگەن ۋە بۇ ئارقىلىق تۆرت قېتىم زىنداندىن قېچىشقا مۇيەسسەر بولغان غېنى بۇ قېتىممۇ شۇ «ھۈنىرىنى» ئىشەشلىك داۋام قىلدۇردى. موشۇ تېرىقىدە ئون بەش كۈنچە ھازىرلىق كۆرۈلۈپ، بۇ ئارىلىقتا ئىككى قېتىم كات ئاستىغا چۈشۈپ، تام ھۆلىغا ياتقۇزۇلغان خىشلارنى بوشىتىپمۇ ئۈلگىرىشتى ۋە مومىدىن ئاز-تولا قۇرۇتۇپ ئېلىشتى. مانا بۈگۈن «تەۋەككەل» قىلماقچى...

زىندانىنىڭ ئادەتتىكى مۇدھىش كېچىسى. ئاندا-ساندا جۆلۈپ، ئىڭرىغان مەھبۇسلارنىڭ دەرمانسىز ئاۋازلىرىنى، قەيەردىندۇر، يەرنىڭ تېگىدىن چىققاندەك ئاڭلىنىدىغان تۆمۈر ئىشىكلەرنىڭ جالاقلاپ ئېچىلىشىنى دېمىسە، ھايات بەلگۇسى يوقتەك سېزىلىدۇ. پەقەت ئىككىلا كىشى ئويغاق-ھاياجان ئىچىدە ۋاقىت كۈتۈشۈپ جىم يېتىشىدۇ. ئۇلارنىڭ قوللىرى ئاخىرقى دەقىقىغىچە تىنماي ھەرىكەتتە كىشەنلەرگە سامساق سۈركەش بىلەن بەنت.

ــ يا، خۇدا، ئۆزەڭ مەدەت بەرگەيسەن! ــ دەپ تەڭرىگە نىدا قىلدى غېنى. ئۇنىڭ ئۇنى ئۆزىگە نالە قىلغاندەك، يىغلامسىرىغاندەك ئاڭلىنىپ كەتتى.

ــ ئارۋاق، ــ دېدى قوسەن تىترەك ئاۋازدا.

ــ ئاتام سادىر پالۋاننىڭ روھى قوللىغاي! ــ دېدىدە، ۋۇجۇدىغا پۈتۈلگەن كۈچ-قۇۋۋەتنى ئىككى قولىغا جەملەپ، لېۋىنى چىشلىگەن ھالدا بىرىنچى كىشەننىڭ چاتمىسىنى تولغاشقا كىرىشتى غېنى. چىنقىلىپ كۈچەشتىن ئۇنىڭ ئۇيۇل تاشتەك گىرەنلىرى كۆپۈپ تومۇرلىرى ئېتىلىپ كەتكىدەك، كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ، ئورغۇپ چىقىدىغاندەك ھالەتكە يەتسىمۇ، تولغاشنى بوشاشتۇرمىدى ۋە ئاخىر تەلۋە كۈچ غالىپ كەلدى ــ بىرىنچى كىشەننىڭ بېغى ئۈزۈلدى. «شۈكرى» دەۋەتتى خوشاللىغىدىن، لېكىن قوللىرى جان قالمىغاندەك، لاسسىدە ساڭگىلىدى. ئۇ پېشانىسىدىكى بۈيىدە چىققان تەرنى سۈرتۈپ، ھېجىردىكى سوغ چاينى ئىچتى ۋە ئازىراق دەم ئېلىۋېلىپ، ئىككىنچى كىشەنگە تۇتۇش قىلدى. ئىككىنچى كىشەن بىرىنچىدىن، ئۈچىنچىسى ئىككىنچىدىن ئاسانىراق

ئۈزۈلگەندەك سېزىلدى غېنىغا. چۈنكى بىرىنچى نەتىجىدىن روھلانغاشقا ئۇنىڭ تومۇرلىرىغا كۈچ-غەيرەت قۇيۇلغاندەك، غايىپتىن قۇۋۋەت ھاسىل بولغاندەك سېزىم ئىرادە-ئىشەنچىسى تېخىمۇ ئاشۇرغان ئىدى. شۇ تاپتا ئۇ تۆمۈر قەپەزنى پاچاقلىغان ئارسلاننى ئەسلىتەتتى. خۇداغا چەكسىز ئېتىقات قىلىدىغان خۇداگۈي غېنى كىشەنلەرنىڭ بېغىنى ئۈزۈپ تاشلاشتا ئۆزىنىڭ پەم-پاراسىتىگە ۋە تېنىگە پۈتۈلگەن كۈچىدىن ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ قۇدرىتى، پەيغەمبەرنىڭ شاپائىتى دەپ ھېساپلىغاشقا كۆڭلىدە: «كارامىتىڭدىن ئۆرگىلەي، خۇدا...» دەپ ئاللاغا تەسەننا ئوقۇدى .

قانچە كۈچىسىمۇ پۈتىدىكى كىشەننىڭ بېغىنى ئۈزۈلمەي ئاۋارە بولۇۋاتقان قۇسەننىڭمۇ ئىشىنى ئاسانلاشتۇردى غېنى. ئۈزۈلگەن كىشەنلەرنىڭ باغلىرى شاراقلىماسلىق ئۈچۈن تۆڭگىلىرىگە قوشۇپ، پاقالچەك ۋە يوتىلارغا لاتا بىلەن پۈختىلاپ تېڭىپ، چەمبەرچاس بولۇشقاندىن كېيىن، ئەندىلا كات ئاستىغا چۈشمەك بولۇشىغا، كۆزەتتىكى چېرىكلەر يۆتكىلىپ،ئىشىكنىڭ روجىگى ئېچىلىۋېدى، ئىككىسى تەڭلا ئورۇنلىرىغا ئۆزلىرىنى ئېتىشتى. «ئەگەر، ـ دەتتى پاش بولۇپ قېلىشتىن ئەنسىرىگەن غېنى، ـ بىلىپ قېلىشسا ھۇجۇم قىلىشتىن باشقا ئامال يوق... «گۇندىپايلار كامېرىغا كىرىشمىدى: روجەكنى ئېچىپ، قولچېرىغى بىلەن سولاقخانىنى بىر قاتار يورىتىپ، يېتىشقانلارنى ساناپ ئۇمۇمىي ساننى تۇگەللىدى، ئەتىمالىم، قايتىپ كېتىشتى. ئەندى كۆزەتچىلەرنىڭ ئايىغى بېسىلغىچە كۈتۈپ يېتىش كېرەك. «قاچانمۇ ئايىغى بېسىلار بۇ شۆلگەيلەرنىڭ» دەتتى پۈتۈن دىققىتىنى سەرىپ قىلىپ، سىرتتىكى «تىرىق» قىلغان تىۋىشنى تىڭشاپ ياتقان غېنى. موشۇ قىسقا ۋاقىت ئۇنىڭ ئۈچۈن يىلچە بىلىنىپ كەتتى. بىرەر سۇكۇناتى باسقاندەك بولدى. ئەندى ئالدىراش كېرەك.

كۆپلىگەن تۆشۈك-سۈڭگۈچلەرنى تېشىپ، كىرىپ-چىقىشنى مەشىق قىلىۋالغان غېنى بوشتىلغان خىشلارنى ھەش-پەش دېگىچە قومىرىپ چىقاردىدە، باش پاتقىدەك كاما ئېچىپ، سىرتقا قارىغاندىن كېيىن، يەنە بىر نەچچە خىشنى قومىرىپ، تۆشۈكنى كەڭەيتتىدە، ئاۋال ئىككى قولىنى، ئاندىن بېشىنى چىقىرىپ، تايغاندەك تىرەجەپ ئالغا سوزۇلدى ۋە مەشەقەتسىزلا سىرتقا چىقىۋالدى، لېكىن پەمسىزىرەك قۇسەن تۆشۈككە كەپلىشىپ قالغاشقا ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ، پۈتلىرىنى تامغا تىرەپ، تارتىۋېدى ئۈچ-تۆرت خىش بىلەن قۇسەن بىللىلا سۇغىرىلىپ چىقتى. ئۇلارنىڭ باشتىكى مۆلچەرى توغرا چىقتى. ئۇلارنىڭ باشتىكى مۆلچەرى توغرا چىقتى ـ تام دەل ھاجەتخانىنىڭ مەيدانچىسىغا ئۇدۇل تېشىلىپتۇ. ھاجەتخانىنى چوڭ ھويلىدىن بۆلۈپ تۇرىدىغان پاكاراق تامغا قولىنى قويىدىدە، مۆشۈك دەرەققە ياماشقاندەك، چاققانلىق بىلەن دەس كۆتىرىلىپ چىققان غېنى قۇسەنگە قولىنى سوزۇپ ئۆزى تارتىۋالدى. ئۇلار تامغا باغرىچە يېتىپ ئەتراپقا كۆز قۇلاق سېلىپ بىر نەچچە دەقىقە تىڭشاپ يېتىشتى.

ـئۆگۈزگە چىقىمىزدە كوچىغا كەينىمىزچە سىرىلىپ چۈشىمىز. ئاۋايلا، ئۆگۈزنى چۆرەدىتىپ تارتىلغان سىمغا ئىلىشىپ قالما! ـ دەپ ئاستا پىچىرلاپ جېكىدى غېنى قۇسەنگە ۋە قاتمۇ-قات تارتىلغان سىملارنى ئىما قىلدى. ئۇلار ئۆگۈزنى ئايلىنىپ كۆزەت قىلىدىغان چېرىكنىڭ نېرىقى باشقا كېتىشىنى پايلاپ تۇرۇشتىدە، كۆزەتچى يىراقلىشىغا:

ـمۇرەمنى دەسسە، قۇسە! ـ دەپ زوڭزايدى غېنى ۋە قۇسەننى مۇرىسىگە ئېلىپ، ئۆگۈزگە چىقاردى، ئۆزى ئۆگۈز گىرۋىكىگە ئىككى قولىنى قويۇپ، لىككىدە چىقتى ۋە كىچىك بالىنى كۆتەرگەندەك، قۇسەننى سىمدىن ئاتىلدۇرۇپ كوچا تېمىغا تىكلىدى «ئاستا سىرىل»، ـ دەپ كوچىنى ئىما قىلدى. موشۇ ھەرىكەتلەر شۇنداق ئىلدام ۋە چەبدەسلىك بىلەن قىلىنىدىكى، چېرىك ئۆگۈزنىڭ بۇ بېشىغا تېخى يېتىپ ئۈلگىرەلمىگەن ئىدى. غېنى تىكەن سىم تارتىلغان تۇۋرۈكچىدىن ئارتىلىشىغا:

ـكىم؟ ـ دېگەن تاۋۇش ئاڭلاندى خىتايچە.

ـبىز! ـ ھېچ ھودۇقماي خىتايچە جاۋاپ قايتۇردىدە، ئۇچقاندەك سىمدىن ئارتىلىپ، دۈمبىسىنى تامغا

ياققان هالدا يەرگىچە سىرىلىپ چۈشتى غېنى. دولىنى تامغا يېقىپ، سىرىلىپ چۈشۈشنى بىلمەيدىغان قۇسەن چالما-كېسەكتەك يەرگە پوكلا چۈشكەشكە سول پۇتى قايرىلىپ كەتكەن ئېدى، غېنى ئۇنى يۆلەشتۈرۈپ مېڭىشىغا ئۆگۈز گىرۋىگىگە يېتىپ كەلگەن چېرىك:

-توختا! - دەپ مىلتىغىنى شاراقلاتتى، لېكىن غېنىلار ئۇڭغىچە زىندان تېمىغا يانداش تار كوچىغا كىرىپ ئۈلگەرگەشكە، ئېتىلغان مىلتىق ئوقى دوخمۇش تامغا تېگىپ، قۇرۇق توپا پۇقۇردى، خالاس...

ئون بىرىنچى باپ

يەنە بەش يۈز قەدەم، بەش يۈزلا...

ئايلار، ييللار چەككەن ئەلەم-هەسرەت، مۇدھىش زىندان ئازاپلىرى، نەچچە-نەچچە ئۆلۈم خەتەرلىرى... هەممىگە بەرداشلىق بەردى، تاقەت قىلدى، يەڭدى. مانا، ئەندى بەش يۈز قەدەمچە ئەرزىمەس مۇساپىنى بېسىپ ئۆتەلمىسە ئاقىۋەت شۇ بولغىنىمۇ؟ ئەجەل ئۇنى مەشەگىچە قوغلاپ كەلدىمېكىنە؟ قېنى ئۇ ۋۇجۇدىغا پۈتۈلگەن كۈچ-غەيرەت؟! قېنى ئۇ ئات-كالىلارنى دەس كۆتىرىپ، قورام تاشلارنى ئىرغاتقان قارام كۈچلەر؟! تووۋا، هېلاراقتىلا ئۈچ كىشەننى موشۇ قوللار بىلەن تولغاپ، ئۈزۈپ تاشلىغان ئېدىغۇ..!

ئۇنىڭ ئۇستىخان - ئۇستىخانلىرى بوشاپ، پۇت-قوللىرىدا جان قالمىغان بىر هالەتتە پاكا، كىچىك بالىنىڭ بويىدەكلا، ئۆستەڭ قىرغىغىدىن ئارتىلىپ ئۆتەلمەي، هالسىز ئولتىرىپ قالدى ۋە تەڭرىدىن مەدەت كۈتكەندەك ئاسمانغا تىكىلدى:

-قۇدرىتىڭ ئۇلۇق، خۇدا! نىدا قىلدى ئۇ چىن ئىخلاس بىلەن، - بۇ يەرگە ئەكېلىپ تاشلىغىچە، ئالىدىغان ئامانىتىڭنى زىنداندا ئالساڭ بولماسمېدى!

ئۇنىڭ نالە-زارىغا جاۋاپ بەرگەندەك، كەينى-كەينىدىن ئېتىلغان مىلتىق ئاۋازلىرى تۈن كېچىنىڭ تىنىق هاۋاسىدا جاراڭلاپ كەتتى. بۇ، ئەلۋەتتە، قاچقۇنلارنىڭ كەينىدىن ئېتىلغان تەهلىكە بەلگۈسى. كىشەنلەرنى پاچاقلاپ قېلىن تامنى تېشىپ، مۇستەهكەم، ئېهاتە تىكەن سىملاردىن ئارتىلىپ ئۆتكەن، شەهەر سېپىلىدىن سېرىلىپ چۈشكەن خەتەرلىك مەهبۇسنىڭ قېچىشى كىمنى تەشۋىشكە سالمىسۇن؟ بىر سائاتنىڭ ئىچىدىلا ليۇبىڭدى، لى-يىڭچىلارغا يەتكەن بۇ خەۋەر هەممىنى ئاياق ئۆرە تۇرغۇزغان: هەممە يودەنزە-بېكەتلەرگىچە، مەهبۇسنىڭ بەلگۈ-ئالامەتلىرىنى كۆرسىتىپ، تېلېگراممىلار بېرىلگەن ئېدى.

-مىلتىق... چېرىكلەر! - دېدى تىترەك ئاۋازدا قۇسەن ۋە:

-كەل، غاينام، ماڭا يۆلەن...

-ياق، سەن ئالدىملا چاتقاللىققا قاراپ ماڭىۋەر... يېقىنغۇ، ئۆملەپ بولسىمۇ يېتەرمەن، - تىرەجەپ، ئورنىدىن تۇردى غېنى. ئۇ يېگى دەم تۇرغان بالىدەك، بىر دەم دەڭسىلىپ تۇردىدە، پۇتلىرىنى ئاران-ئاران يۆتكەپ، قۇسەننىڭ كەينىدىن ماڭدى. بۇ قېتىممۇ ئۇنىڭ غەيرىتى غالىپ كەلدى، لېكىن بەش يۈز قەدەمچە ئارىلىق بىر كۈنلۈك يولدىنمۇ ئېغىر مەشەقەت تۇيۇلدى ئۇنىڭغا.

-قارنىڭ قانداق؟ - سورىدى قېلىن ئازغان تىكەنلىك ئىچىگە بېكىنگەندىن كېيىن قۇسەن.

-سۇ، بولسېدى، سۇ...

-سۇ تېپىپ كېلەيمۇ؟

يېقىنلا يەردە ئاتلارنىڭ دۈپۈرى، چېرىكلەرنىڭ ئاۋازلىرى ئاڭلاندى. ئۇلار قاچقۇنلارنىڭ يېنىغىلا كېلىپ توختاشتى. شۇندىلا ئۆتەر يولغا يېقىن مۆكۈنگەنلىگىنى سەزدى غېنى.

-ئارۋاق، ئارۋاق - پىچىرلىدى، بېغىرتاقتەك يەرگە چاپلىشىپ قۇسەن.

-كۆرۈپ قالسا ئەلەم قىلىدۇدە، بۇ مەجۇسىيلەر، - ئىچىدە تىت-تىت بولدى غېنى. ئەڭ بولمىغاندا تاش بىلەن بولسىمۇ ئۇرۇپ قالاي دېگەننى قىلىپ، ئۆپ-چۆرىسىنى سىيپاشتۇردى.

ئىككى-ئۈچ قەدەمچە ئارىلىقتا ئاتتىن چۈشكەن چېرىكنىڭ ئىنجىقلاپ تۈرۈپ چىڭقالغىنى ئاڭلاندى.

ــكوي-كوي ــ بول، چاپسان! ــ ۋاقىرىدى باشلىغى، ئەتىمالىم، چېرىكنى ئالدىرىتىپ.

ئۇھ، يېنىك تىنىق ئېلىشتى، بىر نەچچە دەقىقە دېمىنى ئىچىگە سىڭىرىپ يېتىشقان ئىككى قاچقۇن. قاراڭغۇ تۈننىڭمۇ موشۇنداق پايدىسى تېگىدىغان پەيتلىرى بولىدۇدە! ئۇلار چېرىكلەر يىراقلىشىپ، ئاتلارنىڭ دۈپۈرى بېسىلغاندىن كېيىن، ئورۇن يۆتكەشتى ــ قويۇق چاتقاللىقتا بېكىنىشتى.

ئالەم يورۇشقا باشلىدى. ئاسمان «قىزى» چولپان داكا بۇلۇتلار پەردىسىگە ئورالدى. كېچىچە چاراقلاپ يانغان يۇلتۇزلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۆچۈشكە باشلىدى ــ سۈبھى سادىق كۆتىرىلدى. قۇياشنىڭ ئالتۇن چوچۇلا زىياسى ئاسمان گۈمبىزىنى، قىرلىق تاغ چوققىلىرىنى پەرەڭدەك تاۋلاپ، ئاندىن ئىدىر-چوققىلار ۋە بېپايان دالانى نۇرغا چۆمدۈردى. هايات بېغىشلىدى.

"هەر كۈنى قۇياشنىڭ چىقىشىنى كۆرگەن ئادەم ــ كېسەل بولمايدۇ" قاچاندۇر ئاڭلىغان بۇ دانا تەبىر خىيالىدىن كەچتى غېنىنىڭ. تەسۋىرگە تىل يەتكۈسىز تاڭ مەنزىرىسى، قۇياشنىڭ هاياتبەخش نۇرى ئۇنىڭ دىلىغا ئارام، مادارسىز تېنىغا روهي قۇۋۋەت بېغىشلاپ، كۆڭلى يورۇپ كەتتى. ئۇ «ياستۇق» قىلغان ياپىلاق تاشتىن بېشىنى كۆتەردى ۋە قۇياشنى قۇچاقلىماقچىدەك قوللىرىنى كەڭ يېيىپ كېرىلدى. ئۇنىڭ زەي زىنداندا يېتىپ بوشاشقان ئۇستىخانلىرى قارسىلداپ ئورنىغا چۈشكەندەك بولدى ــ ئۆزىنى ئىنتايىن تېتىك سەزدى. روهى كۆتىرىلىپ، خوشاللىق تۇيغۇلارغا چۆمۈلگەندەك بولدى .

"قرۇ، قرۇ، قرۇ..."

غېنى ئاسمانغا كۆز تىكتى ــ ئۇنىڭ دەل بېشىدا قاينام ياسىغان تۇرنىلارنىڭ يەلپەڭ قاناتلىرى قۇياش نۇرىدا رەڭمۇ-رەڭ چاقناپ، كۆزلەرنى قاماشتۇرۇپ، هەۋەسنى قوزغاتتى. غېنى تۇرنىلار بىلەن قاينامغا چۈشمەكچىدەك ئاسمانغا تەلپۈندى، ئۇلارغا نېمىلەرنىدۇر هاۋالە قىلغاندەك پىچىرلىدى. گۈزەل قۇشلار «قاينام» ئويۇننى تۈگىتىپ، غاز قانىتى شەكلىدە تىزىلىشتى ۋە «سەردار» سەپ ئالدىغا ئۆتۈپ، مەنزىلگە قاراپ باشلاپ ماڭدى. ئەسكەرلەر مىسالى تەرتىپلىك سەپ تارتقان تۇرنىلارنىڭ غاز قانات شەكلى بارا-بارا يىراقلىشىپ، قرۇ-قرۇلىرىمۇ سۇسلىشىپ، ئاخىرى ئىنچىكە يىپتەك غىل-پال كۆرۈندىدە، كۆزدىن غايىپ بولدى. بىر نەچچە نەپەس تۇرنىلار بىلەن باغلىغان رىشتى ئۈزۈلگەندەك چوڭقۇر تىنىق ئالدى غېنى.

ئۇ گويا سەبى هاياتقا دەسلەپ كۆزىنى ئاچقاندەك تاڭ نۇرىنى كۆردى: شۇ سەبى ئانا كۆكسىنى دەسلەپ ئەمگەندەك قۇياش نۇرىنى ئەمدى ــ قايتىدىن تۇغۇلغاندەك هاياتقا كۆز ئاچتى، يېڭى قەدەم تاشلىدى...

***

ئۇلار شۇ كۈنى ئۈرۈمچىنىڭ غەربىي جەنۇبىي «يوماسەن» قىرقىسى ئېتىكىدىكى چىغان ــ ئاق چاتقاللىقتا بېقىنىشكەن. جەنۇپ تەرىپىدە ئۇيغۇر، تۇڭگان دېهقانلىرىنىڭ جاڭزىلىرى، تېرىلغۇ يەرلىرى تاكى نەنسەن تېغىچە سوزۇلىدۇ. ئەتىياز پەسلى بولغاشقا قوي-قوزىلارنىڭ مەرەشلىرى، كالا-موزايلارنىڭ مەرەشلىرى، ئارىلاپ ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. قايناق مەيشەتنى كىنىگەن ئىككى مەهبۇس-قاچقۇن ئۈچۈن بۇ تونۇش، يېقىملىق ئاۋازلار هاياتىي ئىشتىياقنى قوزغاپ هاياجانغا سالاتتى، ئۆزىگە جەلىپ قىلاتتى. قوي-قوزىلارنىڭ مەرىشىنى ئاڭلىغاندا قوسەن بېپەرۋا ئولتىرالىسۇنمۇ؟ ئۇ ئۆرە تۇرۇپ، قارىماققا تەمشىلىۋېدى، غېنى ئۇنىڭ مۈرىسىدىن بېسىپ، ئورنىغا ئولتارغۇزدى.

ــئەتتەڭ، ئوغۇز سۈتىنىڭ ئىرىمچىگى، ــ دەپ تاڭلىيىنى قاقتى قوسەن ۋە ــ كېپە قوزا بولساره، ــ دېدى.

ــقوزاڭدىنما ئاۋال ئات تېپىش كېرەك.

ــمانا، بۇ گېپىڭ جايىدا.

ــ ئات ئۇستىگە چىقتۇق، ــ قۇتۇلدۇق دەۋە، قۇسە!

ئات بىلەن ئوزۇقنى قەيەردىن، قانداق ئېلىشنى ۋە قايسى يوللار بىلەن مېڭىشنى مەسلىھەتلىشىپ، كەچ كىرگىچە قىمىر قىلىشماي ئۇخلاشتى، ئارام ئېلىشتى. ئاسماندا بۇلۇتلار قويۇقلىشىپ، يەر-جاھان قاراڭغۇلاشتى. چوڭ يولدىن ئۆتكەن-كەچكەنلەرنىڭ مېڭىش-تۇرۇشلىرى، چاقى مايلانمىغان ھارۋۇلارنىڭ غىچىلداشلىرى ۋە ھارۋۇكەشلەرنىڭ قوپال تىللىرى ئاستا-ئاستا بېسىلىپ، بىردىن ھايات نەپىسى توختاپ قالغاندەك ئەتراپنى سۈكۈنات پەردىسى يېپىۋالدى.

ــ يا، پىرى كامىللار! ــ ئورنىدىن دەس تۇردى غېنى.

ــ ئو، مۇقامىبىت! ــ دېدى قۇسەن.

ئىككىسى ئاللاھدىن نىجات تىلەپ يولغا چۈشتى. يېرىم سائەتچە مېڭىپ توختىغان غېنى:

ــ بۇ يولسىز چاتقاللىقتا ماڭساق قېقىلىپ-سوقۇلۇپ ھالىمىزدىن ئوڭايلا كېتىمىز، قۇسە!

ــ ئۆزەڭ موشۇنداق ماڭىمىز دېگەندىڭغۇ؟

ــ چوڭ يولنى ياقىلاپ ماڭىمىز. بىزنى قوغلاپ چىققانلار ھەرگىز پىيادە ماڭمايدۇ. ئات ياكى ماشىنىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ئۆزىمىزنى چەتكە ئالىمىز.

ــ ئۆزەڭ بىل.

ئۇلار نەنسەن تېغى تەرەپكە كېتىدىغان يولنى ياقىلاپ مېڭىشتى. بىر كۈن ئۇخلاپ ئارام ئالغاشقىمېكىن غېنىنىڭ پۇتلىرى خېلە جان كىرىپ، خېلىغىچە قۇسەننى يەتكۈزمەي ماڭدى. شۇنداقتىمۇ ئۆڭغۇل-دوڭغۇل يەرلەردە پۇتلىرى تىترەپ، ئالمىشىپ كەتتى.

ــ ئە-ۋۇ، يېنىپ، ئۆچۈپ تۇرغاندەك قىلغان يورۇقنى كۆردۈڭمۇ، قۇسەن؟ ــ دەپ سورىدى كىچىگىرەك دۆڭگە چىقىپ توختىغان غېنى.

ــ كۆرۈۋاتىمەن، ماشىنىلارغۇ.

ــ شۇ تەرەپكە ئۆتىمىز.

ــ نېمە؟ ــ ھەيران بولدى قۇسەن! چۈنكى كۆرسەتكەن تەرەپ ئۇرۇمچى ــ داۋانچىڭ يولى ئېدى. بۇ تاش يولنىڭ بىر شېخى شەرقىي تۈركىستاننىڭ غەربىي جەنۇبىي يەنە بىر شېخى شەرىققە ــ تۇرپان، قۇمۇللارغا سوزۇلىدىغان.

ــ ھەر ئىككىلىمىز ئىلىلىق بولغاشقا بىزنى تۇرپان، توقسۇن تەرەپلەرگە قاچىدۇ دەپ ئويلاشمايدۇ. ئاندىن، راستلىغىمنى ئېيتسام، پۇتلىرىمنىڭ ئانچىلا جېنى يوق، ئۇزۇن يولغا پىيادە مېڭىپ چىدالمايدىغان ئوخشايمەن. ئىككى-ئۈچ كۈن ئۇلانباي توقايلىقىغا بېكىنىپ، ياخشىراق ھادۇق ئالمىسام بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ.

ــ مەن تۇتۇلسام مەيلى، سەن بىر ئامالىلاپ ئامان قالساڭ بولدى...

ــ ھەي، قۇسە! تۆمۈر قەپەزنى يېرىپ چىققان خەڭزىلەر ئەندى قولغا چۈشەرمۇ، ھە؟

ئەندى ئۇلار غەربكە ئەمەس، شەرىققە قاراپ ماڭدى. قاراڭغۇ كېچىدە ماغدىرسىز ئادەمگە توقايلىق ئىچىدە ماڭماق ئاسانمۇ؟ ئۇلار بىردە يىلتىز پۇتاقلىرىغا، بىردە كېسىك كۆتەكلەرگە پۇتلىشىپ يىقىلاتتى، بىردە ئويمانغا دومىلاپ كېتەتتى. ئۇلار مۆلچەرلەنگەن مەنزىلگە ئۆملەپ بولسىمۇ، دومىلاپ بولسىمۇ يېتىشى شەرت. ئەگەر تاڭ ئاتقىچە ئارچىلىق غولغا يېتەلمىسە، قولغا چۈشۈشى چوقۇم، گۈندىخانىنى، گۈندىپايلارنىڭ نېجىس تېلەتىنى قايتا كۆرۈش... خۇدا كۆرسەتمىسۇن، ئۆلۈمدىنمۇ ئېغىر ئازاپقۇ!

يول ئۇزارغانسىرى ماغدىر كېتىپ، ھەر قەدەمنى بېسىش، پۇتلارغا تاش باغلاپ قويغاندەك، ئېغىرلاشماقتا، مۇشكۇللەشمەكتە.

ــ قۇسە! ــ دېدى پەيلىرى تارتىشىپ ئولتىرىپ قالغان غېنى.

ــ نېمە بولدى غاينام؟

ـ ئولتار، ـ قۇسەننى يېنىغا ئولتارغۇزۇپ دېدى غېنى، ـ مونۇ سوغ شامالنىڭ ئۇرۇشىغا قارىغاندا «شامال ئىغىزى» سەيىۇپوغا كېلىپ قاپتىمىز. تاڭ ئېتىشىغا ئاز قالدى. ئارچىلىق غولغا يېتىپ بېرىشىمىزغا كۆزۈم يەتمەيدۇ.

ـ نېمە دېگىنىڭ غاينام؟ ـ چۆچۈپ كەتتى قۇسەن، ـ ئاغرىپ قالمىغانسەن؟

ـ يېنىمدا پالتا بولىدىغان بولسا، راسا كېرەك چاغدا كارغا يارىمىغان مونۇ ئۆلۈك پۇتلىرىمنى كارتتىدە كەسلەۋېتەتتىم.

ـ ئويباي، يىندى بولدۇڭمۇ، يوق گەپنى قىلما! ـ دېدىدە، غېنىنىڭ كىشەنلەر زەخمىسى ۋە قىيناقتىن كېيىن ئىششى تېخى يانمىغان پۇتلىرىنى مۇرىسىگە ئېلىپ، تۆۋەن سىرىشقا، ئۇڭلاشقا باشلىدى قۇسەن.

ـ ئەنە تاڭ سۇزۇلمەكتە... بۇ تاقىرلىقتا پۇلتۇيۇپلا كۆرۈنۈپ قالىمىز. بۇ ئۆلۈك پەتلارنى ئەيۋەشكە كەلتۇرىمەن دەپ ئاۋارە بولماي، يولۇڭغا ماڭ، قۇسە... سەن بولساڭمۇ تىرىك قۇتۇل...

ـ نې ـ مە؟ ـ قۇسەنىنىڭ ماسساج قىلىۋاتقان قوللىرى، بەلكى پۈتۈن ۋۇجۇدى ئاچچىق ـ ھەسرەتتىن تىترەپ، ئاغزى سۆزگە كەلمەي قالدى.

ـ بىرىمىز بولساقما ئامان قالايلى...

ـ ئاغزىڭنى يۇم! ساڭا كەلگەن ئەجەل ئاۋال ماڭا كەلسۇن...

ئەلەم ـ ئىزا كۈچىدىن بولسا كېرەك، خۇددى كىچىككىنە چۇمۇلە زور چېكەتكىنى كۆتەرگەندەك، بىر ھەملە بىلەن غېنىنى ئاياق ئۆرە قىلدى قۇسەن ۋە قولتۇقلاپ ماڭدىيۇ، لېكىن غېنى ئاز ئېغىرلىقمۇ؟ قۇسەن زورۇققىنىدىن پۈتۈن بەدىنىدىن ھەتتا كۆز چاناقلىرىدىن ئاچچىق تەر چىقىپ، بۇ تەرلەر بىلەن ئۇنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتى بىللە چىقىپ كەتكەندەك، تېز ھالسىزلىنىشقا، يۈك ھارۇۋدا داۋان ئاشقان ئاتتەك ھاسىراشقا باشلىدى. لېكىن ئادەمنىڭ غەزەپ ئوتى، نومۇس كۈچى خالىس بولىدىغۇ! زىندان دوستىنىڭ «مېنى تاشلاپ كەت» دېگىنى ئۇنىڭ دىلىغا قاتتىق تەككەچكە قۇسەندە تەلۋىلەرچە غەيرەت ئەلەڭگىلەپ چىن ئىخلاسىنىڭ نېمە ئېكەنلىكىنى كۆرسەتمەك بولغان ئىدىيۇ، ئەپسۇسكى، چامىدىن ئوشۇق يۈك بىلەن ئۇزۇنغا بارالماي يىقىلدى...

تاڭ سۇزۇلۇپ ئەتراپ يورۇشقا باشلىدى. ھالىدىن تايغان ئىككى قاچقۇن تاقىرلىقتىكى پاكا شىۋاقلىقتا يېتىشتى .

ـ ئەتراپقا قاراپ كەلگىنە، قۇسە، دالدا بولارلىق جاي بارمىكىن، ئۆملەپ ماڭ. قۇسەن تېز ئۆملەپ، كېچىكمەي قايتىپ كېلىپ، يېقىنلا يەردە كىچىك جىرا بارلىغىنى ئېيتتى. ئەندى ئىككىسى بەسلەشكەندەك ئىلدام ئۆمىلىشىپ، قىيان سۇ كەلگەندە يار ئالغان خېلىلا چوڭقۇر جىراغا بېكىنىشتى.

ـ ئاياقلىرىڭ ئاغرامدۇ، غاينام؟

ـ سىڭىرىم تارتىشقىنى بولمىسا، باشقا ئەزايىم ساپساق، سائەت ماڭغاندەك چىكىلداپ تۇرىدۇ.

ـ ئەتتەڭ! قارا قوينىڭ تېرىسى بولارمېدى... تېرىگە ئورىنىپ، ئىسسىق شوۋىدىن ئىچسەڭ قوقاقلىرىڭ تارقىلىپ، كىچىك بالىدەك يۇگرەپ كېتەتتىڭ...

تاڭغىدە ئېتىلغان مىلتىق ئاۋازىدىن چۆچۈپ، شىڭتىيىشتى قاچقۇنلار. ھەر ئىككىلىسى كۆڭۈللىرىدە «تۇتۇلدۇق» دېيىشتىيۇ، ئۇنلۇك ئېيتىشقا تىللىرى بارمىدى. بەلكى، بىر ـ بىرىنى چۈشىنىدىغاندۇر ياكى ئاياشقاندۇر. ئۆلۈم خوۋپىنى ئىقرار قىلىش نەقەدەر ئېغىر ۋە دەھشەتلىكگە! ئۇلارنى كۆرۈپ قالغان چېرىك باشقىلارغا بەلگۇ بېرىپ مىلتىق ئاتتى. مانا، ھازىر ئۇلار باستۇرۇپ كېلىدۇ. قاچقۇنلارنى قورشاۋغا ئېلىپ، مىلتىقلىرىنى تەڭلەپ تۇرۇپ:

"چىلاي، زىۋازا!" دەپ ۋاقىرىشىدۇ. ئاھ، نەقەدەر سېسىق، نەقەدەر ھاقارەتلىك، زەھەرلىك تىللاش... قۇلاقلارنى يېغىر قىلىۋەتكەن بۇ ھاقارەتنى ئاڭلاش نەقەدەر مۇدھىشە! ئۆلۈم مىڭ، مىڭ ئەۋزەل... خەپ،

خەپ! مونۇ پۈتنىڭ كاساپىتى...
غېنى قارشىلىق كۆرسىتىش نىيىتىدە ئۆپ-چۆرىسىدىكى تاشلارنى يىغىپ دوگىلاپ قويدى. قۇسەنمۇ گەپ قىلماي، شۇنداق قىلدى ـ چېرىكلەرنىڭ كېلىشىنى پايلاپ يېتىشتى: خېلە ۋاقىت ئۆتتى، چېرىكلەر كەلمىدى. لېكىن ئادەمنىڭ ۋاقىرىشى ۋە كەينىدىنلا يەنە مىلتىقنىڭ ئېتىلىشى ئاڭلاندى .
ئوچىلار! ـ ۋاقىراۋەتتى خوشاللىقىدىن قۇسەن. ئۇ خاتالاشمىدى ـ قويچىلار قاراقۇيرۇق ئولاپ يۈرەتتى.
بۇگۈنكى كۈن تۈنۈگۈنكىدىنمۇ تەشۋىشلىگىرەك بولدى. ھەر قانداق تىۋىش، ھەتتا شىۋاقلارنىڭ شامالدا لىڭشىشى، لەڭمەنتاختاقىنىڭ ئىرغىشى ئۇلارغا ئادەم كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. شۇڭا ئۇيقا-ئارامىنىڭمۇ مەزىسى بولمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە دەم تىكەنلىك-چاتقاللىقنى، دەم سوغ سۇلارنى كېچىپ، دەم ئۆملەپ تۆرت ئاياقلىنىپ ماڭغاشقا تاپانلار، ئالىقانلار، تىزلارغا كىرگەن تىكەن-قىيىندىلارنىڭ زەخمىتى زىڭىلداپ، ئېچىشىپ، ئاغرىپ ئازاپلاتتى. لېكىن بۇ ئازاپقا ئۇلار ئانچىلا پىسەنت قىلىشمىدى. چۈنكى چوڭ غەم ـ غېنىنىڭ سىڭىرلىرى تارتىشىپ، ماڭالماي قېلىشى ئىدى. قانداقلارچە شۇنداق بولدى ھە؟ كېسىر-كاساپەتمۇ؟ تەغدىر ئىلاھى موشۇ ئازاپنى سېلىپ، ئۇنىڭ ئىمان-ئېتىقاتىنى يەنە بىر قېتىم سىناپ كۆرمەكچىمۇ؟ ياكى ئەجەل موشۇ چۆل-تاقىرلىقتا قوغلاپ كەلدىمۇ؟ زىنداندىن قاچقان كېچىسى شەھەر سېپىلىدىن كەينىچە سىرىلىپ چۈشكەندە سول پۇتىنىڭ پەيى زىقىلداپ ئاغرىغاندەك بولغان. بەلكى شۇ چاغدا پەيى سوزۇلۇپ كەتكەندۇر. ئۇزۇن يىللار زەي زىندانلاردا يېتىپ تاپقان رېۋماتىزمىمۇ تېخى! بەلكى ھۆل قوقاق چىرماۋالغاندۇر؟ ھەر ھالدا بېۋاقىت، ئىنتايىن كۆڭۈلسىز زەردە-گۆش قىلىدىغان ھادىسە...
ـ مۆكۈنەكتە يېتىشقان نېمە ئادەمدۇر بۇلار، مەم-مەم!
چېقىلغان چۈشكەندەك، توساتتىن ئاڭلانغان بۇ ئاۋازدىن مەڭدىگەندەك، ئىلتارغان پېتىچە قېچىپ قېلىشتى قاچقۇنلار.
ـ ئاي-دالادا نېمە قىلىپ يۈرىسلەر!
ـ نېمە قىلاتتۇق، ئاكىسى، مانا ئۆزەڭ كۆرۈپ تۇرۇپسەن، ـ دېدى غېنى كەينىدە توپاقتەك ئىشت، ئىرغاي تاياقتا يۆلىنىپ تۇرغان چاڭگا ساقال ئادەمگە تىكىلىپ ۋە ھەر ئېھتىمالغا كۆرە چومىغىنى قولىغا ئالدى.
چاڭگا ساقال غېنىنىڭ خېلىلا پۈچۈلغان، لېكىن غەيرەت شىجائەت  چاقناپ تۇرغان چىرايىغا، كېلىشكەن بەستىگە زوقلانغاندەك قاراپ، دېدى:
ـ بۇ تۇرقۇڭلارغا قارىغاندا...
ـ زىنداندىن قاچتۇق.
ـ يا، پىر، يا، ھەزرەت! ئۇ كۈنلەرنى ھارام قىلغايسەن، ـ نالە قىلغاندەك، نېمىلەرنىدۇر ئوقۇشقا باشلىدى چاڭگا ساقال.
ـ ياخشىلىق قىلساڭمۇ، يامانلىق قىلساڭمۇ بىز سېنىڭ قولۇڭدىكى ئادەم، ـ دېدى غېنى.
ـ دوۋۋا، دوۋۋا! بۇ كۈپپارلارنىڭ زۇلۇمىدىن ساقلىغايسەن، خۇدا! ـ دېدىدە، كەينىگە بۇرۇلۇپ، ئىلدام كەتتى چاڭگا ساقال.
ـ قاپ! ـ ساقىلىنى ئەسەبىي ئوچۇملىدى قۇسەن، ـ ماڭا قويۇپ بەرسەڭ كانىيىدىن بوغاتتىم...
ـ كۆرەڭلىمە! ئەندى قاچساقمۇ، مۆكسەكمۇ قۇتۇلالمايمىز. چاڭگا ساقالنىڭ ئىنساۋنى تىلەشتىن باشقا چارەڭ يوق، دېدى غەمكىن ھالدا غېنى.
ئىككىسى قانداقتۇر ئۈمۈتسىز بىپەرۋالىق ئىچرە چاڭگا ساقالنىڭ چېرىكلەرنى باشلاپ كېلىشىنى، ئەجەلنى كۈتكەندەك كۈتۈپ ئولتىرىشتى. ئۇلارنىڭ پەرىشان قىياپەتلىرىدىن ئۆكۈنۈش-ھەسرەت ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

ــبارمۇ سىلەر؟ ــ بۇ قېتىم چاڭغا ساقالىنىڭ ئاۋازىدىن قېرىنداشلىق تۇيغۇلار ئەكس ئەتكەشكە، غېنى بىلەن قۇسەننىڭ ئۆچۈشكە باشلىغان ئۇمۇت يۇلتۇزلىرى قايتىدىن چاقناپ كەتتى.

ــبىز بار، ئاكىسى، ــ خوشال جاۋاپ بەردى غېنى.

ــسىزلەرگە ئوزۇق ئەكەلدىم، ــ دەپ يىپ غوجۇننى غېنىنىڭ ئالدىغا قويدى چاڭگا ساقال ۋە: ــ قويلارنى قوتانغا كىرگۈزۈۋېتىپ، قاراڭغۇ چۈشكەندە كېلىمەن ئۆكەم، ــ دېدىدە، جاۋاپمۇ كۈتمەي كەينىگە قايتتى ۋە نەچچە قەدەم بېسىپ توختاپ، ــ بۇ ئەتراپقا خىتاي لومودىلار كەلمەيدۇ، قورقماڭلار.

خوجۇننىڭ ئاغزى ئېچىلدى: تۆرت تۇرپانچە پوم ناننىڭ ئىككىسىنى قولىغا ئېلىپ، كۆزلىرىگە سۈرتۈپ، قايتا-قايتا پۇراپ، چوڭقۇر تىنىق ئالدى غېنى. ھە، ئۆي نېنى ئۇنىڭغا توتىيا بولۇپ كەتكەندە! قۇسەن بولسا مايلىق قوۋۇرغىنى يىرىپ ئاغزىغا سالدى.

خوجۇننىڭ بىر بېشىدىن نان، گۆش، قۇرۇتقان تۇرپان ئۈزۈمى، قوغۇن قېقى، يەنە بىر بېشىدىن بىر قاپاق سوغ ئەتكەن چاي، بىر قاپاق قېتىق، ئىككى ياغاچ چۆچەك چىقتى.

ــئادەملەر خىزىر يولۇقتى دەيدۇ، خىزىر مونۇ چاڭگا ساقالدىن ئوشۇق بولماس، ــ خوشاللىقىدىن چېھرى ئېچىلىپ كەتتى غېنىنىڭ. دېمىسىمۇ ئاي-دالادا مۇنچىلىك رىسقىنى كىم بېرىدۇ. غايىپتەكلا بىر ئىش.

كۆڭۈل خاتىرجەم چاغدىلا ئادەمنىڭ يېگەن-ئىچكىنى تەنگە سىڭىپ، كۈچ-قۇۋەتكە ئايلانسا كېرەك. قان قېرىنداش يەتكۈزۈپ بەرگەن مىللىي تائامنى راھەتلىنىپ يېيىشكەن ئىككى ئاچ-زېرىن قاچقۇنلارغا قايتىدىن جان كىرىپ، قۇۋەت پۇتۇلگەندەك بولدى. خاتىرجەملىك ۋە توق تائام ئۇيقىغا مايىل قىلىدىغۇ. ھادۇق يەتكەن قاچقۇنلار ئۇگدەشكە ۋە ئاخىرى قىڭغىيىشىپ ئۇيقىغا ــ غەمسىز توق ئۇيقىغا پېتىشتى.

بۇ قېتىم ئۇلارنى غەم سېزىمى ئەمەس، چاڭگا ساقال سىلكىشتۇرۇپ ئاران دېگەندە ئويغاتتى. تەشۋىشسىز ئۇيقا ــ ئۇ بىر شىپالىق. مەلەخ بولۇپ ئۇخلاشقان ئىككى دوستىنىڭ ھادۇقلىرى چىقىپ، سەگىپ-يېنىكلىشىپ قېلىشقان ئېدى. چاڭگا ساقال دىتى بارئادەم ئېكەن، ئىككى مەھبۇس-قاچقۇننىڭ يىتىق تىزلىرى، سۇرۇنگەن پۇتلىرى ئۇنىڭ كۆيلىرىدىن خالى قالماپتۇ؛ ئۇ ئىككى جۈپ شىرە چورۇق، ئىككى تېرە شالۋۇر ئالغاش كەپتۇ.

ــخىزىر ئەمەسسەن، ئاكىسى؟ ــ دېدى بۇ نەرسىلەرنى كۆرۈپ مەمنۇن بولغان غېنى.

ــئاللاھ ئېگەم خار قىلمىسۇن، دېسىلە ئۆكەم.

ــئۆزەڭ كىم، ئاكىسى؟

ــمەنما سىلەر ئوخشاش ئازاپ چەككەن بىر بەندە...

قېرىنداشلىق تۇيغۇسى، ھەمنەپەسلىك سېزىمى قانچىلىك ئۇلۇق نەرسە. ئۇلار بىر نەپەستىلا، بىر قاراشتىلا تىل تېپىشقاندى. چاڭگا ساقال قېرى كۆرۈنگىنى بىلەن قىرىق ياشقا تېخى يەتمەپتۇ. ئۇ زاماندا دەردى يوق، غېمى يوق ئادەم تېپىلمىغى تەس ئېدىغۇ! ئۆمەرنىياز ئىسىملىك بۇ ئادەمنىڭمۇ ئۆزىگە چۈشلۇق دەردى بار ئېدى. ئۇنىڭ دادىسى سېيىت نىيازنى خوجىنىياز قوزغىلىڭىدا خىتاي چېرىكلىرى بېگۇنا ئېتىپ تاشلىغان. ئۆزىنى بولسا شىڭ-شىسەي ئەمەلدارلىرى «گۇمانلىق ئۇنسۇر» دېگەن بانا بىلەن ئىككى يىل سولاپ، ئاندىن ئالتايدا ئوسمان باشلىق قوزغىلاڭ كۆتەرگەن قازاقلارنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن چېرىكلەر قاتارىدا، ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى سېپىگە قوشقان. ئۆمەرنىياز قان قېرىنداشلىرىغا قارىتىپ ئوق ئېتىشتىن باش تارتىپ، ئەسكەرلىكتىن قېچىپ، ئۇ يەر بۇ يەردە يوشۇرۇنۇپ، ئۆز يۇرتىغا بارالماي، ئالتە يىلدىن بۇ يان خۇرجا1 خىتايغا ياللىنىپ، مالاي بولۇپ ئىشلىمەكتە. ئىسمىنىمۇ ئۆزگەرتىپ، «غازى» بولۇۋاپتۇ .

ــئاكا ئەمەس، دەرتمەن ئۇكام ئېكەنسەن، ــ دەپ ئۇھ تارتتى غېنى.

شۇ كېچىسى ئۆمەرنىيازنىڭ ياردىمى بىلەن قېيىنلىق بۇلاق ناملىق غۇلىدىكى ئۆڭكۈرگە

بېكىنىشتى غېنىلار. تېخى تاڭ يورا-يورىماستىنلا سېمىز قارا قوينى ئېشەككە ئارتىپ كەلگەن ئۆمەرنىياز قوسەن بىلەن ھەش-پەش دېگىچە ئۇنى سويۇپ، قېرىن-يىنىغا غېنىنىڭ ئىككى پۇتىنى ئوشۇققىچە چىلاپ، ئىسسىق تېرىگە بېلىغىچە ئوراپ، ئۆزىنى چۈمكەپ ياتقۇزۇپ قويدى.

ــخۇدا گۇندۇ، شىپالىق بېرۇر، ــ دېدى تۇرپانچە تەلەپپۇزدا ئۆمەرنىياز ۋە يىسا تاشلارنى تىزىپ، ئوچاق ياساپ قالىدى. ئۇڭغىچە قوسەن پارچىلاپ ئۇلگەرگەن گۆشلەرنى چېلەككە سېلىپ، ئوتقا ئاستى. گۆش بىر قايناپ، كۆۋۈكلىرى ئېلىنىپ، ئىسسىق شوۋنى غېنىغا ئىچكۈزۈشكە باشلىدى.

---

1خۇرجا ــ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەم.

ــئىچسىلە، زورلاپ ئىچسىلە. چىلىقىپ تەرسىلە، قوقاق يەل بىلەن چىقىپ كېتىدۇ، ــ دەپ زارلاتتى ئۆمەرنىياز، غېنىنىڭ ئاغزىغا چۆچەكنى تەڭلەپ.

ــۋاي، قېرىنداش، زورلىمىساڭمۇ، ھېلىغۇ بىر چېلەك شوۋىكەن، ئون چېلەك بولسىمۇ ئىچكۈم بار شۇ تاپتا، ــ دەتتى تەرلەشكە باشلىغان غېنى. ئۆمەرنىياز بولسا كېسەلنى پەرۋىش قىلغاندەك قۇمداپ يېپىپ، چاپىنىنىڭ پاختىسىدا قۇلاقلىرىنى بەكىتىپ قويدى. چېلەك ئىككى قېتىم قاينىدى. ھەممىسىنى دېگىدەك غېنىغا ئىچكىزدىيۇ، لېكىن گۆش بەرمىدى. شۇندىمۇ شوشاراپ كەتكەن پالۋان سوراپ يالۋۇرۇپ، قۇيرۇقنىڭ يېرىمىنى ئىككى يالماپ يۇرتىۋېتىپ، نەپسى قۇرۇتلىرىنى باستى. ئۇستىخان- ئۇستىخانلىرىغىچە چىلىققىدە تەرلىگەن غېنى ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇيقىغا غەرىق بولدى. تەر ئارىلاش بەدەندىن چىققان بۇسقا يېقىن كەلگىنى بولماتتى.

ــئۆزى ئويغانغىچە ئويغاتمىسىلا، ــ دېدى ئۆمەرنىياز قوسەنگە، ــ خۇدا گۇندۇ، شىپالىق بولۇر، ــ دەپ ئەتىسى كەچتە كېلىدىغانلىقىنى ۋە ئۆڭكۈردىن كۇندۈزى سىرتقا چىقماسلىقنى جېكىپ، قايتىپ كەتتى.

ئەتىسى خۇددى ياراتقان ئاتتەك ئورنىدىن يېنىك تۇردى غېنى. تەنگە يېپىشقان دەرت كۆتىرىلىپ، كۆڭلى نۇردەك يورۇغان ئىدى. ئۇنىڭ روھى ئۇستۇن. شۇ تاپتا ئۆڭكۈرگە سىغمايدىغاندەك بىر قىياپەتكە كىرگەن.

ــمېنىڭ نېسىۋىمنى بەرۇي، قازاق! بولمىسا ئۆزەڭنى تىرىك پۇركەۋېتىمەن.

ــئاۋال مونۇ گۆشنى يە. تويمىساڭ مېنى قوشۇپ يەرسەن، ــ دېدى قوسەن.

ئىككىسى گويا ئوغا چىققان ئوچىلاردەك خۇش كەيىپ ناشتا قىلىشتى.

ــئاڭلاۋاتامسەن، بۇلاقنىڭ شىقىراپ ئېقىشىنى؟ خۇددى جامىكام تەمبۇر چېلىۋاتقاندەك ئاڭلىنىدا قۇلاققا، ــ دەپ ئورنىدىن تۇردى غېنى.

ــچاينى ئىسسىغىدا ئىچىۋال. تەرلەپ سىرتقا چىقما، شامالداپ قالىسەن.

ــئەشۇ بۇلاق سۈيىدىن ئىچكۈم بار. يۈرىگىم قايناپ تۇرىدۇ، ــ دېدىدە ئۆڭكۈردىن ئېڭىشىپ، سىرتقا چىقتى غېنى .

ھاۋا چايدەك ئوچۇق. قۇياش ئىككى ئاغامچا بويى ئاسمانغا كۆتىرىلگەن. ئاپرېل ئېيى بولسىمۇ، غىمسا غول بولغاشقا ئىسسىق سېزىلدى. بۇلاق سۈيىمۇ سوغ ئەمەس. غېنى تاش كامىرىدىن جىڭغىپ چىقىۋاتقان سىماپتەك سۇزۇك، تېگىدىكى ئۇششاق تاشلار ئەينەن كۆرۈنۈپ تۇرغان بۇلاق سۈيىدىن ئوچۇملاپ ئىچتى. يۈرىگى قانمىدى، ئەتىمالىم، ئىككى قولىنى تىرەپ، دۈمچە يېتىپ ئىچتى. ئاندىن ئۇنى كۈزىتىپ تۇرغان قوسەننى ھەيران قالدۇرۇپ، كىيىملىرىنى يەشتىدە، بۇلاقتىن ھاسىل بولغان ھودىشىپ تۇرغان سۇغا تىزىغىچە كىردى ۋە ئېقىنغا قارشى سۇنايلىنىپ ياتتى ــ يېتىپ تۇرۇپ

ئاغزىنى ئاچقان پېتى سۇدىن سۇمىرىشكە باشلىدى.

ـ نېمە قىلىۋاتىسەن، جىنىدى! ـ يۇگرەپ كەلدى قۇسەن.

غەيرى تەبىي ئادەمنىڭ مۇجەزىمۇ ئۆزگىچە بولىدىكەندە! تېخى ھاۋا ئىللىماي تۇرۇپ سۇغا يالىڭاچ چۇشىۋېلىپ، ياتقىنىنى قارا!

ـ قورقما، قۇسە، توڭلىمايمەن. قارىغىنا، ئەۋۇ شىرغىپ ئېقىۋاتقان ئىككى بۇلاقنىڭ بىرسى سوغ، بىرسى قايناق ـ بۇ ئارشاڭ سۈيى، شىپالىق سۇ. ئىچسەڭمۇ شىپا، يۇيۇنساڭمۇ شىپا. قاراپ تۇرماي سەنمۇ چۈشە، پۇشتتىن قۇتۇلىسەن!

قۇسەن سۇغا چۈشمىدى غېنىنىڭ كىچىك بالىدەك قىلىقلىرىغا زوقى كەلگەندەك ئۇنىڭغا قاراپ، تاش ئۈستىدە ئولتاردى .

ئاخشامقى مايلىق شورپا بىلەن قۇيرۇق ياغ ئۇچەي يوللىرىنى ئىچىۋېتكەن بولسا،غەيرى پۇراق ئارشاڭ سۈيى سۇرگە بولۇپ، نەچچە يىللىق قەۋزىيەت ـ مەددىلەرنى سۇرۇپ چىقاردى.

ـ كۆزلىرىم يۇلتۇزدەك يورۇپ كەتتى، قۇسەن! ـ دەپ كىيىنىشكە باشلىدى سۇدىن چىقىپ غېنى، ئەندى غۇلجىغا پىيادە كېتەلەيمەن!

***

ئۈرۈمچىدىن 10-15 كىلومېتر جەنۇپتاراق ماچاڭ ـ ئات زاۋودى بار بولىدىغان. بۇ زاۋودتا سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدىن كەلتۈرگەن نەسىللىك ئاتلار، بۇقىلار ۋە قوشقارلار ئۆستۈرۈلەتتى. كۆلەمى ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ، نەسىللەندۈرۈشنىڭ دەسلەپكى تەجرىبىلىرى موشۇ زاۋودتا باشلانغان ئېدى. غېنى بىلەن قۇسەن موشۇ ئات زاۋودنىڭ ئارقا تېمى كەينىدىكى گوداڭدا يېتىپ، پەيت كۈتمەكتە. ئۇلار بۇ «ماچاڭنىڭ» قورۇلۇشىنى ئۆمەرنىيازدىن سوراۋالغان. ئۆمەرنىياز بۇ يەردە ئات زاۋودى بارلىغىنى ئېيتىپ، ئۆزى پۇشايمان قىلدى. چۈنكى ھۆكۈمەت مېلىغا تېگىش خەتەرلىك ئېكەنلىگى، كۈزەتچىلەر تۈيۈپ قالسا ئېتىپ تاشلاشتىن يانمايدىغانلىغىنى غېنىغا ئەسكەرتىپ يالۋۇردىيۇ، لېكىن غېنى دېگىنىدە تۇرۇپ: «ئەشۇ ئاتلاردىن بىرىگە مىنسەم ـ زالىم شىڭ-شىسەينى مىنگەندەك بولىمەن» دەپ تۇرۇۋالدى. غېنىنى بىر كۆرۈپلا ئىخلاس باغلىغان ئۆمەرنىياز: «خۇدا گۇندۇ، مەدەت بېرۇر» دەپ، ياخشى تىلەك تىلەپ، ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويغان ئېدى. شۇ تاپتا كەلدى-كەتتىلەرنىڭ ئايىغى بېسىلىشىنى، ئات باقارنىڭ ئۇخلىشىنى كۈتۈشمەكتە. بۈگۈن 12-ئاپرېل، ھۆكۈمەت ئۆزگىرىشى بولۇپ، شىڭ-شىسەي تەختكە مىنگەن بايرەم كۈنى بولغاشقا زاۋود بېناسىدىن خىتايچە مۇزىكا، ناخشا سادالىرى ياڭراپ، ئادەملەرنىڭ ۋاراڭ-چۇرىڭى خېلىغىچە بېسىلمىدى:

ـ نېمە قىلىۋاتىدېكىنە بۇ ئەجۇز-مەجۇزلەر، توي ئوينىشىۋاتامدۇ يە؟! ـ تاقەتسىزلەنگەن غېنى ئاستا ئىڭىشىپ ئېگىز تامنىڭ يېنىغا بېرىشىغا، ئىچكىرىدىن:

ـ ئەمەيتى، مەمەيتى! ـ مۆشۈك مىياڭلىغاندەك ئاۋاز ئاڭلاندى ۋە كەينىدىنلا:

ـ ياۋ ـ بار؟ ـ دېگەن جاۋاپ ئاۋاز ئاڭلاندى. مەمەت بىلەن ئەمەت ئات باقارلار ياكى قارا خىزمەتچىلەر ئېكەنلىگى ئېنىق. چۈنكى مەمۇرىي خىزمەتچىلەر ـ خىتايلار، قارا خىزمەتچىلەر ـ ئۇيغۇرلار بولۇشى قانۇنىي ھالەت. غېنى تامغا يامىشىپ، قورا ئىچىگە سەپ سالدى. ئاتلار بېقىلىدىغان سىرىمدىن ئىككى ئادەم چىقىپ، چوڭ قاپقا تەرەپكە ماڭدى. تۆر تەرەپتىكى ئۆيلەر يوپ-يورۇق ـ ئىدارە بولسا كېرەك. چېرىكلەر ياتىغى قاياقتا؟ ھويلىدا قۇراللىق چېرىك كۆرۈنمىدى. ئەمەت بىلەن مەمەت تۆر تەرەپتىكى ئۆينىڭ ئىشىگىنى ئېچىۋېدى ئۆي ئىچىدە چالۋاقاشقان خىتايلار بىر نېمە قىلىشىۋاتقانلىغى، ئۈستەل ئۈستىدىكى نەرسىلەر كۆرۈندى ۋە «گاۋ شىڭ، گاۋ شىڭ ـ خوشاللىق» دەپ ھاراق ئىچىپ ۋاقىراشقان ئاۋازلار ئېنىق ئاڭلاندى. ئات زاۋودىنىڭ باشلىغى ئەمەت بىلەن مەمەتنى باشلاپ ئۆيدىن چىقتىدە، موم ياغاچقا باغلانغان ئاتنى كەلتۈرۈشكە بۇيرىدى. ئېگەرلىك ئات

كەلتۈرۈلدى. ئىككى ئۇيغۇر زاۋود باشلىغىنى قولتۇغىدىن يۆلەپ ئاتقا مىندۈرۈپ، ئاندىن ئۆزلىرى ئاتلاندى.

ـ كەتتۇق! ـ دەپ كوماندا بەردى چالا مەس چاڭجاڭ.

ـ ئالدىدا ئەمەت، كەينىدە مەمەت، ئوتتۇرىدا چاڭجاڭ جاناپ قاپقىدىن چىقىپ كېتىشتى.

ـ توختا، توختا! ـ نېمىنىدۇر يادىغا كەلتۈرۈپ پىچىرلىدى غېنى، ـ بىز زىنداندىن قاچقىنى تۆرت كۈن بولدى... بۈگۈن 12-ئاپرېل، بايرام ئېكەندە! ـ ئۇ ئالدىراش قۇسەننىڭ قېشىغا كەلدى، ـ قۇسە، ئىشىمىز ئوڭغا تارتتى.

ـ نېمە دېدىڭ؟!

ـ خىتايلار هاراق ئىچىشىپ، بايرام قىلىۋاتىدۇ.

ـ قانداق بايرام؟

12 ـ ئاپرېلچۇ!

ـ ...

ـ ئەندى تام تېشىپ ئاۋارە بولمايمىز.

ـ قانداقچە؟

ـ قانداق بولاتتى، كۈزەتتە تۇرغان چېرىكنى پىخ... ئىنتىقامنى مەشەدىن باشلايمىز.

ـ ئوي-باي...

غېنى جاۋاپ بەرمىدى. ئۇ ئويلىنىپ قالدى. مەسلىهەت بويىچە ئات ئېغىلىنىڭ تېمىنى تېشىپ، ئىككى ئات ئالماق بولۇشقان. لېكىن ئات زاۋودىنىڭ خىزمەتچىلىرىنىڭ بايرام مۇناسىۋىتى بىلەن هاراق ئىچىپ، ئويناۋاتقانلىغىنى، زاۋود باشلىغى ئىككى خىزمەتچىنى ئەگەشتۈرۈپ ئاتلىق چىقىپ كەتكەنلىگىنى كۆرگەن غېنىدا باشقا ئوي پەيدا بولدى. پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، چوڭ قاپقا ۋە ئۆگۈز ئۈستىدىكى كۈزەتچىلەرنى قۇرالسىزلاندۇرۇپ، ئات قوتاندىن ئىككى ئاتنى ئېلىپ چىقىش. ئەگەر تۇيۇپ قېلىشسا تارتىۋېلىنغان مىلتىقلارنى ئىشقا سېلىش. ئۇنىڭ قۇسەنگە «ئىنتىقامنى مەشەدىن باشلايمىز» دېگىنى شۇ ئېدى. شۇ تاپتا ئاۋال قايسىسىنى باشلاشنى جەزم قىلدىدە، قۇسەنگە:

ـ قۇسە، هازىر هەملىنى باشلايمىز.

ـ نېمە دېدىڭ؟

ـ هۇجۇمنى باشلايمىز دەيمەن. قورقمايدىغانسەن؟

ـ قورققاق بولسام ساڭا يولداش بولارمېدىم، ئوڭباغان سارت.

ـ رەنجىمە، قۇسە. رەنجىش كەتمەيدۇ. ئەندى مەن دېگەننى قىلىسەن، ـ دېدىدە، قۇسەنگە «هەملە» قىلىشنى ئېيتىپ بەردى.

ـ بۇ ۋاقىتتا چوڭ قاپقا ۋە ئۆگۈزدە كۈزەتتە تۇرۇشقان ئىككى چېرىك ۋە «ماجاڭ» ئويۇننى ئويناۋاتقان ئىككى ئەر ئىككى ئايالدىن باشقا خىزمەتچى ۋە چېرىكلەر كەيپە سۈرۈپ ئۇيقىغا كېتىشكەن، ئات زاۋودىنىڭ ئىچى ئادەم يوقتەك جىمىپ قېلىشقان.

غېنى بىلەن قۇسەن ئۆمەرنىياز بەرگەن پىچاقلارنى ئاغىزلىرىغا چىشلىشىپ، تامنىڭ دالدىسى بىلەن ئۆملەپ بېرىپ، چوڭ قاپقا ئالدىدىكى كۈزەت بۇتكىسىغا يىگىرمە قەدەمچە نېرىدا توختاشتى. ئەتراپقا زەڭ قويۇشتى ـ جىم-جىتلىق. كۈزەتچى ئۇخلاپ قالدىمېكىن، بۇتكىدا ئادەم بارلىغى بىلىنمەتتى. غېنى بەش ئىشارە قىلدى: قۇسەن بۇتكا تەرەپكە ئۆملەپ ماڭدى. غېنى قەدەمچە ئارلىق تاشلاپ، ئۇنىڭ كەينىدىن ئۆملىدى. قۇسەن بۇتكىنىڭ ئىشىگى تەرەپكە يېقىنلاشقاندا، ئۇنىڭ ئىچىدىن:

ـ سېسىق قانجۇق! ـ دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. ئەتىمالىم قاراڭغۇدا قۇسەننى ئىشت دەپ قالسا كېرەك. چېرىك مىلتىغىنى هەيۋە قىلىپ چىقىشىغا بۇتكىنىڭ كەينىدىن يېتىپ كەلگەن غېنىنىڭ قۇلاق تۈۋگە تەككەن مۇشىدا قالپاقتەك ئۇچۇپ بېرىپ ئېرىقتا يىقىلغان كۈزەتچى چېرىك «ئەيياۋ-ۋاي، جان»

دېيىشكىلا ئۈلگىرەلىدى.
غېنى بولسا دۈشمەنگە ئاتقان بىرىنچى مۈشتىدىلا تىزلانغاندەك، مۈشتۈمىنى قاتتىق چىڭ تۈگۈپ قالدى.

غېنى بولسا دۇشمەنگە ئاتقان بىرىنچى مۇشىغا زوقلاندىمۇ ياكى ھودۇقتىمۇ، مۇشتىمىغا قارىغان پېتى تۇرۇپ قالدى.
قۇسەن ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئاستا:
ـ ھەي، مونۇ خىتاينىڭ جېنى ئارقىدىن چىقىپ كەتتىمۇ دەيمەن، ـ دېگەندىلا ئېسىغا كېلىپ كۈلدى .
ئۇلار ھوسىسىز ياتقان چېرىكنىڭ مىلتىقىنى ئىككى سىرىم لاتا ئوقدانىنى ئېلىشتىدە، چېرىكنىڭ لاتا شاپكىسىدا ئاغزىنى كەپلەپ، گوجە ـ ئۇزۇن پايتىمىسىدا پۇت-قولىنى ماتاپ قويۇشتى. ئولجا مىلتىقنى سۆيدى غېنى، ئارمان قىلغان مىلتىقنى ئېگىز كۆتەرگەن پېتى چوڭ قاپقا تەرەپكە ماڭدى. قاپقا ئىچىدىن ئېتىق ئېكەن. ئۇلار يەنە تام ياقىلىشىپ، ئات ئېغىلى تەرەپكە ئۆتۈشتى. غېنى قۇسەننى يۆلەپ، ئۆگۈزگە بويلاشتۇردىدە، ئىككى پۇتىنى ئىككى مۈرىسىگە ئېلىپ، كۆتىرىپ تۇردى. قۇسەن چېرىكنىڭ قەيەردە تۇرغانلىقىنى بىلمەك بولۇپ قانچە زەڭ قويسىمۇ، ئادەم قارىسىنى بايقالمىدى. كۈزەتچى نەگە كەتتى؟ قاپقا ئالدىدىكى ھەملىنى سېزىپ قېلىپ، چېرىكلەرنى ئويغاتقىنى چۈشۈپ كەتتىمۇ؟ ئۇنداقتا ئوق چىقىرىپ تەھلىكە قوزغار ئېدى.
ـ بىر نەرسە بايقالىدىڭمۇي! مۈرىلىرىمنى ئېزىۋەتتىڭ، قاراتاش...
قۇسەن يەرگە چۈشتى. ئۆگۈزدە چېرىك يوقلىقىنى ئېيتتى.
ـ مەن قاراپ كۆرەي، ـ دېدىدە، قۇسەننىڭ مۈرىسىنى دەسسەپ تامغا بويلاشتى غېنى. ئېغىرلىق نىسبەت زور بولغاشقا قۇسەننىڭ مۈرىلىرى قارسىلداپ، سالماق كۈچىدە تىزلىرى تىترەپ، ئاران-ئاران بەرداش قىلدى. ھېچ نەرسىنى بايقالماي جېلى بولغان غېنى ئۆگۈزگە چىقماق بولۇشىغا ۋاللىدە ئوت چاقنىدى. سەرەڭگىنىڭ يورۇغى بىر پارچە ئوت يالقۇنىدەك كۆرۈندى ئۇنىڭغا. شۇ يورۇقتا پوتەيسىمان قورۇقچىغا يۆلىنىپ تۇرغان كۈزەتچىنى بايقالدى. غېنى يەرگە چۈشۈپ، قۇسەننى باشلاپ ماڭدى. ئىھاتە تامنىڭ غەربى تەرىپىگە، كۈزەتچى تۇرغان قورۇقچىنىڭ ئاستىغا ئۆتۈشتى. كۈزەتچىنىڭ ئۇ يان، بۇ يان ماڭغان ئاياق تاۋۇشى ئوچۇق ئاڭلىنىپ تۇرۇپتۇ. نېمە قىلىش كېرەك؟ ۋاقىت ئۆتۈۋاتىدۇ، ئالدىرىمىسا ئەمەت بىلەن مەمەت غوجايىنىنى ئاپىرىۋېتىپ قايتىپ كېلىشى ياكى كۈزەت يۆتكىلىشى مۇمكىن. قولدا مىلتىق بولغاندىكى ئۆگۈزدىكى چېرىكنى ئېتىۋەتىسچۇ.. ياق، ياق شاۋقۇن كۆتىرىلىدۇ، بولمايدۇ. تاۋۇش چىقارماس كېرەك.
قۇسەننى يەنە تامغا تىرەك قىلدىدە، ئۆگۈزگە كۆتىرىلدى غېنى. ئۇنىڭ ئۆگۈزدىن باش چىقىرىشى كۈزەتچىنىڭ ئات ئېغىلىنىڭ ئۇ بېشىغا بېرىپ قايتىپ كېلىشىگە توغرا كەلگەنلىكتىن دەرھال يېنىپ چۈشۈپ، تامغا چاپلاشقان ھالدا قۇلاق سېلىپ تۇردى. كۈزەتچى قورۇقچىغا كېلىپ تۇردى ئەتىمالىم، ئاياق تاۋۇشى جىمىپ قالدى. ئۇ يەنە تاماكا چېكەمدۇ ياكى سوغ شامالدىن قېچىپ قورۇقچا ئىچىگە كىرەمدۇ. ئەگەر قورۇقچىغا كىرسە ـ ئىش ئوڭغا تارتقىنى. غېنى قول ئىشارىسى بىلەن قۇسەننى يەنە تامغا تىرەك قىلدى. ئېغىر بەست زەپتىدىن مۇرە سۆڭەكلىرى قاماپ كەتكەن بېچارە قۇسەن نائىلاج تامغا تىرەندى. بەختەش تەۋەككەل قىلدى، ئەتىمالىم، بۇ قېتىم ئۆگۈزگە شىددەتلىك كۆتىرىلدى غېنى. ئۇنىڭ چىقىشىغا كۈزەتچىنىڭ قورۇقچىغا كېلىپ، قايتىپ ئۈچ-تۆرت قەدەم مېڭىشى توغرا كەلگەشكە ئۇ تىۋشىنى ئاڭلاپ، كەينىگە بۇرۇلدى ۋە لەڭگىدە پەيدا بولغان ئېگىز نەرسىنى كۆرۈشى بىلەن بىر دەققىدە ھودۇقۇپ تۇرۇپ قالدىدە، ئاندىن مۈرىسىدىكى مىلتىقنى قولىغا ئېلىشىغا، مۆشۈك چاشقانغا ئېتىلغاندەك، ئىككى سەكرەپ يېتىپ بارغان غېنىنىڭ كۈچلۈك قوللىرى ئۇنىڭ بوينىنى ئامبۇردەك قىستى ۋە ئۆزىنى ھاۋاغا كۆتىرىپ، بىر باغ بېدىنى تاشلىغاندەك، ئات ئېغىلى ئارقىسىدىكى ئەخلەت-چوگاغا ئىرغىتىۋەتتى.
ئېغىر ئەمگەكتىن كېيىن ھادۇغى چىققان ئادەمدەك ئۇھ تارتتى غېنى ۋە زورۇققاندىن ئەمەس، تەشۋىش

ـ ھاياجاندىن پېشانىسىدىكى بۇژرىلداپ چىققان تەر مونچاقلىرىنى ئالىقان كەينى بىلەن سىرىۋېتىپ، ئۆگۈزدىن تۆۋەن ئىڭىشىپ، ئاستا:

ـقۇسە، ئەۋۇ خىنزىرنىڭ مۈرىسىدىكى مىلتىق بىلەن ئوقدانىنى ئالدە، قاپقا ئالدىغا بار، بول چاپسان، ـ دېدى.

ئۇ ئەندى سېپىل قورغانىنىنى ئىشغال قىلغان ئادەمدەك، ئىشەشلىك ھالدا مىلتىقنى بەتلەپ، شوتىدىن چوڭ ھويلىغا چۈشتى. مەدرىسە ھوجرىلىرى سىياقى كىچىك-كىچىك خانىلار ئالدىدىن پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ مېڭىپ، لامپا يورۇغى چۈشۈپ تۇرغان بۆلمىنىڭ دېرىزىسى يېنىغا كېلىپ، يېنىچە تۇرۇپ، بۆلمە ئىچىگە قارىدى: ئىككى ئەر، ئىككى ئايال قارىمۇ-قارشى ئولتىرىشىپ «ماجاڭ» ئويناۋېتىپتۇ. نوۋەت كۈتۈپ تۇرسا كېرەك، ئىككى ئەر ئويۇندىن كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇرۇپتۇ ـ بۇ ئالتىسى قىمارغا شۇنچىلىك بېرىلىپ كېتىپتۇكى، ئات زاۋودىنىڭ ھەممە مېلىنى ھايداپ چىقىپ كەتسىمۇ قېتىغا كىرەر ئەمەس. غېنى ئۇستىلەپ بېسىپ كىرىپ «مۆشۈك-چاشقان ئويۇنى» قىلماق بولىدىيۇ، نېمىنىدۇر ئويلاپ نېرى كەتتى. ئۇ چوڭ قاپقىنىڭ يان ئىشىگىنى ئىچىدىن ئىلغان ئىلغۇرنى ئاستا، شاراقلاتماي ئاچتى ـ قۇسەن كۈتۈپ تۇرغان ئېكەن. ئۇ ئوقدانلارنى چاپراس ئېسىپ، مىلتىقنى مۈرىگە ئېلىپ، چېرىكنىڭ لاتا شاپكىسىنى بېشىغا كىيىۋاپتۇ. غېنى بېئىختىيار كۈلۈۋەتتى. قۇسەنىنىڭ بۇ قىلىغى ئۇنىڭغا ئىلھام بولدى، ئەتىمالىم، ئۇ ئېرىق ئىچىدە تېخىچىلا نىمجان ياتقان چېرىكنى يېشىنىدۇرۇپ، ئۇس كىيىمىنى قۇسەنگە كىيگۈزۈپ، قايتىدىن ماتاپ قويۇشتى.

ـيۇر، «چېرىگىم» ـ دېدى غېنى قۇسەنگە.

ئىككىسى سوغ ئېقىن سۇغا چۈشكەن ئادەملەردەك، ئاۋايلاپ بېسىپ، ئات ئېغىلى تەرەپكە مېڭىشتى. چوڭ ھويلىنى كېسىپ ئۆتۈپ، ئىككى يۇرۇش ئات ئېغىلىغا ـ ئاندىن ئاتخانىنىڭ بىرىگە كىرىشتى. ئالدى دەھلىزەسىمان توسۇقنىڭ ئىككى بېشىغا ئېسىپ قويۇلغان پىلىكلىك چېراغلار ئاتخانىنى سۇس يورۇتۇپ تۇرۇپتۇ. ھەر بىر كاتەكچىدە بىر ئات ۋە ئاتنىڭ نامى يېزىلغان تاختا ئېسىقلىق. چەتتىكى بۇلۇڭدا تار كاتچىدا بىر ئادەم ياتىدۇ ـ بۇ ئاتلارغا ئوت-چۆپ سالىدىغان كېچىلىك نوۋەتچى، ئەلۋەتتە. غېنىلار ئاتخانىغا كىرىشىگە ئاتلار پۇرقۇشۇپ، ئاياقلىرىنى چاپچىشتى. غېنى ئەگەر بويۇن، سۇرەتتەك چىرايلىق ئارغىماقلارنىڭ نەچچىسىنىڭ ئالدىدا توختاپ، ھەۋەسلىنىپ قارىسىمۇ، ھېچ قايسىسىنى ياراتمىغاندەك ئۆتۈپ كەتكىنىگە قۇسەن ھەيران بولدى. ئاخىرى نەسىللىك بولمىسىمۇ، بويى سوقما تامدەك ئېگىز، يولۋاس كۆكسىلىك، ئۇزۇن يال، كۆزلىرى چېراغ ئەكسىدە چاقناپ تۇرغان «مېنى تاللا يىگىت!» دېگەندەك شىڭتىيىپ، قومۇچ قۇلاقلىرىنى ئوينىتىپ تۇرغان ئالا ئاتتىن نېرى ئۆتەلمىدى. شۇ ئان مېھرى چۈشكەن غېنى ئاتنىڭ قويۇق كوكۇلىنى قايرىپ، پېشانىسىنى سىيپاپ، يايلىنى تارىدى. ئات جاۋاۋەن يېنىك، خۇددى كۈلگەندەك كىشنىدى. غېنى ئىشەشلىك توسۇقنى ئاچتى. قۇسەن بولسا ياندىش تۇرغان تورۇق، قاشقا ئاتنى تاللىدى.

ـمەمتەك، يېنىپ كەلدىڭما؟ ئېھ...ھەجەپ توڭاپ كەتتىما! ـ دېدى تام تەرەپكە قاراپ ياتقان ئادەم، بېشىنى ئېگەر-ياستۇقتىن كۆتەرمەيلا.

ـھە! ـ قىسقىلا جاۋاپ قىلدى غېنى، ئاغزىنى قولىدا يېپىپ.

ـجاڭ چاڭجاڭ قايتىپ كەلدىما؟

ـھە!

ـنېمە «ھە، ھە؟» ـ ئۆرۈلدى ياتقان ئادەم ۋە كۆزلىرىگە ئىشەنمىگەندەك، ئۇگلاپ يەنە قارىدى. مىلتىق تەڭلىگەنلەنى كۆرۈپ، ۋاي، جان! ـ ۋاقىراۋەتتى ئۇ.

ـئۈنۈڭنى چىقارما، هارام ئۆلۈسەن !

ـزىنداندا چىرىپ كېتىمەن، ئاتلارنى تىرىك بەرمەيمەن، ـ ئاتباقار ئۇچقاندەك تۇرۇپ غېنىنىڭ قولىغا ئېسىلدى .

ـ ئەستاخپۇرۇللا! ـ دەپ ئاتباقارنىڭ كانىيىدىن بوغماق بولۇپ ياقىسىنى تۇتتىيۇ، پەيلىدىن قايتىپ، ـ خىتاي جاڭگۇدىلىرىڭدىن قورقساڭ، جۇرى، بىز بىللەن بىللە كەت، ـ دېدى غېنى.

ـ ياق، ياق. ئۇششاق بالىلىرىم بار... باشقا يەردىن ئات تېپىلمىدىمۇ؟

ـ توشقان يۈرەك! ـ دېدىدە، ئاتباقارنى كىچىك بالىنى كۆتەرگەندەك، كۆتىرىپ ئاپىرىپ كاتقا ياتقۇزدى ۋە تامغا ئېسىقلىق تۇرغان توشىنىدا ماتاۋەتتى، ـ ئەندى ساڭا خىتايلار تەگمەيدۇ. بالىلىرىڭ بولمىسا سەن لاتاپۇشنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ياخشىدى، ـ جېمىلىدى غېنى.

ئىككى ئاتنى يېتەكلىشىپ، چوڭ قاپقا سىرتىغا چىققاندا بىر نەرسە ئېسىگە كەلگەن غېنى ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى قوسەنگە تۇتقۇزۇپ، ئىچكىرى كىرىپ كەتتى. لامپا يېنىقلىق بۆلمىنىڭ ئىشىگىنى يۇلۇپ دېگىدەك ئېچىپ:

ـ ئاينى زىۋازا لەيلا! ـ دەپ ۋاقىراپ مىلتىقنى تەڭلەپ، بوسۇغىدا تۇردى. تۆرت ئەر، ئىككى ئايال ئورۇنلىرىدا مۇردىدەك قېتىپلا قېلىشتى ـ نە ئۈن چىقارسۇن، نە قىمىرلىسۇن. غېنى شىنجاڭ خەلقىنى بۇلاپ ـ تالاپ، ئۇنى ئاز دەپ سولاپ ـ ئازاپلاپ، قىرغىن قىلىۋاتقان شىڭ ـ شىسەي بىلەن بىر ئۇرۇق مونۇ ئالتە خىتايدىن ئىنتىقام ئالماق بولۇپ مىلتىغىنى تەڭلىدىيۇ، ۋىژدانى يار بەرمىدى: «قۇرالسىز ئادەملەرنى ئۆلتۈرۈش نامەرتلىك...» ئۇ ئۇستەل ئۈستىدىكى قەغەز پۇللارنى يىغىشتۇرۇپ قوينىغا سالدى ۋە: ـ ئاينى زىۋازا مەن بولىمەن! ـ دەپ قويۇپ، چىقىپ كەتتى.

ئىككى قەيسەر ئاتلىنىپ، غۇلجا تەرەپكە قاراپ يول ئالغاندا، توخۇلار ئۇلارغا خەيرلىك سەپەر، نىجاتلىق تىلىگەندەك چىللاشقان ئېدى .

ئون ئىككىنچى باپ

گۆڭەن گەنلى چۇ ـ جامائەت بىخەتەرلىكى باشقارمىسىنىڭ باشلىغى لى ـ يىڭچى، ئۇنىڭغا بېرىلگەن چەكسىز مەمۇريي ھوقۇق ـ ۋاڭپاڭدىن خاتىرجەم ئەمەس. ئۇ ھەتتا «12 ـ ئاپرېل بايرىمى» ئاتالمىش بايرام كۈنلىرىدىمۇ ـ زىپىرۇر، مۇھىم، مەخپىي ئىشلار بىلەن بەنت. كېيىنكى كۈنلەردە ئىككى تۈركۈم قاماققا ئېلىنغان ھەربىي خادىملارنىڭ ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتەك چوڭ سىياسىي «ۋەزىپە» قايىنىمىدا ئۈزۈپ يۈرۈپتۇ. ئۆلتۈرۈلگەن ۋە چۆللەردىكى ئەمگەك لاگېرلىرىغا ئەۋەتىلگەنلەر ھېساۋىغا زىندانلارنى تولتۇرغان يېڭى مەھبۇسلارنى سوراش، ئۇلارغا ئالدىن ـ ئالا مۆلچەرلەپ پىچىلغان سىياسىي «قالپاقلارنى» كىيگۈزۈش، كۆنمىگەنلەرنى جىسمانىي قىيناش ئارقىلىق «ئىقرار» قىلدۇرۇش، سۈنئىي جىنايەت ئويدۇرۇپ چىقىش ئاسان ئەمەس، ۋاقىت كېرەكتە. بۇ ئىشلارنى شىڭ دۇبەننىڭ دىتىغا سىققىدەك ئىشلىمىسەڭ. «لاۋ تەننا ـ خۇدا كۆرسەتمىسۇن!» ـ ئۆزەڭ ئەشۇ مەھبۇسلار قاتارىدىن ئورۇن ئالىسەن... لى ـ يىڭچى ئىلگىرى نەق موشۇ ۋەزىپىدە ئولتارغان ئۈچ سابىق باشلىقنىڭ ئاقىۋېتى شۇنداق بولغانغۇ! ئۇ ئۈچ ئەمەلدارنىڭ ئىككىسىنى لى ـ يىڭچى ئۆزى قىيناپ ئۆلتۈرگەن، بىرى ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرۈۋالغان.

بۇ تەرىقە دەھشەتلىك كەچۈرمىلەر نە ئۇيقا، نە ئارام بەرسۇن... ئۇ بەزىدە ھەممە ھوقۇق، ئەمەل ـ ئىمتىيازلىرىدىن بىر يولى كېچىپ، يىراقلارغا، ھېچ قانداق سىياسىي ماجرا يوق پىنھان جايغا بېكىنىۋېلىپ، ئاددىي، تەشۋىشسىز ھايات كەچۈرۈشكە مىڭ ـ مىڭ رازى. ئەمما، ئۇنىڭ ئىختىيارى ئۆزىدە ئەمەس، ھېچ نەگە كېتەلمەيدۇ ـ پۇت، قوللىرى يىپسىز باغلانغان... لى ـ يىڭچىنىڭ قولى ئىشقا بارمىدى. كەڭ ئۇستەل ئۈستىگە قات ـ قات تىزىلغان ئەنزە ـ دېلولارنى ئوقۇمايلا ۋاراقداپ، خىيال سۈرەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى يېڭىلا كەلتۈرۈلگەن تېلېگراممىلارغا چۈشتىدە، خالار خالىماس قولىغا ئالدىيۇ، بۇ تېلېگراممىلار ئۇنىڭ قولىنى چېقىۋالغاندەك ئۇستەل ئۈستىگە تاشلاۋەتتى:

ـ خۇندەن1 ـ پىچىرلىدى ۋە ئالدىراشلىق ئۇستەل قانىتىدىكى كنوپكىنى بېسىۋېدى، شۇ ئان ئىشىك

تۇۋىدە ئادىيۇتانت پەيدا بولدى، ــ لىيۇ جەنسا! ــ قىسقىلا بۇيرۇق بەردى لى-يىڭچى، كىرىپسلوغا ئولتىرىپ. ھەيەل قىلماي بودىغان چوشقىدەك گۈرەنلىرى قاتلاشقان لىيۇبىڭدى كىرىپ، باشلىغىنىڭ ئالدىدا تىك تۇردى.

ــ ئوقۇپ كۆر! ــ ئۈستەل ئۈستىدىكى تېلېگراممىلارنى ئىما قىلدى لى-يىڭچى.

لىيۇبىڭدى تېلېگراممىنى ئوقۇۋېتىپ ئۆزى گۆشۈنە سىياقى تاتىرىپ كەتتى.

ــ ئوقى، ئۈنلۈك ئوقى! ــ قوپال بۇيرىدى لى.

لىيۇبىڭدى ئاسما كېسىلى بار ئادەمدەك دېمى تۇتۇق ئوقۇشقا باشلىدى:

ــ "شىخو ناھىيەسىگە تەۋە چىگوۋشۇ ئۆتىڭىدە ھۆكۈمەتكە تېگىشلىك ماتا-چەكمەن ئارتىلغان ئېشەكچىلەر كارۋىنىغا ئىككى ئاتلىق زىۋازا ھۇجۇم قىلىپ، ماتا-چەكمەنلەرنى بۇلاپ، ئەتراپتىكى دىھقان-چارۋىچى پۇخرالارغا تارقىتىپ بېرىپ ئۆزلىرى قۇملۇققا كىرىپ كېتىشكەن...

ــ ئىككىنچىسىنى ئوقى!

ــ "ئىككى ئاتلىق زىۋازا! ــ دەپ باشلىدىيۇ، دېمى سىقىلىپ، قاقىلىپ كەتتى لىيۇبىڭدى. ئۇنىڭ دوساقتەك كۆپۈك مەڭزى ئېتىلىپ كېتىدىغاندەكلا چىڭقىلىپ، كۆزلىرى كۆرۈنمەي قېلىۋېدى، لى-يىڭچى كۈلۈۋېتىشكە تاسلا قېلىپ، نەپرەتلەنگەندەك، تەتۈر قاراۋالدى. لىيۇبىڭدىنىڭ مەيدىسى سەي قورىغاندەك، گاي-گۈي قىلدى ، ــ ئىككى ئاتلىق قۇراللىق زىۋازىنى «كۆل ئۆتەڭدىكى» دەڭجا تۇتماق بولۇپ قوغلىغاندا دەڭجا ــ سارايۋەننى ئۆلتۈرۈپ، تاغ ئىچىگە، ئاچال داۋىنى تەرەپكە كەتكەن...» ــ لىيۇبىڭدى تاغ چوققىسىغا ئۆرلىگەندەك، ئاران شۇ يەرگىچە ئوقالىدى. ئۇ بۇژغىراپ تەرلەپ كەتكەن ئىدى. لى-يىڭچى ئۇنىڭغا يىرىكىنىپ تىكىلدى ۋە تەلەپچان ئاۋازدا سورىدى:

ــ سېنىڭچە بۇ ئىككى ئاتلىق كىملەر؟

ــ مۇنداق ئىشنى غېنىدىن بۆلەك...

ــ ئاي-نى؟!

بۇ ئىسىم لى-يىڭچىنىڭ كىندىگىدىن تېشىپ ئۆتكەندەك تولغىنىپ كەتتى ئۇ.

ــ ئۈچ كىشەننى ئۈزۈپ، تۈرمىدىن قاچتى. ئىككى چېرىكنى ئۆلتۈرۈپ، ئىككى ئاتنى ئېلىپ قاچتى. ھۆكۈمەتكە تېگىشلىك مالنى بۇلاپ بىزگە سادىق دەڭجانى ئۆلتۈرۈپ ئازادە يۈرسۇنۇ، ئون بەش كۈندىن بۇ يان ئۇنى ھېچ كىم تۇتالمىسۇن...

---

1خۇندەن ــ بۇزۇق، ھارامزادە.

ــ دۇبەن جاناپلىرىغا نېمە دەيمىز ھە؟ ــ گويا لىيۇبىڭدى ئەيىپلىكتەك ئۇنىڭغا ئېلان كۆزىنى سانچىدى لى-يىڭچى.

ــ ئەسلىدە تۈرمىدە ئۈزۈنغا سوزماي، ئېتىپ تاشلىغان بولساق، بۇ ئاۋارىگەرچىلىك بولماس ئىدى...

ــ ھېلىما ئېتىپ زېرىكمىدىققۇ!

لى-يىڭچى بۇ سۆزنى لىيۇبىڭدىنى سىنىماق ئۈچۈن قىلدىمۇ، سۆز ئۇختىسىغا كەلگەشكە ئاغزىدىن چىقىپ كەتتىمۇ، بىلگىنى بولمىغاشقا لىيۇبىڭدى تىڭىرقاپ قالدى.

ــ ئاينى، ــ دېدى لى-يىڭچى لىيۇبىڭدىدىن كۆز ئۈزمەي تۇرۇپ، ــ ئاينى خەتەرلىك زىۋازا. ئەگەر ئۇ نىلقا تېغىدا پەيدا بولغان «ئالتە ئوغرىغا قوشۇلىدېكەن، ئويۇننى شۇندا كۆرىسەن.

لىيۇبىڭدى لى-يىڭچىنىڭ مۇجەز-خۇلقىنى ياخشى بىلىدۇ. بۇ سىياسىي مەككار بىلەن ئىنتايىن ھوشيار مۇئامىلە قىلمىسا، بىرەر ئېغىز سۆزدىن پۈتاق چىقىرىپ، گۇناھنى ئۆزەڭگە ئارتىپ قويۇشقا، ئورىغا ئىشتىرىشكە ماھىر. مىللىتى تۇڭگان، ئېتىقاتى ــ ئىسلام دىنى لىيۇبىڭدىگە تەكەببۇر خىتاي چوڭ مىللەتچىلەرنىڭ شىنجاڭدىكى باش ۋەكىلى شىڭ-شىسەي ۋە ئۇنىڭ قول-چوماقلىرى:

لى-يىڭچى، لى-فۇلىن قاتارلىقلار تامام ئىشەنمەسلىكى، پەقەت خىزمەت زۆرۈرىيىتى بىلەنلا ئۇنى ئۆز سەپلىرىگە تارتىپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىدىغانلىقىنى ليۇبىڭدى ياخشى بىلىدۇ. چۈنكى ئۇ كۆپ ئىشلارنىڭ قاتناشچىسى – تىرىك شاھىدى. سىرلىق ئىشلارنىڭ بىۋاستە ئىشتىراكچىسى بولغان كىشىنى قول ئىچىدە، تاپان ئاستىدا تۇتۇشقا تىگىشلىكتە! شۇڭلاشقا ئۇ «بىر چوقۇپ، ئون قاراشقا» مەجبۇر. قىلدىن قىيىق كەتتى – ئىش تامام، ۋەسسالام...

–مېنىڭچە، – دېدى ئېھتىيات بىلەن ليۇبىڭدى، – «ئالتە ئوغرىنى» ھېچ كىم ھىمايە قىلمايدۇ.

–مەسىلەن؟

–ئالتە ئوغرىنىڭ باشلىقى ئۆز ۋاقتىدا روسسىيەدىن قېچىپ كەلگەن پاتىخ دېگەن تاتار ئېمىش. قالغان بەشىمۇ مايدا-چۈيدا قوڭالتاقلار...

–توختا! – بېگىز قولىنى يۇقۇرى كۆتەردى لى-يىڭچى، – سېنىڭچە بولغاندا مەككە-مەدىنىدىن مەھەممەت پەيغەمبەر تىرىلىپ كېلىپ، ئوغرىلارغا باشلىق بولسا ئىناۋەتلىك بولاتتىمۇ؟

–قالماقلار ئارىسىدا قىرچىلىق قىلىپ يۈرگەن مەيدا سېتىقچى پاتىخنى ھېچ كىم ئېتىۋارغا ئالماس دېمەكچىمەندە. چۈجاڭ جاناپلىرى، – مۇجۇمەل جاۋاپ بەردى ليۇبىڭدى. ئۇ ھېمىشەم موشۇنداق «قۇيرۇقلۇق» پىكىر بېرىدىغان.

–پاتىخ دېگەننىڭ كەينىدە ئىناۋەتلىك كىشى ياكى كۈچ يوق دەپ ئېيتالامسەن؟

–ھازىرقى ئىچكى-تاشقى ۋەزىيەت تۈپەيلى «يوق» دەپ كەسكىن ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالمايمەن.

–مانا، مانا ئەمەلىيەتكە يېقىن پىكىر بەردىڭ ليۇ جەنساجاڭ، – دېدى لى-يىڭچى ۋە سەل ئويلىنىپ داۋام قىلدى، – خەلىق ئىچىگە تاشكەنت ۋە ئالمۇتىلاردا نەشىر قىلىنىدىغان گېزىت-ژۇرناللار تارقىلىدىغان بولۇۋالدى. بۇ خەتەرلىك تەتۈر تەشۋىقات كىملەر تەرىپىدىن تارقىلىۋاتىدۇ، كىملەرنىڭ ئىشى ئېكەنلىكىنى پەرەز قىلىش تەس ئەمەس. لېكىن نەق جىنايەتچىلەر ئۈۋىسىنى تاپالمايۋاتىمىزغۇ! دېمەك، ھەرىكەتتىكى ئۇيۇم، تەشكىلات بارلىقى شۈبھىسىز.

–غۇلجا، چۆچەك، ئۈرۈمچى قاتارلىق شەھەرلەردە قاماقتا ئېلىنغان ياشلار سوراق-تېرگاۋ جەريانىدا بۇ خىل ئۇيۇم ياكى پىكىرداشلىق تەشكىلاتلارغا مۇناسىۋەتلىك ئېكەنلىكىنى ئىقرار قىلىشمىدى. ئىقرار بولغانلارنىڭ ئاساسى يوق...

–ناچار ئىشلەۋاتىمىز، ناچار! – ۋاقىراۋەتتى بىردىن تېرىسىنى تەتۈر كىيگەن ئەمەلدار، – شىڭ دۇبەن جاناپلىرى: «پىكىرداش ئۈچ كىشى بىرلەشسە – بىز ئۈچۈن زور خەتەر» دەپ كۆرسەتمە بەرگەنلىكىنى ھەر دەقىقە ئەستىن چىقارما. دېمەكچىمەنكى، سوۋېتپەرەس ئۇنسۇرلاردىن، سوۋېت تەسىرىدىن ئۆلكىمىزنى تازىلاش بىزنىڭ كۈندىلىك، دايىملىق ۋەزىپىمىز، – خىتاپ قىلدى، جاللاتلار ئوردىسىنىڭ باشلىقى – لى چۈجاڭ.

داھىچاق بولىۋالغان شىڭ-شىسەينىڭ ھەر بىر سۆزى – كۆرسەتمىسى ئۇلار ئۈچۈن قانۇن ئېكەنلىكىنى لى-يىڭچى چۈشەندۈرمىسىمۇ ليۇبىڭدى ياخشى بىلىدۇ. شۇ تاپتا «سوۋېتپەرەسلەر» دەپ مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان ئىلغار زىيالىلار، ياشلار، ستۇدېنتلار زىندان گىرىپتارى، ئۆلۈم قۇربانلىرى بولىۋاتقانلىقى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن، كىنو لېنتىسىدەك تىزىلىپ ئۆتتى. لېكىن قانچە قىرمىسۇن، تەقىپ ئاستىغا ئالمىسۇن «سوۋېتپەرەسلەر» كېمەيمىدى، بەلكى كۆپەيمەكتە. نېمىشكە شۇنداق؟ بۇ دايىملىق سوئال، باش قاتۇرىدىغان، ھەتتا تەھلىكىلىك سوئال. بۇ «ھېكمەت» ھېساپلانغان مەسىلىنىڭ تۈپ ماھىيىتىنى ليۇبىڭدى، لى-يىڭچى ۋە شىڭ-شىسەي چۈشەنمەيدۇ، چۈشەنسىمۇ خىتاي ئەمەلدارلىرىغا خاس جاھىللىق بىلەن چۈشەنگۈسى كەلمەيدۇ. ئۆزىنىڭكىنى راست قىلماق ئۈچۈن زورلۇق-زوراۋانلىققا تايىنىدۇ.

–ئىلى، ئۇنىڭ مەركىزى غۇلجا – دېدى خېلە ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئىچكىي مۇلاھىزىلەردىن كېيىن لى، – پارتلاش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى تەكىتلىمىسەمما، سېنىڭ خەۋىرىڭ بار. سوۋېتكە چېتىلاش،

مۇرەككەپ، مېنىڭچە بولغاندا، ھەدىسە بۇ رايوننىڭ شەرت-شارائىتىنى، خەلقىنى ياخشى بىلىدىغان سەن كەبى تەجرىبىلىك كىشىلەر غۇلجىدا تۇرۇپ ئىشلىشى ئىنتايىن زۆرۈر بولۇۋاتىدۇ. سېنى ئىلىغا ئەۋەتمەكچىمىز. سەن شىڭ دۇبەننىڭ ھوقۇقلۇق ۋەكىلى سۈپىتىدە ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ھەربىي مەمۇرىي ئىشلىرىنى باشقۇرىسەن.

ـ مەن، مەن...

لىيۇبىڭدىننىڭ نە خوشال، نە نائىلاج بولغانلىقىنى بىلگىنى بولمايتتى. لېكىن ئىچىدە: «باياتىن شۇنچە ئايلاندۇرۇپ گەپ قىلغىچە توغرىسىنى ئېيتسىچۇ... ھېمىشەم ئادەمنىڭ پىكرىنى تاسقايدىغان قىلىغى بارىدە بۇ مەككارنىڭ» دەيتتى.

ـ تەكىتلەيمەن: غۇلجىدا قانداقتۇر تەشكىلات مەۋجۇت. مەيلى ئۇ «ئىسلامچىلار» ياكى «رېسپۇبلىكىچىلار»، «ئۇيغۇرستانچىلار» بولسۇن ئاخىرقى ھېساپتا ھەممىسى ـ مۇستەقىلچىلەر. ئەندى، بىز «ئالتە ئوغرى» دەپ خەلىق ئالدىدا ئۇلارنى كامسىتىۋاتقانلار بولسا ـ قوزغىلاڭ ئۇيۇشتۇرغۇچىلار... ھە، ھە ئۇيۇشتۇرغۇچى. ئىككى قۇرالغا ئېگە بولغان ئاينى بۇ چاققىچە نەچچىسىنى يېنىغا توپلاپ، ئەشۇ «ئالتە ئوغرىغا» قوشۇلۇشى مەنتىقى ھالەت. دېمەك، تەشكىلات، «ئالتە ئوغرى» ۋە ئاينىنى بىر پۈتۈن ھېساپلىساق چوڭ خەتەر روي بېرىشىدىن كۆز يۇمالمايمىز.

ـ شۇنداق، ـ ھارسىندى لىيۇبىڭدى. ئۇ ھەممىدىن ئاۋال غېنىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ـ سوراق ئۈستىدە شىڭ-شىسەيگە بەرگەن جاۋاپلىرىغا ئېسىگە ئالدى. تېنىنى سوغ شۈرشۈم قاپلاپ، يۈرىگى پوكۇلداپ كەتتى.

ـ دىققەت مەركىزى: تەشكىلات ـ «ئالتە ئوغرى» ۋە ئاينى. موشۇ ئۈچ خەتەرنى بىر-بىرىگە ئۇلاشتۇرماستىن يەككە-يەككە دەپنە قىلىش لازىم. بۇ ئىش پەقەت سېنىڭ قولۇڭدىن كېلىدۇ، ساڭا ئىشىنىمىز .

ـ ئىشەنچىنى ئاقلاشقا تىرىشىمەن! ـ دېدى ئورنىدىن ھەربىيلەرچە تۇرۇپ لىيۇبىڭدى.

ـ ئەندى، شىڭ-شىسەي جاناپلىرىنىڭ ھوزۇرىدا بولىمىز، ـ دەپ قېلىن پاپكىسىنى قولىغا ئالدى لى-يىڭچى.

شىڭ-شىسەيدىن قاتىلانە كۆرسەتمىلەرنى ئالغان مىللىي مۇرتەد لىيۇبىڭدى (مۇخەممەر) ئەتىسىلا مەخسۇس سامولوتتا غۇلجىغا ئۇچۇپ كەتتى.

## ئون ئۈچىنچى باپ

1944 ـ يىللارنىڭ بېشىدا چېكىگە يەتكەن زۇلۇم-سىتەمگە قارشى خەلىقنىڭ غەزەپ-نەپرىتى ئۇلغىيىپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئۇ يەر، بۇ يەرلىرىدە خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى مەخپىي تەشكىلات، گرۇپپىلار قۇرۇلۇپ، كۈندىن-كۈنگە كەڭىيىپ، چوڭ پارتلاشقا-قۇراللىق قوزغىلاڭغا زىمىن ھازىرلانماقتا ئېدى. شۇ قارشىلىق كۆرسىتىشى تەشكىلاتلىرىنىڭ بىرى غۇلجىدىكى «ئازاتلىق تەشكىلاتى» ئېدى .

ھەر سىنىپ-تەبىقە ۋەكىللىرىدىن تەركىپ تاپقان بۇ تەشكىلات مۇئەييان نىزامنامىسى ۋە پروگراممىسى بار، پارتىيە بولمىسىمۇ، گومىنداڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى كۈرەش بىرلىك سەپ شەكلىدىكى پىكىرداشلار تەشكىلاتى ئېدى. ئازاتلىق تەشكىلاتىنىڭ رەھبەرلىك تەركىۋى موللا-ئاخۇنلار، سودىگەر-بايلار، زىمىندارلار، ئىلغار كۆز قاراشتىكى زىيالىلاردىن ئىبارەت بولۇپ ئۇلارنى بىرلەشتۈرگەن ئۇلۇق مەقسەت ـ ئۇ خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنى ئانا ۋەتەندىن قوغلاپ چىقىرىش، ئازاتلىق-ئەركىنلىككە يېتىشتىن ئىبارەت ئېدى. ئازاتلىق تەشكىلاتىنىڭ سول قاناتقا مەنسۇپ ئەزالىرىدىن رەھىمجان سابىرىي، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ ۋە قاسىمجان قەمبەرىي ئۈچى خېلىدىن بېرى

جىددىي سۆھبەت ئۇستىدە.

–لىيۇبىڭدى، «كېلىشى بىلەنلا چوڭ تازىلاشقا» تۇتۇش قىلدى... دېدى ھۆكۈمەت دائىرىلىرىدە تەرجىمانلىق ۋەزىپىنى ئۆتەيدىغان ۋە تەشكىلات پايدىسىغا مۇھىم ئىچكى مەخپىي مەلۇماتلارنى يەتكۈزۈپ تۇرىدىغان ياش ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ.

–دېمەك، يەنە ئاممىۋىي تەقىپ... زىندان-تۈرمىلەر توشۇپ كەتتى، يەنە قەيەرگە سولايدېكىنە بۇ ۋەھشىلەر؟! – ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى رەھىمجان.

–بۇ قېتىمقى تازىلاش كومپانىيەسىنىڭ تىغ ئۇچى «سوۋېتپەرەسلەرگە» قارىتىلىدىغانلىقى مەلۇم، – قوشۇمچە قىلدى ئابباسوۋ.

–ئۆتمۈشتە «ياپونىيە جاسۇسى»، «ئەنگلىيە شپىئونى»، «پانتۈركىست، پانىسلامىست»، «مىللەتچى» دېگەنگە ئوخشاش ئويدۇرمىلارنى توقۇپ، جازالىغان بولسا، ئەندى «ئورۇسپەرەس» دېگەن قالپاقنى توقۇپ چىقىپتۇدە بۇ مەككار شىڭ دۇبەن، – دېدى قاسىمجان. ئۇ زىنداندا ئالتە يىل يېتىپ، يېڭى قۇتۇلۇپ چىققاشقا گومىنداڭچىلارنىڭ زىندانلاردىكى ۋەھشىلىكلىرىنى ياخشى بىلەتتى.

–لىيۇبىڭدى مەن بىلەن سۆزلىشىپ، سۆز ئارا ئاسماقچىلاپ سورىغىنىغا قارىغاندا غۇلجىدا ھۆكۈمەتكە قارشى قانداقتۇر تەشكىلات ھەرىكەتتە  ئېكەنلىكىنى ۋە بۇ تەشكىلات كەينىدە سوۋېتلىكلەر بارلىقىنى پۇرىتىپ ئۆتتى. موشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا ئۇنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى – تەشكىلاتنى پاش قىلىش ۋە ئۇنىڭغا باغلىق ھېساپلانغان نىلقا تېغىدىكى «ئالتە ئوغرى» ھەرىكىتىنى باستۇرۇشتىن ئىبارەت ئېكەنلىكىدە شۈبھە يوق، – دېدى ئابباسوۋ.

–غۇلجىدا چوڭ بولغان، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ شارائىتىنى ياخشى بىلىدىغان لىيۇبىڭدى بىز ئۇچۇن ئىنتايىن خەتەرلىك. ۋاي، مەككار شىڭ-شىسەي! تاپقان ئادىمىنى قاراڭلار... «سېپى ئۆزىدىن» قىلماقچىدە بۇ ئىبلىس! – خىتاپ قىلدى قاسىمجان ۋە: – بىر تەرەپتىن تەشكىلات ئەزالىرىنىڭ سىياسىي سەزگۈرلۈكى ۋە ھوشيارلىقىنى ئاشۇرۇش  بىلەن بىللە ئىككىنچى تەرەپتىن مىللىي خائىن لىيۇبىڭدىنىڭ جىنائىي قىلمىشلىرىنى پاش قىلىدىغان تەشۋىقات ۋاراقلارنى يېزىپ خەلىق ئىچىگە تارتىشىمىز كېرەك .

–ئەگەر لىيۇبىڭدى زور «تازىلاش» ئىشىنى يۇرگۈزىدېكەن، ئۇ ھالدا كۆپلىگەن تايانچى كۈچلىرىمىزدىن ئايرىلىپ قېلىشىمىز مۇمكىن. شۇنىڭ ئۇچۇن نىلقا تېغىدىكىلەرگە جىپسىلىشىپ، غۇلجىدا قۇراللىق قوزغىلاڭغا جىددىي تەييارلىق قىلىشىمىز كېرەك.

–بۇ پىكرىڭىز ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن، رەھىمجان ئاكا. شۇ پەيتتە ئىچكى ۋە تاشقى ۋەزىيەت بىزنىڭ پايدىمىزغا: غەرپتە گېرمانىيە فاشىستلىرى، شەرقتە ياپونىيە مىلىتارىستلىرى، ئۇزۇل-كېسىل تار-مار بولۇش ئالدىدا تۇرۇپتۇ. ئىچكى خىتايدا بولسا كومپارتىيە رەھبەرلىگىدىكى خەلىق ئازاتلىق كۈرىشىنىڭ دائىرىسى كەڭەيمەكتە ۋە غەلىبە قىلىش ئالدىدا تۇرۇپتۇ. بىز ھەم موشۇ ۋەزىيەتكە ماسلىشىپ،  موشۇ قولايلىق شارائىتتىن پايدىلىنىپ، ئازاتلىق-مۇستەقىللىق تۇغىنى ئېگىز كۆتىرىپ چىقىدېكەنمىز تەۋرىنىپ تۇرغان خەلقىمىز بىزگە ئەگىشىپ ماڭىدۇ، بىزنى ھىمايە قىلىدۇ، – دېدى شۇ كەمدە خىتايچە مەنبەلەردىن خەۋەردار، تېخى يىگىرمە بەش ياشلاردا بولسىمۇ، زېرەك ۋە ناتىقلىغى بىلەن ياشلار ئارىسىدا ئىناۋىتى كۈچلۈك ئابباسوۋ.

"تۆمۈرنى قىزىغىدا سوقۇش كېرەك" دېگەندەك، بىزما پەيتنى قولدىن بەرمەسلىگىمىز كېرەك، – ئابباسوۋنىڭ پىكرىنى قۇۋۋەتلىدى رەھىمجان، – غۇلجىدىكى تەشكىلات ئەزالىرىدىن سۇيدۇڭ-كۈرە ۋە چىلپەڭزە قاتارلىق ناھىيەلىك شەھەرلەردىكى پىكىرداشلارمۇ قۇرال كۆتىرىپ ئوچۇق مەيدانغا چىقىش ۋاقتى يەتتى دېيىشمەكتە.

–دېمەك، ئۇمۇمىي قوزغىلاڭنى قاچان، قەيەردىن باشلاش كېرەك، غۇلجىدىنمۇ ياكى نىلقىدىنمۇ؟ دېگەن مەسىلە كۈن تەرتىۋىگە قويۇلۇشى ۋە بۇ ھەقتە بىر قارارغا كېلىشىمىز كېرەك، – دېدى

قاسىمجان قەمبەرىي.
ئەدىپ-مەرىپەتچى، يېڭى زامان ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ھۇلىنى قۇرغۇچىلارنىڭ بىرى بولغان قەمبەرىي خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ زۇلۇمىغا قارشى ھەرىكىتى ئۈچۈن بەش-ئالتە يىلچە قاماقتا يېتىپ، بوشىنىشى بىلەن «ئازاتلىق تەشكىلاتىنى» تەشكىل ئېتىشتە پائال قاتناشقۇچىلارنىڭ بىرى ئىدى .
ئۈچ پىكىرداشنىڭ پىكىر بىرلىكى ئوخشاش بولغاچقا قۇراللىق قوزغىلاڭ مەسىلىسىنى ئازاتلىق تەشكىلاتىنىڭ رەھبەرلىك گرۇپپىسىدا مەخسۇس قاراشقا كېلىشىپ، باشقا مەسىلىلەر ئۈستىدە مەسلىھەتلىرىنى داۋام قىلىشتى.
–ليۇبېڭدىگە مۇناسىۋەتلىك يەنە بىر مەسىلىگە دىققەت بۆلۈشىمىز زۆرۈر، – سۆزىنى داۋام قىلدى. ئاباساۋۇ. – ئۇ يەرلىك مۆتىۋەر زاتلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە ھازىرلىق كۆرۈۋاتىدۇ. شىڭ-شىسەي نامىدىن «ھال سوراپ» ئەۋەتكەن سوغىلارنى تاپشۇرارمىش.
–يەنە شۇ خىتايچە كونا سەنەم – ئالداش، ئېزىقتۇرۇش قارا بۇ مەككارنى... – مۆتىۋەر زاتلارنى بىزگە، «ئالتە ئوغرىغا» قارشى قويماقچىكەن! – ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى رەھىمجان.
–بۇ سۆھبەت ھازىرقى ۋاقىتتا ھۆكۈمەت ئالدىدا ئەڭ ئىناۋەتلىك ھېساپلانغان تەلئەت مۇساباييېۋنىڭ ئۆيىدە، مېھماندارچىلىق دەستىخىنى ئۈستىدە ئۆتەرمىش.
–تەلئەت، يەنە شۇ تەلئەت! زادى بۇ پۇل – دۇنيانى ئۇيغۇرستاندا تېپىپ، تۈركىيەگە ئاپىرىپ خەشلەيدىغان مۇساباييېۋلاردىن ھېچ سادا چىقمىدىدە! – غەزەپلەندى قاسىمجان قەمبەرىي.
–ئۇغۇ شۇنداق. لېكىن غۇلجا، قەشقەرلەردىن يىگىرمە مەكتەپلەرنى سالغان، زامانىۋىي زاۋۇدلار قۇرغان، تەرەققىيپەرۋەر مەرھۇم باۋدۇن باينى باشقا مۇساباييېۋلاردىن پەرىقلىق قاراش كېرەك دېمەكچىمەن .
تەلئەت مۇساباييېۋتىن پايدىلانغىنى بولارمۇ، رەھىمجان ئاكا؟ چۈنكى سىزنىڭ ئۇنىڭ بىلەن شەخسىي مۇناسىۋىتىڭىز بولىدىغانغۇ، – سورىدى ئاباساۋۇ.
–تەلئەتنىڭ دوستى – پۇل، غايىسى – راھەت – پاراغەت.
–توپ توغرا! – رەھىمجاننىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلىدى قاسىمجان، – تەلئەتتەك، ئۇمۇمەن، شۇ خىلدىكى بايۋەچچىلەردىن مىللەتكە پايدا تەگمەيدۇ ۋە تەككەن ئەمەس! ئۇنداق داغاللارغا يېقىنلاشماسلىق كېرەك.
–مەن تەلئەتنى تەشكىلاتىمىز سېپىگە جەلىپ قىلىش تەرەپدارى ئەمەسمەنۇ، لېكىن مۆرتى كەلگەندە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى نەزەردە تۇتۇش لازىملىقىنى قەيت قىلدىم.
–تەلئەتتىن پايدا ئالىمىز دەپ زىيان تارتىپ، ئۇمۇمىي ئىشىمىزغا دەخىل قىلىپ قويۇشىمىزمۇ ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس. ئۇنىڭدىن كۆرە، تەلئەتكە دوق قىلىش، ئۇنىڭ ليۇبېڭدى ۋە خىتاي مەمۇرلىرى بىلەن مۇناسىۋىتىنى خەلىق ئالدىدا پاش قىلىپ، چاۋىسىنى چىتقا يېيىش كېرەك.
قاسىمجان قەمبەرىينىڭ كەسكىن پىكرىنى يولداشلىرى ماقۇللىدى.
–ئەندى، – دېدى تەشكىلات پائالىيىتىگە دائىر مەسىلىلەر توغرىلىق پىكىرلەشكەندىن كېيىن رەھىمجان، – سىلەرگە بىر خۇش خەۋەر ئېيتماقچىمەن.
–خوش، قېنى ئاڭلايلى.
–بىز ئۈچۈن ئەڭ كېرەكلىك بولغان قەيسەر ئۇرۇمچى تۈرمىسىدىن قېچىپتۇ...
–كىم ئۇ؟
–غېنى!
–غېنى؟! – ئورنىدىن قوزغىلىپ كەتتى قاسىمجان، – ئۇنىڭ تەرىپىنى تۈرمىدە ياتقىنىمدا ئاڭلىغانىمەن.

ـهازىر قەيەردىكەن؟ ـ سورىدى ئابباسوۋ.

ـقاسىم مىراپنىڭ ئېيتىشىچە: ئىككى كۈن بۇرۇن كېچىدە غېنى ئارئۆستەڭگە كېلىپ، قاسىم مىراپ بىلەن كۆرۈشكەن...

ـبۇ گەپچە غېنى موشۇ ئەتراپتا يۈرۈپتۇدە؟! يەنە قولغا چۈشۈپ قالمىدى، ـ تەشۋىشلەندى قاسىمجان.

ـقاسىم مىراپ ئىككى ياراق ئات، كىيىم-كېچەك، ئوزۇق-تۈلۈك بېرىپتۇ.

ـنەگە بارارمىش؟

ـنەگە بارارىنى ئېنىق ئېيتمىغان. مېنىڭ بىلەن كۆرۈشمەن دېگىدەك.

ـئۇنى نەدىن بولسىمۇ تېپىپ، ئاگاھلاندۇرىشىمىز كېرەك.

غېنىنى تېپىش ئۈچۈن ئىككى كىشى ئەۋەتتىم: بىرى قاش-قاراباغ تەرەپنى، يەنە بىرى چۈلۈقاي، بۆلۈكەي تەرەپلەرنى ئىزدىمەكچى.

سۆھبەتنى ئىشىكنىڭ شەرتلىك چېكىلىشى بۆلۈۋەتتى. ئۈچ پىكىرداش بىر-بىرىگە مەنىلىك قارىشىۋېلىشتىدە، ئېھتىياتەن تەييارلاپ قويغان قەدەھلەرگە شاراپ قۇيۇشتى ۋە قەمبەرىي بىلەن ئابباسوۋ ئىككىسى شاخماتقا تۇتۇش قىلىشتىدە، سابىرىي چىقىپ، كېچىكمەي يېنىپ كىردى. ئۇنىڭ كۈلۈمسىرىشىدىن ياخشى خەۋەر ئاڭلىغانلىقى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

ـياخشىلىق بارمۇ نېمە، رەھىمجان ئاكا؟ ـ ئالدىراش سورىدى ئابباسوۋ.

ـخۇش خەۋەر، ـ سۆيىنچە بېرىڭلار...

ـئەرزىگىدەك بولسا بىر پۈتۈن ماتا بېرىمەن، ئاداش، ـ دېدى قەمبەرىي.

كېيىنكى ۋاقىتلاردا، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن مۇئامىلىنى ئۈزگەندىن كېيىن، گەزمال دېگەن كۆزگە سۈرتۈشكىمۇ تېپىلماتتى، ئالتە شەھەردىن ـ جەنۇبىي-شەرقىي تۈركستاندىن كېلىدىغان ماتا-چەكمەنمۇ ئىنتايىن قىس بولۇپ، ئادەملەر ئۆلگەندە كېپىنگە لايىق چاتا-ماتا تاپالماي، بورىغا يۆگەپ كۆمگەن ھادىسىلەر بولغان.

ـبۇ ئات مىنگۈزگەندىمۇ ئارتۇق سۆيۈنچە بولدى. قېنى خۇش خەۋەرنى ئاڭلايلى، رەھىمجان ئاكا.

ـبىز سۆزىنى قىلغان غېنىدىن كىشى كەپتۇ ...

ـنېمە؟! ـ تەڭلا ئاۋاز قوشتى ئابباسوۋ بىلەن قەمبەرىي.

ـغېنى ئۆزى تاغ ئىچىگە مۆكۈنۈپ قۇسەن دېگەن يولدىشىنى ماڭا ئەۋەتىپتۇ.

ـقۇسەن دېدىڭما، توختا-توختا، ـ نېمىنىدۇر ئېسىگە ئالماق بولدى قەمبەرىي، ـ قۇسەن، قازاق يىگىت... مەن ئۇنى ئۇرۇمچىدە بەشىنچى تۈرمىدە كۆرگەن، ئېسىمدە بار. تەرەتخانىنى تازىلاش ۋاقتىدا ئۇنىڭدىن: «كىملەر بىلەن ياتىسەن؟» دەپ سورىغىنىمدا ئۇ: «غايىنام بىلەن» دەپ، نېرى كەتكەن. ئېھتىمال، شۇ بولۇشى كېرەك.

ـبەلكى شۇدۇر، بەلكى. تەخمىنلىدى ئابباسوۋ. ئۇنىڭ سۆزىدىن كېيىن ھەممىسىنىڭ ئۆزىنى گۇمان پەردىسى قاپلىغاندەك بولدى. كىم بىلىدۇ، تەجرىبىلىك جاسۇس ليۇبىڭدى ئۈچ پىكىرداشنىڭ رەھىمجاننىڭ ئۆيىدە يىغىلىشقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ھەقىقىي قۇسەن ئورنىدا باشقا بىر قازاقنى ئەۋەتىپ سىنىماق بولغاندۇر. رەھىمجان بىلەن غېنىنىڭ بۇرۇنقى مۇناسىۋىتىنى شىڭ-شىسەينىڭ جاسۇسلۇق ئورگانلىرى بىلمەي قالامدۇ. بەلكى قاسىمجاننىمۇ غېنىغا مۇناسىۋەتلىك دەپ گۇمان قىلار. چۈنكى ئۇنىڭ زىنداندىن بوشانغىنىغا بىر يىلچە بولغان. ھەممىلە يەردە، يامغۇردىن كېيىن يەر يېرىپ چىقىدىغان مەدەكلەردەك، لىپپىدە پەيدا بولىدىغان جاسۇسلار ئازمۇ؟ ئادەمگە ئادەم گۇمانلىق قارايدىغان مۇدھىش زاماندا توساتتىن «مەن غېنىنىڭ ئادىمى» دەپ كەلگەن ئادەمگە دەرھال ئىشىنىش ساددىلىق بولار.

ـكۆڭلۈم «ئىشەن، ئىشەنگىن» دەپلا تۇرىدۇ، ـ دېدى ئېغىر سۈكۈناتنى بۇزۇپ رەھىمجان، ـ ئۇلار تۆرت كىشى، تۆرتىلىسىلا قۇراللىق ئىكەن.

ــ مېنىڭمۇ ئىشەنگۈم كېلىۋاتىدۇ، ــ دېدى قەمبەرىي.
ــ ئۆتمۈشتىكى مۇناسىۋەتلەرنى ئەسلىتىدىغان بىرەر بەلگۇ ــ نىشاننى دېمەيتىمۇ؟ ــ سىنچىلاپ سورىدى ئابباسوۋ.
ــ جامى «تۆشۈككە» ئېيتىپ قويسۇن: مەن زىنداندا بوش ئەمەس، ئۇن «خەنلەيلۇن» ئۇگەندىم دەپتۇ. غېنى ئەستەرلىك گەپكە چېۋر بولىدىغان، ــ دەپ نەچچە يىللار ئىلگىرى، چۆلۇقايدىكى بەزمىدە مەھەممەتجاننىڭ جامىكام ئالدىدا بەش «خانلەيلۇننى» ئېيتقانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.
ــ بۇ گەپنىڭ جېنى بار ئېكەن، ــ ئويلىنىپ قالدى ئابباسوۋ ۋە: ــ سىز ئۇنىڭغا سۆز قىلمىغانسىز؟
ــ سۆزنى ئاڭلىدىم، جاۋاپ بەرمىدىم.
ــ رۇخسەت قىلساڭلار، مەن سۆزلىشىپ باقاي. بەلكىم كۆرسەم تونارمەن.
ــ قانداقچە سۆزلىشىسىز؟ قەمبەرىيگە تىكىلدى ئابباسوۋ.
ــ ئېيتىمهان ئالىمەن.
ــ راستىنلا ئېيتىمهان ئالىمەن. ئەگەر ئۇرۇمچىدىكى ئالتە زىنداننىڭ ئىۋىر-چىۋىرلىرىنى ئېيتىپ بەرسە، دېمەك، قۇسەن بولۇپ چىقىدۇ. ئېيتىپ بېرەلمەيدىكەن رەھىمجان لىيۇبىڭدىگە خەۋەر بېرىپ، جاسۇسنى جاسۇسقا تۇتۇپ بېرىدۇ، ــ دەپ ئۆز پىكرىنى ئىسپاتلىدى قەمبەرىي.
شۇ كېچىسى شەھەرگە چېتىلاش جايدىكى رەھىمجاننىڭ داچا ئورنىدىكى جاڭزىسىدا رەھىمجان بىلەن قەمبەرىي قۇسەندىن «ئېيتىمهان» ئالدى. قازاق قېرىنداشلار بىر كۆرگەننى ئۇنتىمايدىغۇ. قۇسەن «ئېيتىمهاندىن» ئەلا دەرىجىدە ئۆتەلىدى: ئۇرۇمچىدىكى زىندانلارنىڭ كۆلەملىرىنى، سوراق ۋە قىيناش ئورۇنلىرىنى، ھەتتا بەد-بېشەر گۇندىپايلارغا مەھبۇسلار تەرىپىدىن قويۇلغان لەقەملىرىگىچە ئېيتىپ بەردى.
قۇسەننىڭ دېگەنلىرى تۇزۇپ چىققان ئويدۇرمىغا زادىلا ئوخشىماتتى. خۇسۇسەن، بەش-ئالتە يىل تۇرمىدە يېتىپ، ھەممە گۇندىخانىلارنى چالا قويماي «ئىستىقامەت» قىلغان قەمبەرىينىڭ سوراقلىرىغا دۇدۇقلىماي جاۋاپ بەرگەنلىكى ۋە قەمبەرىينى كۆرۈش بىلەنلا تونۇغانلىقى كۆڭۈلنى تىندۇرغان ئىدى.
ــ سەن بۇرۇن غۇلجىنى كۆرمىگەن بولساڭ، رەھىمجاننىڭ ئۆيىنى قانداق تاپتىڭ؟
ــ غاينام ئېيتىپ بەرگەن، ــ كۈلۈمسىرىدى قۇسەن.
ــ كۈلىسەنغۇ؟
ــ ئاتىنىڭ قاشقىسىدەك، چوڭ يولنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا قاقىيىپ تۇرغان «ئۈچ دەرۋازىنى» كىچىك بالىمۇ تېپىپ كېلەر.
ــ ئۇيغۇرچىنى ياخشى بىلىدىكەنسەن.
ــ سۇيدۇڭ بايلىرىنىڭ قويىنى باققان. كىچىگىمدىن ئۇيغۇرلار بىلەن بىللە، ــ يەنە كۈلۈمسىرىدى قۇسەن مەغرۇرلانغاندەك.
ــ نېمە سەۋەپتىن سولاندىڭ؟
ــ بۇ زاماندا زىنداندا ياتمىغان ئەرنى تاپماق تەسقۇ دەيمەن.
گەپ ئورنىغا چۈشكىنىگە سابىرىي بىلەن قەمبەرىي كۈلۈشتى.
ــ زاماننىڭ خەتەرلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ كەپسەن. سېنى تۇتۇپ بېرىشتىن قورقمىدىڭمۇ؟
ــ سىلەردەك يۇرت مۆتىۋەرلىرى جاسۇسلۇق قىلسا بۇ دۇنيادا ياشاشنىڭ نېمە كېرىگى بار؟
ــ سېنى غېنى نېمىلەرنى بىلىپ كەل دەپ ئەۋەتتى؟
ــ بىرىنچى، رەھىمجان ئامان بارمۇ، نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ، ئىككىنچىسى «ئالتە ئوغرى» دېگەنلەر كىملەر، ئۇلارغا قوشۇلۇشقا بولامدۇ؟ موشۇ ئىككى ئىشنى بىلىپ كەل دەپ ئەۋەتتى.
ــ سىلەر، غېنى ئىككىڭلار، «ئالتە ئوغرىغا» قوشۇلامسىلەر ياكى ئالتە باتۇرغىمۇ؟ ــ سورىدى قاسىمجان قەمبەرىي .

بۇ قېتىم قۇسەن نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي سەل تىڭىرقاپ قالدى. ئۇ ھەتتا رەنجىگەندەك تۇس ئالدى.
ـ خىتاي قاراقچىلىرى «ئالتە ئوغرى» دەپ تەتۈر تەشۋىق قىلىۋاتقانلار ئوغرىلار ئەمەس، ئىسيانكار باتۇرلار، ـ دەپ چۈشەندۈردى رەھىمجان.
ـ بىز زىنداندىكى چاغدا چالا-پۇچۇق ئاڭلاپ، شۇلارغا قوشۇلۇشنى نىيەت قىلغان. غايىنام قەيەردە بولسا ـ مەن شۇ يەردە.
ـ دېمەك، نىيىتىڭلار قەتئىي؟
ـ قىزىق. نىيەت چىڭ بولمىسا، بۇ يەردە سەندىلىپ يۈرمەس ئېدىم، ـ قەتئىي دېدى قۇسەن ۋە غېنى بىلەن بىرلىكتە زىنداندىن قېچىشتىن بۇ يانقى «ھەملىلەرنى» سۆزلەپ بەردى.
ـ غېنىنىڭ رەھىمجانغا بولغان ئىشەنچىسىنى، ھۆرمىتىنى ئېيتتىڭ. ئەندى رەھىمجان ساڭا بىرەر تاپشۇرۇق بەرسە قانداق قارايسەن؟ ـ جىددىي رەۋىشتە سورىدى قەمبەرىي .
ـ ئويباي، يول كۆرسىتىدۇ، تاپشۇرۇق بېرىدۇ دەپ كېلىپ ئولتىرىپتى-مەنغۇ! ـ ئورنىدىن تۇردى قۇسەن.
ـ ئورتار، ئولتار، ـ قۇسەننىڭ مۈرىسىنى دوستلارچە پەپىلىدى رەھىمجان، ـ ساڭا ئىشىنىمىز. غېنى بىزگە ئىشەش باغلاپ سېنى ئەۋەتكىنى ئىنتايىن ئەقىلانە ئىش بولدى. بىزما غېنىنىڭ زىنداندىن قاچقانلىغىنى ئاڭلاپ خوشال بولدۇق. ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەت باغلاشنى نىيەت قىلغان ئېدۇق، مانا، ئۆزەڭ كېلىپ، بىزنىڭ يولنى قىسقارتتىڭ.
سابىرىي بىلەن قەمبەرىي «ئازاتلىق تەشكىلاتى» ۋە ئۇنىڭ پائالىيىتى توغرىلىق چۈشەنچە بەرگەندىن كېيىن شۇ كېچىسىلا قۇسەننى يولغا سالدى. شۇ كۈندىن ئېتىۋارەن غېنى ۋە «ئالتە باتۇر» بىلەن بولىدىغان مۇناسىۋەتنى باغلاپ تۇرىدىغان ۋاستىچىلارنىڭ بىرى قۇسەن ئېدى.

***

ئۈچ كۈندىن بۇ يان توختىماي ياققان سىم-سىم يامغۇر يەر كۆكسىنى پىلىكتەك ئىرىتۋەتتى. دېرىزە پەردىسىنى قىيا ئېچىپ، ھۆسنى-جامالىنى كۆرسىتىپلا، قايتا يېپىۋالغان جانەن قىزلاردەك، قېلىن بۇلۇتلار قاتلىمىنى يېرىپ غىلپال كۆرۈنگەن قۇياش نۇرىدىن گىيالار بەرگىگە قونغان يامغۇر قەترىلىرى خۇددى ماجاندەك پاقىراپ كېتىدۇ. ساي-سالالاردىن شىرغىپ ئاققان يامغۇر سۈيى قوشۇلمىسىدىن ئۇلغايغان چوڭ غول سۈيى، باھار پەسلىنىڭ قۇدرەت-كامالىنى كۈيلىگەندەك، ئۆركەشلەپ، شاۋقۇن كۆتىرىپ ئاقىدۇ.
تۆرتىنچى كۈنى بۇلۇتلار تارقىلىپ ھاۋا سۈپەتەك ئېچىلدى. ئاپتاپ چىقىپ قارلىق چوققىلار ئەينەكتەك يالتىراپ، قارغايلىق غوللار، ئارچىلىق ئىدىرلار، ئوتلاق تەكچىلەر يېشىل مەخمەلدەك تاۋلىنىپ، تاغ ھۆسنى بېغۇبار تۇسكە كىردى. قۇياش تەپتىدە ئارچىلار ۋە گۈل-گىيالار ئىللىق پۇراق چېچىپ، تاغ ئىچى مۈشكى-ئىپارغا تولدى. ئېھ، دىلغا ئارام، تەنگە راھەت بېغىشلايدىغان تاغ مەنزىرىسى...غېنى گۆزەل قىزغا مەپتۇن بولغاندەك تاغا مەنزىرىسىدىن كۆز ئۈزمەي، تېلىقىپ قارىماقتا. ئۇنىڭ كۆزلىرى-بىردىن تاغ باغرىدا يايراپ يۈرگەن ژىلقا توپىغا چۈشتى. يامغۇردا پاكىزە يۇيۇلغان ئاتلارنىڭ تۈكلىرى ئاپتاپتا ۋالىلداپ، كۆزلەرنى قاماشتۇرىدۇ. «ئات جانىۋار تاققا زەپمۇ يارىشىدۇ...» پىچىرلىدى ئۇ. شۇ ئارىلىقتا ئۈيرىسىنى ئالدىغا سالغان مەخمەل قارا ئايغىر ئىككىنچى قىرقا ئۈستىدە پەيدا بولدى. ئايغىر: «بۇ ئەتراپ ماڭا تەۋە» دېگەندەك كۈچلۈك كىشنىۋېدى تاغ ئىچى مىلتىق ئاتقاندەك جاراڭلاپ كەتتى. قارا ئايغىر ئۈيرىسىنى تۈگەللىگەندەك بىر ئايلىنىپ چىقتىدە، بايتاللارنى ئالدىغا سېلىپ، گۈكۈرەپ ئېقىۋاتقان غول سۈيى تەرەپكە سۈرۈپ كەتتى. ئىشتىياقى قوزغالغان غېنى ژىلقا توپىنى بىرىنچى قېتىم كۆرگەندەك، ئاتلار چاپچىپ سۇ ئىچىپ، يان باغرىغا

يېپىلغىچە كۆز ئۇزمەي قاراپ تۇردى. قولىدا قۇرۇق، ئات ئۈستىدە قۇرغۇي ئوخشاش چاققان ئولتارغان ژىلقىچى يىگىت قارىغايلىق بۆكتەرنى يانتۇلاپ ئۆلەن ئېيتىپ كەلمەكتە. جاراڭلىق ئۆلەن ساداسى قىيا تاشلاردىن گويا ئونلىغان ئۆلەڭچىلەر بىرىكىپ ئېيتقاندەك كۈچلۈك، ئەتراپ تىترىگەندەك، ئەكىس سادا ھاسىل قىلدى.

غېنى تاغنى ياخشى كۆرەتتى. تاققا يارىشىدىغان قازاق مەيىشتىنى، ــ قازاق خەلقىنى چىن دىلىدىن سۆيەتتى. ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ نىسپى تاغ بىلەن، تاغلىق دوستلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. تاغ ۋە تاغلىقلار ئۇنىڭغا نەچچە قېتىم پانا بولغانغۇ، ئاخىر! بۇ قېتىممۇ زىنداندىن قېچىپ، تاققا يوشۇرۇندى. تاغلىق دوستلىرى: قازاق، قالماقلار كەڭ قوينىنى ئېچىپ، ئۇنى كۈتۈۋالدى. ئاز كۈن ئىچىدىلا ئۇنىڭ جاراھەتلىرى، كۆڭۈل غەشلىگى سەللىمازا ساقىيىپ، ئاۋالقى بەقۇۋەت ئەكسىگە كەلدى...

ژىلقىچى يىگىتنىڭ مۇڭ-زارغا تولغان ۋە ئەينى ۋاقىتتا مۇھەببەتنى كۈيلەيدىغان ئۆلىڭى پالۋاننىڭ ھىس-تۇيغۇلىرىنى قوزغاۋەتكەن ئېدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا چولپان قىزنىڭ جانان چىنىدەك بېجىرىم سىماسى تىكلەندىدە، ئۆتمۈش خاتىرىلەر كۆڭلىدىن كېچىپ، يۈرىگى لوقۇلداپ كەتتى. «چولپان ھايات بارمېكىن؟ ئەگەر ھايات بولسا كىمگە...» بىر ئادەم سىلكىپ كۆتەرگەندەك ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كەتتى. زىنداندىكى چېغىدىمۇ، خۇددى تېگى يوق قۇدۇقتەك قاراڭغۇ تۈنلەردە چولپاننى ئەسلەپ، ئۇنىڭ قوغۇنلۇقتا كۆرگەن جامالىنى خىيالەن كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتىدە، تەلپۈنۈپ ئورنىدىن قوزغىلاتتىيۇ، قوش كىشەنلەر شاراقلاپ كەتكەندە بەنت ئېكەنلىگىدىن، چولپانغا قولى يەتمەسلىگىدىن ئۆكۈنۈپ، ئاھ ئۇراتتى. بۈگۈن ئۇنىڭ پۇتلىرى بەنت ئەمەس، ھاۋادىكى بۈركۈت مىسالى ئەركىن. شۇ تاپتا قارىغاي ئىچىدە باغلاقلىق تۇرغان ئېگەرلەكلىك ئېتىنى مىنىپ، غۇلجىغا ئۇدۇل ئات چېپىپ كىرەلەيدۇ، چولپاننى تاپالايدۇ... ئۇ ئىلدام بېرىپ ئېتىنى باغلاقتىن يەشتىيۇ، دەرھال ئاتلانمىدى. قۇسەننى كۈتۈش كېرەك، قۇسەن كەلمىگىچە ئۇ ھېچ نەگە كېتەلمەيدۇ ــ كەتسە ئىش بۇزۇلىدۇ...

غېنى ئېتىنى قايتىدىن باغلاپ قويۇپ، ئارچا شاخلىرى بىلەن دەستىلەنگەن ئورۇنغا سۇنايلىنىپ ياتتىدە، ئاسمانغا قادالغان پېتى خىيال سۇردى. ئۇنىڭ ئۇچقۇر خىياللىرى ھايات يولىنى قوغلىشىپ، ھەممە كەچمىشلىرىنى ئارىلاپ چىقتىيۇ، لېكىن ئۆتمۈش مەئشىي گادىرماشلىقتىن بىرەر خۇلاسە چىقىرالماي، ھارغىن قاپاقلار يېپىلدىدە، ساپ ھاۋادىن مەس بولغاندەك، ئۇيقىغا كەتتى.

قۇسەن دېگەن ۋاقىتتىن كېچىكىپ، چارۋا ماللار ئوتلاقتىن قايتىپ،ئاۋۇل ئەتراپىدا كەچكى كاكۇنچىلىق باشلانغان چاغدا يېتىپ كەلدى. قۇسەننىڭ ئېلىپ كەلگەن خۇش خەۋىرىنى ئاڭلاپ، خوشاللىغىدىن ئورنىدا ئولتىرالماي قالغان غېنى قاراڭغۇ چۈشە-چۈشمەيلا ئاتلاندى ــ ئۇ بۈگۈن كېچە دېگەن مەنزىلگە يېتىشى كېرەك.

ئون تۆرتىنچى باپ

قارارىنى تاپقان ئادەم قاراڭغۇدىن يورۇقلۇققا، تۇيۇق كوچىدىن تۈزۈك يولغا چىقىپ قالغاندەك بولىدۇ. رەھىمجان سابىرىي بىلەن مۇناسىۋەت باغلىغاندىن ئېتىۋارەن كۆز ئالدىدا نىجات يۇلتۇزى يورۇغاندەك ھىس قىلىشقا باشلىدى غېنى. ئۇ ئەندى يەككە-يېگانە ئەمەس. «ئالتە قەيسەر» ۋە «ئازاتلىق تەشكىلاتى» سېپىدىكى يۈزلىگەن سەپەرداشلار بىلەن بىر قاتاردا تۇرۇپ ئازاتلىق-مۇستەقىللىق ئۈچۈن كۈرەشىدۇ. ياۋۇز دۈشمەنلەر بىلەن ئېلىشىپ، ۋەتەننى ئازات قىلىدۇ. ئۇ ئۆمۈر بويى موشۇ ئازاتلىق يولىنى ئىزدىگەن، كۆپ ۋاقىتلاردا نېمە قىلارىنى بىلمەي گاڭگىرىغان ئەمەسمېدى؟ ئۇ ئۆتمۈشتە نە جاپالارنى چەكمىدى؟ مانا ئەندى ئۇنىڭ ئالدىدا بارىدىغان يولى ئېنىق، كۆزلىرى يۇلتۇزدەك روشەن... غېنىنىڭ ۋۇجۇدىنى غالىپ ئويلار، قەلبىنى بولسا ــ ئىزگۇ ئارمانلار چۇلغاپ، كۆز ئالدىدا شىددەتلىك جەڭلەر ئەلەڭگىلەپ، شۇ جەڭگە، ھايات-مامات ئۈچۈن كۈرەش جېڭگە تەلپۈنەتتى.

ئۇنىڭ ئىنتىلىشىنى، مەنزىلگە تېزىراق يېتىشنى ئالدىراۋاتقانلىقىنى سەزگەندەك، ئاستىدىكى ئالا ئاتنىڭ ئاياقلىرى يەرگە تەگمەي، ئۇچقاندەك ئىلدام كېلىۋاتىدۇ. چېچەن ئات ئېگىسىنىڭ مەقسىتىنى بىلىدۇ. ئات ـ غېنى ئۈچۈن، غېنى ـ خەلق ئۈچۈن يارالغاندە: غېنىنىڭ تەرىپى بويىچە: «ئالا ئاتنى ئۇنىڭغا خىزىر يولۇقتۇرغان». ئالا ئاتقا مىندى ـ ئامەت كەلدى. ئالا ئاتقا مىندى ـ كۈرەش يولى ئېچىلدى. ئالا ئات كۆزلىگەن مەنزىلگە يەتكۈزەلەيدۇ...

ئەتىسى بۇلۇكەي غولىغا يېتىپ كەلگەندە شىمالغا قاراپ مېڭىش ئورنىغا ئېتىنىڭ بېشىنى جەنۇپقا بۇرىغان غېنى بۆك تاللىق ئىچىگە كىرگەندە توختاپ، يولداشلىرىنى ئاتتىن چۈشۈشكە ئىما قىلدى. يولداشلىرى ھەيران قېلىشىسىمۇ غېنىنىڭ رايىچە بولۇشتى.

ـبوي تۇرقىمىز بۇقىدەك يىگىتلەر قۇرۇق قول بارىمىزما؟ ـ دەپ يولداشلىرىغا بىر-بىر نەزەر تاشلىدى غېنى.

سۇ بويىدىكى چىمەنلىكتە چازالىرىنى قۇرۇپ ئولتىرىشقان يولداشلىرى غېنىنىڭ نېمە دېمەكچى ئېكەنلىكىنى ياخشى پەرۋا قىلالماي، جاۋاپ بېرىش ئورنىغا بىر-بىرىگە مەنىلىك قاراشتى.

ـسەن، قۇسە، نۇراخۇن ئىككىڭلار ئۇلاستايغا بېرىپ ئەھۋالنى ئۇقۇپ كېلىڭلار.

ـسەنچۇ؟ ـ سورىدى قۇسەن.

ـمەن بۇلۇكەينى ئايلىنىپ چىقاي، ـ دېدىدە، ئارتۇق گەپ-سۆز قىلماي ئورنىدىن تۇردى غېنى. يولداشلىرى ئۇنىڭ رايىچە بولۇشتى...

ھەجەرخان كۆكتاتلىقتا سۇ ئېچىپ تۇرۇشىغا قورۇق تامدىن كىمدۇر بىرسى ئارتىلىپ چۈشكەندەك قىلدى. كېچىدە تام ئاتلاپ يۈرگەن ئادەمنىڭ كىملىگىنى، نېمە قىلماقچى ئېكەنلىگىنى بايقىماق بولغان ھەجەرخان دەرھال ئۆرۈكنى دالدىلاپ، ھەر ئېھتىمالغا قارشى، كەتمەننى تۇتقان ھالدا ماراپ تۇردى. تام ئاتلىغان ئادەم زوڭزىيىپ ئولتىرىپ، باغ ئىچىگە سەپ سېلىپ قارىدىدە، مېۋە دەرەقلىرىنى ئارىلاپ ئۆتۈپ، كۆكتاتلىق سەيناغا كېلىپ توختىدى. «خاتالاشمىغاندىمەن؟» دېگەندەك ئەتراپىغا قارىدى.

ـسەنمېدىڭ، پالۋىنىم! ـ دېگەن پېتى دالدىدىن چىقتى. غېنىنىڭ بەستىدىن تونۇغان ھەجەر قول يېيىپ كەلگەن پېتى باتۇرنىڭ بېلىدىن قۇچاغلاپ ئىككى-ئۈچ قېتىم ئورنىدىن قوزغىدى ۋە خوشاللىقىنى باسالماي يىغلاۋەتتى.

ـئاستاراغۇي «ئېيىق» بېلىمنى ئۈزۈۋەتمە! ـ دېدى مېھرىۋان ئېقىدىدىن ھاياجانلانغان غېنى.

ـيا، ئاللاھ! سېنىمۇ كۆرىدىغان كۈن بار ئېكەن... ماڭا قارىغىنا، سەنمۇ ئەمەسمۇ؟

ھەجەرخان سايراپلا كەتتى، ـ يۈرى، يۈرى ئىنىم، ئۆيگە كىرىپ ئارام-خۇدا مۇڭدىشايلى: دەرت-ئەلەمدىن يۈرەكلەر زەرداپ بولۇپ كەتتى.

ـتوختا. قولۇمنى قويىۋەت. ئۆيگە كىرمەيلى. موشۇ باغنىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئولتىرىپ سۆلىشەيلى، ئۆزەڭ بىلىسەنغۇ ...

ـبىلىمەن، بىلىمەن: زىنداندىن قاچقىنىڭنى ئاڭلاپ بېشىمىز كۆككە يەتتى. غوجەك شاڭيۇ ئوخشىغان دۈشمەنلىرىڭ چېرىكلەرنى ئەگەشتۈرۈپ بۇ ئەتراپنى قاسىرىۋېتىشتى. ئاغىنە-ئۆڭگىلىرىڭنىڭ قۇلاقلىرى دىڭ ـ يولۇڭغا قاراقلىق. يۈسۈپ «ئاقۋاش» دېگەن سېنى ئىزدەپ يۈرىدۇ.

ـيۈسۈپ؟! ئۇ مەشەدىمۇ؟

ـباياراقتىلا چۈلۈقاي تەرەپكە كەتتى. مەنما بۇلۇكەيگە بۈگۈن كېلىشىم.

ئىككىسى ئاستا سۆزلىشە-سۆزلىشە باغنىڭ بىر بۇلۇڭىدا قويۇق ئۆسكەن ئەينۇللارنىڭ ئارىسىغا كېلىپ ئولتىرىشتى.

ـئالدىراپ تۇرىمەن. ماڭا تەن سۆزۈڭ بولسا قىسقىچىلا ئېيت.

ـ قىزىڭ بىلەن ئوغلۇڭ بوي تارتىپ قېلىشتى. ئاكىلىرىڭما ئامان-ئېسەن...راستىنى ئېيتسام سېنىڭ ئۇچۇن ئۇلارنى «گۆرە» ھېساۋىدا تۇتۇپ تۇرىدۇ. مەھەممەتجان ئاغىنەڭ بولسا سولاقتا...
بۇ خەۋەرنى يەتكۈزگىنىگە خىجىل بولغان ھەجەرخان جىمىپ قالدى.
ـ قىسىلماي ئېيتىۋەر.
ـ قاش-قاراباغنىڭ ھەممە ئەتراپىدا ھاكىم شاڭيۇ باشلىق پۇخراچە كىيىنگەن چېرىكلەر قاسرىشىپ يۈرىشىدۇ. ئۇ تەرەپكە ئۆتكۈچى بولما.
ـ بۇ گەپلەرنى قاسىم مىراپتىن ئاڭلىدىم. يەنىچۇ؟ سورىدى غېنى. ئۇنىڭ چولپان توغرىلىق بىلگۈسى كېلەتتى ھەجەرمۇ غېنىنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلگەندەك چولپان توغرىلىق گەپ ئاچمىدى. ـ چولپان پاجىئەسىنى ئېيتىشقا تىلى بارمىدى. ئۇ گەپنى باشقا قىنغا سالماق بولۇپ مۇنداق دېدى:
ـ سەن ئارا بولغان زەينەپ بىلەن باۋدۇن ئىككىسى قەۋەتلا ئىناق تۇرۇشىدۇ. بىر ئوغۇل، بىر قىزى بار.
ـ ئۇلار موشۇ بۇلۇكەيدىمۇ؟
ـ ھە، مەشەدە. تىرىكچىلىكى يامان ئەمەس.
ـ ئىنىڭ شېرىپخان توغرىلىق گەپ قىلمايسەنغۇ؟
ـ قې-رىندىشىم ...
ھەجەرخان ھەسرەتلىك پىغان چىقاردى ـ بۇقۇلداپ يىغلاشقا باشلىدى.
ـ سەۋىر قىل. غەيرەتلىك ئېدىڭغۇ، بۇما ئۆتۈپ كېتەر. شېرىپخان ئوغۇل بالا قەيەردىن بولسا پۇتۇن چىقالايدۇ.
ـ ئۇ، ئۇ ھايات ئەمەس، يوق... ئۇنى ئېتىۋېتىشتى...
ـ نې-مە؟! ـ توساتتىن چوقماق تەككەندەك بېشى ئايلىنىپ، كۆزلىرىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى غېنىنىڭ. «ئېتىۋېتىشتى...» بۇ دەھشەتلىك ئىبارىنى نەچچە قېتىم تەكرارلىدى ئىچىدە. لېكىن ھەجەرخاندىن سەۋەبنى سورىمىدى. سوراشنىڭ نېمە ھاجىتى بار؟ جاللات شىڭ-شىسەي ھۆكۈمرانلىق قىلغان زاماندا بىھۆدە ئېتىلغان-چېپىلغان ئادەملەر ئازمۇ؟ شېرىپخان بولسا شۇلارنىڭ بىرىدە! خەپ، شېرىپخاندەك قىران يىگىتنىڭ ئېتىلىپ كېتىشى ئەلەم قىلىدۇدە! شېرىپخاننىڭ باقۇۋەت، ئۇيۇل تاشتەك ئەپتى غېنىنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولدى ۋە بۇنىڭدىن ئالتە-يەتتە يىل ئىلگىرى بولغان بىر ۋاقىئە كۆڭلىدىن كەچتى: ئىسسىق ياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ئىككى دوست ـ غېنى بىلەن مەھەممەتجان كەچكى سالقىندا شەھەردىن ئۆيلىرىگە قايتىشتى. ئۇلار ئاتلىرىنى يۈرۈشكە قويۇپ، يول بويى ناخشا ئېيتىشىپ كېلىشەتتى. خۇدىيار يۈزىگە كىرەردە ئالدىدىن بىر ئاتلىق چىقتىدە، ئۇلارغا ئىككى يۈز قەدەمچە قالغاندا توختاپ، يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا توغرىسىغا تۇرۇۋالدى ـ بۇ يول تورىغانلىق ئېدى. بۇ كەملەردە غېنى پالۋاننىڭ ئالدىنى تورىغان كىم؟ ئون جېنى بار ئادەمىېكىنە؟ شىر كەيپە غېنىنىڭ جۇدۇنى تۇتتى. ئۇ نېرىدىنلا: «يولنى بوشات! ھېلى ئاناڭنى ئاختامىدا كۆرسىتىمەن!»ائاگاھلاندۇردى غېنى.
ـ غېنى پالۋان دېگەن سەن بولساڭ، ـ دېدى «پالۋان» ئىبارىسىنى پىسەڭ قىلمىغاندەك قەيىت قىلغان يىگىت، ـ يولنى يېرىپ ئۆتكىن!"
ـ شۇن-داقمۇ؟! غېنى ئېتىنى قامچىلىدى ۋە چاپتۇرۇپ كەلگەن پېتى ئۇنىڭ ئالدىنى تورىغان «نوچىنى ئوغلاق تارتقاندەك تېقىمغا باساق بولدى، ئەتىمالىم، بېلىدىن تۇتۇپ ئېگەردىن يۇلماق بولۇپ تارتىۋېدى، ئۇيۇل تاشتەك ئېغىر يىگىت بۇلجۇپما قويمىدى. ئەكسىچە ئېتى بىر يانغا قىڭغىيىپ يىقىلغىنى تاسلا قالدى. ئۇڭغىچە غېنىنىڭ كۈچلۈك چاڭگىلىدىن بوشىنىپ ئۆزىنى ئوڭلاۋالغان يىگىت تۆرت ئۆرۈم تېۋىلغا ساپلىق قامچىسىنى سالغا ئاتقاندەك، پۇلاڭلىتىپ غېنىنىڭ ئىككى تاغىغى ئارىسى ـ ئومۇرتقىلىرىنى بويلىتىپ شۇنداق سالدىكى، ھەي ھات! ھېچ قاچان قامچا زەپتىدە قىڭغايمىغان غېنى پالۋان ئاتتىن ئۇچۇپ چۈشكىنى تاسلا قالدىيۇ، لېكىن ئېتىنىڭ بوينىنى

قۇچاقلاۋالدى. ئۇ ئېسىنى دەرھال يىغدىدە، نومۇس ۋە غەزەپ كۈچى بىلەن يىگىتكە ئېتىلدى. بۇ قېتىم يىگىت پالۋان ئاكىسىغا رىئايە قىلدىمۇ ياكى بولمىسا غېنىنىڭ بىساتىدىكى كۈچ خورۇشى تۇتتىمۇ، قامچىسى يىگىتنى ئاتتىن ئۆرۈپ چۈشكەن ئىدى. مەرت يىگىتلەر ھېچ قانداق ئاداۋەت ساقلىماي، شۇ يەردىلا دوستلاشتى. شېرىپخان غېنىنى بۇلۇكەيدىكى ئۆيىگە باشلاپ كېلىپ، ئۈچ كۈن مېھمان قىلغان. مانا، ھازىر شۇ باغدا ئولتىرىپتۇ...

ئەپسۇسكى، شېرىپخان يوق. بولسا غېنىنىڭ ئوڭ قانىتى بولار ئىدى، خەپ! غېنى ئۆكۈنۈشلۈك پىغان چىقاردىدە، بىر كىشى ئۈنى ئورنىدىن يۇلۇۋالغاندەك دەس تۇرۇپ كەتتى.

ـقانداق قىلاي، غېنەم، بېشىمنى تاشقا ئۇرسامما ئورنىغا كەلمەس... شېرىپخاننىڭ ئورنىدا سەن بار ئەندى، ئۇكام.

ـساڭا بىر ئىش تاپشۇرسام ھۆددىسىدىن چىقالامسەن؟ ـ سورىدى غېنى.

ـچىقمامدىغان! قەيەرگە باشلاپ بارساڭ بىر ئەر كىشىنىڭ خىزمىتىنى قىلالايمەن، ـ غەيرەتلىك ئايال غېنىغا بويلاشتى، ئۇنىڭما بەستى زور ئىدى.

ـبۈگۈن كېچە چۆلۈقايغا بېرىپ يۈسۈپ ئاقۋاشنى تاپقىن، ئەته ۋاقتىدىن قالماي، بۇلۇكەي غولىدا بىزگە قوشۇلسۇن...

ـمەنچۇ، مەن؟ ـ غېنىنىڭ سۆزىنى بۆلدى رەنجىگەن ھەجەر، ـ مېنى ئاجىز، ئات ئۈستىدە ئولتىرالمايدۇ دەمسەن؟

ـئۇنداق دېمە. سەن «ئېيىقنى» ئەر كىشىگە تېگىشمەيمەن. ۋاقىت كەلگەندە قولغا مىلتىقمۇ ئالىسەن تېخى. ھازىرچە باشقا قىلىدىغان ئىشىڭ بار. مىنگىدەك ئېتىڭ باردۇ؟

ـھېلىقى ئوغلاق بەرمەيدىغان تورۇق ئېتىمدىن ئاللىقاچان ئايرىلدىم ـ خىتاي گېزەندىلەر گەز ئات ئالىمىز دەپ تارتىۋالغان.

ـئات يەتكۈزۈپ بېرىمەن.

ـياق، ئۆزەمنىڭ تاپقۇچىلىگىم بار. خىزمىتىڭنى ئېيتىۋەر.

ـئارائۆستەڭلىك قاسىم مىراپقا بېرىپ ئېيت: تەييارلىماقچى بولغان يىگىتلىرىنى مېنى كۈتمەستىن، نىلقا تېغىدىكى «ئالتە قەيسەرگە» ئەۋەتسۇن، ئۇقتۇڭما؟

ـئۇقماي، مېنى گاراڭ دېۋىدىڭمۇ؟

ـئەندى مەن كېتەي. راستلا، باۋدۇن خالىسا ئۇنىما يولغا سالارسەن. خوش، ئامان بول.

ـتوختا، غېنەم! ئۇسۇلۇق بولسىمۇ ئىچمەي كېتەمسەن؟

ـقېتىغىڭ بولسا ئىچسەم ـ ئىچەي.

ھەجەرخان، كېلىنىنى (شەرىپخاننىڭ ئايالى) ئويغاتمايلا، قازناقتا كىرىپ، بىر تەشتەك قېتىق بىلەن بەش يېسا نان كۆتىرىپ چىقتى. غېنى تەشتەكتىكى قېتىقنى دەم ئالماي ئىچكىچە ھەجەرخان ئۇنىڭغا ھەۋەسلىنىپ قاراپ تۇردى ۋە نانلارنى دەستىخانغا تۈگۈپ، غېنىغا قولتۇقلاتتى.

...ئەتىسى دەل ۋاقتىدا، كۆرسىتىلگەن جايدا دوستلار جۇغى-جەم بولۇشتى. يۈسۈپ ئاقۋاش باۋدۇننى باشلاپ كەپتۇ. ھەممىدىن خەۋەردار يۈسۈپ ئاقۋاش ئادىتى بويىچە ئۆزىنىڭ بىلگەن-كۆرگەنلىرىگە ئۈستىلەپ قېتىپ-چېتىپ خېلە نۇرغۇن نەرسىلەرنى سۆزلەپ بەردى. ئەگەر ۋاقىت جىددىي بولمىسا ئۇنىڭ گەپ «دەسمىيىسى» خېلە كۈنگە يېتەتتى.

ـتوختا «ئاقۋاش»، تولا شاخ ئارىپ كەتمە، گەپ دېگەننىڭ تۈگۈچى بولىدۇ، ـ دېدى غېنى، ـ مەھەممەتجاننىڭ ئامانلىغى راستمۇ؟

ـتۈرمىدە بىللە ياتقان بىلال دېگەن بالىدىن ئاڭلىدىم. سېنىڭ «قۇيرۇقلىرىڭ» دەپ سولانغانلارنىڭ ئىچىدە مەھەممەتجان، غالدان. قەمەشلەر ئامان ئىكەن...

ـ قالغانلارچۇ، قالغانلار؟ يوشۇرماي ئېيت! ـ يۇسۇپكە تىكىلدى تاقەتسىزلەنگەن غېنى.

ـ بىلمىدىم...

ـ نۇسرەت خەلپەتچۇ؟

ـ بىلمىدىم...

يۇسۇپ ئاقۋاشتىنمۇ چولپان توغرىلىق ھېچ گەپ چىقمىغانلىقىغا جېلى بولغان غېنى بىر نەچچە دەقىقە گەپ-سۆزسىز ئولتاردىدە، نېمىنىدۇر جەزم قىلغاندەك قۇسەنگە قاراپ:

ـ ئۇلاستايدىكى ساقچى چارىسىدا بەش-ئالتە چېرىك بار ئېكەن دېدىما؟ ـ دەپ سورىدى.

ـ ھە-ئە. ئۆتكەن-كەچكەننىڭ يول خېتىنى تەكشۈرەيدېكەن.

ـ باشلىغى ۋاڭ-بىن دېگەن ئوق ئىلاندەك زەھەرلىك خىتاي. ئۇنىڭ بىلەن ھېلىقى، سەن بىلسەڭ كېرەك، غېنىكا، تېيىپ «تەيتەي» بېرىش-كېلىش قىلىپ يۈرەرمىش، ـ قوشۇمچە قىلدى يۇسۇپ.

ـ تېخى شۇنداقمۇ؟ شۇ تەقۋادارە! ـ ھەيران بولدى غېنى.

ـ ۋا! ئۇ قەۋەتلا ئۆتكۈرلىشىپ كەتتى. تېيىپ كېلىۋاتىدۇ دېسە، ئىشىگىدە تۇرغان ئادەملەر ئۆيىگە كىرىپ كېتىشىدۇ، ـ يەنە قوشتى يۇسۇپ ئاقۋاش.

غېنى ئوڭ لېۋىنى قاتتىق چىشلىدى ۋە:

ـ تېيىپنىڭ ئۆيىنى بىلەمسەن؟ ـ دەپ سورىدى.

ـ ئېنىق بىلمەيمەنۇ، ئەمما قەبرىستانلىقنىڭ كەينىدە دەپ ئاڭلىغىنىم بار، ـ دېدى يۇسۇپ.

ـ باشلا! ـ دېدىدە، يەرنى چاپچىپ تۇرغان ئالا ئات تەرەپكە ماڭغان غېنىنى باشقىلار ئەگەشتى. ئۇنىڭ چىرايىدىن ئەيمەنگەن يولداشلىرى «نېمە قىلىمىز؟» دەپمۇ سوراشمىدى. بۇ ئەتراپنى بەش قولدەك بىلىدىغان پالۋان ئۆزى يول باشلاپ ماڭدى. سىپتاي دۆڭلىگىنى ئارتىلىپ، قارىسۇ كەنتىگە كىرمەي، دۆڭ ياقىلاپ مېڭىپ، تۇزلەڭگە چۈشكەندە توختاپ: «ئاتتىن چۈشۈڭلار» دېگەندەك ئىما قىلدى غېنى . يىگىتلەر ئاتلارنى بىر-بىرىگە چېتىپ، ئېغىزدۇرۇقلارنى چىقىرىپ، ئوتقا قويدى.

ـ قېنى، بىزما چېلىقىۋالايلى، بىر نېمەڭ بارمۇ نۇراخۇن؟ ـ بۆلاق سۈيىدە ئۇز-كۆزىنى يۇيۇۋېتىپ سورىدى غېنى .

ـ بىر تورسۇق قېتىق، پىشقان گۆش بار .

ـ مەندە ھەجەرخىندەم بەرگەن توغاچ، تۇخۇملار بار، ـ دېدى يۇسۇپ.

ـ ھارىغىنىڭ يوقمۇ، ئاقۋاش؟

ـ كۆڭلۈڭ تارتسا تېپىلىدۇ.

ـ ئەكە، ئاقۋاش. ئورۇسلار جەڭگە كىرىش ئالدىدا بىر ستاكاندىن قېقىۋالغىدەك. بىزما ھەملە ئالدىدا ئازىراق پەلەمما قىلايلىدە؟ ـ غېنى قامدىنىپ ئولتاردى. جېلىكلەر كۆڭۈللۈك يەپ-ئىچىشتى.

ـ سەن، ئاقۋاش، ئاستا بېرىپ، تېيىپ تەيتەيىنىڭ بار-يوقلىغىنى بىلىپ كەل. شۇنىڭغا قاراپ ئىش تۇتىمىز، ـ دېدى غېنى .

يۇسۇپ ئاقۋاش ئاتلانغان چاغدا كۆز باغلىنىپ، قاراڭغۇ چۈشكەن. ئولاستاي يىراق ئەمەس دۆڭدىن ئارتىلسا يېتىدۇ.

ـ قۇسە! «ئاقۋاش» كەلگىچە، پۇتلارنى ئازىراق سۇنۇۋالايلى، ـ پەشمىتىنى يېشىپ، بېشىغا قويدى غېنى ۋە ھايال قىلماي خورەك تارتتى. قۇسەن بىلەن نۇراخۇن پالۋاننى كۈزەت قىلغاندەك، ئۇنىڭ قېشىدىن نېرى كەتمەي، ئاستا پىچىرلىشىپ، مۇڭداشتى. قۇسەن قازاقنىڭ ئالبان قەبىلىسىدىن ئېدى. نۇراخۇن بولسا كونەسلىك قىزاي. بۇ ياش يىگىتمۇ داۋانلارنى بىللە ئېشىپ، كۆپلىگەن ئاتلارنى يېغىر قىلىشقان، يامۇلدىمۇ بىللە بولغان سىرداشلار. غېنىنىڭ ئاچال داۋانىدىن ئېكەنلىگىنى ئۇزۇن قۇلاق خەۋەرلەردىن ئاڭلىغان نۇراخۇن ئۆيىدە ئولتىرالماي، ئاخىرى ئەل ئارىلاپ،تامىرىنى جېلىليۇزىنىڭ ئۇستىدىكى جىرغىلاڭ غولىدا تاپتى. ۋە ئاللاھنىڭ بۇ رەھمىتىگە ئاتاپ شۇ كونىلا

ئاقسارىباس قوينى سويۇپ نەزىر قىلىپ، يېتىم-يېسىرلارغا بۆلۈپ بەرگەن ئىدى.
ئۇ ئەندى غېنىدىن ھەرگىز ئايرىلمايدۇ ـ ئۇ ئۆلسە ئۆلىدۇ، تىرىلسە تىرىلىدۇ.
بىر سائاتچە ئۆتە-ئۆتمەي يۇسۇپ ئات چېپىپ كېلىپ، تېيىپنىڭ ماناپخان دېگەن تامىرىنىڭ ئائىلىغا كەتكەنلىكىنى ئېيتتى.

ـ ماناپخاننىڭ ئائىلى يىراق ئەمەس، ئۇ تېخى يايلۇغا كۆچكىنى يوق، كۆكلەكتە، ـ دېدى نۇراخۇن ۋە: ماناپخانما تېيىپ دېگىنىڭلار ئوخشاش ساتقۇن، ـ دەپ قوشۇپ قويدى.

ـ ئۇنداق بولسا، ئىككى ساتقۇننى بىر كۆگەنگە كۆگەنلەيلى! ـ دەپ ئورنىدىن تۇردى غېنى.
ئەندى نۇراخۇن يول باشلاپ ماڭدى. ئۇلار ئىككى دۆڭ بىر ساينى كېسىپ ئۆتۈپ، ئولاستاي غولىنىڭ كىرەر ئېغىزىغا يەتكەندە توختاشتى. بۆكتەردە ئون نەچچىلا كىگىز ئۆي تىكىلگەن بولۇپ، چەتتەرەك ئوتائۇنىڭ ئالدىدا ئۈچ پۈتلۇقتا تېزەك كۆيۈۋېتىپتۇ. باشقا ئوتائۇلار جىم، قارڭغۇ.

ـ ئەشۇ ئوت كۆيۈۋاتقان ماناپخاننىڭ ئائىلى بولسا كېرەك.

ـ تاپتىڭ، غاينام.

ـ سىلەر ئائۇل چېتىدە كۈتۈپ تۇرۇڭلار! ـ دېدىدە ئېتىنى قامچىلىدى غېنى. ئۇنىڭ يولداشلىرى ئائۇلغا تۇتاش قېيىنلىق ئىچىگە كىرىپ تۇرۇشتى.

ـ ئەسسالامۇئەلەيكۇم! ـ تۇيۇقسىزلا كىرىپ كەلدى ئاق ئوتائۇ ئىچىگە غېنى. بويى چاڭغىراققا تەككىدەكلا زور ئادەمنىڭ ئاۋازى بوراندەك گۈكۈرەپ چىققاشقىمېكىن چاي ئىچىشىپ، خىرامان ئولتىرىشقان ئۈچ ئادەم پىيالىلارنى قوللىرىدا تۇتۇشقان پېتى داڭ قېتىپ قېلىشتى، چاي قۇيۇپ بېرىۋاتقان پومىلاق كېلىنچەك (ئەلۋەتتە، ماناپخاننىڭ توقىلىدۇ) «ئويباي» دەپ قوللىرى بىلەن ئۈزىنى توساۋالدى .

ـ مەن ـ غېنى!

ـ ئې، ئې ـ غۇدۇڭشىدى تىتىترەك ئاۋازدا ماناپخان.

ـ ھە، ھە! غېنى... ـ تېيىپ نېمە ئۈچۈندۇر كەينىچە سىلجىپ، ئورۇن-كۆرپىگە يۆلىنىپ قالدى. قازاقچە كىيىنگەن مېھمان ئورنىدىن قوزغىلىپ، قايتىدىن ئولتاردى .

ـ قىمىرلاپ ئاۋارە بولماڭلار، ـ دېدى تەكەللۇپسىزلا دەستىخاننىڭ بىر چېتىگە ئولتىرىپ غېنى، ـ ئاڭلىشىمچە تېيىپ ئىككىڭ ئۆز خەلقىڭدىن ئۈز ئۆرۈپ، چاقۇچى بولۇۋاپسىلەر.

ـ يو، يوغۇسى...

ـ ياق-ياق...

ـ توختاش! ـ خىتاپ قىلدى غېنى، ـ ھازىر دوست كىم، دۈشمەن كىم ئېكەنلىكىنى ئايرىيدىغان ۋاقىت. دۈشمەنگە يان باسقان بولسا ئاتامنىمۇ ئايىمايمەن، ئۇقتۇڭلارمۇ، ئايىمايمەن.

ـ ئاينالايىن، غاينام، مېنى زورلاپ...

ـ جان باقماق پەرىزكەن...

ـ ئېپلاس... تۇمشۇغۇڭنى ئېزىۋېتەيمۇ؟ ـ دەپ مىلتىغىنىڭ پاينىگىنى تېيىپنىڭ تۇمشۇغىغا تەڭلىدى غېنى، ـ ئۇنداق پەسكەشلىك بىلەن جان باققىچە خوتۇنۇڭنىڭ ئىشتان بېغىغا بوغۇلۇپ ئۆلسەڭچۇ، ئەبلەخ! زادى سەنلەر ئوخشىغان ساتقۇنلارنى ئاۋال ئۆلتۇرۇپ ئاندىن «غازات» ئېچىش كېرەك، تۇرۇش ئورنىڭدىن!

ـ ئويباي ـ ئۇن سېلىپ يىغلاشقا باشلىغان كېلىنچەكنىڭ بىقىنىغا بىر نوقۇپ جىمىتتى غېنى.

ـ كېشىر، كېشىر...

ـ گۇنايىمدىن كەچ، غېنەم...

ھەر ئىككى ساتقۇن غېنىنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ، پۇتلىرىنى سۆيۈشتى.

ـ تۆبە قىلغاننى ئاللاھمۇ كەچۈرىدىغۇ، غېنەم، ـ ئارىغا چۈشتى قازاق كىيىملىك ئادەم.

ـ سەن نېمە ئادەم؟

ـ مەن، ئەندى ئۇكا، قازاق ئىچىدە ئۇقەت قىلىپ يۈرگەن قىرچىدە.

ـ قىرچى، ئالدامچى دېگىنە؟

ـ ئۇقەتنىڭ ئۆگىيى يوق...

ـ باشقىلار جەڭ قىلسا قىلىۋەرسۇن، مەن پۇل تېپىشنىڭ كويىدا دېگىنە!

ـ ئاۋال ئىشنى باشلاڭلار، ئاندىن بىزما «ئۇزۇم پىش ـ ئاغزىمغا چۈش» دەپ قاراپ تۇرماسمىز.

ـ تەييار بولغاندا ئۇستەلدە ئولتىرىپ، چوت سوقىمىز دېگىنە، قۇۋ تۈلكە! ـ دېدىدە ئىككى مۈرەتكە تىكىلىپ، ـ ئاللا، تووۋا دېمەكچى بولىسىلەردە؟

ـ قۇرئان تۇتۇپ بېرەي... كۈلبېتاي، ھېلىقى قۇرئان قېنى؟ ـ زارلىدى ماناپخان.

ـ مەنما بەش بالامنى شېپى كەلتۈرۈپ، ئىككىنچى يامانلىق قىلماسقا قەسەم ياد قىلىمەن، ـ دەپ ئۈنلۈك تووۋا-ئىستىھپار ئوقۇشقا باشلىدى تېپىپ"تەيتەي".

كۈلبېتاي ئالدى قېشىغا قەلەي قاپلىغان ساندۇقچىنى ئېچىپ، لاتا يىلتىغا سېلىنغان كونا، چۆرىسىنى چاشقان قىرقىغان قۇرئاننى ئېلىپ غېنىغا بەردى.

ـ تۇرۇڭلار!

ـ قاياقتا ئاپىرىسەن، جېنىم ئۇكا؟ ـ يەنە يالۋۇرۇشقا باشلىدى تېيىپ "تەيتەي"

ـ سەن تەيتەينى ۋاڭ سوجاڭنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ، ئۇسسۇل ئويناتماقچىمەن.

ـ خۇدا ھەققى ئۇنىڭ ئالدىغا ئاپارما، جېنىم...

ـ بولدۇي، قانجۇق، نېمە شۇنچە غىڭشىيسەن! يەنە ئوغامنى قاينىتىدىغان بولساڭ، راستىنلا ئېتىۋېتىمەن !

ـ ماقۇل، ماقۇل، دېگىنىڭچە بولاي، جېنىم ئۇكا...

ئىككىڭنى ئولاستايغا ئاپىرىپ، ئىمامنىڭ ئالدىدا تووۋا ئوقۇتۇپ، قۇرئان تۇتقۇزىمەن...

ـ خوپ، ـ دېيىشتى تىرىك قالىدىغانلىقىنى بىلگەن جاسۇسلار.

ـ ئاتلىرىڭ قەيەردە؟

ـ يېقىنلا يەردە...

ـ ئۇنداق بولسا ئېگەرلىرىڭنى كۆتىرىش، شۇ يەردىن ئاتلىنىمىز.

ـ خوپ! ـ دېيىشىپ، ئالدىراش ئېگەر-توقۇملارنى باغلاشتى تېيىپ بىلەن ماناپخان.

ـ سەن، قىرچى، ـ دېدى قازاقچە كىيىنىۋالغان سودىگەرگە قاراپ غېنى، ـ چۈرۈق ئەتمەي ياتىسەن، ئەتە چۈشتىن كېيىن ئاتلانساڭ مەيلى، ئۇقتۇڭمۇ؟

ـ ئۇقۇشلۇق...

ماناپخان ئوتائۇدىن تارتىشىۋاراق چىقتى. قوزىنى بۆرىگە ئامانەت قىلغاندەك، ياش كېلىنچەكنى قۇۋ سېتىقچىغا يالغۇز قالدۇرۇپ كەتكەنلىگى ئۈنىڭغا ئەلەم قىلسىمۇ، نائىلاج سۈرلۈك غېنىنىڭ كەينىدىن باش ئېگىپ مېڭىشقا مەجبۇر بولدى.

ئالتە ئاتلىق كىشى ئاتلىنىش ئالدىدا، قىسقا مەجلىس قىلغاندەك، ئىككى جاسۇسنى ئارىغا ئېلىپ، خېلە ئۇچۇقداشتى.

ـ سەنلەرنى ئىمامغىمۇ ئاپارمايمەن، تووۋا ئوقۇتۇپ، قۇرئان تۇتقۇزمايمەن. ئوغۇل بالىدەك ۋەدە بېرىشسەڭ بولدى، ـ دېدى غېنى.

ـ ئەگەر ۋەدىمىزدە تۇرمىساق، ئۆزىمىزنىلا ئەمەس، بالا-چاقىمىزنى قىرىۋەتسەڭما ئارمان يوق، ـ دەپ كۆكسىگە ئۇردى تېيىپ. ماناپخانما ئۈنىڭدىن ئارتۇق ۋەدىلەرنى قىلدى .

ـ ئەندى بىزگە، خەلىققە خىزمەت قىلىسىلەرە؟

ـ دىلىمىز، ئىمانىمىز بىلەن ـ دېدى تېيىپ.

ـ سېنىڭ ئارقىڭنان يۈرىمىز، غاينام، ـ قايتا ـ قايتا قەسەم ئىچتى ماناپخان. غېنى تېپىپ «تەيتەيگە» قارىغاندا ماناپخانغا كۆپىرەك ئىشەنگەندەك بولدى.

ئۇلار تاققا يېقىن مەھەللىگە يېتىپ كېلىشتى. ـ دۆڭدىن چۈشسىلا ئۇلاستايغا كىرىدۇ. غېنى نېمىنىدۇر تىڭشىغاندەك شىڭتىيىپ تۇردىدە:

ـ ئاڭلاۋاتامسىلەر؟ ـ دەپ سورىدى.

ـ نېمىنى؟

ـ قاشنىڭ شاقىرىشىنى!

ـ قاشنى راسا كىنەپسەندە، غېنىكا؟

ـ كىنىمەيچۇ، ئۇستىخانلىرىم قاش سۇيىدە قاتقان بولسا. ياق دېمىسەڭلار، ئۆزىمىزنىمۇ، ئاتلارنىمۇ چۆمۈلدۈرۈپ كەلمەيمىزمۇ ھە!

ـ چازىغا ھۇجۇم قىلىمىزمۇ ياكى چۆمۈلۈپ ئويناپمىزمۇ؟ ـ دېدى چاقچاق ئارىلاش يۇسۇپ.

ـ ئىككىلىسىگە ئۈلگۈرىمىز. ئاڭلاڭلارا قاشنىڭ كۈچلۈك شاۋقۇنىنى!

قۇسەن، نۇراخۇنلار يۇسۇپنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەشتى. غېنى ئۇلارنىڭ سۆزىنى يىرمىدى.

ئالتە ئاتلىق مەھەللىنىڭ چېتىگە كىرگەندە مەزىن ئاخۇننىڭ بامدات نامىزىغا مۇسۇلمان بەندىلەرنى چاقىرغان ئەزان ئاۋازى ئاڭلاندى. خېلە يىللاردىن بۇ يان ئەزان ئاڭلىمىغان غېنىغا مەزىن ئاخۇننىڭ بوم ئاۋازى تەسىر قىلدى، ئەتىمالىم، ئەزاننىڭ ئاخىرقى مىسرالىرىنى: «ئەسسالامۇ خەيرۇن مىنناس...» ئىچىدە تەكرارلىدىدە، دۇئا ـ تەكبىر ئوقۇدى. زۆرۈر ئىشقا ماڭمىغاندا ئېدى، ئېتىنى مېچىت ئالدىغا باغلاپ قويۇپ، جامائەت بىلەن بىرلىكتە ئىمامغا ئىختىدا قىلىپ، بامدات نامازىنى ئوقاتتىدە..!

ـ مونۇ كوچىنى ئايلانساقلا چازىغا يېتىمىز، ـ دەپ ئېتىنى توختاتتى، يول باشلاپ كېلىۋاتقان يۇسۇپ. دەسلەپكى مەسلىھەت بويىچە: ماناپخان چازا باشلىغى ۋاڭ ـ بىنغا غېنىنىڭ ئۇلاستاي يايلىغىدا ئاۋۇلچىلاپ يۈرگەنلىگىنى خەۋەر قىلىدۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ۋاڭ ـ بىن ئەلۋەتتە، ئۆزى ياكى ئىككى ـ ئۈچ چېرىكنى ماناپخانغا قوشۇپ، غېنىنى تۇتۇشقا ئەۋەتىدۇ. ئۇلار ئاتلىنىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن غېنىلار چازىغا1 باستۇرۇپ كىرمەكچى بولغان. لېكىن بۇ «پىلاننى» بەكمۇ ئاددىي، قانداقتۇر «نامەرتلىك، قورقانچاقلىق» ھېساپلىغان غېنى: «تۆرت توك ـ توك لاتىخەي چېرىكنىڭ ئۈستىگە باستۇرۇپ كىرىپ، كانەيلىرىدىن سۆرەپ چىقالمىساق نېمە دەپ قۇرال كۆتىرىپ يۈرىمىز» دەپ باشتىكى مەسلىھەتنى رەت قىلغان ئېدى.

---

1چازا ـ پوست، كىچىك بەندارگاھ (زاستاۋا.(

ھازىر ئۇنىڭ دېگىنىچە چازىغا يېقىن كېلىشتى. غېنى، قۇسەن، نۇراخۇن، تېپىپ تۆرتى چازىنىڭ ئانچە ئېگىز بولمىغان تاملىرىنىڭ دالدىسىغا ئۆتۈشتىدە، تامدىن ئارتىلىپ چۈشۈشكە تەييار تۇرۇشتى. ماناپخان بىلەن يۇسۇپ چازىنىڭ كۈزەتچى تۇرىدىغان ئالدى ئىشىگى تەرەپكە قاراپ مېڭىشتى.

ـ كىم بۇ؟ توختا! ـ دېگەن چېرىكنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

ـ مەن، ئۆزىمىز، ـ دېدى خىتايچىلاپ ماناپخان ۋە يېقىن بېرىپ پارولنى ئېيتتى. چېرىك تەڭلىگەن مىلتىقنى مۈرىسىگە ئالدى، ئۆز كىشىسى ماناپخاننى تونۇپ.

ـ ۋاڭ سوجاڭ1 بارمۇ؟

ـ بار. ئۇخلاۋاتىدۇ. ئەتىگەنلىككە كەل.

ـ ھازىر يولۇقمىسام بولمايدۇ. چوڭ زىيازا غېنى...

ـ ئاينى؟! ـ چۆچۈپ كەتتى غېنىدىن خەۋىرى بار چېرىك ۋە ئىشىكنى ئاچماق بولۇپ كەينىگە بۇرۇلۇشىغا بوينىغا سىرتماق سېلىندى ۋە يۇسۇپنىڭ پىچىغى يۈرىگىگە سانچىلدى. دەل شۇ ئان: «يا،

بوۋام سادىر مەدەت بەرگەيسەن!» دەپ تامدىن ئارتىلىپ ھويلىغا سەكرىدى غېنى. ئۇنى ئەگىشىپ يولداشلىرى سەكرەشتى. غېنىنىڭ بۇ ئۇلۇغۋار نامنى تىلغا ئېلىپ، نەر تارتقىنى بىرىنچى قېتىم. سادىر نامى بىلەن ۋۇجۇدى كۈچ-غەيرەتكە تولغاندەك، ئىككى-ئۈچ سەكرە چېرىكلەر ياتىغىغا باردىدە، ئىشىكنى موجۇغى بىلەنلا يۇلۇۋېلىپ، پېقىرتىپ تاشلاپ، ئىچكىرى كىردى:

ــ چىلاي، چىلاي، ئاينى لەيلا2 ! ــ دەپ ۋاقىرىدى. زاكىلاپ قويغاندەك ياز بولسىمۇ قېلىن يوتقانلارغا ئورىنىپ يېتىشقان تۆرت چېرىك سۇرلۇك سۇرەندىن چۆچۈپ-مەڭدەپ باشلىرىنى كۆتىرىشتىيۇ، يۇلۇپ تاشلانغان ئىشىك بوشلىغىدىن چۆچەكلەردىكى دېۋە سىمان زور ئادەمنىڭ غادىيىپ تۇرغانلىغىنى كۆرۈپ، يوتقان ئىچىگە باشلىرىنى تىقىشتى.

ــ چىلاي، ئاينى زىۋازا لەيلا! ــ تەكرارلىدى غېنى ۋە تاش پاقىلاردەك باشلىرىنى يوشۇرۇشقان تۆرت مەخلۇقنىڭ قىلىقلىرىغا كۈلۈۋەتتى. ئۇڭغىچە ۋاڭ سوجاڭنى يالاڭ ئىشتىنى بىلەنلا ھايداپ غېنىنىڭ ئالدىغا دۈم ياتقۇزدى يۈسۈپ «ئاقۋاش». پالۋاننىڭ ئىشارىسى بىلەن پىلىگى چۈشىرىلگەن ئاسما لامپىنى يورۇتتى، قۇسەن ۋە نۇراخۇن ئىككىسى تىرەكتە تۇرغان ئالتە مىلتىق ۋە ئوقدانلارنى سەرەمجانلاشتۇردى.

ــ تىڭىرقىپ قالدىڭا، غېنىكا؟ ــ سورىدى يۈسۈپ.

ــ مونۇ ئۆشكىلەردەك ھېلى سويىدۇ دەپ تىترەپ يېتىشقان تۆرت مەخلۇقنى نېمە قىلساق دەيمەنا!

ــ جەھەننەمگە يوللايمىزدە!

ــ ياق، ــ دېدى كەسكىن رەۋىشتە غېنى، ــ بۇلار تايىنلىق خۇرجا-دېھقان باللىرى بولۇش كېرەك. قارشىلىق كۆرسەتمىدى. موشۇنداق ياتقىنىچە ئورنىغا ئوسا قىلىپ ياتىۋېرىشسۇن. ــ ئۇنىڭ سۆزىگە ھەممە قاقاخلاپ كۈلۈشتى.

---

1سوجاڭ پولىسىيە بۆلۈمچىسىنىڭ باشلىغى.

2چىلاي، ئاينى لەيلا ــ تۇرۇڭلار غېنى كەلدى.

ــ مونۇسىنى، ــ دېدى بۇرنىغا ئېگە بولالماي غالىلداپ تىترەپ، بېشىنى ساڭگىلىتىپ تۇرغان ساقچى ئەمەلدارىنى كۆرسىتىپ غېنى، ــ يوللۇق ئۈچۈن چېكىسىدىن ئىس چىقارساق سەۋەپ بولار. بۇ خۇنىسىدا يۇزلىگەن قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قان قەرزى بار.

ــ راست دېدىڭ، غاينام.

ــ راست، ھەق سۆز.

غېنى يۈسۈپنىڭ قولىدىكى ۋاڭ-بىنىڭ ياغاچ قاپلىق ماۋزېرىنى ئالدى. بەتلىدى ماۋزېرنىڭ مۆسۈنىنى ۋاڭ-بىنىڭ پېشانىسىغا قاراتتى ــ تەپكىنى بېسىۋەتتى.ھاۋا گۇمبىزى جاراڭلاپ كەتتى. مەزىناخۇننىڭ بامدات نامىزىغا ئۈندىگەن ئەزەن چاقىرىغىغا ئۇلىشىپ دېگىدەكلا ئېتىلغان ئوق ئاۋازى يېزا خەلقىنى ئوختىتىۋەتتى. بۇ ئوق ساداسى كۈرەش چاقىرىغى، قوزغىلاڭ خەۋەرچىسىدەك ئىلى ۋادىسىنى بويلاپ، سەھەر سەلكىنى بىلەن يىراق - يىراقلارغا كەتتى.

ئەتىسىلا بىرى ئونغا قوشۇلۇپ، بارا-بارا يوغىرىپ، غېنىنىڭ قەيسەرلىگى غۇلجىغا يەتتى. دەرتمەن خەلىق يېنىك نەپەس ئېلىشىپ، ئۈمۈت يۇلتۇزلىرى يورۇغاندەك بولدى...

***

ئىلى ۋىلايىتىنى ئىككىگە ــ شىمالىي ۋە جەنۇبىي قىسىملارغا بۆلۈپ تۇرغان جۇڭغار ئالا تېغىنىڭ بىر ئۈچى قازاقىستاندا. بۇ تاغنىڭ ئىلى تەۋەسىدىكى قىسمىدا نەچچە پۇتاقلار: داشىگۇر، تەلكە، ئاچال،

ئۆلاستاي، نىلقا، كۈنەس، يۇلتۇز، ۋە ئاۋرال دەپ ئاتىلىدىغان تاغ تىزمىلىرى بار. بۇ پۈتاقچە تاغلار ئابۇ هاۋاسى ، كەڭ يايلاقلىرى، گۈزەل مەنزىرە ۋە تەبىئىي بايلىقلىرى بىلەن مەشهۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك خىتايلار ئىلىنى «شىڭجاڭنىڭ خائۇنجۇسى»1 دەپ ئاتىشىدۇ. ئاتالمىش تاغ تىزمىلىرىنىڭ ئىچىدە ئۆلاستاي تېغىدا ئادەم كىرىپ كەتسە تاپماق تەس قويۇق توقايلىقلار، بىرىدىن ئىككىنچىسىگە ئۇلىشىپ كېتىدىغان جىرا-ئۆڭكۈرلەر بار. بۇ ئۆڭكۈرلەردىن تەبىئىي ئىستىهكام ئورنىدا پايدىلىنىشقا ئىنتايىن قولايلىق. ئۆلاستاي غولى ئىچىگە كىرىدىغان قاپقا سىمان تار قىساڭنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالغان بىرلا كىشى ئەللىك ئادەمگە يول بەرمەسلىكى مۇمكىن. موشۇ تەبىي ئالاهىدىلىكى تۈپەيلى ئۆلاستاي غولى قۇراللىق قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئىستىهكام قورغىنى ۋە دەسلەپكى هەرىكەت «شتابى» بولغان.

---

1خاڭجۇ ـ ئىچكى خىتايدا ئەڭ مەنزىرىلىك جاي.

بۈگۈن ئالتە قەيسەر جۇغى-جەم. يىراق-يېقىنغا مەخسۇس تاپشۇرۇقلار بىلەن كېتىشكەنلەر قايتىپ كېلىشتى. هەممىسى بىرلىكتە غېنىنى كۈتۈشمەكتە. غېنىنىڭ خەۋىرىنى هەممىدىن ئاۋال ئاڭلىغان ئەكبەر قازاق يىگىتى قەدىناس دوستى ـ تامىرىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى سۈرۈشتە قىلىپ خېلە ئۇيغۇر يېزىلىرى ۋە ئائۇل قىشلاقلارنى هەتتا قاش-قاراباققىچە بېرىپ، ئاخىرى ئۆلاستاي تېغى تەرەپكە بەت ئالغانلىغىنى ئېنىقلاپ كەلدى. ئەكبەر ئۆزى تونۇگۈندىن بېرى غول ئېغىزىدىكى قىساڭ ئۈستىگە چىقىپ كۈزىتىپ يېتىپتۇ. يىراقتىن كۆزگە چېلىققان هەر بىر قارىنى كۆرگەندە يۈرىگى ئويناپ، ئالغا قاراپ ئىنتىلەتتىدە، كۆرۈنگەن نەرسە ئادەم ئەمەس، ئاڭ ياكى توپدىن ئايرىلىپ قالغان ئات، بولمىسا كالا ئىكەنلىگىنى بايقاپ لاسسىدە بولۇپ قالاتتى. ئەكبەر غېنىنى سېغىنغان، ئۇنىڭ بىلەن دىدارلىششنى، قۇچاقلىشىپ بىر-بىرىنى دەس كۆتىرىپ، ئاۋايلاپ يەرگە قويۇشنى، ئاندىن ئاتلىرىنى سىناشقاندەك بىر مەنزىل چاپتۇرۇپ بېقىشنى، ئېگىز دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئاتلارنى قايچىلاشتۇرۇپ قويۇپ، ئۆزلىرى كۆك چۆپ ئۈستىگە يامپاشلاپ يېتىپ سىردىششنى كىنىگەن. كەچتە بولسا كۆڭۈل تارتقان ئائۇلغا بېرىپ ئوتاۋ ئوتتۇرىسىدىكى ئۈچ پۇتلۇقتا يېقىلغان خۇش پۇراق ئارچا-قارىغاي شاخلىرىنىڭ تىرسىلداپ كۆيۈشىگە ۋە قازاننىڭ پىلتىقلاپ قاينىشىغا تەڭكەش دومبىرچى يىگىتنىڭ يېقىملىق كۈيگە چېرتىشىنى، كېلىنچەكلەرنىڭ بەسلىشىپ ئۆلەن ئېيتىشلىرىنى غېنى بىلەن بىرلىكتە ئاڭلاشنى سېغىنغان. بۇلا ئەمەس، غېنى ئىككىسى ئۇيغۇر باغلىرىدا، سەيلىگاهلىرىدا، ئويۇن-كۈلكىلىك توي-مەرىكىلىرىدە بىللە ئويناپ كۆڭۈل ئېچىشقانغۇ! بۇ قېتىمقى ئۇچرىششش باشقىچە ـ ئۇزۇن جۇدالىقتىن كېيىنكى خوشاللىق ئۇچرىشىش. ئۇلار ئەندى قولنى-قولغا تۇتۇشۇپ ئۇلۇق مەقسەتلەر ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ، يانمۇ-يان تۇرۇپ جەڭ مەيدانىغا كىرىدۇ. ئۇ غېنى بىلەن بولسا هېچ نەرسىدىن قورقمايدۇ... غالدانچۇ؟ ئۇ قەيەرلەردە يۈرىدېكىن؟ ئۇ ئۈچىمىز يەنە بىرلەشسەگە...!

كۆز يەتكىدەك دۆڭ ئۈستىگە ئادەمنىڭ قارىسى ـ ئاۋال بېشى، گەۋدىسى، ئاندىن ئاتلىق ئادەم ئوچۇق كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ كەينىدىن يەنە بىرى، ئىككىنچىسى...

ـغاينام! ـ ۋاقىراۋەتتى ئەكبەر. ئۇنىڭ ئاۋازى قىيا تاشقا ئۇرۇلۇپ، غول ئىچى جاراڭلاپ كەتتى.

ـغاينام! ـ تەكرارلىدى ئەكبەر. بۈركۈت كۆزلۈك تاغ يىگىتى خاتالاشمىدى ـ دۆڭ ئۈستىدە پەيدا بولغان تۆرت ئاتلىقنىڭ ئىچىدە باتۇر ئەپتىلىك غېنى بار ئېدى .

ئەكبەر «موزىفاڭ» مىلتىغىنى ئاسمانغا قارىتىپ تەپكىسىنى بېسىۋەتتىدە، پەسكە قاراپ ئۇچقاندەك يۈگرىدى. غېنىنىڭ كېلىشىنى خەۋەرلەپ «چاجاڭ» ئورنىدا ئېتىلغان ئوق ساداسىدىن توقايلىقتا

ئۇۋىلانغان ئۇچار قۇش، جان-جانىۋارلار ئورۇنلىرىدىن قوزغىلىپ، تاغ كەپتەرلىرى بولسا ئۇركۈپ ئاسمانغا كۆتىرىلىشتى. ئەكبەر ھەش-پەش دېگىچە پەسكە چۈشتىدە، ياۋا ياڭاقتا باغلاپ قويۇلغان چابدارنى مىندى ۋە غېنى كۆرۈنگەن دۆڭگە قاراپ چاپتۇردى...

ئۆڭكۈر ئاغزىدىكى قول بىلەن تىكىپ قويغاندەكلا، قاتار ئۆسكەن ئۈچ تۈپ قارىغاينىڭ سايىسىغا ئاق دەستىخان يېيىلىپ، تائاملار تىزىلىپتۇ. تاغ يېرى بولسىمۇ، مۇنچىلىك تەرەددۇتنىڭ بولۇشى ئېقىدە ــ ھۆرمەت بەلگۈسى ئېدى. پاتىخ باشقىلارغا نىسبەتەن، يېشىنىڭ چوڭلۇغى ۋە سالاپىتىغا كۆرە ئاق جاۋۇردىكى قىمىزنى ئالدىرىماي سورۇپ ئولتىرىدۇ. ئۇنىڭ قول-قاناتلىرى تۆرت ياش يىگىت: بىرسى ئۈچ پۇتلۇقتا گۆش قاينىتىپ، بىرسى ياپىلاق تاشلاردىن «كاۋاپدان» ياساپ، قالغان ئىككىسى سۇزۇك بۇلاق سۇيىنى توشۇپ، ئوتۇن كەسلىمەكتە ــ ھەممىسى شامدان ــ قۇۋناق.

ــئەنە، ئۇلار! ــ دېدى سۇ كۆتىرىپ كېلىۋاتقان يىگىت، ــ ئوھ-ھوي. غېنى دېگىنىڭ شۇ بولسا، بەستى بارئېكەندە! ــ ئۇ نېمىنىدۇر ئەسلىگەندەك چېلەكنى يەرگە قويۇپ، ئۆڭكۈر ئىچىگە يۈگرەپ كىرىپ كەتتى. ئۇڭغىچە غول ئاغزىدىن كىرگەن بەش ئاتلىق يېقىنلىشىپ، ئۈچ يۈز قەدەمچە ئارىلىق قالغاندا ئاتلىرىدىن چۈشۈپ، پىيادە مېڭىشتى. پاتىخ باشلىق يىگىتلەر ئۇلارنىڭ ئالدىغا قاراپ مېڭىشتى. دەل شۇ ئان پۇلېموتتەك ئوق ئاۋازى تارتىلداپ كەتتى.

كېلىۋاتقانلار، ئۇلارغا قارشى كېلىۋاتقانلار ئاڭ-تاڭ بولۇشۇپ، دەسسىگەن يەرلىرىدە تۇرۇپ قېلىشتى. ئاۋتوماتتىن ئېتىلغان بىر دىسكا ئوق غېنىنىڭ بىر مېترچە ئالدىدىن توپا-چاڭ كۆتەردىيۇ، لېكىن غېنى پىسەڭ قىلماي ئالغا چامداۋەردى.

ــئاخ-ماق! بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ ــ كايىدى ئوق ئاتقۇچىغا پاتىخ.

ــماختىغان باتۇرىڭنى سىناپ كۆردۈم: كەينىگە داجىمىدى! ئوغۇل بالا ئېكەن، ــ دېدى ئېگىز بوي، قارا ماتاق يىگىت.

ــزەمبىرەك ئاتساڭما تەۋرىمەيدۇ، بېكار ئاۋارە بوپسەن، ــ دېدى ئەكبەر ھەممىنى كۈلدۈرۈپ.

ئىككى تەرەپ بەش قەدەمچە قالغاندا ئوقتەك ئېتىلىشىپ، گىرەلىشىپ كېتىشتى.

ــئەندى، غېنەم، ساڭا گومىنداڭچىلار «ئالتە ئوغرى» دەپ نام قويغان يىگىتلىرىمنى تونۇشتۇراي، ــ دېدى پاتىخ، تائاملار يېيىلىپ، قانغىچە قىمىز ئىچىلگەندىن كېيىن.

ــياخشى گەپ، تونۇشايلى.

ــمونۇ ساڭا قارىتىپ ئوق ئاتقان ئېگىز بوي تەنتەك ــ رەيىق.

ــبۇ يىگىتنىڭ، ــ دېدى پاتىخنىڭ سۆزىنى بۆلگەن غېنى، ــ يۈتۈپ كەتسە ئوڭاي تېپىلىدېكەن. قاراڭلار، ئاستى كالپۇگىنىڭ بىر چېتى قوغۇشۇن قۇيغاندەك، سالۋاراپ تۇرۇپتۇ.

غېنىنىڭ ئوخشىتىشىغا شۇنداق كۈلمەك بولدىكى، ھەتتا رەيىق ئۆزىمۇ دېمىنى ئىچىگە تارتىپ، ھېقىلداپ كەتتى.

ــمونۇ چۈغى كىچىك بولغىنى بىلەن يۈرىگى چوڭ ــ ئوسمان دېگىنىمىز، ــ دەپ تونۇشتۇردى كۈلكە بېسىلغاندىن كېيىن پاتىخ ۋە: ــ بۇنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ تۇرمىساڭ، ئاسانلىقچە بويۇن بەرمەيدۇ.

ــئېيىقلار ئۇچەككە كىرگەندەك، ئۆڭكۈردە بىقسىپ يېتىۋېرىشتىن بېزار بولدۇم، ــ دېدى ئوسمان ئىسمىلىق يىگىت، قوللىرىنى شىلتىپ.

ــئالدىرىما، ئۇخلاشقىمۇ ئۇلگىرەلمەيدىغان ۋاقىتلار يىراق ئەمەس، ــ دېدىدە، قارشىسىدا ئۇن قاتماي ئولتارغان بۇغداي ئۆڭ، قارا قاش، ھەممىدىن ياش يىگىتكە قاراپ، ــ مونۇسى تەپسەڭ تەۋرىمەس. ئەمما ئىشقا پۇختا، ئاغزى مەككەم، ئەڭ ياخشى مەرگىنىمىز ــ نۇرۇم.

"ئوقۇڭنى ساناپ بەر، دۈشمىنىڭنى ساناپ ئال"دەيدىغانلارنىڭ بىرى ئېكەندە!

غېنىنىڭ سۆزىگە يەنە كۈلۈشمەك بولدى. ئۇنىڭ بەستىگە يارىشا دىلكەشلىگى، يۇقۇملىغىنى بىرەر سائات ئىچىدىلا يېڭى جېلىكلەر قەلبىدىن ئورۇن ئېلىشقا باشلىدى.

ـبەش ئوقنىڭ ئۇچىنى بالوڭخوي[1] تەككۈزەلەيمەن، ـ دېدى ئۆز نوۋىتىدە كەمتار يىگىت ـ نۇرۇم.

ـمونۇ سوقىباش كۆك كۆزنىڭ ئېتى ـ ھوشۇر. بۇما مونۇلار ئوخشىغان دېھقان بالىسى. كىچىگىدىن كېسەك قۇيۇپ، ئۆستەڭ چېپىپ، ئالۋاڭ-ياساقنىڭ دەردىنى تارتقانلارنىڭ بىرسى. تاپشۇرغان ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ، ـ دەپ چەتتە ئولتارغان قىزىل يۈز يىگىتنى كۆرسەتتى.

ـئەندى، ـ دېدى قىمىزدىن ئىككى-ئۈچ يۇرتۇپ پاتىخ، ـ مونۇ قارا كۆزلەرنى تونۇشتۇرمىسامما بولار. سېنىڭ ئۇجۇر-بۇجۇرىڭنى ئەكبەردىن ئۇقتۇق.

ـمەن كەلگىچە ھېساپ-چوتۇمنى قىلىپ بوپسىلەردە؟ بۇ مېنى ھەرگىز يامان دېمەيدۇ.

ـشۇنداق، غېنى، شۇنداق. سېنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتتۇق. كەلگىنىڭ، بىزگە قوشۇلغىنىڭ ياخشى بولدى، ـ شۇ تاپتا توخسىنىمىز تولغاندەك، كۈچ-قۇۋۋىتىمىز نەچچە ھەسسە ئاشقاندەك بىر خۇش كەيپىياتتا ئولتىرىپتىمىز. يالغۇز كەلمەپسەن ھەر بىرى نەچچە ئەرگە تەڭ تۆرت يىگىتنى باشلاپ كەپسەن.

---

1 بولاڭخوي ـ ھۆددىگە.

ـبىز غېنىغا يوللۇق تۇتقىچە ئۇ بىزنىڭ ئالدىمىزغا ئۆتۈپ كېتىپتۇ دېدى ئەكبەر.

ـشۇنداقمۇ؟ ـ تەئەجۈپلەندى پاتىخ.

ئەكبەر غېنىنىڭ بۇ يەرگە كەلگىچە قىلغان «ھەممىلىسىنى» سۆزلەپ بەردى .

ـماناپخان بىلەن تېپىپ دېگەن ساتقۇننى مەن بولسام ئېتىپ تاشلاتتىم، ـ دېدى شىمايلىنىپ ئوسمان.

ـئادەمنى ئۆلتۈرمەك ئاسان. لېكىن پەيدا قىلماق تەس، ـ دېدى غېنى.

ـئىككىسى خىتايلار ئىچىدە تۇرۇپ بىزگە ئىشلىمەك بولۇشتى. ئەگەر ۋەدىسىگە تۇرۇشمىسا ئۇ ۋاقتا سېنى ئەۋەتەرمىز، ئۇكا، ـ دەپ كۈلۈمسىرىدى .

ـخىتايلار گۇمان قىلمىسۇن دەپ ئىككىسىنى يالىڭاچ قارىغايغا ماتاپ، بويۇنلىرىغا «جاسۇس، ساتقۇن» دەپ يېزىلغان خەتنى ئېسىپ قويدۇق، ـ قوشۇمچە قىلدى يۇسۇپ.

ـمىللىي خائىنلارغا رەھىم-شەپقەت قىلماسلىق كېرەك. ئەمما يولى كەلگەندە پايدىلىنىشقا، سىناپ كۆرۈشكە بولىدۇ، ـ دېدى پاتىخ.

ـنېمىلا بولسا بىزنىڭ مەسلىھەتىمىز پىشقىچە، غېنىكام بىر چەتتىن ئىش پۈتىرىپتۇ، ـ دېدى نۇرۇم ـ.

ـئىككى قولۇمنى بۇرنۇمغا تىقىپ، قۇرۇق قول كەلمەي دېدىمدە، ئۇكىلار، ـ دېدى غېنى ۋە رەپىقنى ئىما قىلىپ، ئەگەر ئولجىسىز كەلگەن بولسام مونۇ ئات كالپۇك خوتەك پاچىغىغا ئوخشايدىغان نېمىسى بىلەن ئېتىپ تاشلايدېكەندە... يەنە كۈلكە بولدى.

"خوتەك پاچىغى" ـ كالپۇكلىرىنى قىيشايتىپ كۈلدى رەپىق، ـ ساڭا سوغا قىلسام ئالامسەن؟ ـ ئۇ ئاۋتوماتنى غېنىغا تۇتقازدى.

ـياق، ـ دېدى غېنى ئاۋتوماتنىڭ ئۇ ياق-بۇ يېقىنى زوقلىنىپ كۆرگەندىن كېيىن، ـ بۇ نەرسەڭ ئۆزەڭگە كۈتىسۇن. مە، بوينۇڭغا ئېسىۋال، ئۇكا! ـ ئاۋتوماتنى رەپىققە قايتۇرۇپ بەردى.

ـياراتمىدىڭمۇ نېمە؟ ـ رەنجىگەندەك بولدى رەپىق. ئۇ چىن ئىخلاسى بىلەن ئەزىز كۆرگەن ئاۋتوماتنىنى غېنىغا سوغا قىلماق بولغان ئېدى.

ـھەرگىز ئۇنداق دېمە، ئۇكا. ھازىرقى ۋاقىتتا يىگىرمىدىن ئوشۇق ئوق يەيدىغان مۇنداق ئېسىل قۇرال ئەمەس، تۇتۇن چىققىدەكلا قارا كۆسەي مىلتىقنىڭ ئۆزى غېنىمەت. ئۆزەڭنى يولدىشىڭدىن

ئايرىماي دېدىمدە!

ــ مەيلى، ئۆزەڭ بىل، غېنىكا، ــ دومسايدى رەپىق.

ــ مەن، ــ دېدى ماۋزېرنى قولىغا ئېلىپ غېنى ــ مونۇ ئۆزەم ئەجرى قىلىپ تاپقان قۇرالىم بىلەن جەڭ قىلماقچىمەن. ساقاللىق تاغام خوجىنىياز ھاجىنى دوراي دەيمەنا!

ــ دەللىڭ گەپ قىلدىڭ، غېنىكا! ــ سۆزگە ئارىلاشتى ئوسمان، ــ ئوغۇل بالىنىڭ ئۆزى سۆيگەن قۇرالى بولۇش كېرەكتە. مانا، مەن پۇلېميوتنى ياخشى كۆرىمەن: ئېتىپ تۇرساڭ چاڭ-چاڭ سايراپ تۇرسا، لاتىخەيلەر ساي تېشىدەك دومىلاپ تۇرسا...

قۇرال-ئەسلاھە، قۇراللىنىش، جەڭگە ھازىرلىق كۆرۈۋاتقان ئىسسىيانكارلار ئۇچۇن ئەڭ مۇھىم مەركەزلىك مەسىلە بولغانلىقتىن بۇ ھەقتە ئۇلار خېلە ئۇزۇن پاراڭلاشتى ھەتتا تالاش-تارتىشلارمۇ بولدى.

ــ قۇرال-جابدۇقنى بىزگە ئاسماندىن ئەيسا پەيغەمبەر، يەردىن خىزىر پەيغەمبەر يەتكۈزۈپ بەرمەيدۇ، ــ ئۆز پىكرىنى ئېيتتى غېنى، ــ قۇرال-ياراقنى ئۆزىمىز تاپىمىز.

ــ غېنى دېگەندەك ھېچ كىم بىزگە «مە، ئال» دەپ تەييار قۇرال-ياراق تۇتقۇزۇپ قويمايدۇ، ــ دېدى پاتىخ، ــ قۇراللىنىشنىڭ ئىككى يولى بار: بىرىنچىسى، گومىنداڭچىلارنىڭ ھېساۋىغا ــ يەنى دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىپ، قولىدىكى قۇرالىنى تارتىۋېلىش، ئىككىنچىدىن بولسا ــ پۇل سەرىپ قىلىپ سېتىۋېلىش.

ــ كىمدىن، قەيەردىن؟ ــ ئالدىراش سورىدى يۈسۈپ .

ــ ئېپىنى تاپساڭ ئەپىيۇنكەش، قىمارۋاز گومىنداڭ چېرىك-ئوفىتسېرلىرىدىن سېتىۋالغىنى بولىدۇ. مونۇ ناگاننى، ئەۋۇ قارىغايغا ئېسىقلىق تۇرغان «ياپونكىنى» خىتاي لوتچىكلىرىدىن سېتىۋالدىم، ــ دېدى ئوسمان.

ــ مونۇ خوتەك پاچىغىنىچۇ؟

ــ بۇنىما؟ بۇنىڭما يولىنى تاپتۇقتە، غېنىكا! ــ كۈلۈمسىرەپ جاۋاپ بەردى رەپىق.

ــ ئەڭ ياخشىسى ــ غايىنامدەك «ھەملە» قىلساق قۇرالغا ئېگە بولىمىز، ــ دېدى ئەكبەر.

ــ توغرىسى شۇ! ــ دېيىشتى ياشلار.

ــ بىزنىڭ، ــ دېدى پاتىخ، ــ تايانچى كۈچىمىز ــ ئۇ خەلق. ھازىرقى پەيتتە ئىچ-ئىچىدىن، پور كۆتەكتەك، چىرىغان ۋە خەلق نەزەرىدىن قالغان گومىنداڭچىلارغا قارشى خەلق غەزىۋى پىشىپ يەتتى. ئەگەر بىز قۇرال كۆتىرىپ چىقساق خەلق تاياق-توخماق، ئارا-نەيزىلەر بىلەن بىزگە ئەگىشىپ چىقىشى شەكسىز. بىز بۇگۇنگىچە تەشۋىق-تەرغىپ، خەلقنى قوزغاش، تەشكىللەش ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولغان بولساق، ئەندىكى باسقۇچ قۇراللىق جەڭگە ئاتلىنىشتىن ئىبارەت...

پاتىخ ئۇمۇمىي ۋەزىيەت، شەھەر بىلەن باغلىنىش ۋە قىلىنغان ئىشلارنى تەكىتلەپ ئاخىرىدا:

ــ ئىلقا ناھىيەسى تەۋەسىدىكى ئۇيغۇر، قازاق، قالماق خەلقلىرى ئارىسىدا خەلقنى ئۇيۇشتۇرۇش ئىشلىرى بىلەن جىددىي شۇغۇللىنىۋاتقان كىشىلىرىمىز بار. ئۇلار بىزنىڭ سىگنالىنى كۈتۈپ تۇرماقتا. بىزنىڭ پىلانىمىز ــ قوزغىلاڭنى ئىلقىدىن باشلاش، ــ دەپ چۈشەندۈردى.

غېنى رەھىمجان سابىرىي بىلەن مۇناسىۋەت باغلىغانلىغىنى ئېيتىپ بەردى.

ــ مونۇ، ــ دەپ نۇرنى كۆرسەتتى پاتىخ، ــ سېنىڭ ئالدىڭدىلا غۇلجىدىن چىقتى. «ئازاتلىق» تەشكىلاتىدا كىملەر بارلىغىنى بىلمەيمەن. پەقەت رەھىمجاننى تونۇيمەن، شۇنىڭ ئارقىلىق مۇناسىۋەت باغلايمىز. بىرىكىشكە تېگىشلىك كىملەر بىرىككەندىلا غەلىبىنى تەمىن قىلغىنى بولىدۇ،

ئەلۋەتتە! ـ دېدىدە، ئۇنىڭ نېرىسىغا ئۆتمىدى. ھەممىلا سىرنى ئوچۇق ئاشكارە كۆتىرىپ يۈرۈش مۇمكىن ئەمەسقۇ! زۆرۈرىيەت تېپىلغاندىلا ئىچكى سىرلار بىلەن ئورتاقلىشىش لازىملىغىنى باشقىلارمۇ چۈشىنىشكە تېگىشلىك.

ـيازما بىر يەرگە تاقاپ قالدى. سوغ چۈشكىچە «ئويۇننى» باشلىساق ياخشى بولاتتى، ـ دېدى يەنە، ھېمىشەم دەيدىغان پىكرىنى ئالغا سۈرۈپ ئوسمان.

ـھە، راست. ئۆڭكۈردە ياتىۋەرسەك ئۆزىمىزنىما، مىلتىقلارنىما دات بېسىپ قالىدىغان ئوخشايدۇ، ـ ئوسماننى ياقلىدى، رەپىق.

ـھەر نەرسىنىڭ ۋاقتى-سائېتى بار. پۇختا تەييارلىق قىلساق كېيىن باشمالتاقنى چىشلەپ قالمايمىز.

ـماڭا قارا، غېنىكا! ـ شىمايلىنىپ ئوتتۇرىغا چۈشتى ئوسمان، ـ پاتىخ ئەۋزىكام موشۇنداق ئېغىر كارۋان. بىزگە قويۇپ بەرگەن بولسا بۇ چاققىچە نىلقىنى ئېلىپ، غۇلجىغا قاراپ ماڭاتتۇق. ئەتتەڭ، سەن بالدۇرراق كەلمىدىڭدە!

ـپاتىخمۇ بىر نەرسىنى ئويلايدىغاندۇر. مېنىڭچە بولغاندا ئالدىراقسانلىق قانچە زىيانلىق بولسا، ئالدىرىماسلىق ـ ملجىڭلىق ئۇنىڭدىن بېتەر زىيانلىق. «تۆمۈرنى قىزىغىدا سوق» دەپ بېكار ئېيتمىغاندە!

غېنىنىڭ سۆزى ۋە ئاخشام ئۇلاستايدا قىلغان «ھەملىسى» تەسىر قىلدى. ھېمىشەم پاتىخنىڭ پىكرىگە يان باسىدىغان نۇر ئۆز پىكرىنى ئېيتتى.

ـبۇ قېتىم غۇلجىغا كىرگىنىمدە، ـ دەپ باشلىدى ئۇ، ـ كۆپلىگەن ياشلار بىلەن پىكىرلەشتىم ـ پارتلاشنى تاقەتسىز كۈتۈشمەكتە.

ـيېزىلاردىكى خەلقلەرچۇ! ئۇلار: ھېلىقى «ئالتە ئوغرى» كەلسە چاپسانىراق كەلسىكەن، بۇ خورلۇقتىن تويدۇق دېيىشمەكتە، ـ دېدى يۇسۇپ "ئاقۋاش".

ـقازاق ئاۋۇللىرىمۇ شۇ ـ سىلەرنىڭ يولۇڭلارغا قاراشلىق، ـ قوشۇمچە قىلدى نۇراخۇن.

بۇ دەلىللەر ۋەزىيەتنىڭ پىشىپ يەتكەنلىكىنى كۆرسەتتى.

شۇ كۈنى پاتىخ بىلەن غېنى باشلىق تاغ قەيسەرلىرى تۆۋەندىكى قارارغا كېلىشتى:

1.نىلقىغا ھۇجۇم قىلىشتىن ئىلگىرى سۇلتانۇ-ۋەيس، ياماتۇ ئوخشىغان كىچىك، كۈچى ئاز ساقچى بۆلۈمچىلىرىگە ۋە «ئاق قوي»1 ئىدارىسىگە بىر ۋاقىتتا ھۇجۇم قىلىپ، قۇرال-ئەسلاھقا ئېگە بولۇش.

2.خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى قۇراللىق قوزغىلاڭ كۆتىرىپ، ۋەتەننى ئازات قىلىش ھەققىدە خەلققە قارىتا «مۇراجىەت» ئېلان قىلىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈش ۋە خەلق ھىمايىسىگە ئېگە بولۇش.

3."ئازاتلىق تەشكىلاتى» بىلەن مۇناسىۋەتنى چىڭىتىپ، بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىش...

شۇنداق قىلىپ قۇراللىق قوزغىلاڭنىڭ ئۇيۇشتۇرغۇچىسى ھېساپلانغان ئالتە قەيسەرگە يەتتىنچى بولۇپ ئابدۇغېنى مەمەتباقى ئوغلى ـ غېنى باتۇر كېلىپ قوشۇلدى. شۇ كۈندىن ئېتىۋارەن قوزغىلاڭچىلارنىڭ ھەرىكەت پائالىيىتى جانلىنىشقا، خەلق ھىمايىسىگە ئېگە بولۇشقا باشلىدى.

ئون بەشىنچى باپ

"فورد" ماركىلىق يېنىك ماشىنا غۇلجا ـ سۈيدۈڭ تاش يولىدا غۇيۇلداپ كەلمەكتە. ماشىنىدا ئۈچلا ئادەم ـ ليۇبىڭدى، ئۇنىڭ شەخسىي مۇھاپىزەتچىسى ۋە شوفۇرى. سېمىزلىكتىن تېنى بۇقىدەك، گىرەنلىرى قاتلاشقان بۇ ليۇبىڭدى ماشىنىنىڭ كەينى بۆلمىگە كەپلەپ قويغاندەك تىقىلىپ ئولتىرىدۇ. ئۇ ماشىنىدا ئولتىرىپ ئارام ئېلىشنى ياخشى كۆرىدۇ، خاتىرجەم ئۇخلىغاندەك بولىدۇ.

كىچىگىدىنلا ماشىنىغا چۈشۈشنى ھەۋەس قىلاتتى. بىرەر ماشىنا كوچىدىن ئۆتكەندە خېلە يەرگىچە كەينىدىن يۈگرەپ، يېتەلمەي-چۈشەلمەي ئۆكۈنەتتى، بەزىدە تېپىرلاپ يىغلايدىغان چاغلىرىمۇ بولىدىغان. پەلەكنىڭ گەردىشى ئۇنى ھەممىگە: ماشىنىغا، مەنسەپكە ئىگە قىلدى. ئۇ مەنسەپ ۋە بايلىققا ئەمگەك بەدىلىگە، خەلىقنىڭ مال-مۈلكىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىش ھېساۋىغا بېيىدى، دۆلەتمەن بولدى. مونۇ ئاستىدىكى «فورد» ئەسلىدە خوجىنىياز ھاجىنىڭ شەخسىي مۈلكى بولۇپ، 1937-يىلى تەقىپ قىلىنغاندا باشقا مال-مۈلكى بىلەن تارتىپ ئېلىنغان ۋە جاللاتلار باشلىغى شىڭ-شىسەي تەرىپىدىن «خىزمەت كۆرسەتكەن» ليۇ جەڭسا جاڭغا1 ـ «مۇكاپات» ئورنىدا تەغدىم قىلىنغان .

---

1. ئاق قوي ئىدارىسى ـ كۈنەس ناھىيەسىدىكى نەسىللىك ئاق مېرىنوس قوي يېتىشتۈرىدىغان فېرما بار ئېدى، ئۇ يەردىمۇ دۈشمەننىڭ قۇراللىق چېرىكلىرى تۇراتتى.
1. جەڭسا جاڭغا ـ تاپتىش باشلىغى ليۇبىڭدىگە.

شۇنىڭدىن بۇ يان يېڭى، ئازادە ماشىنىنىڭ ھالاۋىتىنى كۆرۈۋاتقان كەسپىي جاسۇس ماشىنىغا چۈشۈپ راھەتلىنىپ ئۇخلايدىغان ئادەت چىقىرىۋالدى. بۈگۈن سۈيدۈڭ، كۇرەدىكى گارنىزوننى كۆزدىن كەچۈرۈپ ۋە پولىسىيە ئىشلىرىنى تەكشۈرۈپ «غەرىپتىكى خەتەرلىك چېگارىنى» پۇختىلاشتۇرۇش كەبى بىر قاتار ئىشلار توغرىلىق بېۋاستە كۆرسەتمىلەرنى بېرىشنىڭ سىرتىدا «گۇمانلىق ئۇنسۇرلارنى» قاماققا ئېلىش تىزىمىنى تەستىقلەپ بەردى. قايتىشىدا ماشىنىغا ئولتىرىشى بىلەنلا كۆزى يۇمۇلدى. ئۇنىڭ چالا بوغۇزلانغان كالىدەك، خاقىراپ خورەك تارتىشى ماشىنا موتورىنىڭ گۈكۈرىشىنى بېسىپ كەتكەشكىمېكىن، مۇھاپىزەتچى چۆچۈپ كەينىگە قاراپ-قاراپ قوياتتى.
غۇلجىدىن يەتتە كىلومېتىر غەرىپتىكى بايانداي يېزىسىغا كىرەردە ماشىنا ئالدىدىن ئېتىلغان مىلتىق ئوقى ۋىژىلداپ ئۆتۈپ كەتتى. مىلتىق ئاۋازىنى شوفۇر، نە مۇھاپىزەتچى ئاڭلىمىدى. لېكىن ليۇبىڭدى چۆچۈپ چۆرىسىگە قارىدى.
تاڭ-تاڭ...
-ئەي، ياۋ! ـ دۈم يېتىۋالدى جاللات. بۇ قېتىمقى ئوقنىڭ بىرى «فوردنىڭ» ئالدى ئەينىگىنى تېشىپ ئۆتۈپ، مۇھاپىزەتچىنىڭ ئوڭ مۈرىسىنى چىرپاپ كەتكەن ئېدى. شوفۇر قورقۇپ رۇلغا ئېگە بولالماي، ماشىنا دۈم كۆمۈرۈلگىنى ئاز قالدىدە، قىڭغىيىپ يول چېتىدىكى ئىمارەتنىڭ تېمىغا ئۇرۇلدى .
يېرىم سائەتتىن كېيىن باياندىي ساقچى بۆلۈمىنىڭ باشلىغى ئۈچ ساقچى بىلەن يېتىپ كەلدى. ماشىنا ئىچىدە ئىڭراپ يېتىشقان ئۈچ ئادەمنى چىقىرىۋېلىشتى.
-خۇن دەن! ـ دەپ تىللىدى ساقچى باشلىغىغا قادىلىپ ليۇبىڭدى ۋە كاچىتىغا شۇنداق ئۇردىكى، سەنتۈرۈلۈپ بېرىپ ماشىنىغا يۆلىنىپ قالدى، ـ ئەتراپىڭدا ئوغرىلار قۇتراپ يۈرسىمۇ، سەنلەر كاڭشاڭدا باش پۈركەپ يېتىش.
ليۇبىڭدىنىڭ دېمى كېسىلىپ ئۇنى چىقماي خىرىلداپ، ئولتىرىپ قالدى. ئۇنىڭ ئېپىنى بىلىدىغان شوفۇر «موتەي» جۇنى1 ئېلىپ، ئىچىرەتتى:
-ماشىنا، ماشىنا! ـ ۋاقىرىدى ليۇبىڭدى. چاپسانىراق قېچىپ شەھەرگە يېتىۋېلىشقا ئالدىرىدى ئۇ.
ساقچىلار «فوردنى» ئاران دېگەندە ئازگالدىن يول ئۈستىگە ئەپچىقتىيۇ، لېكىن موتور ئوت ئالمىدى ـ كاربيۇراتور ماكچىيىپ كېتىپتۇ. شۇ ئارىلىقتا كېچىنىڭ تىنىق ھاۋاسىدا ئوق ئاۋازى ياڭراپ كەتتى.
-زى-ۋا-زا! ـ يىغلىغاندەك ۋاقىرىدى ليۇبىڭدى ۋە ھەممىنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ يۈگرىدى. تەڭپۇڭىنى تۇتالمىدى، ئەتىمالىم يۈز قەدەمچە بارماي يىقىلىپ، خۇددى ياغاچ تۇڭدەك نەچچە دومىلاپ كەتتىيۇ،

لېكىن تىرەجەپ تۇرۇپ يەنە ئالغا قاراپ يۈگەردى. شۈنىسى تەججۈپ قىلارلىقكى، ماڭغاندا قوسىغى تىزىغا تېگىپ، ئاران-ئاران ئاياق باسىدىغان بۇ لوپسا باشقىلارنى يەتكۈزمەي، ھەممىنىڭ ئالدىدا كېتىۋاتاتتى. بەلكى ئادەم قورققاندا چاپقۇرلىشىپ، يۈگرەيدىغاندۇر. جان دېگەن تاتلىقتە! لېۈبىڭدى يەنە دومىلاپ كەتتى. بۇ قېتىم قويۇق پاتقاققا پېتىپ قالغان قاۋاندەك خارتىلداپ تۇرالماي خېلە تېپىرلاپ، تۆرت ئاياقلىنىپ، ئاران ئۆرە تۇرۇشىغا يەنە ئېتىلغان ئوق ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدىن ئۆتۈپ كەتكەندەك تۇيۇلدىدە، جان ئاچچىغىدا يۈگرەپ كەتتى ۋە ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئىشىگىگە يېتە-يەتمەي دۈمىچە چۈشۈپ، تېلىپ قالدى...

---

1موتەي جۇ ـ ھاراقنىڭ نامى.

لېۈبىڭدى كۆزىنى ئاچقاندا ئىككى يېنىدا ئاق خالاتلىق بىر ئەر بىر ئايال ئولتىرىپتۇ. شوفۇرنىڭ قېشىدا بولسا ئىلى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىغى گاۋ-جۇجاڭ ئولتارغانلىغىنى بايقاپ، كەچمىش ۋاقىئەنى ئەسلىدى، ئەتىمالىم، ئۈيالغىنىدىن، توغرىراغى ـ رەسۋا بولغىنىدىن ئەندىكىپ كەتتى. دەرۋاقە، شىڭ دۈبەنىنىڭ مەخسۇس ۋەكىلى، نوپۇسلۇق ئەمەلدارنىڭ بۇگۈنكى ھالىتى شەرمەندىلىك ئەمەسمۇ؟ باشقىلارغا يول-يورۇق كۆرسىتىدىغان، ئېتائىتىدىكىلەرنىڭ ھوشيار ۋە سەزگۈر، غەيرەتلىك ۋە جاسارەتلىك بولۇشىنى تەلەپ قىلىدىغان تەلەپچان «رەھبەر» قانداقتۇر غايىپ ئوق ئاۋازىدىن قورقۇپ بېدەر قېچىشى، ئەس-ھوشىنى يوقىتىپ، ساقچى ئىدارىسىدا ئۆزىنىڭ ئېتائەتمەن كىچىك خادىملىرىنىڭ كۆز ئالدىدا شا بولۇپ يىقىلىشى، ۋاي، رەسۋاچىلىغەي! ئۇ قايسى يۈزى بىلەن خادىملار ئۆزىگە قارايدۇ؟ قايسى تىلى بىلەن ئەمىر-پەرمان بېرىپ، ئىجراسىنى تەلەپ قىلىدۇ؟.. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى قورقۇنۇچلۇق تىترەك باستى. ھە، ئۇ قورقىدۇ. ئەڭ ئاۋال شىڭ-شىسەيدىن قورقىدۇ. دۈبەنىنىڭ شەپقەتسىزلىگىدىن قورقىدۇ.

ـخەپ! ـ پىغان چىقاردى ھەسرەت ئىچرە لېۈبىڭدى. يېنىدا ئولتىرىشقانلار ئۇنىڭ تىلغا كەلگەنلىگىنى ئاڭلاپ خوشال بولۇشتى، ئەتىمالىم، ھەممىسى تەڭ دېگىدەكلا:

ـخەيرىيات، ھوشىغا كەلدى، ـ دېيىشتى.

ـنەگە كېتىۋاتىمىز ـ سوردى لېۈ.

ـمەخسۇس شىپاخانىغا.

ـھاجىتى يوق.

ـلېۈ جەنسا-جاڭغا تىببىي ياردەم زۆرۈر...

ـھاجىتى يوق. دېمىم سىقىدىغان، ئۆتۈپ كەتتى.

ـشۇنداقتىمۇ ئەسەبلەرنى تەكشۈرۈش زۆرۈر.

ـگاۋ، جۇجاڭ! ـ خىتاپ قىلدى لېۈبىڭدى.

ـياۋ! ـ دەرھال كەينىگە بۇرالدى، گاۋ.

ـجىڭسا جۇزىگە !

ـياق!

تىببىي خادىملار قەھەرلىك ئەمەلدارنىڭ خاھىشىغا تەن بېرىشكە مەجبۇر بولدى. لېكىن ئۇلار ھېلىلا بىھوش لېۈبىڭدىنىڭ مەينەت كىيىملىرىنى يۆتكىگەنلىگىنى، ئۇنىڭ قەي بولغىدەك ئىپلاس-سېسىق تېلەتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشۈپ، ئىچىدە نەپرەت ئوقۇشتى.

ئىلى ۋىلايەتلىك جىڭسا جۇ ـ جامائەت بېخەتەرلىگىنى ساقلاش ئىدارىسى (خەلق ئۇنى «ساقچى ئىدارىسى» دەپ ئاتىشىدۇ) غۇلجىنىڭ غەربى قىسمى «يېڭى شەھەر» بىلەن «دۆڭ مەھەللىنىڭ»

پاسىلىغا جالاشقان. سېپىلدەك ئېگىز تاملار بىلەن ئىھاتىلەنگەن بۇ خۇن پۇراپ تۇرىدىغان سورلۇك مەھكىمىنىڭ ئىچىدە نېمىلەر بولۇۋاتقانلىقىنى بىلمەك بەسىي مۇشكۇل. بۇ «قۇشخانىغا» كىرگەن ئادەم تىرىك چىقىشى ئەمرىمەھەل. ئىككى قاناتتا ئىككى قاراۋۇل بۇدكىسى ئورنىتىلغان زور قارا قاپقا ئالدىدا توختىغان ماشىنا شەرتلىك گۇدوك بەردى. شۇ ئان قاپقىنىڭ بىر قانىتى ئېچىلدىدە، ماشىنا ئىچكىرى كىرىشى بىلەن قايتا يېپىلدى. گاۋ جۇجاڭ شوفۇرنى توختىتىپ، «خەۋەرلەش بۆلۈم» دەپ ئاتىلىدىغان بۆلمىنىڭ ئىشىك ئالدىدا تۇرغان كۈزەتچى ئوفىتسېرنى ئىما بىلەن ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ماشىنىدا ئولتارغان ئاق خالاتلىق كىشىلەرنى كۆرسەتتى. ئوفىتسېر ماشىنا ئىشىگىنى ئېچىپ، ئۇلارنى ماشىنىدىن چۈشۈشكە ۋە ئۇنىڭ كەينىدىن مېڭىشقا قولى بىلەن ئىشارە قىلدى. مۇنداق قوپال مۇئامىلىدىن قورقۇپ ئەس-ھوشىنى يوقىتاي دېگەن تىببىي خادىملار سەنتۈرۈلۈشۈپ ئاران ماڭدى. ئۇلارنى خەۋەرلەش بۆلۈمىگە باشلاپ كىرگەن ئوفىتسېر ئىككىسىنى ئۈستەل قېشىغا ئولتىرىشقا شەرەت قىلدىدە، ئىككى ۋاراق قەغەز بىلەن دۈۋەت، قەلەمنى ئالدىلىرىغا قويۇپ، ئەمىرانە قىياپەتتە دېدى:

–بۇگۈن كۆرگەن-بىلگىنىڭلارنى ھېچ كىمگە ئېيتمايمىز دەپ تىل خەت يېزىڭلار!

تىببىي خادىملار يېنىك تىنىق ئېلىشتى. خەيرىيات، موشۇنىڭ بىلەنلا تېچ-ئامان قۇتۇلۇپ، قۇشخانىدىن چىقىپ كەتسە... بۇ خىل تىل خەتلەرنى نۇرغۇن قېتىم يازغان، قىيىناپ ئۆلتۈرۈلگەن نۇرغۇن ئادەملەرگە «پالان كېسەلدىن ئۆلدى» دەپ يالغان دائاگنوز قويۇلغان ئاكتلارغا مەجبۇرىي ئىمزا قويۇشقانۇ، ئاخىر ھەر ئىككىسى باش ساقچى ئىدارە مەھكىمىسىگە كىرگەندە جاننى قولتۇقىقا قىسىپ كىرىشىدىغان، سالامەت قايتىپ چىقىپ كېتىشكە ئىشەنمەيدىغان.

ليۇبىڭدى كابىنېتقا كىردى (باش ساقچى ئىدارىسى، ھەربىي شتاب ۋە دوتەي ـ ۋالى مەھكىمىلىرىدە ئۇنىڭ مەخسۇس كابىنېتلىرى بولىدىغان) ۋە يۇمشاق كرېسلوغا ئولتىرىپ، پىكىرلىرىنى جەملىگەندەك بولدى. لېكىن تەشۋىشى كۈچلۈك بولغاچقا بۇگۈن روي بەرگەن ھادىسىدىن خۇلاسە چىقىرىشقا مادارى يەتمىدى. «نېمە قىلىش كېرەك؟» بۇ سوئالنى نەچچە تەكرارلىدى ئۇ. «ئوق ئاتقان ئوغرىمۇ ياكى سۈيىقەستىمۇ؟"

بۇ سوئالدىن ئۆزى چۆچۈپ كەتتى ۋە قانداقلارچە كنوپكىنى بېسىۋەتكەنلىگىنى سەزمەي قالدى.

–جەنسە جاڭغا بىر نەرسە كېرەكمىكىن؟ ـ دېدى يان بۆلمىدىن كىرگەن گاۋ جۇجاڭ.

–نېمە قىلدىڭ؟ ـ تېپىشماقتەك سوئال بەردى ليۇبىڭدى.

گاۋ تىگىرقاپ قالدى. نېمە دېيىش كېرەك؟

–ھېلىقىلارنى نېمە قىلىشتىڭ؟

–ئۇلار ئىشەشلىك كىشىلەر، ـ دېدى جەنسە جاڭنىڭ سوئالىغا ئەندى چۈشەنگەن گاۋ، ـ شۇنداقتىمۇ تىل خەت ئېلىندى .

ليۇبىڭدى قانائەتلەنگەندەك بېشىنى لىڭشىتىپ، كرېسلوغا قايتىدىن ئولتاردى.

–بۇ كېچىدىكى سۈيىقەست توغرىلىق ئۇرۇمچىگە تېلېگراما بېرىلدى...

–دۇرۇس ئىشلەپسەن، گاۋ جۇجاڭ! ـ ليۇبىڭدى گاۋنىڭ تاپقۇرلىغىغا مەمنۇن بولغانلىغىنى يوشۇرالمىدى.

–بۇ سۈيىقەستنى كىم دەپ ئويلايسەن؟

–ئالتە ئوغرىدىن كۆرە، شەھەردىكى بۇزۇق ئۇنسۇرلار بولۇشى كېرەك. سىزنى قارىلاپ تەشۋىق تاراتقان يەنە شۇلارغۇ !

–غېنى بولسىچۇ، غېنى... ئۇ كاساپەتنىڭ قولىدىن ھەممە كېلىدۇ.

–راست، راست، ـ ئوقنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان ليۇبىڭدىنىڭ ئۆزى تاتىرىپ كەتتىيۇ، بىلىندۇرمەسكە سېلىپ، سىگارېتىنى تۇتاشتۇرماق بولۇشىغا گاۋ ياندۇرغۇچنى ياقتى.

ـبایاندای ساقچى بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ماڭا ياقمىدى، ـ دېدى سىگارېتىنى ئىككى-ئۈچ شورىغاندىن كېيىن ليۇ.

ـئۇ لەيغەزەل بىلەن ئۈچ ساقچىنى قوشۇپ قاماققا ئېلىشقا بۇيرۇق بېرىلدى.

گاۋنىڭ يەنە دېگەن يەردىن چىققىنىغا ئىچىدە خوشال بولدى ليۇبىڭدى. بۇگۈنكى رەسۋاچىلىقنىڭ گۇۋاچىلىرىنى كۆزدىن نېرى قىلىپ، سىرنى يېپىش كېرەكتە!

گاۋ بىلەن ليۇ ـ بىر تەن، بىر جان. ھەر ئىككىسى تۇنگان. گاۋنى تۆۋەندىن يۇقۇرىغا ـ ئەمەل-ئۇنۋان دەرىجىسىنى كۆتىرىشكە سەۋەپچى بولغان ليۇبىڭدى. ئىلى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قىلىپ تەيىنلەشتىمۇ يەنە شۇ ليۇبىڭدى، شىڭ-شىسەي ۋە لى-يىڭچى ئالدىدا كاپالەتلىك بېرىپ، تەۋسىيە قىلغان. شەرقىي تۈركستاننىڭ ئون ۋىلايەت، ئۈچ بېۋاستە مەمۇريي رايون ئىچىدە ئەڭ باي ۋە ئەڭ مۇرەككەپ، سوۋېت تەسىرى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان «خەتەرلىك جاي» ھېساپلىنىدىغان ئىلى ۋىلايىتىنىڭ باش ساقچى ئىدارىسىگە باشلىق بولۇش ئۈچۈن سىناقلاردىن ئۆتكەن، ئىشەش ـ ئىناۋەتلىك ۋە ئىستىداتلىق ـ تەجرىبىلىك كادر بولۇشقا تېگىشلىك. گاۋدا گومىنداڭچىلار تەلەپ قىلغان بۇ تەرىقە شەرتلەر تەل-تۆكۈز بولمىسىمۇ، ئۇ گومىنداڭچىلارغا سادىق، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ۋە ماركسىزم-لېنىنىزمغا چىش-تىرنىغى بىلەن قارشى ئەشەددىي مۇتەئەسسىپ ئىدىكى، ئۇنىڭ موشۇ تەرەپلىرى شىڭ بىلەن لىغا ياقىدىغان. شۇ سەۋەپتىن ليۇبىڭدىنىڭ تەكلىۋىنى رەت قىلىشمىغان ئىدى. گاۋ غۇلجىغا كەلگەندىن بۇ يانقى ئىككى يىل ئىچىدە زىندانلار لىققىدە تولۇپ، خەلق مەئىشتى كۈندىن-كۈندە ئېغىرلىشىپ، زورلۇق-زومبىلىق ھەددىدىن ئاشتى.

يان بۆلمىنىڭ ئىشىگى چېكىلدى ـ بۇ چاي ۋە تائام كەلتۈرۈلدى دېگەنلىك ئىدى.

ـئۇسۇلۇق ئىچىۋالامسىز؟

ـماقۇل، ـ ئىنجىقلاپ ئورنىدىن تۇردى ليۇ.

ئىككىسى ئەندىلا بىر پىيالىدىن «شاڭپەر» چاي ئىچىپ تۇرۇشىغا تېلېفون جىرىڭلاپ كەتتى. گاۋ جۇجاڭ تېلېفون نوگىيىنى قۇلاققا تۇتۇپ:

ـنېمە-نېمە؟ ـ ئۇنىڭ ئۆڭى ئۆچۈپ كەتكەنلىگىنى بايقىغان ليۇبىڭدى ئالدىراش:

ـنېمە گەپ؟

ـسۇلتانۇ ۋەيس مازار...

ـيەنە نېمە بوپتۇ؟ ئوغرىلارمۇ؟

ـئوغرىلار ھۇجۇم قىلىپ، ئالتە ساقچىنى ئۆلتۈرۈپ، جاڭ سوجاڭنى تۇتۇپ...

ـگالۋاڭ پالاكەتلەر! ـ كابىنېتىغا يۈگرەپ دېگىدەك چىقتى ليۇبىڭدى ۋە گاۋنىڭ قولىدىكى تېلېفون نوگىيىنى يۇلۇپ دېگىدەك ئېلىپ:

ـساقچىغا ھۇجۇم قىلغانلار كىم؟ ھە؟ دۇدۇقلىماي گەپ قىل، دەلدۈش! ھە؟! غېنى دېدىڭما؟! ـ لاسسىدە ئولتىرىپ قالدى ليۇبىڭدى غېنىنىڭ ئېتىنى ئاڭلاپ.

ـيەنە شۇ دا زىۋازا! ـ پىغان چىقاردى گاۋ جۇجاڭ، ـ بۇ ھەربىي گارنىزون نېمە قىلىۋاتىدۇ؟ بىر باتالئون ئەسكەر ئەۋەتىلگەن، ئۇلار نەدە يۈرىدېكىنە!

ـماڭقىسىنى ئېقىتىپ يۈرۈشكەندۇر! ـ دەپ سوغ كۈلدى ليۇبىڭدى. ئۇنىڭ بۇ سۆزى تەنىمۇ ياكى چېرىكلەرنىڭ قابىلىيەتسىزلىگىنى ياراتمىغانلىقىمۇ بىلگىنى بولماتتى. شۇ ئارىلىقتا تېلېفون يەنە قاتتىق جىرىڭلاشقا باشلىدى. بۇ قېتىم ليۇبىڭدى ئالدى.

ـيا-ماتۇ؟! ھە، نېمە بولدى؟ كېكەچمۇسەن، نېمە بولدى دەيمەن؟ زىۋازا؟ !

ليۇبىڭدى تېلېفون نوگىيىنى پېقىرىتىپ تاشلاۋەتتىدە، «باش قاتتى» ـ دېگەن پېتى ئىشىككە قاراپ ماڭدى ۋە بوسۇغىنى ئاتلاپ توختاپ ـ يۈر، ھەربىي شتابقا!..ـ دېدى.

ئون ئالتىنچى باپ

غۇلجىنىڭ «سايىنىڭ قۇيۇلۇشى» دەپ ئاتىلىدىغان غەربىي-جەنۇبىي قىسمى ئىلى دەرياسىغا تاقىلىدۇ. ئەنە شۇ ساي قۇيۇلۇشىدىكى قىسمى جىگدىلىكنىڭ ئىچى بىلەن ئىككى كىشى غەربكە قاراپ كېتىپ بارىدۇ. ئۇلار يېرىم سائەتچە مېڭىپ بۇك تاللىقتا چىقىپ كېلىشتى. ئالدىدا يول باشلاپ كېتىۋاتقان ئېگىز بويلۇغى توختاپ، ئەتراپىغا نەزەر تاشلىدى ۋە نېمىنىدۇر مۆلچەرلىگەندەك قىلىپ، سولغا، دەريا تەرەپكە بۇرۇلدى. ئون قەدەمچە مېڭىپ ئۆسكىلەڭ تال تۈۋىدە توختاپ، تالنىڭ غوللىرىنى سىيپاشتۇرۇپ بىر نەرسىنى تاپتى، ئەتىمالىم، ئۇنىڭ كەينىدىن ئىز بېسىپ كەلگەن يولدىشىغا قاراپ:

-كەلدۇق، مەشەدە، - دېدى.

-يېڭىلمىگەنسەن؟

-ياق، مانا، مونۇ تالنىڭ بىر شېخىدا ئىككى، يەنە بىر شېخىدا ئۇچ بەلدەم - بۇ بەلگۈمىز.

-قولۋاق يېقىن يەردىمۇ؟

-ئەللىك قەدەمچە كېلىدۇ.

-يۈرە، تەخىر قىلمايلى.

يول باشلىغان كىشى يەنە ئالغا چۈشۈپ ماڭدى. قاراڭغۇدا قويۇق تال شاخلىرىنى قايرىپ، ئېڭىشىپ - ئىككى پۈكلىنىپ ماڭغاشقىمېكىن، ئەللىك قەدەمچە يەرنى بېسىپ ئۆتكىچە تەرلەپ-بۇژغىراپ كېتىشتى ئۇلار.

-مانا! - دېدى يول باشلىغۇچى، دەريانىڭ قولتۇق سىمان دوناي يېرىگە يېتىپ كەلگەندە، - ئولتار، ئارام ئالايلى.

دەريا لېۋىنى يالاپ، چايقىلىپ ئاقماقتا. ئەتراپ گويا ئاي قاراڭغۇسىغا كۆمۈلۈپ قالغاندەك جىم-جىت. پەقەت دەريانىڭ شالاقلاپ چايقالغان تاۋۇشىلا سۈرلۈك جىم-جىتلىقنى بۇزۇپ تۇرۇپتۇ. يولۇۋچىلار كېچە جىم-جىتلىغىنى ئۆزلەشتۇرگەندەك، شۈك ئولتىرىشىدۇ. بەلكى، ئۇلار دەريانىڭ قىنىغا پاتماي چايقىلىشىنى ۋە قانداقتۇر مۇڭ-زارغا تولغان نەغمە مىسالى شاۋقۇننى دىلغا جا قىلىشقاندۇر؟ ئېھ، ئىلىنىڭ هايات هېكمەتلىك دەريا! ئاق، ئەجدات-ئەۋلاتلىرىمىنىڭ ئەلەم-هەسرەتلىرىنى باغرىڭغا يوشۇرۇپ چايقىلىپ، كۈچلۈك شاۋقۇن چىقىرىپ ئاق..!

دەريانىڭ ئۇ قانىتىدا، قېلىن بۇلۇتنى يېرىپ چىققان يۇلتۇزدەك قاراڭغۇدا يورۇق كۆرۈنىدىدە ئۆچتى ۋە يەنە يورۇپ، يەنە ئۆچتى.

-بىزنىڭكىلەر! - دېدى يول باشلىغان ۋە يولدىشىنى باشلاپ، دەريا قولتۇغىنىڭ لېۋىگە كېلىشتى - قولۋاق تۇرغان ئېكەن. ئىككىسى ئالدىراشلىق بىلەن چېتىقنى بوشىتىپ قولۋاققا چۈشۈشتى ۋە ئېقىن بويلاپ، پالاق ئۇرۇپ شىددەتلىك ئۈزۈشتى. ئۇ قاناتقا يېتىشى بىلەن كۈتۈپ تۇرغۇچىلار ئىككىسىنى قولۋاقتىن كۆتىرىپ دېگىدەك چۈشىرىشتىدە، ئاتلارغا مىڭگۈزۈپ، ئېگىز قومۇچلۇق ئىچىگە كىرىپ كېتىشتى. ئۇلار دەريانى ياقىلاپ، تۆرت-بەش كىلومېترچە ماڭغاندا چاتقاللىق باشلاندى. شۇ قېلىن چاتقاللىق ئىچىدىكى گەمە ئالدىغا كېلىپ توختاشتى.

ئىككى يۈرۈش گەمىنىڭ ئىچى گۈپپىدە زەي ۋە بېلىق پۇراپ تۇرسىمۇ پاكىزە، سەرەمجان.

-ئولتىرايلى، بۇرادەرلەر. ۋاقىت ئاز. تاڭ يورۇغىچە تارقىلىپ، ئۆز جايلىرىمىزغا يېتىشىمىز كېرەك، - دېدى گەمىگە كىرىپ ئولتىرىشقاندىن كېيىن، قولۋاقتا باش قايمىغاندۇر؟ - دەپ سورىدى رەھىمجان ئاباسوۋتىن.

-مەمەش ئاكا پالاق ئۇرۇشقا ماهىر ئېكەن. دەريادىن خۇددى بۆشۈكنى تەۋرەتكەندەك، سىلىق ئۈزۈپ ئۆتتۇق. سىلەرچۇ؟ - سورىدى ئاباسوۋ.

-كېمىچى ئۆتكۈلدىن ئۆتكۈزۈپ قويدى، - دېدى رەھىمجان ۋە كۈلۈمسىرەپ، - شۇنداق قىلىپ

لىيۇبىڭدى «دوستۇڭنى» تاشلاپ ماڭىدىغان بولدۇڭ؟
ــ ئامال قانچە، سىغىنسام قايتىپ كېلەرمەن، ــ دەپ يىقىملىق كۈلكىسىنى كۈلدى ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ.
لىيۇبىڭدى بىلەن ئەندى باشقىچە ئۇچرىشارمىز تېخى.
ــ كۆرەش قىزىپ «چوڭ ئويۇنغا» چۈشىدىغان ۋاقىتتا سىلەردىن ئايرىلىشىم مەن ئۇچۇن ئىنتايىن ئېغىر... ئەيىپ ئۆزەمدە: چوڭ ئىش، چوڭ پايدا يەتكۈزىمەن دەپ ئىلدىراپ، چاندۇرۇپ قويدۇم، ــ دەپ ئۆكۈندى ئۇ.
ــ تەشكىلات سېنى ھېچ قانداق ئەيىپلىمەيدۇ. ھەتتا تەغدىرلەيدۇ. ئورۇن يۆتكىشىڭ ئۇ ۋاقىتلىق ھالەت. سەن بىلەن بىرلىكتە ئىشلەيدىغان ئىشلار تېخى ئالدىمىزدا! ــ دېدى رەھىمجان.
ئابباسوۋنىڭ «ئەيىپ مەندە» دېگەندە مەلۇم ھەقىقەت بار ئىدى. لىيۇبىڭدى ئۆزى ئۇيغۇرچە سۆزنى مۇكەممەل بىلسىمۇ، تۆرىلىگىگە ئېلىپ «چەنتۇ تىلىنى» تەرجىمان ئارقىلىق ئاڭلايدىغان بولۇۋالغان ۋە ئىككىنچى تەرەپتىن بۇ قۇۋ جاسۇس ئابباسوۋ ئۇنىڭ مەجلىس-يىغىنلاردا خەلققە، كادىر-زىيالىلارغا قارىتا سۆزلىگەن سۆزلىرىنى توغرا تەرجىمە قىلامدۇ، بىرەر يەردە «قىستۇرۇپ» كېتەمدۇ دەپ سىنايدىغان. دېگەندەك، ئابباسوۋ بىر قېتىم «سۆز قىستاردى» يەنە بىر قېتىم، سوراشقا تېگىشلىك ئەمەس يەنى «ئالتە ئوغرىنى باستۇرۇش ئۇچۇن يېڭى قىسىملار ئەۋەتىلەمدۇ؟» دەپ سوراپ قويدى. لىيۇبىڭدى بۇلارنى ئېرەن قىلمىغاندەك كۆرۈنگىنى بىلەن شۇ كۈندىن ئېتىۋارەن ئابباسوۋنىڭ ئەتىدىن كەچكىچە پۈتۈن ھەرىكىتىنى تەكشۈرەيدىغان، ئۇنىڭ كەينىدە نەچچىلىغان جاسۇسلار ۋە «مېھماندوست» ئىلپەتلەر يۈرىدىغان، ئۇلاردىن بەزىلىرى ئۆزلىرىنى «ۋەتەنپەرۋەر» كۆرسىتىپ، تەشكىللىك ھەرىكەت قىلىشنى تەۋسىيە قىلىدىغان بولۇۋالدى. لىيۇبىڭدى ئابباسوۋنىڭ زېرەكلىگى ۋە قابىلىيىتىگە تەن بەرگەن ھالدا ئۇنى پەرەز قىلىنغان ھەرىكەتتىكى تەشكىلاتنىڭ مۇھىم ئەزاسى دەپمۇ گۇمان قىلاتتى. شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇنى دەرھال قاماققا ئالماي، ئاغامچىنى ئۇزۇن قويۇۋېتىپ، ئىزىغا چۈشۈپ، تەشكىلاتقىچە بېرىپ يېتىشنى مەقسەت قىلغان ئىدى. ئەگەر ئىككى كۈن ئالدىدا بايانداي «شەرمەندىلىگى» سۇلتان ئۇۋەيس ۋە ياماتۇ ساقچى بۆلۈمچىلىرى غېنى باشلىق «زىۋازىلار» تەرىپىدىن ۋەيران قىلىنمىسا، ئەينى ۋاقىتتا ھۆكۈمەتكە، شەخسىي ئۆزىگە قارشى تەشكىلاتلار تارىلىپ، خەلق غۇل-غۇلىسى كۈچەيمىسە ئابباسوۋنىڭ قاماققا ئېلىنىشى كېچىكتۈرىلەر ئىدى. لېكىن ۋاقىت كۈتمىدى، قارا تىزىمغا ئېلىنغان ياش كۆرەشچىنى سولاش مەزگىلىدە ئۇنىڭ يېقىن تۇققانلىرىدىن ھاشىماخۇن (بۇ ئاتاقلىق جاسۇس كېيىن ئىنقىلاپچىلار تەرىپىدىن ئېتىپ تاشلانغان) قېرىنداشلىق مېھرى ئويغانسا كېرەك، ئەتىمالىم، ئابباسوۋنى خەۋەردار قىلىپ قويدى. «ئازاتلىق تەشكىلاتى» خەۋەر تېپىپ، ئابباسوۋنى ۋاقىتلىق بىر جايغا بېكىنىشكە قارار قىلىشتى ۋە شۇ قارارغا بىنائەن رەھىمجان ئۇنى «ئۇزىتىپ» قويماقچى.
ــ يۈرۈش ئالدىدا بىر نەچچە پىكىر بەرمەكچىمەن، ــ دېدى ئابباسوۋ، ۋە قويۇن يانچۇغىدىن دەپتەرچىنى چىقاردى، ــ بۇنىڭدا يېڭى تەشۋىقات لايىھىسى بار. تەلئەت بايۋەچچىنىڭ ئۆيىدىكى زىياپەتتە لىيۇبىڭدى موللىلار، سودىگەر-بايلارغا مۇكاپاتلارنى بېرىپ، ئۇلارنى «ئالتە ئوغرى» ۋە باشقا كۆرەشچىلەرگە قارشى ھەرىكەتكە دەۋەت قىلغان. شۇ رەزىل مەقسەتنى پاش قىلىش بىلەن، يېڭى تەقىپكە تەييارلىق كۆرۈشىۋاتقانلىقنى دەلىللەپ بېرىدىغان فاكتلار يېزىلغان. مەنچە بولغاندا بۇنى تېز بېسىپ تارقىتىش كېرەك.
ــ ئىنتايىن ياخشى، ــ دەپتەرچىنى ئالدى رەھىمجان.
ــ دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر مەسىلە، ــ داۋام قىلدى سۆزىنى ئابباسوۋ، ــ لىيۇبىڭدى خەلق ئىچىدە ئىناۋىتى بار دەپ ھېساپلانغان مۇختەر ھاجى بىلەن نودەر زوڭگەننى تاغدىكى قوزغىلاڭچىلارغا «ئەلچىلىككە» ئەۋەتىش ئۇچۇن تەييارلىق كۆرۈۋاتىدۇ.

ــ شۇن ـ داقمۇ؟!

ــ ئەگەر قوزغىلاڭچىلار ھۆكۈمەتكە ئەل بولىدىكەن، ئۇ ھالدا، پاتىخنى نىلقا ناھىيەسىگە، غېنىنى بولسا ــ توققۇزتارا ناھىيەسىگە شەنگەن قىلارمىش...

ــ پاھ!... «ئىش تامام ــ ۋەسسالام» قىلماق بولۇپتىدە، بۇ گومىنداڭچى پەسەندىلەر! ــ سوغ كۈلدى رەھىمجان.

ــ بىز «چەنتۇلارنى» گوللاپ ئۆگىنىپ قالغان بۇ جاڭگۇدىلار1 بۇ قېتىممۇ قاپاققا سېلىپ كولدۇرلاتماقچىدە!

ــ ياق! ــ دېدى مۇنداق چاغلاردا زەردىسى قايىنايدىغان رەھىمجان، ــ ئىندەككە ئوڭاي كېلىدىغان نادان «چەنتۇلار» ئەندى تېپىلماس...

ــ ھەر ھالدا خىتايلارنىڭ رەزىل مەقسەتلىرى نېمىدىن ئىبارەت ئىكەنلىگىدىن غېنىكاملارنى ئالدىن ـ ئالا خەۋەردار قىلىپ قويۇش كېرەك، ــ دېدى ئاباسوۋ.

ئۇلار ئازاتلىق تەشكىلاتىنىڭ پائالىيىتى ۋە قۇراللىق قوزغىلاڭغا تەييارلىق كۆرۈش مەسىلىسى توغرىلىق پىكىرلەشكەندىن كېيىن، رەھىمجان دېدى:

ــ سېنى باياراقتا ئالدىڭغا ئات ئاپارغان ئادەم مەنزىلگە يەتكۈزۈپ قويىدۇ.

ــ مەن تېخى مەمەش ئاكىنى بىللە ئېلىپ كېتەي دېۋىدىم، ــ دېدى ئاباسوۋ سەل ئۆكۈنگەندەك. چۈنكى مەمەمەش ئۇنىڭ ئەڭ ئىشەشلىك يېقىنى ئىدى.

ــ تەشكىلىي رەھبەرلىكنىڭ پىكرى شۇنداق، ــ دېدىدە، ئالا خوجۇننى كۆرسىتىپ، ــ بۇنىڭدا پۇل، ئوزۇق ۋە كىيىم ـ كېچەكلەر بار، ــ دەپ قوشۇپ قويدى.

ئاباسوۋنى ئاتلاندۇرۇش ئالدىدا:

ــ بىلىم ۋە تەجرىبە ئاشۇرۇپ كېلىشىڭگە ئىشىنىمەن، ئىنىم. ئولجىلىق قايت. يولۇڭغا ئىنتىزار بىز، ــ دېدى ھاياجان ئىچرە رەھىمجان.

ــ تىرىشىمەن.

ئۇلار قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى.

***

جۇمە نامىزى بولغاچقىمۇ ياكى بولمىسا، زۇلۇم ـ سېتەم ئېغىرلاشقانسىرى ئاللاھغا تولاراق سىغىنىپ، ئاللاھ ئىگەمدىن رەھىم ـ شەپقەت تىلەيدىغان نامازخان سوپىلارنىڭ سانى كۆپەيدىمۇ، بەيتۇللا مېچىتىنىڭ ئىچىگە ئادەم سىغماي، مېچىت ھويلىسىمۇ ئادەمگە لىق تولۇپ كەتتى. كىيىملىرى يەتتە يەردىن ياماق بۇ ئادەملەرنىڭ چىرايلىرىدىن توپا يېغىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ھەربىكەت، بېقىشلىرىدىن نېمىنىدۇر كۈتكەندەك جىددىيلىك ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ئۇلار مۇسۇلمان بەندىلەر، ئاللاھنىڭ ئۆيى ھېساپلانغان مېچىت ــ جامى ئىچىدە تىزلىنىپ ئولتىرىپ، قىلۋىگە ــ مەككىگە قارىغان ھالدا ئاللاھ كەرىم ــ رەھىمداردىن مەغرىپەت تىلەشلىرى ۋە شەك كەلتۈرمەسلىكلىرى، مەئىشىي خىياللارنى دىلغا يۇكمەسلىگى لازىم .

---

1جاڭگۇدا ــ غوجايىن بېگىم.

لېكىن بۇگۈن جۇمە نامىزى ئوقۇلماي تۇرۇپلا بۇ دىنىي قائىدىلەرنى بۇزغۇچىلار، سەپراس بولۇپ ئولتارغۇچىلار ئارىسىدا گۇرۇڭ ـ گۇرۇڭ پاراڭ باشلىنىپ كەتتى:

ــ ھەممىلا مېچىتتا شۇنداق بوپتەك.

ـ مېچىتلارلا ئەمەس، كوچىلارغا قىزىل-جىيا چاپلانغان قەغەزلەر كۆن چۈشكىچە تۇردى.
ـ كىملەركىن، نېمىلا بولسا ئوغۇل باللار ئىكەن!
ـ نۇرغۇن كىشىلەرنى سولاپتىمىش.
ـ سولاق دېگەن ھەممىمىزنىڭ بېشىدا بار ئىشقۇ!
ـ بۇ ئىشلارنى قىلغۇاتقانلار ھېلىقى «ئالتە ئوغرى» دېگەنلەردۇر، ھەر قاچان.
ـ ئۇلارنىڭ شەھەردىمۇ جېلىكلىرى بارده!
ـ ئۇ «ئالتە ئوغرى» دېگەنلەر نىلقا تاغلىرىنىلا ياقلىغىچە شەھەرگە بېسىپ كىرسە قاراپ تۇرماتتۇق...
ـ ھاي، ئاستا. قارا پاچاقلار ئاڭلاپ قالمىسۇن.
ـ مېچىتما تىڭچىلاردىن خالى ئەمەس دەڭلار...
تەكبىر ئېيتىلدىدە، ھەممە نامازغا سەپ تارتىشتى ـ پاراڭ بېلىدىن كېسىلدى. جۈمە نامازدىن كېيىن قۇتبە ئوقۇلۇپ جامائەت تارقالماي تۇرۇپلا بەيتۇللانىڭ ئەتراپىنى قۇراللىق ساقچى-چېرىكلەر قورشاۋېلىشتىدە، ھېچ كىمنى سىرتقا چىقارمىدى. چېرىكلەر مېچىتنىڭ ئىچى-تېشىدىلا ئەمەس، ئۆگۈزلەرگىمۇ پۇلېميوتلارنى قويۇۋېلىشقان ـ ھازىرلا ئادەملەرگە قارىتىپ ئوق چىقىرىدىغاندەكلا بىر سۈرلۈك قىياپەتتە تۇرۇشىدۇ. جامائەت بۇ ھالەتنى كۆرۈپ. ئادەتلىنىپ قالغاندەك، ئۇنچىلا قورقۇپ كېتىشمىدى.
ـ نېمە بۇ؟ ئارام-خۇدا ناماز ئوقالمىساق ھە!
ـ ئاياق ئاستى قىلمىغان مېچىتلا قالغان!
ـ زىندان يېتىشمەي، ئەندى مېچىتلارنى زىندان قىلماقچىمۇ ھە؟
ـ قىربۇەتسىما دىنىمىزنى، مېچىتلارنى ئاياق ئاستى قىلدۇرمايمىز!
قۇتبىدىن ئۆتكەن خاتىپ ئاخۇننىڭ ئالدىن-ئالا خەۋىرى بولسا كېرەك، ئەتىمالىم، ئىككى ساقچى ئەمەلدارى بىلەن بىرلىكتە سۇپىنىڭ ئۇستىگە چىقىشتى ۋە غۇل-غۇلا قىلىشقان جامائەتكە قارىتا:
ـ ھاي، ئەھلى مۇسۇلمانلار! چۇقان كۆتەرمەي، ئۇلۇقلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاڭلار! ـ دېدى خاتىپ.
ـ ئۇلۇقنىڭ بىزگە قىلىدىغان پەندى-نېسىھەتى بولسا بۇ ھەيۋىنىڭ نېمە كېرىگى؟
ـ تەرتىپ بۇزۇلمىسۇن دەيدىكەن...
خاتىپ ئاخۇن گېپىنى توگەتمەي تۇرۇپ. ليۇبىڭدى بىر توپ مۇھاپىزەتچىلىرى بىلەن كىرىپ كەلدىدە، ئىنجىقلاپ سۇپا ئۇستىگە چىقتى ۋە «مۇسۇلمانچىلىقنى» بەجا كەلتۇرمەك بولۇپ، جامائەتكە سالام بەردى.
ـ جامائەت! ـ مۇراجىئەت قىلدى ليۇبىڭدى بىلەن سۆز ئالمىشۇالغاندىن كېيىن خاتىپ ئاخۇن، ـ بۇگۇن ئەھلى جامائەتكە ليۇبىڭدى جاناپلىرىنىڭ سۆز-نېسىھەتى بار ئىكەن. ئىخلاس قويۇپ تىڭشايلى!
ـ بىز ئىسيان كۆتەرمىسەك، ياكى قالايمىقانچىلىق قىلمىساق نېمە سەۋەپتىن ئالالاھنىڭ ئۆيى بولغان ئۇلۇق بەيتۇللانى قورشاۋالدۇ؟ ئاۋال شۇنىڭغا جاۋاپ بەرسۇن بۇ "ئۇلۇق زات"!
ـ ھە-ھە! ھۆكۈمەت ئۆز پۇخراسىغا ئىشەنمىسە قانداق بولغىنى؟
ـ سەبىر، دىنداشلار، سەبىر! ـ كالە كۆسەيدەك، دىخماق قولىنى پۇلاڭلاتتى ليۇبىڭدى، ـ شەھەردە تەپرىقىچى بۇزۇقلار كۆپىيىپ قالدى. شۇلاردىن ساقلىنىش ئۇچۇن مۇھاپىزەت ئورنىدا بۇ ساقچىلار ـ چېرىكلەر كەلتۇرۇلدى، ـ ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ قانداق غەرەز يوق، خاتىرجەم بولۇڭلار، يۇرتداشلار!
ليۇبىڭدى «يۇرتداشلار» ئىبارىسىنى ئالاھىدە ئۇرغۇ بىلەن قەيىت قىلىپ، ئۆزىنى «يۇرتداش» قىلىپ كۆرسىتىشكە ئۇرۇندى. لېكىن توپ ئىچىدە ئۇنلۇك بولمىسىمۇ «قارا بۇ لولىنى»، «يۇرتداش» بولماي قۇرۇپ كەت، جاللات!

دېگەن نەپرەتلىك كىنايىلەر ئاڭلاندى.

ـ بۇگۇن، ـ سۆزىنى داۋام قىلدى لىيۇبىڭدى، ـ جىنايەت ئۈستىدە بىر نەچچە بۇزۇق ئۇنسۇرلارنى قولغا ئالدۇق. ئۇلار ھۆكۈمەتنى، داھىمىز شىڭ-شىسەينى، ھە، ھى... باشقا ئەمەلدارلارنى (ئۇ ئۆزىنى تىلغا ئالالمىدى) ھاقارەتلەپ يېزىلغان ۋاراقلارنى شەھەردىكى ئوتتۇز ئىككى مېچىت قوۋۇمغا تارقىتىشنىڭ سىرتىدا دۇكانلار ئىشىكلىرى، ئۆيلەرنىڭ قاپقىلىرى ۋە ھەتتا دەرەقلەرگە چاپلاشقان...

بۇ سۆزلەر ئېغىر كەلدى، ئەتىمالىم، لىيۇبىڭدى دېمى كېسىلگەندەك گەپتىن چىپ توختاپ قالدى. ئۇ بۇ ھالىتىنى چاندۇرماسقا تىرىشىپ، قول ياغلىغى بىلەن ئۇز-كۆزىنى سۇرۇشكە، يالغان يۆتىلىشكە باشلىدى. توپ ئىچىدە بولسا ـ «تېلىقىپ جېنى چىقىپ كەتسېدى بۇ بۆقاپاقنىڭ»، «مۇغەمبىرلىك قىلىپ، يالغان يۆتىلىۋاتىدۇ»، «كىم ئىشىنىدۇ بۇ ساتقۇننىڭ سۆزىگە» دېيىشتى ئادەملەر.

ـ خەلىق ئىچىگە، ـ سۆزىنى ئۇلىدى لىيۇبىڭدى، ـ ئىغۋا تاراتقۇچىلارغا ھەرگىز ئىشەنمەسلىكىڭلار لازىم. ئۇلارنىڭ ئۆمرى قىسقا. ئاز كۈندە تاغنى ماكانلاپ، ئۇ يەر-بۇ يەردە قۇتراپ يۈرگەن «ئالتە ئوغرى» يوق قىلىنىدۇ. شەھەردىكى ئۇلارنىڭ ھەمنەپەس تەرەپدارلىرىمۇ قولغا ئېلىنىپ، جازاغا تارتىلىدۇ. بۇ تۆرت توك-توك ئوغرى بەش يۈز مىللىون جۇڭخۇا خەلقىگە تاقابۇل تۇرالمايدۇ، ھە؟! كىمدە كىم ئۇلارغا ئىشەنسە، ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئەگەشسە ئۇ ئادەم خۇدىنى يوقاتقان ئاخماق بولۇپ، ئۆز ھاياتىغا ئۆزى زامىن بولىدۇ...

لىيۇبىڭدى خېلە ئۇزۇن ۋايسىدى. ئۇ دەم سىلىق پەندى-نېسىھەت قىلىدېكەن، دەم پوپۇزا قىلىپ، خەلىقنىڭ يۈرىكىنى موجۇپ، قورقۇتۇش ئارقىلىق ئىتائەتمەن «پۇخرا» بولۇشقا دەۋەت قىلاتتى. سۆزىنىڭ ئاخىرىنى شۇنداق خۇلاسىلىدى:

ـ كىمدە كىم ھۆكۈمەتكە قارشى ئىسيان كۆتەرگەنلەرگە بۇزۇقلارغا يان بېسىپ ئۇلارنى ياقلايدېكەن، ئىغۋاگەرلەر تاراتقان تەشۋىق ۋاراقلارنى ئوقۇپ، باشقىلارغا يەتكۈزىدېكەن يالغۇز ئۆزىنىلا ئەمەس، ئۇنىڭ خولۇم-خوشنىلىرى، تونۇش-بىلىشلىرى بىرلىكتە جازاغا تارتىلىدۇ، ئۇقتۇڭلارمۇ؟ قاتتىق جازاغا تارتىلىدۇ... ئەندى ئاخۇن ـ ئاكابىرلار، مۆتىۋەر زاتلار ھۆكۈمەتكە ياردەم قىلىپ يامان ئادەملەر ئۈستىدىن نازارەت قىلىشلىرى، ئۇلارنى ئۆز ۋاقتىدا تېگىشلىك ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا مەلۇم قىلىشلىرى لازىم. ئەگەر ئۇنداق قىلمىسا ئۇلارغىمۇ ئۇز خاتىرە قىلىنمايدۇ ـ بۇ ئاخىرقى ئاگاھلاندۇرۇش!

قارا «فوردقا» ئولتىرىپ لىيۇبىڭدى كەتتى. بەيتۇللانى قورشىغان ساقچى ـ چېرىكلەرمۇ قاتار تىزىلىشىپ، ئۇنىڭ كەينىدىن مېڭىشتى. جامائەت بولسا «مەجلىستىن» ئالغان تەسىراتلىرىنى باشقىلارغا ئېيتىپ بېرىشكە، توغراراغى، پۈتى كۆيگەن توخۇدەك تەمتىرىشىپ قېلىشقان گومىنداڭچىلار ئۈستىدىن شىكايەت قىلىشقا ئالدىراشتىيۇ، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىگىنىڭ يانچۇقلىرىدا كىملەر تەرىپىدىندۇر سېلىپ قويۇلغان ۋاراقلار بار ئېدى.

***

خەلىقنىڭ كەيپىياتىنى بىلىش مەقسىتىدە جۈمە نامىزىغا قاتناشقان رەھىمجان بىلەن قاسىمجان ئىككىسى بالدۇر كېلىشكىنى بويىچە توغرا كۆرۈكتىكى ئاشخانىلارنىڭ بىرىدە ئۇچراشتى. جۈمە كۈنى بولغاشقا ئاشخانا ئىچىدە بوش ئورۇن يوق، باس-باس ئېدى. شۇنداق بولسىمۇ يېقىن تونۇش ئاشپەز بۇ ئىككىسگە ئايرىم بۆلمىلەردىن بىرىنى بوشىتىپ بەردى.

ـ تەسىرات؟ ـ كۈلۈمسىرەپ سورىدى بىر پىيالىدىن چاي ئىچكەندىن كېيىن رەھىمجان.

ـ خەلىق قىلىچتەك ئىشتىك بولۇپ كېتىپتۇ. راسا ۋاقتى. قۇراللىق قوزغىلاڭنى ئەندى كەينىگە سوزۇشقا بولمايدۇ، خەلىقنىڭ بىسىنى قايتۇرۇپ قويىمىز، ـ دېدى قاسىمجان.

ـ پىكرىڭگە تولۇق قوشۇلىمەن.

ئاشپەز مېھمانلار بۇيرۇتمىسىمۇ، بىر بوتۇلكا هاراق بىلەن پىشقان باڭزىلارنى كۆتىرىپ كىرىپ جوزىغا تاققىدە قويدىدە:

ـنېسىيىگە خۇشۇم يوق. نەق تۆلىمىسەڭلار، ئورۇننى بوشىتىڭلار، كۈتۈپ تۇرۇشقان مېھمانلار ئاز ئەمەس، ـ دەپ يان بۆلمىگە قاراپ بىر كۆزىنى قىستى ۋە ئاستا پىچىرلىدى ـ «چىۋىندىن» ئىككىسى ئولتىرىدۇ.

ـيېمەك-ئىچمەككە قانلىق قىلىدىغان چۈپەيلەردىن ئەمەس. قورقماڭلار، ئاداش، نېسىيە داڭزاڭغا يېزىلمايمىز، ـ دېدى قاسىمجان ئەتتەي، ئۈنلۈك.

"داھىمىز" شىڭ-شىسەينىڭ زامانىدا ئوينىغىنىمىز ئوينىغان. مە، پۇلۇڭنى ئاۋال تۆلەۋېتەي، ـ تېخىمۇ ئۈنلۈگىرەك دېدى رەھىمجان.

ئىككى دوست هاراق ئىچكەندەك، ھەر تۇرلۈك «ئىشقىي» پاركلارنى قىلىشقاندەك بولسىمۇ بىر تېمىم هاراق يۇرتماي يەرگە تۆكۈۋېتىشتى. بۇ ئارىلىقتا سەرەڭگە سورىغان، تاماكا سورىغان بولۇپ يان بۆلمىدە ئولتىرىشقان ئىككى «چىۋىن» نوۋەتلىشىپ كىرىپ-چىقىشتى. ئۇلارنىڭ بىرى قۇۋ، بېزەڭ ئوخشايدۇ، قۇرۇق بوتۇلكىنى كۆرۈپ:

ـهاراقنى بۇدۇلكا بىلەنلا ئاغزىڭلارغا قۇيۇۋەتتىڭلارمۇ نېمە؟

ـبىر بوتۇلكا هارىغىڭ سەي بولامدۇ، دوستى؟ دۆڭ شوپاڭغا چىقىپ ئىچمىگىچە خۇمادىن چىقمايمىز، دېگىنە! ـ دەپ چاقچاققا ئايلاندۇردى قاسىمجان.

ـجۇمە نامىزىغا بارغىنامسىلەر؟ ـ سورىدى بېزەڭ جاسۇس.

ـبارمامدىغان. ھەم تائەت-ئىبادەت قىلدۇق ھەم لىيۇبىڭدى جاناپلىرىنىڭ «ياخشى» پەندى-نېسىھەتلىرىنى ئاڭلىدۇق. شۇنىڭ خوشاللىغىغا ئاتاپ ئىچتۇق. سىلەرچۇ، ئاداشلار؟ ـ قايتۇرۇپ سوئال بەردى سابىرىي.

ـبىزما جۇمەدىن قالمايمىز، ـ دېدى خۇش ياقمىغان قىياپەتتە جاسۇس ۋە سۆزدىن ئىلىندۇرماسلىققا كۆزى يېتىپ ئاستا چىقىپ كەتتىيۇ، جېلىگى ئىككىسى توسۇققا يېپىشىپ ئىككىنچى بۆلمىگە قۇلاقلىرىنى يېقىشتى.

ـئىلپەتچىلىككە يارايدىغان يىگىت كۆرۈندۇ، ـ ئەتتەي دېدى جاسۇسنىڭ تىڭشايدىغانلىغىنى سەزگەن قاسىمجان.

ئاشخانىدا سۆزلىشىشكە ئىمكانىيەت بولمىغاشقا باشقا بىر خالىراق (ئۇلار كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۆيلەردە ئۇچرىشىشنى قىسقارتقان) ئورۇن تېپىپ گەپلەشمەك بولۇپ سىرتقا چىقىشىغا تاغ پارتىزانلىرى بىلەن ئالاقە قىلغۇچىلارنىڭ بىرى بىلەن مەمەش ئىسىملىك يىگىت ئالدىراش كەلگەن پېتى:

ـھەدىمىز كەلدى، ـ دېدىدە، توختىماي ئاشخانا ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

ـخەيىر، مېھمان قىلغىنىڭغا رەخمەت، ئاداش، ـ دېدى قاسىمجان، ئەتتەي باشقىلار ئاڭلىسۇن دېگەننى قىلىپ.

ـئۆيگە كېتەمسەن؟ ـ ئۈنلۈك سورىدى رەھىمجان.

ـئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا يولۇقىدىغان ئىشىم بار، سەنچۇ؟

ـبازارغا.

ئىككىسى ئاشخانىغا كىردى-چىقتىلارنىڭ ئالدىدا شۇ تەرىقە سۆزلىشىپ، خوشلىشىشتى. رەھىمجان ئىلدام ماڭغىنىچە بازارغا كەلدىدە، ئىز يۈتەرمەك ئۈچۈن، باس-باس ئادەملەر توپىنى يېرىپ ئۆتۈپ، ئۇتتۇر كەلگەن هارۋۇكەشنى توختاتتىدە ۋە ئولتىرا-ئولتارمايلا:

ـدۆڭ مەھەللىگە تارت، ئۇكا! ـ دېدى.

ـخوپ ئاكىسى، ـ ئېتىنى قامچىلىدى هارۋۇكەش.

ـ ئېتىڭنى چىڭىراق قامچىلىساڭچۇي، ئۇكا، ئىشىم ئالدىراش! ـ قاشاڭ ئاتنىڭ ئاستا مېڭىشىغا تاقەت قىلماي رەھىمجان.

ـئۇرۇپ بىقىنىنى تېشىۋەتسەمما بولارى شۇ بۇ ھاراملىقنىڭ. ئاخشاملا ئون كۈنلۈك سەيسىدىن كەلدىم... چۇ. چۇ! ـ ئاتنىڭ ساغرىسىغا ئۇستى-ئۇستىلەپ قامچا تەگسىمۇ، بىر خىل مېڭىشىنى ئۆزگەرتمەي، چولاق قۇيرۇغىنى شىپاڭلىتىپ قويدى، خالاس.

ـقەيەرگە سەيسىگە باردىڭ؟ ـ قىزىقىپ سورىدى رەھىمجان.

ـسىپاتاي، قاراسۇغا.

ـنېمە ئاپاردىڭ؟

ـنېمىكىنتاڭ، كىچىك-كىچىك ساندۇقچىلارغا قاچىلانغان ئېغىر نەرسىلەرغۇ.

ـچېرىكلەر جىقمېكەن؟

ـخېلە بار كۆرۈندۇ. بىزنى قاراسۇغا يېقىن يولاتماي، دۆڭنىڭ كەينىدە قالدۇرۇپ، ھارۋۇلارنى بوشىتىپ ئەكېلىپ بېرىشتى... نېمىگە توختاپ قالدۇي مونۇ قىرچاڭغۇ! ـ يولدا ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىرسى رەھىمجانغا سالام قىلىۋېدى، ھارۋۇكەشنىڭ ئېتى توختاپ قالغان ئېدى.

ـقاراسۇدىن باشقا يەردە چېرىك كۆرمىدىڭلارمۇ؟ ـ سورىدى رەھىمجان، ئات قوزغىلىپ ماڭغاندا.

ـسۇلتانۇ ۋەيس مازارىدا باردەك قىلىدۇ... تولا سوراۋەرمەڭا، ئاكىسى، ئاران جان بېقىپ يۈرگەندە بالاغا قالماي، ـ دېدى ئەتراپىغا تەشۋىشلىك كۆز تاشلاپ ھارۋۇكەش دۆڭگە كەلگەندە ئىرغىپ يەرگە چۈشۈپ، ھارۋۇنىڭ كەينىدىن ئىشتەردى. رەھىمجانمۇ ھارۋۇكەشكە ياردەملىشىپ، ھادۇق يەتكەن ئات بىلەن ھارۋۇنى يۆلەپ دۆڭگە چىقىرىشتى.

ـئاتنى بىر-ئىككى كۈن تىنىقتۇرساڭ بولىدېكەن.

ـئىككى باغ بېدە بىلەن بىر كۈنلۈك ئوزۇقنىڭ ئورنىنى قىلساملا ئۇتتۇر ئۆيگە كېتىمەن، ئاكىسى.

ـھارۋۇ چاقىنىما مايلىساڭ بولىدېكەن، بەكما «سايراپ» كېتىپتۇ.

"كانەيگە يوق، سۇنەيگە نەدە"، دېگەندەك ئۆزەمنىڭ لېۋىنى مايلىغاندەك ماي يوق... ھەي، جان باقماق قەۋەتلا تەس بولۇپ كەتتىغۇ، ئاكىسى، ـ ھەسرەت چەكتى ھارۋۇكەش.

ـمانا، كىرا ھەققىڭ، ـ دەپ ئاخچا سۇندى رەھىمجان .

ـدېگەن يېرىڭىزگە يەتمەيلىما؟ ـ دېدى ئاخچىنى قىسىنىۋاراق ئالغان ھارۋۇكەش.

ـپىيادە چاپسانىراق يېتىدىغان ئوخشايمەن، ـ دېدىدە ئىلدام مېڭىپ رەھىمجان. ئۇ يولنى قىسقارتماق بولدى، ئەتىمالىم، چوڭ كوچا بويلاپ ماڭماي، يۇگرەپ دېگىدەك قەبرىستانغا كىرىشىگە يوپۇقسىز تاۋۇتنى، بورىغا ئورالغان مۇردىن كۆرۈشى بىلەن داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇيغۇرلار ھاياتىدا جەسەتنى بورىغا يۆگەپ كۆمگەن ۋاقىە بولغانمېدى؟ ناھاتكى ئىككى دانە شاتراق ماتا تېپىلمىسا؟ قەھەتچىلىك شۇ دەرىجىگە يەتتىمۇ؟ ئەنە! تاۋۇتنىڭ ئۇستىگە كونا دۇندۇق ياغلىقنى ئارتىپ قويۇپتۇ ـ قىز ياكى چوكان بولسا كېرەك...  ئەشۇ مەسۇمە، نازۇك بەدەن قىزنىڭ سەبىلەرچە پاك، يۇمران تېنىنى يىرىك، قىيىندى قومۇچتىن توقۇلغان بورا بىلەن ئوراپ، ئۆلگەندىمۇ ئۇنىڭ تېنىنى قىينىسا! ئاھ، نادامەت...

ـتوختاڭلار! ـ دەپ ئوڭ قولىنى كۆتەردى، مۇردىنى گۆر ئاغزىغا ئاپارغاندا رەھىمجان، ـ توختاڭلار، قېرىنداشلار! مەن ئۆيگە بېرىپ، كېپىن بولغىدەك يۇمشاغىراق بىر نەرسە ئېلىپ كېلەي...

ـكېچىكتىڭ، ئوغلۇم، ـ دېدى سالاپەتلىك ئاق ساقال ھاساسىغا تايانغان ھالدا، ـ بۇلا ئەمەس، خېلە نۇرغۇن كىشىلەرنى بورا كېپىن بىلەن دەپنە قىلدۇق. زامانە شۇنداق بولغاندىكى ئامال قانچە. بەلكىم ئۆزىمىزنىڭ خۇي-پەيلىمىزدىن موشۇ كۈنگە قالغاندىمىز. بەلكىم با، بۇ خىل ھاقارەت ۋە ئازاپنىڭ ھالاۋىتى بولار ـ ئاھ-زارىمىز ئاللاھغا يېتىپ ئاسايىشتە بولۇپ قالار...

سالاپەتلىك ئاق ساقالنىڭ مەنالىق ۋە سىرلىق سۆزلىرى يېڭى كولانغان گۆر ئەتراپىدا تۇرۇشقان

ئادەملەرگە چوڭقۇر تەسىر قىلسا كېرەك، ھەممىسىنىڭ لەۋلىرى قىمىرلاپ «ئاسايىشتە» ئىبارىسىنى تەكرارلاشتى.
"ئاق ساقالنىڭ گېپى ئورۇنلۇق، ــ ئىچىدە پىچىرلىدى رەھىمجان، ــ موشۇ پېتىچە كۆمۈش كېرەك. بۇ ھەم زۇلۇمنىڭ جانلىق بىر دەلىلى. خەلىق كۆرسۇن. زۇلۇم-ستەم، مەھكۇملىك نېمە ئېكەنلىكىگە تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەنسۇن..."

***

ھەجەرخاننىڭ رەھىمجان بىلەن بۇ ئۇچىنچى ئۇچرىشىشى. ئەر مىجەز ئايال ھېچ نەرسىدىن ئەيمەنمەتتى. ئۇ ھەتتا غېنى بىلەن بىر قاتاردا بولۇشنى تەلەپ قىلغان، لېكىن ھازىرچە ئىككى ئوتتۇرىدا ــ رەھىمجان بىلەن غېنى ئوتتۇرىسىدا ــ مۇناسىۋەت باغلاپ تۇرۇش زۆرۈرىيىتى مۇھىم بولغاشقا شۇ ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ تۇردى.
ــبۇ ئىككى ئوتتۇرىدا تولا قاتراپ تاپانلار تېشىلىپ كەتتىغۇ، ئۇكا! ــ زارلاندى رەھىمجان بىلەن كۆرۈشە-كۆرۈشمەيلا ھەجەرخان، ــ ئەندى شەرىڭگە كىرمەيمەن، ئۇدۇل تاققا، غېنىنىڭ قېشىغا چىقىپ كېتىمەن.
ــئالدىرىما، ئۇلگىرىسەن تېخى، ــ دېدى سالماقلىق بىلەن رەھىمجان، ھەجەرنى ئولتىرىشقا تەكلىپ قىلىپ، ــ قېنى، نېمە خەۋەر كەلتۇردىڭ، ئاۋۋال شۇنى ئېيتقىنا!
ــخۇش خەۋىرىم: «سانىمىز كۈندىن-كۈنگە كۆپەيمەكتە. ئەندى تاغ ئۆڭكۈرلىرىگە سىغمايمىز. «چوڭ ئويۇننى» باشلاش ۋاقتى يەتتى...» دەپ ئېيتىپ بېرىپتۇ غېنى پالۋىنىمىز.
"چوڭ ئويۇن"، ــ تەكرارلىدى رەھىمجان ۋە سەل ئويلىنىپ، دېدى: ــ بىزما ۋاقىت پىشىپ يەتتى دەپ ھېساپلايمىز.
ــغېنى ئەۋەتكەن قۇسەن مېنى كۈتۈپ تۇرماقچى. نېمە جاۋاپ قىلىمەن.
ــغېنى دېگەن «چوڭ ئويۇننى» قاچان، قەيەردىن باشلاش توغرىلىق مۇقۇم جاۋاپنى ئۈچ كۈندىن قالماي خەۋەر قىلىمىز.
ــئېيتارىڭ شۇلىما؟
ــئۇيغۇرچە، قازاقچە، موڭغۇلچە يېزىلغان تەشۋىق ۋاراقلار بار.
ــقەغەز، يەنە شۇ قەغەز... ۋاي، قەغەز بىلەنلا شەر ئالىدىغانلارەي!
ــئۇقۇپ قوي: ھەر بىر ۋاراق بىر زەمبىرەك ئوقىغا تەڭ.
ــھەي، تاڭەي، ئۆزەڭلار بىلمىسەڭلار. بىز مونۇ قارا مۇشىنىڭ كۈچىنى تەن ئالىمىز، ــ دەپ تۆمۈرچىنىڭ بازغىنىدەك ئېغىر مۇشتۇمىنى تەڭلىدى ھەجەرخان.
رەھىمجان ھەجەرخاننىڭ پالۋانلارغا خاس ئەپتىدىن زوقلاندى، ئەتىمالىم، بىر دەقىقە تىكىلىپ قالدى: ئەجايىپ قىز-جۇكانلىرىمىز بارده بىزنىڭ...» پەخىرلەندى ئۇ ۋە:
ــئەندى سېنىڭ بىلەن مۇنداق تار ئۆيدە ئەمەس، كەڭ جەڭ مەيدانىدا ئۇچرىشىمىز، ــ ئىشەشلىك ھالدا دېدى رەھىمجان.
ــمانا بۇ دەللىڭ گەپ بولدى. ئەكە قولۇڭنى، ئۇكا! ــ دېدىدە، رەھىمجاننىڭ ئوڭ قولىنى سىقىمىغا ئالدى ۋە ئامبۇردا قىسقاندەك مەككەم قىستى ھەجەرخان.
ــئاستا، قولۇمنى سۇندۇرۇۋەتمە «ئېيىق» ــ دەپ مىيىغىدا كۇلدى رەھىمجان ۋە ئاغرىغان قولىنى ئۇگلاپ تۇرۇپ: ــ كېمىچى ئىبراھىمنى بىلىسەنغۇ؟ ــ دەپ سورىدى.
ــبىلىمەن ــ كونا تونۇش.
ــبۇ قېتىم تەشۋىق ۋاراقلارنى شۇنىڭ قولىدىن ئالىسەن. ئۇ سېنى كېمە بويىدا كۈتۈپ تۇرماقچى.
ــئۇقۇشلۇق.

ـخەلقنى قۇراللىق قوزغىلاڭغا ئۈندەيدىغان بۇ مۇراجىئەتنامىلارنى تېگىشلىك كىشىلىرىمىزگە دەرھال يەتكۈزۈپ بېرىشىڭ كېرەك، ئۇقتۇڭمۇ؟

ـئۇقمايچۇ، بۇ بىرىنچى قېتىم ئەمەسقۇ!

ـيولۇڭ بولسۇن، ھەر قەدەمدە پەخەس بول، دەپ ئورنىدىن تۇردى رەھىمجان ۋە نېمىدۇر ئېسىغا كەلدى، ئەتىمالىم، ھەجەرخانغا تىكىلىپ سورىدى: ـ نۇسرەت خەلپەت ۋە نەۋرىسى توغرىلىق غېنىغا ھېچ نەرسە دېمىگەنسەن؟

ـنەچچە قېتىم تەمشەلدىمۇ، ئېيتىشقا تىلىم بارمىدى.

ـئوچىغىنى ئېيتىش كېرەك. شۇنچە كۆپ دەرت-ئەلەملەرگە پىسەڭ قىلمىغان غېنى بۇنىڭغىمۇ چىدار، ـ دېدى رەھىمجان.

ھەر ئىككىلىسى بىر نەچچە دەقىقە جىمىپ قېلىشتى. كۆڭۈلسىز خاتىرىلەرنى ئەسلەش دىل ئەسرار ئادەملەر ئۈچۈن ئېغىر بولىدىغۇ! شۇنىڭ ئەينى نۇسرەت خەلپەتنىڭ زىنداندا قىينىلىپ ئۆلۈشىنى ۋە پاناسىز قالغان چولپان قىزنىڭ مەجبۇرەن تۇرمۇشقا چىقىپ كېتىشىنى غېنىغا ئېيتىش ئىنتايىن ئېغىر، لېكىن ئەينى ۋاقىتتا يوشۇرۇشنىڭمۇ ھاجىتى يوق ئېدى.

ـبولغان ۋاقىئەنى قۇسەنگە دەيمەن، ئۇ غېنىغا يەتكۈزەر ـ چولپاندا قىلچە گۇنا يوق! ـ دېدى كەسكىن رەۋىشتە ھەجەرخان.

ـھەق سۆزنى ئېيتتىڭ...

ھەجەرخاننى ئاتلاندۇرۇپ، ئۆيگە قايتىپ كەلگەن رەھىمجان ئەندىلا يېشىنىپ تۇرۇشىغا نېملەردۇر دەرۋازىنى قاتتىق تاقىلداتتى. ھەيران بولغان رەھىمجان دېرىزىنىڭ پەردىسىنى قايرىپ، كوچىغا قارىۋېدى؛ ئىشىك ئالدىدا ئۇنىڭغا تونۇش قارا «فورد»، دەرۋازا قېشىدا ئىككى ساقچى ئۆرە تۇرۇشۇپتۇ.

"مېنى ئالغىنى كەپتۇدە... تەشۋىشلىك گۇمان كەچتى ئۇنىڭ كۆڭلىدىن ۋە ئالدىراشلىق ئۇستەل تارتمىسىنى ئېچىپ، ناگاننى ئالدى:ـ تىرىك قولغا چۈشمەسمەن!" ئۇ ھويلا ئارقىلىق خوشنىلارنىڭ قوراسىغا چۈشمەك ئۈچۈن تاشقارقى ئىشىكتىن چىقىشىغا مالاي بالا دەرۋازىنى ئېچىۋېدى، چېرىك كىرىپ كەلدى. يوشۇرۇنىشقا ئۈلگىرەلمىگەن رەھىمجان نېمە قىلىشىنى بىلمەي قالدى، ـ ئېتىش كېرەكمۇ ياكى قېچىش كېرەكمۇ؟ ئۆڭغىچە يېقىنلاشقان چېرىك ئۇيغۇرچىلاپ:

ـسىزنى لىيۇبىڭدى ئۆيىدە كۈتىۋاتىدۇ، ـ دېدى.

ـشۇنداقمۇ؟ ـ ھەيران بولغاندەك سورىدى رەھىمجان، چېرىكنىڭ سۆزىگە ئىشەنمىگەندەك.

ـكىيىنىپ چىقامسىز؟

ـھازىر، ـ دېدى كۆڭلى بىر ئاز تىنغان رەھىمجان ۋە ئۆيگە كىرىپ كىيىنىپ چىققاندىمۇ، ماشىنىغا ئولتىرىپ ماڭغاندىمۇ: «كىم بىلىدۇ مېنى سىلىقلىق بىلەن ماشىنىغا ئولتارغۇزۇپ، شۇ تاپتا ئۆيۈمنى ئوڭتەي-توڭتەي قىلىشقا باشلىغاندۇر بۇ كاساپەتلەر... نېمە ئۈچۈن مونۇ شۇم قۇشلارنى ئېتىپ قاچمىدىمۇي! ھېلىقى ئاخماق بالىنىڭ دەرۋازىنى ئېچىۋەتكىنىنە...» تەشۋىش، گۇمان، پۇشايمانغا بەنت بولغان رەھىمجان لىيۇبىڭدىنىڭ ئالدىغا باشلاپ كىرىشكەندىمۇ ھەس-ھەسلىگى بېسىلمىدى.

ـكېچىدە ئاۋارە قىلغىنىمغا خاپا بولدۇڭمۇ نېمە؟ تاتىرىپ كېتىپسەن. ياكى قورقتىڭمۇ؟ ـ سوغ تەنە ئارىلاش سورىدى لىيۇبىڭدى رەھىمجانغا تىكىلىپ قاراپ.

ـنېمە، مېنى سىنىماقچى بولىۋاتامسەن، مۇخەممەر؟ ـ تەنىگە تەنە قايتۇردى رەھىمجان.

ـئولتار، ـ ئورۇن كۆرسەتتى لىيۇبىڭدى ۋە رەھىمجان كرېسلوغا ئولتارغاندا، ـ سېنىڭ بىلەن كونا تونۇشلارچە سۆزلەشكۈم كەلدى، ـ دەپ قوشۇمچە قىلدى.

ـھەجەپ كونا تونۇشلارنى ئەسلەپ قاپسانە، چۈشۈڭ بۇزۇلمىغاندۇر؟ ـ چاقچاققا ئايلاندۇرۇپ تىغ سانچىدى رەھىمجان.

ئۇيغۇرچە چاقچاق ۋە سۆز ئويۇنىنى ياخشى چۈشىنىدىغان لىيۇبىڭدىگە «چۈشۈڭ بۇزۇلدىمۇ» دېگەن

ئىبارە تىلك كەلدىيۇ، لېكىن قاپتىلىغا ئالماي ئۆتكۈزۈۋەتتى، چۈنكى بۈگۈن رەھىمجاننى ئالاھىدە مەقسەتنى كۆڭلىگە پۈكۈپ تەكلىپ قىلغان ئېدىدە! بۇ ئارىلىقتا كۆڭلى تىنىپ، ئەسەبلىرى بېسىلغان رەھىمجان ئۆزىنى ئەركىنلىك بىقىيىت تۇتۇپ، ھەر ئېھتىمالغا قارشى بولغۇسى ھۇجۇمغا تەييار تۇردى.

–بىر كەملەردە كېلىش-بېرىشىمىز قويۇق بولىدىغان، ئەندى يىراقلىشىپ كەتتۇق، – دېدى قاماقنى يىراقتىن تاشلىغان لىيۇبىڭدى، رەھىمجانغا سىگارېتا تۇتۇۋېتىپ.

–سەن چوڭ ئەمەلدار بولۇپ كەتتىڭ، – دېدى رەھىمجان سىگارېتىغا رەخمەت ئوقۇغاندىن كېيىن كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ: – راستىنى ئېيتسام سېنىڭدىن ئەيمىنىمىز...

–نېمە؟ – چىرايى ئۆڭدى لىيۇبىڭدىنىڭ. ئۇ كەسكىن بىر نەرسە دېمەكچى بولۇپ ئۆزىنى تۇتۇۋالدىدە، يالغان ھىلمىيىپ سوردى: – نېمىشكە مېنىڭدىن قورقىسىلەر؟ مەن سىلەرگە نېمە يامانلىق قىلىپتىمەن؟

–نېمە قىلغىنىڭنى ۋە قىلىۋاتقىنىڭنى، بىزدىن كۆرە، ئۆزەڭ ياخشى بىلەرسەن، مۇخەممەر؟ – دېدى رەھىمجان ئىنتايىن مۇلايىملىق بىلەن، لېكىن جىنىغا تېخمۇ پاتۇرۇپ.

ئوق دەل نىشانغا تەگدى. لىيۇبىڭدى ھۇرپەيدىيۇ، لېكىن نېمە دېيىشىنى بىلمىگەندەك بىر ھالەتتە ئولتىرىپ قالدى .

رەھىمجان بولسا ھۆكۈمنى كۈتكەن ھالدا تىكىلىپ تۇردى: «ئەگەر، – دەتتى ئۇ ئىچىدە، – بۇ جاللات ئادىيۇدانتىنى چاقىرىپ مېنى سولاشقا بۇيرۇق بېرىدېكەن، قۇرالىمنى ئىشقا سالىمەنكى، تىرىك قولغا چۈشمەسمەن..."

تەئەججۈپكى، لىيۇ جەنساجاڭ ھوقۇقىنى ئىشلەتمىدى – بىر نەچچە دەقىقە پۈشۈلداپ ئولتاردىدە، بوغۇق ئاۋازدا شۇنداق دېدى:

–ھېلىقى ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ دېگەن ھارىمى موشۇ سەن دېگەن گەپنى قىلغان، ھەممىڭلارنىڭ گېپى بىر... شۇنچە ھىمايە قىلىپ قولتۇغۇمغا قىسساممۇ قاياققىدۇر غايىپ بولدى...

–ئابباسوۋ سولاقتا ئەمەسما؟ – ھەيران بولغاندەك سوردى رەھىمجان.

بۇ قېتىم لىيۇبىڭدى رەھىمجانغا سىناق نەزەرىنى تاشلىدى. چۈنكى رەھىمجاننىڭ ياسالما ھەيرانلىغىنى سەزگەن ۋە ئەسلىدە ئابباسوۋ توغرىلىق ئۇنىڭدىن سورىماقچى ئېدى.

–كاشكى كېچە-كۈندۈز بىللە يۈرگەن پىكىردىشىڭنىڭ نەگە يوقالغىنىنى بىلمىسەڭ، ھە! – زەھەرخاندىلىق بىلەن خىتاپ قىلدى «پىكىرداش» ئىبارىسىنى ئالاھىدە قەيت قىلغان لىيۇبىڭدى. رەھىمجان تىڭىرقاپ قالدى. ئۇ لايىغىدا جاۋاپ تاپىقچە تەجرىبىلىك جاسۇس ئۈستىلەپ زەربە بەرمەك بولدى:

–بەلكى، يولدىشىڭنى ئۆزىتىپما قويغانسەن؟

بۇ دەھشەتلىك سوئالدىن رەھىمجاننىڭ كۆزلىرى قاراڭغۇلاشتىيۇ، لېكىن تەمكىنلىگىنى يوقاتماي، جاۋاپ بېرىش ئورنىغا قاقاخلاپ كۈلدى.

–كۈلمە، كۈلكە كەتمەيدۇ! – تېرگاۋچى قىياپىتىدە ئاگاھلاندۇردى لىيۇ جەنساجاڭ.

–كۈلمەيچۇ؟ قاراپ تۇرۇپ ئويدۇرما توقۇپ چىققىنىڭنى دەيمەنا دېدى ھېچ ئەيمەنمەي رەھىمجان. ئەيمەنسۇن، ئەيمەنمىسۇن بولار ئىش بولدى، ھەممە ئاشكارە بولۇپتۇ دەپ ھېساپلانغان ئېدى ئۇ.

–ئويدۇرما ئېمىشا! – دوق قىلدى لىيۇ جەنساجاڭ. ئۇ «ئابباسوۋنى ئۆزىتىپ قويغانسەن» دېگەن سوئالنى سىنىماق ئۈچۈن – تېرگاۋچىلىك تەجرىبىسىگە ئاساسلىنىپ بەرگەن ئېدى. ئەگەر بولغان ۋاقىئەنى بىلگەن بولسا رەھىمجان ئۆيىدە ئەمەس، قاماققا ئېلىپ تۇرۇپ، مەھكىمىدە سوراق قىلار ئېدى .

–باشتا كونا يۈرتداشلىق ئېقىدىسىنى ئېيتتىڭ. ئەندىزە نەدىكى گۇمانلىق سوئاللارنى بېرىۋاتىسەن، – دېدى ئۆزىنى توختىتىۋالغان رەھىمجان قانداقتۇر بىقىيىتلىق بىلەن.

شۇ ئارىلىقتا ئاديۇتانت كىرىپ، ئۇرۇمچى تېلېفوندا سوراۋاتقانلىغىنى خەۋەرلىدى. لىيۇبىڭدى يان بۆلمىگە كىرىپ كەتتى. ئۇ قايتىپ چىققىچە پىكرىنى جەملىمەكچى بولغان رەھىمجان:
"ئاباسوۋنى ئۇزىتىپ قويغانلىغىمنى بىلىپتۇ بۇ جاسۇس؟ مەمەش، ياكى ئىبراھىم كېمىچى... ياق، ياق! ـ ئورنىدىن قوزغىلىپ كەتتى بەتگۇماندىن چۆچۈگەن رەھىمجان، ـ ئۇلار ئىشەشلىك، سىناقتىن ئۆتكەن ئادەملەر. ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرەسى ساتقۇن بولسا بۇ چاققىچە تەشكىلات ئەزالىرىنىڭ بىر تۈركۈمى سولاققا ئېلىنار ئىدى. ماڭىمۇ بۇ تەرىقە تەكەللۇپ قىلماي، زىندانغا تاشلار ئىدى. ھە، ھە، دەل شۇنداق لىيۇبىڭدىنىڭ قولىدا ھېچ ئاساس يوق، بۇ مەككار ئۆز تەخمىنىگە يۆلىنىپ مېنى سىناپ كۆرمەكچى، شۇ يول بىلەن توغرا چۈشەرمەكچى، ـ دەپ خۇلاسە چىقاردىدە، تەشۋىشتىن يېنىكلەنگەندەك تىنىق ئالدى. ـ بەلكى، ـ پىچىرلىدى ئۇ ئۆز-ئۆزىگە سوئال بەرگەندەك، ـ راستىنلا بىزگە يېقىنلاشقۇسى باردۇر بۇنىڭ. ئۇنى موشۇنچىلىك ئەمەل-ئۇنۋانغا ئېگە قىلغان تايانچى ھامىسى شىڭ-شىسەي تەختتىن چۈشكەندىن كېيىن، بۇنىڭ ئورنىغا باشقىسى تايىنلىنىپ، ۋاكالەت ھوقۇقى چەكلەندى. بارا-بارا يېڭى ھۆكۈمران شىڭ-شىسەينىڭ سادىق كۈچۈكلىرىنى چەتكە قېقىشى مەنتىقىي ھالەت. شىڭ-شىسەينىڭ قانلىق جىنايىتىگە شېرىك بولغان لىيۇبىڭدى ئۆز جېنىنى قۇتقۇزۇش مەقسىتىدە ئامانلىق يولىنى ئىزدىشى، باشقا تۈسكە كىرىشىمۇ مەنتىقىي ھالەت. موشۇ سەۋەپكە بېنائەن ئازاتلىق تەشكىلاتىمىزنىڭ پائالىيىتىنى بىلىپ تۇرسىمۇ جىددىي چارە قوللانماي، كېلىشىش نىيىتى باردۇر؟ ئەگەر كېلىشەلىسەك زور پايدىسى تېگەتتىدە! تەۋەككۇل قىلايمۇ؟ ـ رەھىمجان قانداقتۇر ئىچكى تەۋرىنىش ئىچرە ئىككىلىنىپ قالدى. لىيۇبىڭدىنىڭ بۈگۈنكى مۇئامىلىسى، سۆز-ھەرىكەتلىرى ئۇنىڭغا مايىللىغىنى ئىزھار قىلغاندەك سېزىلگەشكىمېكىن، ئۇنىڭدا بىر قەدەر ئىشەنچ سېزىم ھاسىل قىلدىيۇ، لېكىن لىيۇبىڭدىنىڭ ئۆتمۈشى، قىلمىشلىرىنى ئەسلىگەن رەھىمجان شۇ ئان بۇ كۆڭۈلچەكلىك پىكرىدىن قايتتى، سەزگۈرلىگى ئۈستىن چىقتى: «ياق، ياق! بۇ زەھەرلەنگەن مېرەزگە يېقىن يولىماسلىق كېرەك..."

ـسەن خوشال بولىدىغان بىر خەۋەر ئېيتايمۇ؟ ـ دەپ كىرىپ كەلدى لىيۇبىڭدى.

قارىمۇ-قارشى مۇلاھىزىلەرگە بەنت بولغان رەھىمجان دەرھال جاۋاپ بېرەلمىدى.

ـھە، ئاڭلاشقا تاۋىڭ يوقمۇ نېمە؟

ـخۇش خەۋەر بولسا نېمىشكە تاۋىم بولمىغاي؟ ـ بېپەرۋالىق بىلەن سورىدى رەھىمجان.

ـسىياسىي مەھبۇسلارنىڭ ھەممىسى ئازات قىلىنىپتۇ. ئاز كۈندە سەپداشلىرىڭ تېيىپ ھاجى، زامانلار بىلەن كۆرۈشىسەن...

ـراستما؟ ئۇلار ئامانمېكىن؟ ـ بىر ئادەم ئورنىدىن كۆتەرگەندەك، تۇرۇپ كەتتى، خوشاللىغىنى ئىچىگە سىڭىرەلمىگەن رەھىمجان سابىرىي .

ـيېڭى رەئىس كەڭچىلىك سىياسەت يۈرگۈزۈۋاتىدۇ. ئاستا-ئاستا خەلىق پاراۋانلىغى ياخشىلىنىدۇ، ئەلۋەتتە! ـ دەپ گەپنى تامامەن باشقا يولغا سالدى لىيۇبىڭدى، ـ شۇنداق بىر ياخشى ۋەزىيەتتە «ئالتە ئوغرى» ۋە شەھەردىكى بەزى تەنتەكلەرنىڭ ھۆكۈمەتكە قارشى ھەرىكىتى تامامەن ئورۇنسىز ـ بېكار قان تۆكۈلىدۇ، خانۇ-ۋەيرانچىلىق بولىدۇ...

لىيۇبىڭدى ئېيتمىش سۆزلىرىنىڭ تەسىر-كۈچىنى ئۆلچىمەكچى بولۇپ، رەھىمجانغا سىنچىلاپ قارىدى. رەھىمجان بولسا، شۇ بىر نەچچە دەقىقە ئىچىدە لىيۇبىڭدىنىڭ ھۇزۇرىدا ئېكەنلىگىنى ئۇنتىغان بىر ھالەتتە، ئۆز كەچۈرمىلىرىگە بەنت ئىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن 1934-يىلى، 9-مارت كۈنى غۇلجىدا تېيىپ ھاجى سابىتوۋ باشچىلىغىدا تەشكىل ئېتىلگەن «ئۇيغۇر مەدەنىي-ئۇيۇشمىسى» ۋە مەزكۇر ئۇيۇشمىنىڭ زامانىۋي مەكتەپ-مائارىپ، ئەدەبىيات-سەنئەتنى تەرەققىي ئەتكۈزۈشتىكى ئىجابىي رولى، ئۈچ-تۆرت يىل ئىچىدىلا شەھەر-يېزىلاردا يۈزلىگەن مىللىي مەكتەپلەر ئېچىلىپ، مىڭلىغان ئۆسمۈرلەرنىڭ تەلىم-تەربىيە ئېلىشى ۋە كلۇبلار، سانائىي-نەپىسە ئۆمەكلىرىنىڭ بەرپا

بولۇشى، مىللىي سەنئەتنىڭ تېزلىكتە رىۋاجلىنىشى ـ شۇ جانلىنىش، شۇ يۈكسىلىشلەر بىر-بىرلەپ ئۆتتىيۇ، ئۇ ھەسرەت ئىچرە: «ناپىسەنت خىتاي مەمۇرلىرى توسقۇنلۇق قىلمىغان بولسا، مىللىي مەدەنىيەت نامايەندىلىرىنى تەقىپ ئاستىغا ئېلىپ تەرەققىيات يولۇمىزنى توسىمىغان بولسا، بۇ كەمگىچە ئۆلكىمىزنىڭ قىياپىتى تامامەن ئۆزگىرىپ، قاشاقلىق-قالاقلىقتىن قۇتىلار ئىدۇقتە، قەددىمىزنى رۇسلاپ ئالار ئىدۇق، خەپ...!"

ـدېمەك ئىچىڭگە چۈشۈپ كەتتىغۇ، ھە! ياكى تېيىپ ھاجىلارنى كۆتۈۋېلىشنىڭ غېمىنى قىلىۋاتامسەن؟ ـ دېدىدە، زەھەرخەندىلىك كۈلدى لىيۇبىڭدى.

ـخەلىق ئۈچۈن يەتتە يىل زىنداندا يېتىپ، ساق-سالامەت چىققان ئادەملەرنى مۇناسىپ كۈتۈۋېلىشقا ئەرزىيدۇ...

ـلاۋ-زا! ـ ئورنىدىن ئىنجىقلاپ قوزغالدى لىيۇبىڭدى ۋە خوراز مايتارتقاندەك رەھىمجانغا گۆلىيىپ، ئۇنىڭ ئالدىدا توختاپ قادىلىپ تۇرۇپ، ـ زىنداندا ياتقىنىڭ، ياتمىغىنىڭ ـ ھەممىڭ خام خىيالچانلار. سەنلەر تېخى ئۆزەڭلارنى مىللەتپەرۋەر، خەلىقپەرۋەر دېيىشەمسەن؟

ـكاشكى شۇنداق بولالىساق نېمە ئارمان...

ـھەقىقىي خەلىقپەرۋەر بولساڭ، ـ خىتاپ قىلدى رەھىمجان سۆزىنى بۆلگەن لىيۇبىڭدى، ـ ھازىرقى كۈندە خەلىقنىڭ بېھۆددە قېنى تۆكۈلۈشىگە يول قويماسلىغىڭ كېرەك. خەلىقنىڭ ئەركى-ھوقۇقىنى تېپىلىق يولى بىلەن، مادارى-مۇرەسسە بىلەن ھەل قىلىشقا بولىدىغۇ! ـ «بېھۆددە قان تۆكۈشنى خالىمىساڭلار، ئۇ ھالدا، خەلىقنىڭ ئازاتلىق-مۇستەقىللىق ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىڭلار» دېمەكچى بولۇپ ئۆزىنى زورغا توختىتىۋالدى رەھىمجان.

لىيۇبىڭدى بولسا دەل شۇنداق جاۋاپنى كۈتكەن ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ غېرىزىنى چۈشەنگەن رەھىمجان باشقىچە جاۋاپ بەردى :

ـئىككى ئوتتۇرىدا ۋاستە بولۇشۇمنى تەلەپ قىلماقچى بولامسەن؟

ـتەلەپ ئەمەس، تەكلىپ.

ـمۇنداق ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايمەن، ـ ئېتىراپ بىلدۈردى رەھىمجان .

ـسەۋەپ؟

ـبىرىنچىدىن، مېنىڭ قوزغىلاڭچىلار بىلەن ھېچ قانداق مۇناسىۋىتىم يوق؛ ئىككىنچىدىن، ھۆكۈمەتنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىغا، قورالىلىق باستۇرماق بولۇشىغا پىسەڭ قىلمىغان ئىسيانكارلار مېنىڭ ـ ئاددىي پۇخرانىڭ پەندى-نېسىھەتىمنى ئىناۋەتكە ئالامدۇ؟ ئۈچىنچىدىن، ئۆزەڭلار «ئالتە ئوغرى» دەپ ئاتاۋاتقان «ئوغرىلاردىن» نېمە شۇنچە چۆچۈپ، تەھلىكە كۆتىرىسىلەر؟

كەينى-كەينىدىن بېرىلگەن لىپاپلىق سوئاللارغا دەرھال جاۋاپ قايتۇرۇش تەس كەلدىمۇ ياكى ھەقىقىي ئەھۋالغا تەن بەردىمۇ، لىيۇبىڭدى تىڭىرقىغاندەك رەھىمجانغا تىكىلگەن پېتى تۇرۇپ قالدى . رەھىمجانمۇ بەرگەن جاۋاپلىرى بىلەن قايتارما سوئاللىرىنى ھۆكۈمەت ۋەكىلى لىيۇبىڭدى قانداق ھەزىم قىلىدېكەن ۋە نېمە دەپ ھۆكۈم چىقىراركىن دەپ كۈتۈپ تۇردى .

تېلېفوننىڭ جىرىڭلىشى ئاڭلاندى. ئادىيۇتانت كىرىپ باش شتاب باشلىغى سورىغانلىغىنى مەلۇم قىلدى. لىيۇبىڭدى يەنە يان بۆلمىگە چىقىپ كەتتى. رەھىمجان سائىتىغا قارىدى ـ سائات ئىككى.

"ھۇجۇمنى بالدۇر باشلىدىمېكىن؟!" پىچىرلىدى رەھىمجان. چۈنكى ئۇ بۈگۈن سائات 6دا قوزغىلاڭچىلارنىڭ «ئاق قوي» ساقچى بۆلۈمچىسىگە ھۇجۇم قىلىشىدىن خەۋەردار ئىدى.

ـتۇر! ـ دېدى قوپاللىق بىلەن ئادىيۇتانت ۋە رەھىمجاننى ئالدىغا سېلىپ ماڭدى.

ماشىنا كوچىغا چىققاندا سولغا ـ باش ساقچى مەھكىمىسىگە ئەمەس، ئوڭغا ـ «ئۈچ دەرۋازا» تەرەپكە بۇرۇلغاندا رەھىمجان يېنىك تىنىق ئالدى ۋە ئىچىدە: «خۇدايا شۈكرى» دېدى ئۆيى تەرەپكە قاراپ ماڭغاندا. كوچا قىيىلىشىغا كەلگەندە شوفيۇرغا ماشىنىنى توختىتىشنى بۇيرىغان لىيۇبىڭدى:

–ھوش-كاللاڭنى يىغىپ يۈر، رەھىم! ئەتە سېنىڭ بىلەن يەنە سۆزلىشىمەن، – دېدىدە، رەھىمجاننى ماشىنىدىن چۈشىرىۋېتىپ، باش شتاب تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كېتىشتى .
"خۇنۇك ئەپتى-بېشىرىڭنى ئىككىنچى كۆرمەسمەن ملللىي ساتقۇن..." دەپ پىچىرلىدى رەھىمجان.

ئون يەتتىنچى باپ

بىر نەچچە كىچىك-كىچىك غەلىبىلەردىن كېيىن قوزغىلاڭچىلار تەشكىلىي جەھەتىن پارتىزان ئوترەدىغا ئايلىنىپ، بەش يۈزچە كىشىدىن تەركىپ تاپقان ئېدى. گەرچە ھەممىسىدە دېگىدەك قۇرال بولمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ كۈرەش روھى ئۈستۈن – يېقىن كۈنلەردە ھەممىسى قۇرال-ئەسلاھقا ئېگە بولۇشىغا ئىشەنچىلىرى كامىل ئېدى. تاغ ئىچىدىكى ئۆڭكۈرلەر تارلىق قىلىدۇ. كۈندىن-كۈنگە كۆپىيىۋاتقان جەڭچى-پارتىزانلارغا كىيىم-كېچەك، ئوزۇق، ئات-ئۇلاقلارغا يەم-خەشەك كېرەك. قىش بولسا بارغانچە يېقىنلىشىپ چېڭقاپ كەلمەكتە.
قوزغىلاڭچىلار بۈگۈن جىددىي كېڭەش ئۈستىدە ئولتىرىدۇ.
–ئەگەر نىلقىنى ئىشغال قىلساق، – دېدى پاتىخ، – قۇرالغىمۇ، ئات-ئۇلاققىمۇ ئېگە بولىمىز. ئىككىنچى تەرەپتىن خەلىق ئالدىدا ئابروي-ئىناۋىتىمىز ئاشىدۇ، سېپىمىز تېخىمۇ ئۆسىدۇ.
–مېنىڭچە بولغاندا غۇلجىغا ھۇجۇم قىلساق ياخشى بولاتتى. ئاۋال دۈشمەننىڭ بېشىنى يانچىپ، ئاندىن قانات-قۇيرۇغىنى چاپساق دەيمەندە! – دېدى ئوسمان.
–ياق، – ئوسماننىڭ پىكرىنى قەتئىي رەت قىلدى ئەكبەر، – بۇ ئاز كۈچ بىلەن غۇلجىغا ھۇجۇم قىلىش – تەۋەككەلچىلىك بولىدۇ.
–غۇلجىنى ئالالىساققۇ ياخشى. ئەگەر كەينىمىزگە چېكىنىدىغان ئەھۋال بولسا – خەلىق بىزدىن رايى قايتىپ قېلىشى، ئىككىنچىلەپ ئەگەشمەسلىگى مۇمكىن.
–ئەكبەر بىلەن نۇرنىڭ گېپىنىڭ جېنى بار، – دەپ باشلىدى غېنى، – ئاۋال نىلقىنى ئۆزىمىزگە قارىتىپ، ئاندىن غۇلجىغا، ئۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ نېرىسىغا قاراپ يۈرۈش قىلىمىز.
غېنىنىڭ پىكرىگە ھەممە بىر ئېغىزدىن قوشۇلدى. ئۇلارنىڭ بۇ قارارى شارائىت جەھەتتىنمۇ، ئىستراتېگىيە جەھەتتىنمۇ توغرا بولغان ئېدى. چۈنكى نىلقا – ئۇ ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ئەڭ باي چارۋىچىلىق ناھىيەسى بولۇش بىلەن بىللە بۇ تاغلىق رايون تەبىي ئىستىھكامغا ئېگە: شەرقتە كۈنەس، يۈلتۇز ناھىيەلىرى، جەنۇپتا غۇلجا ناھىيەسى، شىمالدا بولسا تارباغاتاي ۋىلايىتىگە چېگارىداش، ئالاقە تۈگۈنىدىن ئىبارەت. ئەگەر نىلقا ئىشغال قىلىنسا كۈنەس خەلقى ۋە غۇلجا ناھىيەسىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى كۆپلىگەن خەلىق قوزغىلاڭچىلار تەرەپكە ئۆتۈپ، پارتىزانلار سېپى زورىيىپ، ئۇلغىيىشى مۇقەررەر.
–نىلقىغا ھۇجۇم قىلىمىز – بۇ قارارىمىز قارار، – دېدى پاتىخ ۋە ياش، كېلىشكەن تاتار يىگىتىگە قاراپ: سەن، خەمىت، نىلقىنىڭ كېيىنكى ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەر.
–خەپ، – دەپ قويۇپ يانچۇغىدىن بىر تاختا قەغەزنى چىقىرىپ، ياپىلاق تاش ئۈستىگە يايدى خەمىت.
–بۇ نېمەڭ؟ ئۆمچۈك توردەك، گادىرماش بىر نېمىلەرنى سىزىپسەنغۇ! – دىققەت بىلەن كۆز تىكتى غېنى. باشقىلارمۇ يېيىقلىق قەغەزگە يېپىلىپ قاراشتى.
–بۇ ئەندى كۆرسىتىشكە ئوڭاي بولسۇن دەپ سىزغان نەرسېدە! – دەپ چۈشەنچە بېرىشكە باشلىدى خەمىت، – مونۇ ساقچى، مونۇ شەنگەن ئىدارىسى. مونۇ قورغانچە ھازىر ساقچىلار ۋە چېرىكلەر ئاساسەن موشۇ ئىككى مەھكىمىنىڭ تاملىرى، ئۆگۈزلىرىگە قۇم قاچىلانغان خالتىلارنى تىزىپ، پوتەيلەرگە، ئۆگۈزلەرگە پۈلېمىيولارنى ئورنىتىپ، پايلىشىپ يېتىشماقتا...
–مونۇ بەلدىمىڭ نېمە؟

ــ چوڭ يولدىكى توسۇق. مونۇ كلۇب. كلۇبنىڭ ئۈستى چېدىردىمۇ پۈلېمىيولار ئورنىتىلغان، ــ دېدى خەمىت ۋە قىزىل سىزىقنى كۆرسىتىپ، ــ مونۇ قورغاننى ئورىغان ئوكوپىلار. بۇ ئوكوپىلارغا ساقچى ۋە شەنگەن ئىدارىلىرى يەر تېگى يول ئارقىلىق باغلىنىش قىلىدۇ.
ــ هە، بۇ لالىملار، ئاغمىخان ئوخشاش، يەر كولاشقا ئۇستا، ــ دېدى غېنى.
ــ يەتتە قات يەرنىڭ تېگىگە كىرىپ كېتىشسىمۇ سۆرەپ ئەچىقىمىز، ــ شىمايلاندى ئوسمان.
ــ دۈشمەننى سەل چاغلىماسلىق كېرەك، ــ دېدى پاتىخ ۋە خەمىتتىن سورىدى: ــ قۇراللىق دۈشمەنلەرنىڭ سانىنى ئېنىقلىدىڭلارمۇ؟
ــ ساقچى، مۇهاپىزەتچىلەرنى هېساپلىمىغاندا بىر يىڭچارەك1 بار.
خەمىت نىلقىدىكى خىتاي گارنىزونى ۋە ئۇلارنىڭ تۇتقان پوزىسىيەسى توغرىلىق مەلۇماتلارنى سۆزلەپ بېرىش بىلەن بىللە خەلىقنىڭ روهىي كەيپىياتى ۋە ئۇلار قوزغىلاڭچىلار نىلقىغا هۇجۇم قىلىشى بىلەن كۆتىرىلىپ چىقىشقا تەييار ئىكەنلىگىنى تەكىتلىدى.
ــ ئەهۋال چۈشىنىشلىك، ــ دېدى پاتىخ مۇسلىموۋ، قانداق پىكرىڭلار بار، يىگىتلەر؟ ــ دەپ سورىدى.
ــ ئۆزەڭ نىلقىلىق. نىلقىنىڭ ئېپى-جېپىنى هەممىمىزدىن ياخشى بىلىسەن. قېنى سەن بىر نېمە دېگىن، ــ دېيىشتى يىگىتلەر.

---

1يىڭ ــ باتالىيون.

ــ مېنىڭچە بولغاندا، ــ پاتىخ سەل ئويلىنىپ ۋە خەمىت سىزىپ كەلگەن خەرىتەسىمان بەلگۈلەرنى كۆرسىتىپ، ــ بار كۈچىمىزنى ئۈچكە بۆلۈپ، ئۈچ تەرەپلەپ هۇجۇم قىلساق.
پاتىخ مۇسلىموۋنىڭ پىكرى بىر قەدەر ئۆزگەرتىلىپ، قوبۇل قىلىندى:
1 . غېنى باشچىلىغىدىكى جەڭچى-يىگىتلەر چوڭ كۆرۈكنى ئىشغال قىلىپ، نىلقىنىڭ شەرىق تەرىپىدىن هۇجۇم باشلايدۇ؛
2 .ئەكبەر بىلەن نۇر باشچىلىق قىلغان جەڭچىلەر نىلقىنىڭ غەرىپ تەرىپىدىن.
3 . ئوسمان بىلەن هوشۇر، سېيىت باشچىلىغىدىكى جەڭچىلەر نىلقىنىڭ جەنۇپ تەرىپىدىن ۋە:
4 . پاتىخ، رەقىپ، خەمىتلار بىر قىسىم يىگىتلەر بىلەن نىلقىنىڭ شىمالىغا ئورنىشىپ خەلىقنى تەشكىللەپ، هۇجۇم باشلىنىشى بىلەن غېنىغا قوشۇلىدۇ. هۇجۇم ۋاقتى بولسا ــ 1944-يىلى، 5-ئوكتەبىر تاڭ سەهەرلىگى سائەت 5تە...

***

يۇزگە يېقىن قۇراللىق يىگىتلەر يالغۇز ئاياق يولدا قاتار، خۇددى يىپقا ئۇلىغاندەك بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئىز بېسىپ، ئالدى دۆڭگە چىقسا، كەينى ئويماندا ئاتلارنى ئاياڭدىتىپ كېلىشمەكتە. ئۇلار موشۇ قېلىپتا نەچچىلىگەن دۆڭلەردىن ئېشىپ، ئاخىرقى كەڭ يېزىغا چىقىشتى. تۇم قارا ئايغىرنى مىنگەن، سەپنىڭ ئالدىدا يول باشلاپ كېلىۋاتقان موڭغۇل يىگىتى غالدان ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ، كەينىگە بۇرالدى ۋە «توختاڭلار» دېگەندەك ئوڭ قولىنى ئېگىز كۆتەردى ــ غېنى باشلىق يىگىتلەر توختاشتى.
ــ مەشەدە ئايرىلىمىز: سىلەر-ئوڭ ياققا، بىز-سول تەرەپكە قاراپ ماڭىمىز، ــ دېدى غالدان.
غېنى جاۋاپ بېرىش ئورنىغا كەڭ دالاغا، قۇياشنىڭ پېتىش ئالدىدىكى قىيپاش نۇرىدا تاۋلىنىپ تۇرغان سېرىق دالاغا، مەپتۇن بولغاندەك تىكىلىپ قاپتۇ. باهاردا يېشىل ئىپەكتەك مەيىن ۋە كۆركەم، كۈزدە بولسا ئالتۇن تۈسكە كىرىدىغان بۇ كەڭ ئوتلاق-يايلاقلار كىمنىڭ زوقىنى قوزغىمىسۇن؟ غېنى بۇ

ئەتراپلاردا باھاردا، يازدا، ئالتۇن كۆزدە نەچچە قېتىم بولغان، ھەر پەسلىنىڭ ئۆزىگە خاس پەيزىنى سۈرگەن...

بۇ كەڭ يايلاق، كۆزلەق، قىشلاقلاردا قازاق، قالماقلار ياشايدۇ. ئۇيغۇرلار بىلەن مەئىشىي مۇناسىۋەت قىلىدۇ، ئىناق ھايات كەچۈرىدۇ.

ـ ئەندى ئايرىلىمىز، ـ ئۇنلۇك تەكرارلىدى غالدان، قامچا سېپى بىلەن غېنىنىڭ بىقىنىغا نوقۇپ، ـ ھەجەپ ـ خىيالغا چۆكۈپ كەتتىڭا!

ـ موشۇ يەرلەرنى ئەكبەر ئۇچىمىز كەلگىنىمىز يادىمغا چۈشۈپ كەتتى.

ـ مانا، ئايرىلىپ يەنە بىرلەشتۇق.

ـ ھە، ئەندى بىزنى ئۆلۈمدىن باشقا ھېچ نەرسە ئايرالمايدۇ، غالدان!

ـ شۇنداق...

ـ ھەر ئۇچىلىمىز ئەتە جەڭگە كىرىمىز. باشقىلار ئالدىدا ئەرلىگىمىزنى كۆرسىتىشىمىز كېرەك جۇمۇ، بوتا!

ـ دېمىسەڭما بىلىمەن.

ـ يولۇڭ بولسۇن، دېگەن ۋاقىتتا يېتىپ كەل!

ئۇلار ئايرىلىشتى. غالدان ئىككى يىگىت بىلەن سولغا ـ قالماقكۆرە تەرەپكە قاراپ ئات سالدى. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى موڭغۇل خەلقىگە قارىتا يېزىلغان مۇراجىئەتنى تارقىتىش بىلەن بىللە ئۆزىگە ئىشەشلىك تونۇش ـ بىلىشلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، نىلقا ھۇجۇمىغا قاتنىشىشتىن ئىبارەت ئېدى. شۇڭا ئۇ تاپشۇرۇقنى ئورۇنلاش، غېنىغا بەرگەن ۋەدىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشقا ئالدىرىدى.

تاڭ يورۇشقا ئىككى سائەتچە قالدى. ئون بەش كىلومېترچە مۇساپىنى ئارتۇق بېسىپ زورۇققان ئاتلار تاغ شاملى ۋە قاش دەرياسىنىڭ سالقىن تەپتىدىن شۇمشىيىپ، غال ـ غال تىترىشەتتى. يېنىك كىيىملىك يىگىتلەرنىڭ بەدەنلىرى تىكەنلىشىپ، قوللىرى قېتىشىسىمۇ ئۇلار جەڭ باشلىنىشىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈشمەكتە. ئازاتلىق تەشنالىغىمۇ ياكى خىتاي مۇستەملىكچى قاراقچىلارغا نىسبەتەن ئۆچمەنلىك، غەزەپ ـ نەپرەت ۋە ئىنتىقام ئېلىش شۇ دەرىجىدە كۈچلۈكمۇ، قوزغىلاڭ سېپىگە كىرگەن ھەممىلا پىدائىيلار جەڭ قىلىشقا، چاپسانىراق ئۆچ ـ ئىنتىقام ئېلىشقا ئىنتىلەتتى. ئۇلار غېنى نېمە دېسە شۇنىڭغا تەييار، ئوتقا كىر دېسە ـ ئوتقا، سۇغا چۈش دېسە ـ سۇغا چۈشۈشكە تەييار، دۈشمەنگە قارىتىپ بىر پاي ئوق ئېتىپ ئۆلۈپ كەتسە ئارمىنى قالمايدۇ...

ئاسمان گۈمبىزىنى قويۇق قارا بۇلۇتلار قاپلاۋالغاچقا بەش چامدام ئارىلىقتىكى نەرسىنى پەرىق قىلغىنى بولمايدۇ. تۇم قاراڭغۇغا ماسلاشقاندەك ئەتراپنى سۈرلۈك سۈكۈنات باسقان. پەقەت قاش دەرياسىنىڭ تاشتىن ـ تاشقا ئۇرۇلۇپ ئاققان شاۋقۇنى ئاڭلىنىدۇ. بۇ شاۋقۇن غېنىنىڭ قۇلاقلىرىغا باللىق چېغىدىن سىڭگەن، دىلىغا ئورناشقان. بۇ شاۋقۇن ئۇنىڭغا نەغمە ئاۋازىدەك مۇڭلۇق، يېقىملىق ئاڭلىنىدۇ، دىل خۇشلىغىنى، ئىزگۇ كەچۈرمىلەرنى قوزغايدۇ ـ روھىي تېتىكلىك بېغىشلايدۇ.

چارىلاشقا ئەۋەتىلگەن ئىككى يىگىت قايتىپ كېلىشتى. ئۇلار كۆرۈكنىڭ غەربىي چېتىدە ئىككى پوتەي بارلىغىنى، كۆرۈك ئۈستىدە بولسا ئىككى كۆزەتچى توختىماي مېڭىپ تۇرغانلىغىنى ئېيتىشتى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ غېنى ئويلىنىپ قالدى. خەمىت كۆرۈكتە كۆزەتچى چېرىكلەر بارلىغىنى، لېكىن مەزمۇت ئىككى پوتەينى ئېيتمىغان. شۇندا بۇ پوتەيلەر ئىككى ـ ئۈچ كۈن ئىچىدە قۇرۇلغان بولامدۇ؟ پوتەي قۇرۇلغان ئېكەن ئۇنىڭغا پۇلېمىيوتلار ئورنىتىلىشى ئېنىق. پوتەيلەرنى پارتلاتماي ھۇجۇمغا ئۆتۈدېكەنمىز، يىگىتلەرنىڭ خېلىسى قۇربان بولۇشى تۇرغان گەپ. بىرما يىگىتنى چىقىم قىلغۇسى كەلمەيدۇ غېنىنىڭ.

ـ يۇسۇپ !

ــ خوش! ــ ئۇن قاتتىق يانىمۇ ـ يان ياتقان يۇسۇپ.
ــ پوتەيلەرنى پارتلىتىش كېرەك.
ــ قانداق پارتلىتىمىز؟
ــ ئۆزەم.
ــ ئۆزەم؟ ــ چۆچۈپ كەتتى يۇسۇپ.
ــ ھە ـ ھە، مەن ئۆزەم.
ــ قويە، بۇ گېپىڭنى. باشقىمىزنى بۇيرىغىن.
ــ ئۇزۇشكە ئۇستا ئادەم بولمىسا چاندۇرۇپ قويىدۇ. قاشنىڭ سىرىنى ئۆزەم بىلىمەن.
ــ ئۇنداق بولسا مەن بىللە بولىمەن، ــ دېدى يۇسۇپ.
ــ ياق، ماڭا كاشىلا بولىسەن. ئاڭلا: يىگىتلەرنى ئۇچكە بۆلۇمىز. ئىككى قىسىم كۆرۈكنىڭ باش ۋە ئاياق تەرىپىدىن كېچىپ ئۆتىدۇ. ئۈچىنچىسى كۆرۈكنىڭ بېشىدا قالىدۇ ــ بۇنى سەن باشقۇرىسەن. مەن بىرىنچى پوتەينى پارتلىتىشىم بىلەن ھەممىڭلار تەڭلا ھۇجۇمغا ئۆتىسىلەر، ئۇقتۇڭمۇ؟
ــ ئۇقۇشلۇق. بىراق سېنى...
ــ ئەزمىلىك قىلما! ــ يۇسۇپنى سىلكىۋەتتىدە، قۇسەن بىلەن باۋدۇننى چاقىرتىپ، ئۇلارغا تاپشۇرۇق بەردى. ئۇلار ئوتتۇزدىن ئاتمىش يىگىتنى باشلاپ، بەلگۈلەنگەن جايغا كېتىشتى.
ــ ئاقۋاش، پەلە ـ پەستەك بولۇپ قالسا ھودۇقماي جەڭ قىل، جۇمۇ! ــ دېدى كىيىملىرىنى يېشىنىۋېتىپ غېنى ۋە ئالتە شوينىلىق بومبىنى يىپقا چېتىپ بوينىغا ئاستىدە، ــ يا، ئەلى شاھىمەردان! ــ دېگەن پېتى سۇغا كىردى. ئېقىن بويلاپ ئۈزۈپ كۆرۈك ئاستىغا يەتكەندە توختاپ، كۆرۈكنىڭ غول تۈۋرۈكىگە يۆلىنىپ ئەتراپقا قۇلاق سالدى. ئىككى چېرىكنىڭ كۆرۈك ئۈستىدە توكۇرلىشىپ مېڭىشىدىن باشقا تىۋىش ئاڭلانمىدى. ئۇ ئەندى كۆرۈك ئاستىدىن دەريا سۈيىنىڭ يىغلىپ ئاققان كۈچلۈك ئېقىمىنى كېسىپ ئۈزۈشى ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن كۈچ ۋە ئۈزۈش ماھىرلىغى كېرەك! غېنى يەنە سۇغا بېلىچە كىردى. ئۇ ۋۇجۇدىغا پۈتۈلگەن كۈچ ـ قۇۋۋەت، ئۇزۇشكە چېۋەرلىگى ۋە خۇسۇسەن، ئىراده ـ غەيرىتى بىلەن سۇنىڭ زەپتىگە بەرداشلىق بېرىپ، غۇلاچ تاشلاپ ئۈزۈپ، كۆرۈكنىڭ غەربىي بېشىغا چىقتىدە، ئاستا بېشىنى چىقىرىپ ئەتراپقا قارىۋېدى، ئادەم قارىسى كۆرۈنمىدى. سۇدىن چىقىپ سوغ شامالدا جالاقلاپ تىترىسىمۇ ھاياجان ئىچرە مۇزلىغانلىغىنى سەزمىدى، ئەتىمالىم، تىترەك قوللىرى بىلەن بومبىلارنى يەرگە قويۇپ، چېتىقنى يەشتى ۋە ئۈچ بومبىنى دەڭسەپ تۇرۇپ سول قاناتتىكى پوتەيگە قارىتىپ تاشلاپ، سوغ يەرگە چاپلاشتى. گۈمبۈرلىگەن دەھشەتلىك تاۋۇش بىلەن ھاۋاغا توپا ـ توزۇن ۋە ئادەم جەسەتلىرىنىڭ پارچىلىرى كۆتىرىلدى. كۈچلۈك «ئۇر ـ را!» ساداسىمۇ تەڭلا ياڭرىدى. ئۆڭغىچە ئىككىنچى پوتەيدىن پۇلېمىيوتلار ئېتىلىشقا باشلىدىيۇ، لېكىن بومبىلارنىڭ يېرىلىشى بىلەن پارتلاپ، كۈلى كۆككە سورۇلدى.
ــ ئۇر ـ را! ئۇر ـ را! ئۇر ـ را !
بۇ غالىپ شىۇئار ساداسى ھاۋا گۈمبىزىدە جاراڭلاپ نىلقا خەلقىنى ئۇيقىدىن ئويغىتىپ ھاياجانغا سالغان ئېدى .
غېنى پوتەيلەرنىڭ پارتلىشىغا ھەۋەس قىلغاندەك، كۆرۈك ئۈستىدە ئۆرە تۇرغان پېتىچە قېتىپ قاپتۇ. يۇسۇپ باشلىق يىگىتلەر كۆرۈكتىن ئات چېپىپ ئۆتكەندىلا ئۇ ئېسىغا كېلىپ، مۇزلىغانلىغىنى سەزگەن بولسا كېرەك:
ــ ھاي، ئاقۋاش! ــ كىيىملىرىم قېنى؟ توڭلاپ ئۆلىدىغان بولدۇم...
ــ مانا مەن، مانا كىيىمىڭ !
غېنى كىيىندى. ئالا ئېتىغا مىندى كۆرۈككە ئوت قويۇشقا بۇيرۇق بەردى. بۇ شەرتلىك بەلگۈ بىلەن تەڭ نىلقىنىڭ تۆرت ئەتراپىدا ئېتىشۋازلىق باشلىنىپ كەتتى.

قوزغىلاڭچىلار شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىپ، نىلقا شەھىرىگە كىرىشتى. ئاھالىلىق ئۆيلەر، قورا-جايلار ئارقىلىق ئالغا سىلجىپ، گومىنداڭچى خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ ئىستىھكام «ئۇۋىسى» – ساقچى ئىدارىسىنىڭ قورغىنىغا تۆرت ئەتراپتىن يېقىنلاشتىيۇ، لېكىن يەنە ئالغا باسالماي توختاپ قېلىشتى. سېپىل سىمان قورغاننىڭ تۆرت دوقمۇشى ۋە چوڭ قاپقىنىنىڭ ئۈستىگە ئورنىتىلغان پۇلېمىيوتلاردىن، قورغان تامنىڭ ئۈستىنى چۆرەدىتىپ تىزىلغان قۇم قاپلار دالدىسىدىن ئېتىلغان ئوقلار مۆلدۈردەك ياغماقتا ئىدى. ئالدىن-ئالا ھازىرلىق كۆرگەن گومىنداڭچىلار ساقچى ئىدارىگە پاسىلداش خەلىق ئۆيلىرىنى بۇزۇپ-تۈزلەپ، چوڭ كوچىدىكى دەل-دەرەقلەرنىمۇ كېسىپ تاشلاپتۇ. ئارىلىق ئوچۇق سەينا بولغاچقا دالدا بولارلىق جاي يوق. شۇڭلاشقا ئالغا سىلجىشقا ئىمكان بولمىدى. ھەربىي مەشىقتىن ئۆتمىگەن، جەڭ قائىدىلىرىنى تېخى بىلمەيدىغان قوزغىلاڭچىلار دەسلەپكى ئىككى-ئۈچ ئاسان غەلىبىگە بېرىلىپ كېتىپ، بۇ قېتىممۇ ھۇجۇمغا ئۆتتىيۇ، لېكىن چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. ئوسمان باشچىلىق قىلغان جەڭچى-پىدائىيلار «ئۇر-را» كۆتىرىپ ئوچۇق سەيناغا بېسىپ كىرگەندە پۇلېمىيوتلاردىن ياققان ئوقلاردىن ئوتتۇزچە يىگىت چىقىم بولدى. ئەگەر، ئەتىگەنكى جەڭدە ساقچى ئىدارىسىنىڭ قارىمۇ-قارشىسىغا جايلاشقان شەنگەن ئىدارىسىنى ئىشغال قىلىپ، پوزىسىيە تۇتقان غېنى باشچىلىقىدىكى ئەترەت ئوت ئېچىپ قوللىمىسا، چىقىم تېخىمۇ كۆپ بولار ئىدى. بۇ ھالەتتىن كېيىن قوزغىلاڭچىلار قارا-قويۇق ھۇجۇم قىلىشنى توختاتتى. غېنى بولسا غەزەپناك بولۇپ ئەترەت باشلىقلىرىنى يىغىپ، ئەكبەر بىلەن ئوسمانغا كايىدى:

–ھوش-كاللاڭ يوقمۇ، ھەر قايسىڭنىڭ؟! قاراپ تۇرۇپ سەرخىل يىگىتلەرنى ئوققا تۇتۇپ بېرىشتىڭغۇ ھە، خۇمسىلار !

غېنى «لۆكچەك» ۋاقتىدىكى تىللار بىلەن دەشنەم بەرسىمۇ، ئەيىپكار يولداشلىرى سۈكۈت قىلدى. – بىر ئېغىز جاۋاپ قايتۇرۇشمىدى. ئاخىرى ئاچچىق-ھەسرىتى بېسىلدى، ئەتىمالىم، بوغۇق ئاۋازدا دېدى:

–قارا-قويۇق، ھۇجۇمدىن سادا چىقمايدۇ. ئەگەردە، بىر ئامالىاپ، ساقچىنى ئالالمايدېكەنمىز، غۇلجىدىن بۇلارغا ياردەم كېلىپ ئىككى تەرەپتىن بىزنى قورشاۋغا ئېلىشى ئېنىق.

–ماڭا رۇخسەت بېرىڭلار، – دەپ ئوتتۇرىغا چۈشتى خەمىت، – مەن ساقچىنىڭ چوڭ قاپقىسىنى پارتلىتىمەن...

–ھىممىتىڭگە رەخمەت، ئىنىم، – دېدى چىرايلىق يىگىتكە زوقلىنىپ غېنى، – سەن بەك ياش. ئالدىرىما، ھەر ئىشلار تېخى ئالدىڭدا.

–جەڭ دېگەندە ياش، قېرى دەپ بولامدۇ. رۇخسەت قىل، غېنىكا، بىسىمنى قايتۇرما! – قەتئىي قىياپەتتە دېدى خەمىت مۇسلىموۋ.

–ماقۇل، مۆرىتى كەلسۇن، ھازىر ئەمەس، – دېدى غېنى ۋە :

–كلۇبنىڭ ئۈستىدىكى چېدىرىغا ئورنىتىلغان ئىككى پۇلېميوت خېلە ئاۋارە قىلىۋاتىدۇ. ئاۋال شۇنىڭ ئۈنىنى ئۆچەرسەك دېمەكچىمەن.

–ئۇنىڭغا قانداق چىققىنى بولىدۇ؟

–كلۇبقا ئوت قويىمىز.

غېنى كلۇبقا ئوت قويۇش پلاننى سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن ھەممە ئۆز پوزىسىيەلىرىگە تارقىلىشتى. كەچ كىرگىچە ئارىلاپ-ئارىلاپ ئېتىشۋازلىق داۋام قىلىسىمۇ، ھەر ئىككى تەرەپ ھۇجۇمغا ئۆتۈشمىدى. يېرىم كېچە بولغاندا غېنى نىلقىدا قوشۇلغان پىدائىيلاردىن بىر قاۋۇل يىگىت بىلەن يەنە بىر ياش بالىغا ئىككى قەلەي تۇڭ كېروسىننى كۆتەرتىپ، باشلاپ ماڭدى. ئۇلار كلۇبقا پاسىلداش ئۆيلەرنىڭ بىرىدىن ئىككىنچىسىگە ئۆتۈپ، كلۇبقا ياندىش تامغا كېلىپ توختاشتىدە، تامغا بويلاشقان غېنى ئەتراپقا زەڭ قويۇپ قارىدى. كلۇبنىڭ ئىچكى ھويلىسىدا چېرىكلەر كۆرۈنمىدى.

–كلۇبنىڭ كەينى ئىشىگى قاياقتا؟ – ئاستا، پىچىرلاپ سورىدى غېنى نىلقىلىق يىگىتلەردىن.

–سول قول تەرەپتە.

غېنى باشقا گەپ سورىمايلا خەنجىرىنى غىلاپىدىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ، سوقما تامنى تېشىشكە باشلىدى. ئۇ خۇددى دوغاپقا مۇزنى چاكۇشلىغاندەك، شۇنداق چاققانلىق بىلەن تەشتىكى، ھەش-پەش دېگىچىلا ئادەم بېشى سىققىدەك تۆشۈك ھاسىل بولدى. تۆشۈكنى يەنە سەل كەڭەيتىپ، ھەيرانلىقتا ئىچكە قاراپ تۇرۇشقان يىگىتلەرنىڭ بويى كىچىگىرەگىگە:

–سەن، ئۇكا، ئاستا ئۆملەپ بېرىپ، ھويلا ئىچىنى بايقاپ كەل، – دەپ بۇيرىدى غېنى، ياش بالىغا.

بالا سەل ئەيمىنىپ تۇردىيۇ، بىردىن تۆشۈككە بېشىنى تىقىپ، يەر بېغىرلاپ ئۆملەپ كەتتى. غېنى ماۋزېرنى بەتلەپ تەييار تۇردى. يىگىت ھەيەل قىلماي، ئىشتىك ئۆملەپ (قورقسا كېرەك) قايتىپ كەلدىيۇ، دېمى سىقىلىپ، دەرھال گەپ قىلالمىدى.

–ھېچ، ھېچ كىم يو-يوق...

غېنى يىگىتلەرنى باشلاپ، تام ياقىلاپ مېڭىپ كلۇبنىڭ كەينى ئىشىگىگە باردى. ئىشىككە كۆچۈك بېشىدەك يوغان خىتاي قۇلۇپى سېلىنغان ئىكەن. ئۆچ كىشەننى پاچاقلىغان خەڭزە ئۇچۇن بۇ قۇلۇپ سەي بولامدۇ؟ غېنى قۇلۇپنى ئىككى تولغاپلا يۇلۇۋالدىدە، يىگىتلەرنى ئىچكىرى كىرگۈزۈپ، ئىشىكنى ئىچىدىن بەكىتتى.

ئىككىنىڭ كلۇبنىڭ ئىۆر-جىۆرنى بىلىمىز دېيىشكەندىك، قېنى ئىچكىرىگە باشلاڭلار، – ئاستا پىچىرلىدى غېنى.

ھەر ئىككىسىلا كلۇبنىڭ ئىچىنى ياخشى بىلىشىدىكەن – ئۇلار تېنىمەي، تەنتىرىمەي، پەلەمپەي ئارقىلىق سەھنىگە باشلاپ چىقىشتى. سەھنە ئارقىلىق ئارتىستلار كىيىم يۆتكەيدىغان، گرىم قىلىدىغان خانىلار ئالدىدىن ئۆتۈپ چوڭ زالغا يېقىن كېلىشكە، يان بۆلمىلەرنىڭ بىرىدە چىراق يورۇغى كۆرۈندى. غېنى دەرھال ئىككى قولى بىلەن ئىككى يىگىتنىڭ مۈرىسىدىن بېسىپ ئولتارغۇزدى. ئۆزى ئاستا، پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ مېڭىپ، ئىشىككە قۇلۇغىنى يېقىپ تىڭشىدى – بۆلمە ئىچى. غېنى ئىشىكنى ئىشتىرىۋېدى، ئىشىك غىچىلداپ كەتتى.

–سۈي يىگو؟1 – ئۇيقىلىق ئاۋاز چىقتى بۆلمە ئىچىدىن.

–ۋا يىگو؟2 – جاۋاپ بەردى غېنى ۋە ئىشىكنى يۇلۇپ دېگىدەك ئېچىپ، ئىچكىرى كىردىدە، ماۋزېرنى تەڭلەپ، – قىمىرلاشما! – دەپ خىتايچىلاپ ۋاقىرىدى.

كىچىككىنە كاتىنىڭ ئۇستىدە كىيىملىرىنى يەشمەيلا ئىككى چېرىك ياتاتتى. بۆلمە ئىچى تولغان يېمەك-ئىچمەك .

---

1سۈي يىگو؟ – كىم بۇ؟
2ۋو يىگو – بۇ مەن.

ئىككىسى تاماق تويشۇغۇچىلار بولسا كېرەك، ماۋزېرنىڭ تەڭلەنگەن مۇسىنىدىن قورقۇپ «ئەي، ياۋ!» دەپ زارلاشتىيۇ، شۇ ئان كات ئاستىغا يوشۇرۇنماق بولۇشتى. غېنى ئۇلارغا تەگمىدى. ئۇڭغىچە يىگىتلەر كىرىشتى.

ئەۋۇ كات ئۇستىگە يۆلەكلىك مىلتىقلارنى ئېلىڭلار! – دېدى غېنى يىگىتلەرگە ۋە كات ئاستىغا كىرىۋالغان چېرىكلەرنىڭ بىرىنىڭ پۇتىدىن سۆرەپ چىقىرىپ كلۇبنىڭ ئۇستىدە نېمىلەر بارلىغىنى سورىۋېدى، كلۇبنىڭ ئۆگۈزى ۋە چېدىرىدا بىر ۋزۋود چېرىك بارلىغىنى، چېدىردا بولسا ئىككى پۇلېميوت ئورنىتىلغانلىغىنى، بۇ ئىككىسى چېرىكلەرگە يېمەك-ئىچمەك يەتكۈزۈپ تۇرىدىغانلىغىنى

ئېيتىپ بەردى ئاشپەز چېرىك.

غېنى ئاشپەزلەرنىڭ بىرىنى ماتاپ، ئاغزىغا كىر دەسمالنى كەپلەپ قويۇپ، يەنە بىرسىگە شام كۆتەرتىپ، چوڭ زالغا كىردى. شام يورۇغىدا ئىككى تۇڭ كېروسىننى سەھنە پەردىلىرىگە، دېكوراسىيەلەرگە، زالدىكى ئورۇندۇقلارغا، ئىشىك-دېرىزىلەرگە چالا قويماي چاچقۇزدى. ئاندىن يىگىتلەرنى ۋە ئاشپەزنى چىقار ئىشىك يېنىغا باشلاپ كېلىپ، كېروسىنغا چىلانغان چىپتا تۇرتەكنى ياندۇرۇپ:

–قېچىڭلار! – دېدىدە، كلۇبنىڭ ئىچىگە تاشلاۋېتىپ، ئۆزىنى سىرتقا ئالدى غېنى.

ئۇلار قايتىپ ئۆز پوزىسىيەلىرىگە يېتىپ كەلگەن چاغدا ئوتنىڭ ئۇزۇن تىللىرى كلۇبنىڭ دېرىزىلىرىدىن ئېتىلىپ چىقىپ، سىرتقى تامنىڭ پەۋەزلىرىنى يالاپ، ئۆگۈزگە، چېدىرغا يامىشىشقا باشلىغان ئېدى.

ئوت ۋە ئاچچىق ئىس ئىچىدە قېلىشقان چېرىكلەر ئۆگۈزدىن يەرگە سەكرەپ، بەزىلىرى ھودۇققىنىدىن تۇتەك ئىچىدە ئۇ يان-بۇ يان يۈگرىشىپ، چىقار يول تاپالماي قېلىشتى. يەرگە سەكرەپ چۈشكەنلىرىنى بولسا ئوتنىڭ يورۇغىدا نىشانغا ئېلىپ ئېتىپ تاشلاشتى قوزغىلاڭچىلار. غېنى ماۋزېرى بىلەن چەنلىگەننى خاتا كەتكۈزمەي بەش-ئالتىسىنى ئېتىپ ئۆلگەردى.

ساقچى قورغانى تەرەپتىن ياققان ئوقلار بوشقا، ھاۋاغا كەتكىنى بولمىسا، قوزغىلاڭچىلارغا زىيان-زەخمەت يەتكۈزەلمىدى. شۇندىمۇ پۇلېمىيوتلار توختىماي، ھودۇققان خىتايلار ئېتىشنى داۋام قىلدى.

كلۇبنى ئىستىھكام قىلغان بىر ۋزۋود چېرىكنىڭ يوق قىلىنىشى قوزغىلاڭچىلارنىڭ غەلىبە ئىشەنچىسىنى ئارتتۇرۇپ، ساقچىغا ھۇجۇم قىلىشنى ئاسانلاشتۇرغان ئېدى. ئەندى تەخىر قىلماي ئالغا بېسىش كېرەك. غېنى جەڭچى-پىدائىيلارنى سەپلەپ، ھۇجۇمغا تەييارلىق قىلدى. لېكىن قېرىشقاندەك سول پۇتىنىڭ سىڭىرى تارتىشىپ، زىقىلداپ ئاغرىپ ئارامىنى قويمىدى. سوغ، مۇزدەك دەريا سۈيىنى ئۇزۇپ ئۆتكەندىنمۇ ياكى قارڭغۇ كلۇپ ئىچىدە پۇتىنى قايرىۋالدىمۇ پۇتىنى سۆرەپ مېڭىشى ئېغىرلىشىپ قالدى. شۇندىمۇ قىينالغىنىنى سەزدۇرمەي، جەڭچى يىگىتلىرىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ھەرىكەت قىلدى، ئۇلارنى روھلاندۇردى.

–مانا ئەندى ساقچى قاپقىسىنى پارتلىتىش ۋاقتى يەتتى، – دېدى غېنى توختىماي ئوت ئېچىۋاتقان پۇلېمىيوتلارنى كۆرسىتىپ، – ئەشۇ يالماۋۇزنىڭ ئۇنى بېسىلمىغىچە ئالغا سىلجىماق تەس...

–غېنىكا! – دېدى شۇ ئان پەيدا بولغا خەمىت، – ئەندى رۇخسەت بەرمىسەڭ ئۆزەمگە ئۆزەم رۇخسەت قىلىمەن...

غېنى بۇ قېتىم نېمە دەپ جاۋاپ بېرىشنى بىلەلمەي قالدى. قارىساڭ زوقۇڭ كېلىدىغان بىر نەۋجۇۋان ياش يىگىتنى ئۆلۈم خەتىرىگە بۇيرۇشقا قانداق تىلىڭ بارسۇن؟ بۇ يىگىتما نېمە شۇنچە قادىلىپ تەلەپ قىلىدىغاندۇر، ھە! خەپ، مونۇ كاساپەت پۇتىنىڭ سىڭىرى تارتىشمىغاندا ئۆزى مەيدانغا چۈشەتتى، ئۆزى! قانداق قىلىش كېرەك؟

–سەن تېخى بومبا تاشلاپ كۆرمىگەنغۇ، خەمىت...

–بىلىمەن! – ئىشەشلىك جاۋاپ قىلدى غېنىنىڭ بانە ئىزدەۋاتقانلىغىنى سەزگەن خەمىت.

ئارىدا بىر پەس ئېغىر سۈكۈنات ھۆكۈم سۈردى.

–مەيلى، رايىڭنى قايتۇرماي...

–رەخمەت. غېنىكا! ئىشەنچەڭنى ئاقلايمەن! – خەمىتنىڭ ئوتلۇق كۆزلىرىدىن غۇرۇر، قانائەت چاقناپ كەتتى.

–پەخەس بول، ئۇكا. بېشىڭنى كۆتەرمەي سىلجى... بىز پوتەيگە قارىتىپ ئوق ئېتىپ تۇرىمىز... بومبىنى ھودۇقماي تاشلا !

غېنىنىڭ تاپشۇرۇغى ئاياقلاشقىچە ئىككى تۇگۇن قىلىنغان بومبىلارنى بەلبېغىغا قىستۇرۇپ تەييار

بولغان خەمىت:

ــ پوتەينىڭ كۆلىنى ئاسمانغا سورىمىغىچە قايتمايمەن! ــ دېدىدە، كوچا بويلاپ ئۆملەپ ماڭدى.

خەمىت مۇسلىموۋنىڭ شۇ پەيتتىكى مەردانە قىياپىتىنى يالقۇنلۇق سۆزلىرىنى ھېمىشەم خاتىرىلەپ يۈردى غېنى.

خەمىت كوچىنىڭ يېرىمىغا بارغاندا ئاياق ئۆرە تۇردىدە، ئېرىق ئاتلىغاندەك، ئىككى-ئۈچ سەكرەپ يىقىلدى.

ــ نېمە قىلىۋاتىدۇي، مونۇ تەنتەك بالا! ــ ۋاقىراۋەتتى قۇيقا چاچلىرى تىك بولغان غېنى. ئۇ خەمىتكە ئوق تېگىپ يىقىلدى دەپ قورققان، رۇخسەت بەرگىنىگە پۇشايمان قىلىپ، ئۆزىنى ئەيىپلەشكە باشلىغىنى ئېديۇ، لېكىن قەيسەرنىڭ ئۆملەپ كېتىۋاتقىنىغا كۆزى چۈشۈپ «شۈكرى» دەپ يېنىك تىنىق ئالدى. خەمىتكە قارىتا ئېتىلغان ئوقلار ئۇنىڭ بېشىدىن، يېنىدىن، ئالقىپ، يەرگە سانچىلىپ، توپا توزۇتقاندا ئۇنى كۆزىتىپ تۇرۇشقان يولداشلىرى گويا ئوق ئۆزلىرىنىڭ پېشانىلىرىگە تەككەندەك يۈرەكلىرى جىغىلداتتى. تەشۋىش ئىچرە خەمىتكە مەدەت تىلىشەتتى.

ئاخىرى خەمىت چوڭ قاپقىغا يېقىنلاشتى. ئەندى پوتەيدىن يېغىۋاتقان پۇلېميوت ئوقلىرى خەتەرلىك ئەمەس، ئۇستىدىن ئالقىپ كېتىدۇ.

باياتىن تىنىغىنى ئىچىگە سىڭىرىپ، كۆز ئۇزمەي، ئەسەبىي قادىلىپ تۇرغان غېنىنىڭ كۆزلىرى تىندى بولغاي، يېنىدا تۇرغانلارغا قاراپ.

ــ تەييارلىنىڭلار! پوتەي پارتلىشى بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتىمىز، ــ بۇيرۇق بەردى.

خەمىت گراناتىلىرىنى بەلۋېغىدىن يەشتى. ئالدىغا قاتار تىزدى، بىر دەقىقە ئېسىنى يىغدى ۋە شىددەتلىك ئورنىدىن تۇردىدە، ــ ئازاتلىق ئۈچۈن! ــ دەپ ئۈنلۈك ۋاقىراپ، بىر تۇگۈن گراناتىلارنى پوتەيگە قارىتىپ ئاتتىيۇ، ئۆزى بىر گەزچە ھاۋاغا كۆتىرىلىپ، قاڭقىپ يەرگە يىقىلدى. پوتەي پارتلىشى بىلەن تەڭ دېگىدەكلا قوزغىلاڭچىلارنىڭ قۇدرەتلىك «ئۇر-را!» ساداسى تۆرت تەرەپتىن بىردەك ياڭراپ، نىلقا زىل-زىلىگە كەلگەن ئېدىكى، ھەممىنىڭ ئالدىدا ماۋزېرىنى ئېگىز كۆتىرىپ «ئالغا، ئالغا» دەپ نەر تارتىپ كېلىۋاتقان غېنى قاپقا ئالدىدا جانسىز ياتقان خەمىتنى بېسىپ ئۆتەلمەي توختاپ، جەسەتنى دەس كۆتىرىپ ئوڭ مۈرىسىگە ئالدىدە، سول قولىدا ئاتقان پېتى ئالغا قاراپ يوگەردى.

كىلۇبنىڭ كۆيۈشى، چوڭ قاپقىنىڭ پارتلىشىدىن كېيىن تۆرت تەرەپتىن ھالقىغا ئېلىنغان خىتاي چېرىكلىرى تەھلىكىگە چۈشۈپ، چېكىنىشكە، بەزىلىرى مىلتىقلىرىنى تاشلاپ دالدا جاي ئىزدەشكە باشلىدى. دەل شۇ پەيتتە ساقچى قورغانىنىڭ جەنۇبىي ۋە غەربىي تەرەپلىرىدىكى پوتەيلەر كەينى-كەينىدىن پارتلاپ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ «ئۇر-را!» ساداسى چېرىكلەرنى تېخىمۇ دەھشەتكە سېلىپ، ئۇلار قارشىلىق كۆرسىتىش بۇ ياقتا تۇرسۇن، جېنىنى قۇتۇلدۇرىدىغان جاي تاپالماي قېلىشتى ــ خىتايلار ئاق بايراق كۆتىرىپ، تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر بولدى.

ــ ئېتىشنى توختىتىڭلار، مۇسۇلمانلار! ــ دەپ جار سالدى قورغانىنىڭ ئۇستىگە ئاق بايراق كۆتىرىپ چىققان نۇسۇپقان چۈيجاڭ1. ئۇ گومىنداڭچىلارنىڭ ئىشەشلىك خادىمى بولغاشقا خىتايلار ئارىسىغا كىرىۋالغان.

ــ قۇرالنى تاشلاپ، تەسلىم بولۇڭلار! ــ ئەمرانە خىتاب قىلدى غېنى باتۇر.

غالىپلار ئاغزىدىن چىققىدىغان بۇ تەرىقە قۇدرىتى-كامىل ئىبارىلەر بىرىنچى قېتىم، سەھەر مەزگىلىدە نىلقا ھاۋاسىدا ياڭرىدى.

---

1چۈيجاڭ ــ رايون باشلىغى

ئون سەككىزىنچى باپ

1944 ـ يىلى، 7ـئوكتيەبر كۈنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىلى ۋىلايىتىگە تەۋە نىلقا ناھىيەسى مۇستەملىكىچىلەرنىڭ ئاسارىتىدا ئازات قىلىندى. ھاكىمىيەت يەرلىك خەلقلەر ـ ۋەتەن ئېگىلىرىنىڭ قولىغا ئۆتتى. شۇ غەلىبە تەنتەنىسى كۈنىلا يەرلىك خەلق ۋەكىللىرىدىن تەركىپ تاپقان ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاساسى قۇرۇلدى. يېڭى مەمۇرىيەت، يېڭى تەرتىپ ۋە يېڭىچە ئەركىن ھايات بەرپا بولدى.
بۇ شانلىق غەلىبە ساداسى چاقماق تېزلىگىدە ئىلى ۋادىسى تيان-شان ۋە جۇڭغار تاغلىرىدىن ئېشىپ، پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاننى بويلاپ ياڭرىدىكى، خەلقنى كۆرەشكە، قوراللىنىشقا چاقىرغان، چەت ئەل باسقۇنچىلىرىنى ئانا ۋەتەندىن قوغلاپ چىقىرىش ۋاقتى يەتكەنلىگىنى جاكالىغان ئېدى.
ئازاتلىق ۋە مۇستەقىللىق تۇغىنى كۆتەرگەن نىلقا قوزغىلاڭچىلىرى بىرىنچى قەدەمنى باستى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئۇزۇن مۇساپە تۇرۇپتۇ. ئەندىكى قەدەم غۇلجىغا، ئاندىن ئېرىسىغا ـ ۋەتەن بويلاپ يۈرۈش قىلىش كېرەك، دۈشمەننىڭ توسالغۇ-ئىستىھكاملىرىنى بۇزۇپ ئۆتۈش كېرەك، مۇرەككەپ ۋە قانلىق جەڭلەر تېخى ئالدىدا...
نىلقا ئىشغال قىلىنىشى بىلەن پەيت كۈتۈپ تۇرۇشقان خەلقلەر توپ-توپ بولۇشۇپ قوزغىلاڭچىلارغا قوشۇلۇشقا باشلىدى. خىتاي مۇستەبىتچىلىرىنىڭ زۇلۇم ئوچىغى بولغان زىنداندىن ئازات قىلىنغان مەھبۇسلارمۇ ئۆز ئۆيلىرىگە ـ ئائىلىلىرىگە قايتىشماي قوللىرىغا قورال ئېلىپ سەپكە قېتىلدى. جەڭدە غېنىمەت ئېلىنغان قورال-ئەسلاھالار يېڭى جەڭچى-پىدائىيلارغا تارقىتىلىپ بېرىلدى. ئەندى قوراللىق قوزغىلاڭچىلارنىڭ سانى مىڭدىن ئېشىپ، كۈچلۈك ھەربىي شەكىلگە كىرگەن، روھىي-كەيپىياتى ئۈستۈن جەڭگىۋار قىسىمغا ئايلانغان. نىلقا بولسا كىچىك ھەربىي شەھەر تۈسىگە كىرگەن ئېدى .
بۈگۈن غېنى باتۇر (نىلقا جېڭىدىن كېيىن ئۇنى خەلق «باتۇر» دەپ ئاتاشقا باشلىغان) پاتىخ مۇسلىموۋ باشلىق جىددىي مەجلىس بولدى. بۇ مەجلىس تاغ ئۆڭكۈرلىرى ياكى توقايلىقلاردا ئەمەس، سابىق شەنگەن ئىدارىسىدا ـ يېڭى ھاكىمىيەت بېناسىدا داۋام قىلدى.
"شەھەرنى ئېلىشتىن كۆرە ساقلاپ قېلىش تەس" دېگەندەك، ـ دەپ باشلىدى سۆزىنى پاتىخ، ـ مانا، نىلقا ئېلىندى، بىر ناھىيەنىڭ خەلقى ئازاتلىققا ئېرىشتى. ئەندى بىز نىلقىنى ساقلاپ قېلىشلا ئەمەس، بەلكى ئالغا قاراپ يۈرۈش قىلىمىز. لېكىن دۈشمەننى بوش چاغلىماسلىغىمىز، تەۋەككۈلچىلىك قىلماسلىغىمىز كېرەك. پۇختا تەييارلىق قىلايلى. ئۇرراچىلارنى ھېساپلىمىغاندا قولىدا مىلتىغى بارلارنىڭ نەق سانى مىڭغا يەتتى. بۇلارنىڭ تولىسى يېڭى قوشۇلغان خام قوللار، مىلتىقنى ئوڭشاپ تۇتالمايدۇ. جەڭ بولۇپ قالسا ئۆزلىرىنى ئېتىۋېلىشى مۇمكىن، ـ دېدى، ـ غېنى ۋە: ـ مىڭدىن ئوشۇق ئادەمگە ئات، ئېگەر، كىيىم، يېمەك-ئىچمەك كېرەك. ھازىرغۇ خەلق خوشاللىغىدىن بىزنى بېقىۋاتىدۇ. ھېمىشەملا يۈك بولىۋەرسەك، خەلقنىڭ رايىنى قايتۇرۇپ قويۇمىز.
ـئون مىڭلىغان قويى، مىڭلىغان ژىلقىسى بار بايلاردىن ئالمايمىزمۇ. يامىنى كەلسە قەرىز بېرىپ تۇرار، ـ پىكىر بەردى ئوسمان، ئادەتتىكى ئالدىراقسانلىغى بىلەن.
ـھەرگىز، ـ كەسكىن دېدى پاتىخ، ـ مەيلى بېيى، مەيلى گادىيى بولسۇن، خەلقتىن مەجبۇرىي ھېچ نەرسە ئالمايمىز. ئەمما ئىختىيارى ئىئانە قىلسا، ياق دىمەيمىز.
ـقاچان مەتەم پىقسىق بايلار ئۆز ئىختىيارى بىلەن بىر نەرسە بەرگىنى بار؟ ـ دېدى ئوسمان.
ـبىزنى تەبرىكلەپ، سوغا-سالام ئەكەلگەن يەنە شۇ كەمبەغەل-چۈمبەغەل خەلق. بايلار ئۆيلىرىدىن چىقىشماي، قانداق بولار ئېكىن دېيىشىپ، تىڭشاپ يېتىشىپتۇ، ـ قوشۇمچە قىلدى رەپىق.
ـبىزگە پىدائىي بولۇپ قوشۇلغانلارمۇ ساپ كەمبەغەللەرنىڭ بالىلىرى، ـ دېدى ئەكبەر.

ـ ئەتە ـ ئۆگۈن ئاش پىشىپ تەييار بولغان چاغدا چۆمۈشنى شۇ بايلىرىڭ تارتىۋالارمىكىن تېخى! غېنىنىڭ كىنايىسىغا ھەممە كۈلۈشتى.

ـ ھازىرچە باي، كەمبەغەلنى ئايرىمايلى. كىم بولسا شۇ بولسۇن خىتاي قاراقچىلىرىغا قارشى قول كۆتەرسە بولغىنى، ـ دېدى پاتىخ.

يىگىتلەر دېگىنىدەك قوزغىلاڭچىلار سېپىگە قوشۇلغانلارنىڭ ئەسكەرىيىتى ئۇتتۇر ئوقەت كەمبەغەللەر، ئوتتۇر ھال دىھقانلار، ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلار ۋە زىيالىلار بولۇپ، چوڭ باي ـ سودىگەرلەر، زىمىندار ـ چارۋىدارلار تېخى «بېتەرەپ» پوزىسىيەنى تۇتۇپ، قوزغىلاڭنى قىزغىن ھىمايە قىلىشمىغان، ئايرىم مۇتەئەسسىپ جاھىللار گومىنداڭچىلاردىن ئۇمۇت ئۈزمەي ئۇلارغا خىزمەت قىلىشنى داۋام قىلماقتا ئېدى. قوزغىلاڭچىلار بۇ ئەشەددىي ساتقۇنلارنىڭ بىر نەچچىسىنى خەلق تەلىۋى بىلەن ئېتىپ تاشلىغان بولسىمۇ، تازىلاش دائىرىسىنى كەڭەيتمەي، «كەچۈرۈم» سىياسىتىنى قوللاندى. مىللىي خائىن، ۋىژدانسىز ساتقۇنلارغا نىسبەتەن بۇ تېرىقە يۇمشاق مۇئامىلىنىڭ ئاقىۋىتى مۇستەقىللىق ئۈچۈن قانچىلىك زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزىدىغانلىغىنى ئۇلار ئەتراپلىق ئويلاشمىغان بولسا كېرەك. ئەسىرلەر مابايىندا مۇستەقىللىقتىن ئايرىلىپ، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش قائىدە ـ تەرتىپلىرىنى ئۇنتۇپ قالغان ئۇيغۇرلار دۆلەت ئىشى بىلەن شەخسىي مۇئامىلە چېكىنى ئايرىلاشتۇرۇۋېتىپ، ئورۇنسىز ئالىيجاناپلىق ۋە كۆڭۈلچەكلىكنىڭ دەردىنى ئاز تارتتىمۇ؟!

ـ مەيلى، ـ دېدى پاتىخنىڭ رايىغا باققان غېنى سەن ئەشۇ پىقسىق سودىگەر ـ بايلىرىڭدىن سادا چىقىرالىساڭ شۇلار بىلەن ھەپىلەش. بىزنى جەڭ قىلىشقا قويۇپ بەر، قانداق دېدىم، يىگىتلەر؟

توغرىسىمۇ شۇدە! پاتىخ ئەۋەزى ھاكىملىغىنى قىلسۇن، بىز سوقۇشۇپ شەر ئېلىپ بېرەيلى، ـ يەنە ھەممىدىن بالدۇر ئوتتۇرىغا چۈشتى ئوسمان.

ئەكبەر، نۇر، غالدان ۋە باشقىلار ئۆز پىكىرلىرىنى ئېيتىشقاندىن كېيىن، پىكىر بىرلىگى ئۈچ ئاساسىي مەسىلىگە توگۇلدى. بىرىنچىسى: غۇلجىغا ھۇجۇم قىلىش ئالدىدا جەڭچى ـ پىدائىيلارنى مىلتىق ئېتىش ۋە جەڭ قىلىشقا مەشىق قىلدۇرۇش. بۇ ئىشنى غېنى باشقۇرىدۇ: ئىككىنچى مەمۇرىي ئىشلارنى باشقۇرۇش ۋە جەڭچىلەرنى تەمىنلەش، گومىنداڭچىلاردىن غېنىمەت ئېلىنغان مال ـ مۈلۈكنى باشقۇرۇش قاتارلىق ئىشلارنى پاتىخ باشقۇرىدۇ؛ ئۈچىنچىسى: نىلقا ناھىيەسىگە تەۋە يېزا ـ قىشلاقلىرىنىڭ يېزا باشلىقلىرىنى، قازاق، قالماقلارنىڭ ئېل، ئائۇل باشلىقلىرى: ئاقالاقچى، زەڭگى، ئۇكۇرداي، كۈندې قاتارلىقلارنى شۇ خەلقنىڭ رازىلىغى بىلەن قايتىدىن بەلگۈلەپ، يېزا ـ قىشلاقلاردا يېڭى خەلق ھاكىمىيىتىنى تىكلەش ۋە خەلقنى گومىنداڭچىلارغا قارشى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈش ئوخشىغان مۇھىم مەسىلىلەرنى ئىجرا قىلىشقا قارار قىلىندى.

****

غۇلجا شەھىرىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان نەچچە يۈرۈش چوڭ ئىمارەت شەھەر بويىچە ئەڭ ئالىيتە ئىمارەت بولۇپ، ئۆز زامانىسىدا مەشھۇر ۋېلىۋاي يولداشېۋ تەرىپىدىن بېنا ئېتىلگەن ئۈچ زور قۇرۇلۇشنىڭ بىرى: ياركەنت شەھىرىدىكى مەدرىسە، غۇلجىدىكى بانكا بېناسى ۋە موشۇ ئىمارەتتۇر. مەنچىڭ، يان ـ زىڭشىڭ، جىڭ ـ شۇرىن، شىڭ ـ شىسەي ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋىرلەردە بۇ بېنا بىردە مەخسۇس رېزىدېنسىيە، بىردە ھەربىي مەمۇرىي مەھكىمە بولغان بولسا، ئەندىلىكتە سىلىڭ بۇ ـ دىۋىزىيە شتابقا مەركەزلەشكەن بولۇپ، شىنجاڭ (شەرقىي تۈركستان) ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ پاۋقۇلاددە ۋەكىلىمۇ شتابقا ئورۇنلاشقان ئېدى.

1944 ـ يىلى، سېنتيەبر ئېيىدا شىنجاڭدا ئون يىل قانلىق ھۆكۈمرانلىق قىلغان شىڭ ـ شىسەي ئورنىدىن بوشىتىلىپ، ئىچكى خىتايغا يۆتكەلگەندە، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇ جۇشى بەلگۈلەنگەن ئېدى. بۇ گومىنداڭچى قېرى تۈلكە شىڭ ـ شىسەينىڭ قانلىق ئىزىنى يۇيماقچى بولۇپ، ئۆلكە خەلقىگە بىر

مۇنچە «ياخشىلىقلارنى» ۋەدە قىلغان ۋە ئون يىللاپ قاراڭغۇ زىندانلاردا يېتىپ، قىرغىنىدىن ئامان قالغان بىر تۈركۈم مەھبۇسلارنى ئازات قىلغان. شۇلار ئىچىدىكى غۇلجىلىقلارغا «پاراكەندىلىك سېلىۋاتقان ئالتە ئۇيغۇرغا» پەندى-نېسىھەت قىلىپ قويۇشنى جېكىگەب بولسىمۇ، ئۇلاردىن بەزىلىرى غۇلجىغا كېلىش بىلەن مەخپىي تەشكىلاتقا قوشۇلۇپ كېتىشكەن ئىدى. ئۇ جۇشى — «ئىنسىيانكار جاي» ئىلىغا ئىچكى خىتايدىن بىللە چىققان ئۆزىگە ئىشەشلىك ئادىمى داۋ سىلىڭنى [1] مەخسۇس، پاۋقۇلادde ۋەكىل قىلىپ بەلگۈلىدى. داۋ كەلگەندىن كېيىن شىڭ-شىسەينىڭ مەخسۇس ۋەكىلى لىۇبىڭدىنىڭ ھوقۇق دائىرىسى چەكلەندىيۇ، لېكىن يەرلىك شارائىتنى ياخشى بىلىدىغان، تەجرىبىلىك جاسۇسنىڭ تەسىر دائىرىسى كۈچلۈك بولغاشقا ئۇنىڭ بىلەن ھېساپلىشاتتى، ھەممە ئىشتا ئۇنىڭ پىكىر-مەسلىھەتلىرىگە ئېتىۋار بېرىلەتتى. بۈگۈنمۇ زۆرۈرىيەت تۇپەيلىدىن كېچىدە چاقىرىلغان ھەربىي كېڭەشنى لىۇبىڭدى كەلمىگىچە باشلىمىغان داۋ سىلىڭنىڭ ئەسەبىلىرى قايناپ، لىۇبىڭدىنى ۋاقتىدا ھازىر قىلمىغان شتاب باشلىقىنى كايىدى. ئاخىرى، جۇۋازغا قوشقان ئۆكۈزدەك پۇشۇلداپ كابىنېتقا كىرگەن لىۇبىڭدى، ئىشىك تۈۋىدە توختاپ چوڭقۇر تىنىق ئالدىدە، ئالچاڭلاپ كەلگەن پېتى تۆردىن ئورۇن ئالدى ۋە ھاۋا سالقىن بولسىمۇ، بۇژغىرىغان گۆرەنلىرىنى قول ياغلىقى بىلەن سۈرتۈپ:

—كۈتتۈرۈپ قويمىغاندىمەن، جانابىي داۋ؟ — ئۇزۇر سورىدى، ھاسىراپ تۇرۇپ.

—ھېچ ۋاقىئەسى يوق.

—ئەھۋالىمىز ماختىنغىدەك ئەمەسقۇ دەيمەن، جانابىي سىلىڭ؟ — تەنە ئارىلاش دېدى لىۇبىڭدى، تىنىق ئالغاندىن كېيىن.

—ئەسكەرلىرىمىز تاغ شارائىتىنى ياخشى بىلمىگەشكە چېكىنىشكە مەجبۇر بولغان. ئېيتماقچى: سىز تەرەپتىن كۆرسىتىلگەن ئىككى چەنتۇ — مۇختەر ھاجى بىلەن نودەر زۇڭگەنلەرنىڭ ھېچ پايدىسى بولمىدى، — دەپ لىۇبىڭدىگە داقاق قىلدى داۋ سىلىڭ.

—خەۋرىم بار. بىزنىڭ ئەسكەرلىرىمىز غېنى ئوغرى باشلىغان ئالتە توك-توك زېۋازىلارنىڭ سۈرىدىن قورقۇپ، مىلتىقلىرىنى تاشلاپ قاچقاندا ئۇ قۇرالسىز ئىككى چەنتۇ نېمە قىلالىسۇن؟ ھېلىما ئوغرىلارغا قوشۇلۇپ كەتمەپتۇ دەڭا!

لىۇبىڭدىنىڭ ئاچچىق تەنىسى تەسىر قىلسا كېرەك ئەتىمالىم، داۋ ۋە شتاب باشلىقى بىر-بىرىگە مەنىلىك قاراشتى. ھەر ئىككى باشلىق روي بەرگەن مەغلۇبىيەتنىڭ تۈپ سەۋەپلىرىنى ياخشى بىلىشسىمۇ، تەن بېرىپ ئىقرار بولۇشقا جۈرئەت قىلىشالماي، ئەيىپنى بىر-بىرىگە دۆڭگەشكە، مەركەز ئالدىدىكى جاۋاپكەرلىكتىن قېچىشقا تىرىشاتتى. ھەربىي كېڭەش باشلانماي تۇرۇپلا تەنە-تاپا قىلىشمۇ بېجاز ئەمەس، ئەلۋەتتە. بۇلارنىڭ بىرى سابىق مۇرەببەسىدىن ئايرىلىپ، مەنسەپ ئورنى تۆۋەنلىگەن، ئىككىنچىسى بولسا ئۆز مۇرەببەسىنىڭ سايىسىدا يېڭى مەنسەپكە مىنگەن. ئۇلار بىر مەقسەت ئۈچۈن كۈرەشسىمۇ، شەخسىي رىقابەت ۋە ئاداۋەتتىن خالى ئەمەس ئىدى.

---

1 سىلىڭ — دىۋىزىيە رەھبىرى (باشلىقى)

نىلقىنى قوزغىلاڭچىلار ئىشغال قىلغاندىن كېيىن سەراسىمىغا چۈشكەن خىتاي ھەربىي-مەمۇرىي ئەمەلدارلىرى قانداق بولمىسۇن «ئوغرىلارنى» نىلقىدىن ئالغا باسقۇزماي تۇرۇپ تارمار قىلىشنى پىلانلىغان. جاڭ ئىسىملىق پولكوۋنىك قوماندانلىقىدا بىر پولك ياخشى قۇراللانغان ئەسكەر-چېرىكلەرنى ئۈچ تەرەپتىن: باسىلگەن، سۇلتانئۇۋەيس، قارايوتا تەرەپلەردىن ھۇجۇم باشلاپ نىلقىنى مۇھاسىرىگە ئالماق بولۇشقان. بۇ چېرىكلەر نىلقىغا يەتمەي ئالدى ئۇلاستايغا ئۇلاشقىچە

غەنى باتۇر باشچىلىقىدىكى جەڭچى-پىدائىيلار دۈشمەن ئالدىغا چىقىپ شىددەتلىك ھۇجۇم باشلىدى. قاراسۇ دېگەن يەردە مۇداپىئە تۇتۇپ قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئۇستۇنلۇكنى ئالغان قوزغىلاڭچىلار ئۇلارنى بۇ يەردىنمۇ سۈرۈپ چىقىرىپ، تا سۇلتاپ ئۇۋۋەيس مازارىغىچە قوغلاپ باردى.

غېنى باتۇر موشۇ كۈنگىچە شۇ قىيامەت جەڭدە قانداق قىلىپ ئۆزىگە ئوق تەگمەي تىرىك قالغانلىقىغا تەئەججۈپ ئەيلەيدېكەن، ئەڭ يېقىن دوستى، سەپدىشى ئەكبەر باتۇردىن مەڭگۈ ئايرىلغانلىقىغا ئېچىنىدۇ، ئۆكۈنىدۇ، ئەپسۇسلىنىدۇ.

شۇ مەغلۇبىيەتتىن كېيىن خىتاي مەمۇرلىرى «ئالتە ئوغرى» كىم ئېكەنلىكىنى، ئۇلار بىر تەسادىپى ئادەملەر بولماي، مۇئەييەن تارىخىي شارائىتتا خەلق ئىچىدىن يېتىلگەن ئىسيانكارلار، ئازاتلىق تۇغىنى كۆتەرگەن جەڭگىۋارلار ئېكەنلىكىگە قايىل بولۇش بىلەن بىللە ئۇلاردا قورقۇنۇچ، تەھلىكە پەيدا بولغان ئېدى. بۇ كېچىدە ھەربىي كېڭەشتە «مۆشۈكتىن يولۋاسقا» ئايلىنىۋاتقان ئىسيانكارلانى دەپنە قىلىش چارىلىرى قارالماقچى.

–ئاخبارات بېرىڭ، ساۋ سەنمۇجاڭ! – دېدى داۋ سىلىڭ، شتاب باشلىغى ساۋغا.

–ياۋ! – ئورنىدىن تۇردى ساۋ ۋە تامغا ئېسىقلىق تۇرغان ھەربىي خەرىتىگە يېقىن باردى، كۆرسەتكۈچ بىلەن بەلگۈلەرنى كۆرسەتتى، – ئىسيان كۆتەرگەن ئوغرى-زىۋازىلار – دەپ باشلىدى ئۇ «زىۋازا» ئىبارىسىنى ئۇرغۇ بىلەن قەيىت قىلىپ ۋە ئېغىر كەلگەندەك تامغىنى قىرىپ، – زىۋازىلار ھازىر نىلقا شەھەرچىسىنى ئاساسىي بازا قىلىپ، نىلقا ناھىيەسى ۋە كۈنەس ناھىيەسىنىڭ غەربىي قىسمىنى تاكى توققۇزتارا ناھىيەسىگىچە ئىشغال قىلىپ تۇرماقتا. موشۇ دائىرىدىكى «ئاق قوي» فېرمىسى ۋە باشقا دۆلەتكە تېگىشلىك مال-چارۋا، مۈلۈكلەرنى نىلقىغا يۆتكەپ كېتىشكەن. ئۇلار بۇ تەۋەدىكى خەلقنى باشقۇرۇپ، ئەركىن ھەرىكەت...

–سانى قانچىگە يەتكەن؟ – ساۋنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى ليۇبىڭدى.

–ئىككى مىڭچە. بۇلاردىن مىڭدىن ئوشۇغىدا قۇرال بار. قالغانلىرى «ئۇ-راچىلار»، ئات چېپىپ قىقاس-سۈرەن سالىدىغانلار – تاغ ئىچىدە. ئۇلارنىڭ دەھشەتلىك كۆرۈنۈشى شۇ بولسا كېرەك...

–توختاڭ، سەنمۇجاڭ! ئوغرى-زىۋازالار سۇلتان ئۇۋەيس مازارىنى ئىشغال قىلىپ، نېمە سەۋەپتىن تاشلاپ، نىلقىغا چېكىنىشتى؟ – سورىدى ليۇبىڭدى.

–مېنىڭچە بولغاندا، تولا ئالغا ئىچكىرلەپ كىرىشتىن قورقۇشسا كېرەك.

–ياق. ئۇنداق ئەمەس، – قەتئىي رەت قىلدى سەنمۇجاڭنىڭ پىكرىنى ليۇبىڭدى، – زىۋازىلار بىزنى يەنە ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ دەپ تاغ ئىچىگە تارتىپ، زەربە بەرمەكچى – بىزنىڭ ھېساۋىمىزغا قۇرال سانىنى ئاشۇرماقچى.

–بۇ ئېنىق. لېكىن زىۋازىلار، ئېلىنغان مەلۇماتلارغا قارىغاندا، غۇلجىغا ھۇجۇم قىلىشقا جىددىي تەييارلىق كۆرۈشمەكتە، – دېدى ساۋ سەنمۇجاڭ ۋە خەرىتىگە قاراپ – مازار، تار، سىپتاي يېزىلىرىنى ئالدىنقى سەپ قىلىپ، مۇداپىئە تۇتىمىز – ئوغرىلارنىڭ غۇلجىغا كېلىش يولىنى توسايمىز. ئەينى ۋاقىتتا غۇلجا مۇداپىئەسىنى كۈچلەندۈرىمىز.

"ئوغرى-زىۋازىلارنى ئۇگىسىدىن چىقارماي تۇرۇپ يوق قىلىمىز" دېگەندىن قېلىپ، ئەندىلىكتە مۇداپىەگە چۈشۈپ قالدۇقمۇ؟ – سوغ كۈلدى ليۇبىڭدى تەرىنى تۈرۈپ، – ئەگەردە، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ نىلقا، ئۇلاستاي، قاراسۇ، باسىلگەندىكىدەك جەڭ قىلىدىغان بولساق، جاناپلار، ئورنىمىزنى ئۆز ۋاقتىدا بوشىتىپ بەرگىنىمىز دۇرۇس بولار، – دەپ ئولتارغان كرېسلونىڭ تايانچىسىنى مۇشلىدى ئۇ.

–سىز، ليۇ جەنساجاڭ، بىر ئاز چۈشكۈنلۈككە بېرىلىپ قاپسىز، – رەددىيە بەردى داۋ سىلىڭ... بىز ئۇيغۇرلارنىڭ نەچچە قېتىمقى ئىسيانىنى باستۇرغان ئېكەنمىز، بۇ قېتىممۇ باستۇرۇشقا كۈچىمىز، يەم-پاراستىمىز يەتكۈلۈك.

–ئۆتمۈشنى ھازىرقى زامانغا سېلىشتۇرۇشقا بولمايدۇ. مىللىي زىيالىلارنىڭ ئاڭ-سېزىمىمۇ

باشقىچە. ئۇلار يان خوشنا قازاقىستان، ئۆزبەكىستانلاردىن ئۇلگە ئالماي تۇرالامدۇ؟ ــ دېدىدە، پاپكىسىدىن بىر نەچچە نۇسخا تەشۋىق ۋاراقلارنى چىقاردى ليۇبىڭدى، ــ مانا، ئۆتمۈشتە «ئىسلام ئاچىمىز»، «غازات قىلىمىز» دەپ ئىسيان كۆتەرگەن بۇ خەلىق، ئەندى «مۇستەقىل ئۇيغۇرستان قۇرىمىز»، شەرقىي تۈركستان رېسپۇبلىكىسى ئۈچۈن كۈرەش قىلىمىز» دېگەن شۇئارنى مەيدانغا ئاتماقتا.

داۋ سىلىڭ خىتايچىغا تەرجىمە قىلىنغان ۋاراقلارنى ئالدىرىماي كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقتى. «ئازاتلىق ئۈچۈن كۈرەش» تەشكىلاتى ۋە نىلقا قوزغىلاڭچىلىرى تەرىپىدىن تارقىتىلغان بۇ تەشۋىق ۋاراقلاردا ليۇبىڭدى قەيت قىلغان ئىبارىلەر، خەلىققە قارىتا مۇراجىئەتلەر، خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ خۇنۇك ئەپتى-بەشىرىسىنى پاش قىلىدىغان، كۈچلۈك رەت قىلىپ بولمايدىغان دەلىل-ئىسپاتلار قىسقا، لېكىن شۇنداق مەزمۇنلۇق يېزىلغانكى، ھەر بىر ھەرپ خىتاي مەمۇرلىرىنىڭ يۈرەكلىرىگە نەشتەر بولۇپ سانچىلاتتى، تەشۋىشنى ئارتتۇراتتى. داۋ سىلىڭنىڭ سۇر يۈزى بىلەيدەك كۆكەردى، پەۋاز قاپاقلىرى تۈرۈلدىيۇ، لېكىن ئىچكى ۋەس-ۋەسىنى بىلىندۈرمەسكە تىرىشتى:

—خۇن دەن — ھارامزادە! — دەپ پىغان چىقاردى ئۇ ۋە ليۇبىڭدىگە تىكىلىپ، — زېۋازىلار نېمە دەپ جۆلىسە جۆلىۋەرسۇن... لېكىن، لېكىن... — داۋ دېمەكچى بولغان سۆزىنى كۆشىگەندەك، بىر نەپەس تىل ئۈچىدا تۇتۇپ، ئاخىرى دەۋەتتى، — ئۇلارنىڭ كەينىدىكى تىرەنچىسى...

—شۇنىڭ ئۈچۈن چەتنىڭ ئارىلىشىنى چەكلەش بىلەن چېگارىنى تېخىمۇ پۇختىلاش لازىم.

—بۇ كۆن تەركىمۇدىكى مەسىلە، — دېدى ليۇبىڭدىگە جاۋاۋەن داۋ، — سىز بىلەن بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ئىچكى ماجرانى بېسىشتىن ئىبارەت... غۇلجا خەلقى زېۋازىلارغا ماسلىشىپ، توپىلاڭ كۆتىرەرمۇ؟

—ھە ياكى ياق دەلەلمەيمەن... ۋالەيكىن ھەر نەكى خەۋپنىڭ ئالدىنى ئېلىشىمىز كېرەك.

—مەسىلەن؟

—خەلىقنى باشلاپ ماڭىدىغان تەسىرلىك كىشىلەرنى قاماقتا ئېلىشىمىز...

—بۇ ئۇسۇلدىن نەتىجە چىقمىدىغۇ — ئەكسىنچە خەلىقنىڭ غەزىۋىنى قوزغاپ، قوزغىلاڭنى يېقىنلاشتۇردۇق.

—مەن ئۆز پىكرىمنى تەكىتلەيمەن، — دېدىدە، قاماقتا ئېلىنىدىغانلارنىڭ نوۋەتتىكى تىزىمىنى داۋغا كۆرسەتتى ليۇبىڭدى.

راخمجان، خاسىمۇجاڭ، — مەي مەيتىجان مەخسۇم... — قارا تىزىمدىكىلەرنى ئوقۇدى داۋ ۋە ئويلىنىپ قالدى. ئەگەر، بۇ تىزىمدىكى مۆتىۋەر زاتلارنى قاماققا ئالىدىكەنمىز، كۆيۈپ تۇرغان ئوتقا ياغ چاچقان بولىمىز، ياخشىسى ئۇلارنى نازارەت ئاستىدا تۇتۇپ، ئىلاجە بار ئۆزىمىزگە جەلىپ قىلايلى.

ھەربىي كېڭەش خىتاي پەدىسىدە ئۇزۇن مۇلاھىزىلەردىن كېيىن، شتاب باشلىغىنىڭ مۇداپىئە پىلانىنى ماقۇللىدى: كۈرە-سۈيدىڭدىكى ھەربىي قىسىملارنىڭ بىر قىسمىنى غۇلجىغا يۆتكەش، ئۈرۈمچىدىن قوشۇمچە ياردەم سوراش قاتارلىق مەسىلىلەر قارالدى ۋە شۇ كۈندىن ئېتىۋارەن شەھەر، يېزىلار ئارا ئىختىيارىي قاتناش چەكلىنىپ، غۇلجىدا ھەربىي ھالەت ئېلان قىلىندى.

ئون توققۇزىنچى باپ

ئەنسىز كېچە. شەھەرنى سۈرلۈك كەيپىيات بېسىۋالغان. كوچىلار خالى. ئادەتتىكى قاتناش، كېلىش-بېرىشلاردىن ئەسەرمۇ يوق — گويا شەھەر ئاھالىسى باشقا ياققا كۆچۈپ كەتكەندەك ئېغىر جىم-جىتلىق. پەقەت ئارىلاپ-ئارىلاپ ئاتلىق پاترۇنلارنىڭ توڭغۇلاقتا دۈرۈكلەپ ئۆتكىنى، «زەڭخۇۋا — توختا!» دەپ كەپسىز ۋاقىرىغىنى، يىراقتا ئېتىلغان يالغۇز-يېرىم مىلتىق ئاۋازى ۋە لالما ئىشتلارنىڭ ئاسمانغا قاراپ ھۇلاشلىرى — ئەنسىزچىلىكتىن دەرەك بەرگەندەك قىلىدۇ.

تاڭغا يېقىن ئىلى دەرياسىدىن كۆتىرىلگەن يېنىك چاڭ تۇتەك ئاستا يېيىلىپ، شەھەر ئۈستىنى ئاق

يوپۇق ياپقاندەك پۈركەۋالدى. قاراڭغۇلۇق تېخىمۇ قويۇقلاشتى. دەل موشۇ قاراڭغۇلۇقنى كۈتۈپ تۇرغاندەكلا شەھەرنىڭ غەربىي ۋە غەربىي-شىمالىي قىسىمىدىكى ئاھالىلىق ئۆيلەردىن بىرلەپ-ئىككىلەپ دېگىدەك، پەخەسلىك بىلەن چىقىشقان كىشىلەر تام ياقىلىشىپ بەلگۈلەنگەن جايغا ــ «ئالتە شار» مەلىسىگە قاراپ مېڭىشقا باشلىدى. «تاما-تاما كۆل توشار» دېگەندەك، بۇ ئادەملەر بارا-بارا كۆپىيىپ، چوڭ ھويلىغا سىغماي، خوشنا ئۆيلەرگە يىغىلماقتا. بۇ كېچىدە توپلانغان ئادەملەر شەھەر قوزغىلاڭچىلىرى: زىيالىلار، ئىشچىلار، ھۈنەرۋەنلەر، ئۇششاق كەسىپ ئىگىلىرى بولۇپ، ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبەك، تاتار، تۇڭگان ۋە باشقا خىتاي ئەمەس مىللەتلەردىن تەركىپ تاپقان. موشۇ تەركىپنىڭ ئۆزى خىتاي ئەمەس مىللەتلەرنىڭ دەردى بىر، ئارزۇ-ئارمانلىرى بىر ئىكەنلىكىنى ۋە خىتاي ئىستىپداتچى-مۇستەملىكىچىلەر ئۇلارنىڭ ئومۇمىي دۈشمىنى ئىكەنلىكىنىڭ يارقىن كۆرۈنۈشى ئىدى. قوزغىلاڭچىلارنىڭ بەزىلىرى مىلتىق، بەزىلىرى قىلىچ-نەيزە، ھەتتا تاياق-توخماق بىلەن قۇراللانغان. ھەممىدە بىر مەقسەت، بىر ئىرادە ــ ۋەتەننى ئازات قىلىش، مۇستەقىل ئۇيغۇرستان دۆلىتىنى قۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇ ئالىي مەقسەت تۇنۇگۈن ياكى بۈگۈن ئەمەس، ئەزەلدىن يۈرەك قاتلاملىرىدا ساقلىنىپ، بالىدىن-بالىغا ئامانەت بولۇپ قالغان ۋە خىتاي مۇستەملىكىچى زوراۋانلارنىڭ ئۇزۇن يىللار داۋامىدىكى زۇلۇم-سىتەم، ھاقارەت كامسىتىش كەبى ۋەھشىلىكلەر تۈپەيلى ھاسىل بولغان ئىدىكى، ئازاتلىق-مۇستەقىللىق بايرىقىنى تىكلىمىگىچە ئۇيغۇرستان خەلقى ھېچ قاچان تىنىم تاپمايدۇ، داۋاملىق كۈرەش قىلىدۇ. بۇ قېتىمكى قوزغىلاڭ شۇ كۈرەشلەرنىڭ داۋامى بولۇپ، تارىخىي شارائىت ۋە ئىچكى ۋەزىيەت تەلىۋى جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا ــ مىللىي ئازاتلىق ئىنقىلاپ ۋە ئۇنىڭ رەھبەرلىك ئۇيۇشتۇرغۇچىسى بولسا مۇرەككەپ بىرلىك سەپتىن تەركىپ تاپقان ئىدىكى، بۇ بىرلىك سەپنىڭ ئوڭ قانىتىدا ئېلىخان باشلىق بىر گۇرۇھ مۇرىد-مۇخلىسلار ــ يەنى دىنىي تەبەقە، باي-زېمىندارلارغا ۋەكىللىك قىلىدىغانلار، ئاباسوۋ، رەھىمجان، قاسىمجان شۇ قاتاردىكى ئىلغار مىللىي زىيالىلار ھەمدە غېنى باتۇر ئوخشىغان پىداكارلار ــ كەڭ خەلق ئاممىسىغا ۋەكىللىك قىلىپ، ئىنقىلاپنىڭ سول قانات زەربىدار كۈچىدىن ئىبارەت ئىدى.

مانا شۇ پىكىرداشلار سېپى ــ ئازاتلىق ئۈچۈن كۈرەش تەشكىلاتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ باش قوشقان يىغىنى ئەخمەتجان قاسىمىي يېزىپ چىققان «ئازات شەرقىي تۈركستان خەلقىگە» سەرلەۋھىلىك دەسلەپكى مۇراجىەتنى كۆرۈپ چىقىشتى. قىسقا، لېكىن ئىنتايىن مەزمۇنلۇق يېزىلغان بۇ مۇراجىەتنامە شىنجاڭ-شەرقىي تۈركستان تا ئەزەلدىن ئۇيغۇرلارنىڭ زېمىنى، ئانا ماكانى ئىكەنلىكى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كۆپ ئەسىرلىك كۈرەش تارىخى، مۇستەقىل دۆلەت شەكلىدە دۇنياغا تونۇلغانلىقى، قېدىمىي مەدەنىيەتلىك، قابىلىيەتلىك، ئىستىداتلىق خەلق ئىكەنلىكى ۋە جاھان مەدەنىيىتىگە مۇناسىپ ھەسسە قوشقانلىقى ئېنىق، ئىسپاتلىق كۆرسىتىلىش بىلەن بىللە، خىتاي ئەزگۈچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ۋارىسلىرى گومىنداڭ ئەكسىيەتچى قارا نىيەتلىرىنىڭ خۇنۇك ئەپتى-بەشىرىسىنى پاش قىلغان، چاۋىسىنى چىتقا ياىغان. مۇراجىئەتتە ئازاتلىق، ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەش، مۇستەقىللىق بايرىقىنى تىكلەش ۋاقتى يەتكەنلىكى ئالاھىدە تەكىتلىنىپ، تۆۋەندىكى ئىبارىلەر بىلەن ئاياقلىشىدۇ: «ۋەتەنداشلار! بىزمۇ ئىنسان، ئىنسان قاتارىدا ياشاشنى خالايمىز! بىزمۇ ئىنسان، ئىنسانىي ھەقىقىي-ھوقۇقىمىزنى ھىمايە قىلىشقا، تەلەپ قىلىشقا ھەققىمىز بار! ئەرك، ئىنسانىي ھوقۇق، تەڭلىق باراۋەرلىك ئۆزلىگىدىن كەلمەيدۇ ياكى بىرەۋلەر تۆھپە قىلىپ بەرمەيدۇ، قېرىنداشلار! پەقەت كۈرەش، پىداكارلىق، جاسارەتلىك كۈرەش ئارقىلىقلا ئەمىن-ئەركىن، ئازات ۋە مۇستەقىل بولالايمىز! قوزغىلايلى، ۋەتەنداشلار! ئازاتلىق تۇغىنى ئېگىز كۆتىرىپ جەڭگە، ئازاتلىق جېڭىگە ئاتلىنايلى! ئالغا! ھەقىقەت بىز تەرەپتە، قەھرىمان ئەجداتلارنىڭ كۈرەشچان روھى، غالىپ جاسارەتلىرى بىزگە يار-يۆلەك بولغاي! بىز چوقۇم يېڭىمىز ــ ئەزىز قېرىنداشلار!!! مۇراجىەتنامە تەستىقلەندى ۋە دەرھال شاپىروگرافتا كۆپەيتىلىپ، خەلق ئىچىگە تارقىتىلدى .

ھازىرلىق تەييار. يەنە ئىككى سائەتتىن كېيىن تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتكەن ۋاقىت يېتىدۇ ــ غۇلجىدا قوزغىلاڭ كۆتىرىلىدۇ.

...ئىككى قۇراللىق ئادەم تاتار مەكتىۋىدىن چىقىپ، دەرەقلەر ئارىسى بىلەن مېڭىپ، ئىككىنچى كوچىغا ئۆتتى ۋە ئوتتۇز قەدەمچە ئۆمىلەپ مېڭىپ، ئاق سۇۋادانلىق ئېرىق ئىچىگە چۈشۈپ، بىر دەم باش كۆتىرىشمەي، جىم يېتىشتى. ئۇلار بىكىنگەن جاي باش ساقچى ــ باش پولىتسىيەدىن ئۈچ كوچا شىمالدىكى ليۇبىڭدىنىڭ شەخسىي ئۆيىنىڭ دەل قارشىسى ئىدى. قوزغىلاڭ تەشكىلاتچىلىرى ئىرىم قىلدىمۇ ياكى شۇ كەمدە ئىلى ۋىلايىتى بويىچە تەسىرى ئەڭ زور، باش جىنايەتچى يوقالسا دۈشمەنگە روھىي زەربە بېرىلىدۇ دەپ ھېساپلاشتىمۇ، ئىنقىلاپنىڭ بىرىنچى ئوقىنى ليۇبىڭدىگە قارىتىپ ئېتىش ياكى ئۇنى تىرىك تۇتۇش قارار قىلىنىپ بۇ مۇھىم، لېكىن ئىنتايىن خەتەرلىك ۋەزىپە، ئۆز تەلىۋى بويىچە، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋقا تاپشۇرۇلغان. قۇراللىق ئىككى كىشىنىڭ بىرى ئابباسوۋ، ئىككىنچىسى جەڭچى-پىدائىي. مانا ئۇلار، مۆشۈك تۆشۈكتىن چاشقاننىڭ چىقىشىنى ماراپ ياتقاندەك، ليۇبىڭدىنىڭ چىقىشىنى پايلاپ تۇرۇشىدۇ. تەخمىن قىلىنغان ۋاقىتتا چىقمىسىچۇ؟ ئۆزىنىڭ بېشىغا چۈشىدىغان خەتەردىن كۆرە، موشۇ سوئال ئابباسوۋنى قىيناتتى. ليۇبىڭدىنىڭ ئۆز ئۆيىدە قونغانلىغىنى ئېنىقلاشقان. كەچ سائەت ئون ئىككىدە ئۇنى «ئۆيگە يەتكۈزگەن «فورد» قايتىپ، گاراژغا باش ساقچىغا كەتكەن[1]. ئابباسوۋ ليۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىر-جىۋىرىنى ياخشى بىلىدۇ. چوڭ قاپقا ئالدىدا پوست تۇرمىغىنى بىلەن، قورا ئىچىدە بەش-ئالتە مەخپىي مۇھاپىزەتچىلىرى بار. ئەگەر چىقمىسا، ئۆيگە بېسىپ كىرىشنىڭ ئىمكانىيىتىمۇ يوق. بېسىپ كىرگەن تەقدىردە، بېۋاقىت توپىلاڭ چىقىدۇدە، ئۇمۇمىي ئىشقا دەخلىسى يېتىدۇ، كۈتۈش كېرەك...

بىردىن چەتتىن سانىغاندا، ئۈچىنچى دېرىزىگە يورۇق چۈشتى. بۇ ليۇبىڭدىنىڭ ئىش بۆلمىسى. ئابباسوۋ نەچچە قېتىم بولغان. باش جاسۇس بەزىدە شەھەر مۆتىۋەرلىرىنى ئۆيىدە، موشۇ بۆلمىدە قوبۇل قىلىدىغان، سۆھبەتلىشىدىغان. كېچىلىرى بولسا، ئەڭ ئىشەشلىك «داڭلىق» جاسۇسلىرىنى قوبۇل قىلىپ، يول-يورۇق، تاپشۇرۇقلارنى بېرىدىغان.

ــ ئىش بۆلمە نېمە ئۈچۈن يورۇق؟ بەلكى بىرى باردۇر ياكى جىددىي خەۋەر كەلدىمۇ؟..

ــ تام ياقىلاپ كېلىۋاتقان ئادەمنى كۆردىڭىزمۇ؟ ــ ئاستا پىچىرلىدى جەڭچى.

ــ تاڭ يېقىنلاشقانسىرى چاڭ ــ ئاق تۇتەك شالاڭلىشىپ، يىگىرمە-ئوتتۇز مېتىر نېرىدىكى ئادەم قارىسىنى بايقىغىلى بولاتتى. جەڭچى كۆرسەتكەن ئادەم ليۇبىڭدىنىڭ ئۆيىگە يېقىنلاشقاندا ئاتلىق پاترۇنلار يان كوچىدىن چىقىپ كېلىشتى:

---

[1]باش ساقچى ــ ئىلى ۋىلايىتىدىكى باش پولىتسىيە بولۇپ خىتايلار بۇنى شىڭ-شىسەي ۋاقتىدا گۇڭ-ئەنجۇ دەپ، گومىنداڭ ۋاقتىدا جىڭ ساجۇ دەپ ئاتاشقان.

ــ زەڭخا! ــ ۋاقىرىدى ئالدىدىكى ئاتلىق.

ــ جۇشۇ ــ قولۇڭنى كۆتەر!

قوللىرىنى ئېگىز كۆتەرگەن ئادەم ئاتلىق پاترۇنغا ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ، پارولىنى ئېيتىپ بەردى، ئەتىمالىم، ئۇنى قويۇپ بېرىپ، نېرى كەتتى. ئادەمنىڭ كىملىگىنى تونالمىسىمۇ، خىتايچە تەلەپپۇزى ئابباسوۋقا تونۇشتەك سېزىلدى. قايسىسى؟ ئۇ بىلىدىغان «ئۇنۇۋانلىق» جاسۇسلار: زەينۇللا، شېرىۋاخۇن «زاڭ» ھاشىماخۇن، داۋۇر... قايسىدۇ؟ «زەينۇللا، زەينۇللا!» ــ پىچىرلىدى، ۋاقىراۋەتكىنى تاسلا قالغان ئابباسوۋ. «تايىنلىق بىزنىڭ ھەرىكەتتىن خەۋەر تاپتى بۇ مۇرتەد.."

ئادەم يورۇق چۈشۈپ تۇرغان دېرىزىنى شەرتلىك چەكتىدە، دەرۋازا يېنىغا كېلىپ تۇردى. هايەل قىلماي دەرۋازىنىڭ ئىشىگى ئېچىلىپ، ئادەم هويلىغا شۇڭغىدى.

ــ هەر ئىككى جاسۇسنى قوشۇپ ئاتىمىز، جۇمۇ! ــ يولدىشىنىڭ قۇلىغىغا پىچىرلىدى ئاباساۋ ۋە سائېتىغا قارىدى ــ يىگىرمە مىنۇتى كام ئالتە.

كەچ كۈزنىڭ قارا سوغى ۋە ئېرىق ئىچىدە ئىككى سائەتچە يېتىش ئاسانمۇ؟ كىيىمى يالاڭىراق ئاۋتوماتچىلار يىگىت تىترەشكە باشلىدىيۇ، لېكىن بىلىندۇرمەسكە سالدى. مۇهىم ۋەزىپىنى هۆددىگە ئالغان جەڭچىگە مۇنچىلىك سوغ تەسىر قىلسۇنمۇ!

تاقەتسىزلەنگەن ئاباساۋ بىر يورۇق دېرىزىگە، بىر ساقچى ئىدارە تەرەپكە قارايدۇ. ساقچى تەرەپتىن مانا، مانا ماشىنا كۆرۈنىدۇ، ئۇ ليۇبېڭدىنى ئالغىلى كېلىدۇ دەپ تاقەتسىزلىنەتتى.

سائات ئالتە... جىم-جىتلىق. ئاباساۋ خاتامېكىن دەپ سائېتىغا يېنىشلاپ قارىدى. ماڭار ئالدىدا رەهىمجان ئىككىسى سائەتلىرىنى سېلىشتۇرغان ــ توغرا! كۆتۈش قانچىلىك ئېغىر... نېمىشكە دېگەن ۋاقىتتا باشلىمايدۇ هە! بىر، ئىككى، ئۈچ مىنۇت ئۆتتى... بۇ ئۈچ مىنۇت بىر كۈندەك ئۇزۇن بىلىندى ئۇنىڭغا. هەل قىلغۇچى مىنۇتلارنىڭ كېچىكىۋاتقىنىنە! بەش، ئالتە، يەتتە...

ــ ئۇر-را! ئۇر-را، ئۇر-را! ــ كۈچلۈك سادا ياڭرىدى غەربىپ تەرەپتىن.

ــ ئۇر-را! ئۇر- را! ــ تېخىمۇ كۈچلۈك سادا ياڭرىدى شەرقتىن ۋە بۇ قۇدرەتلىك سادالار قوشۇلۇپ، گويا زەمبىرەك ئاتقاندەك، ئاسمان گۈمبىزى گۈلدۈرلەپ كەتتى. بۇ خەلق ساداسى، ئىنقىلاۋىي سادا ئىدى. دېمەك، شەرقتىن نىلقىلىقلار، غەربتىن غۇلجىلىقلار هۇجۇم باشلىدى .

باش ساقچى مەهكىمىسى تەرەپتىن ماشىنا فارى يورۇدى ۋە دەل شۇ ئان دەرۋازا ئېچىلىپ، ليۇبېڭدى پروپكىدەك ئېتىلىپ چىقتى. ئەندى مىنۇت غېنىمەت، ــ كېچىكمەي بولمايدۇ، ماشىنا يېتىپ كېلىدۇ...

ــ مىللىي خائىنغا ئۆلۈم! ــ شار تولىغاندەك ۋاقىرىدى ئابدۇكېرىم ۋە ناگاندىن ئوق چىقاردى ئاۋتوماتنىڭ تەپكىسىمۇ بېسىلدى. مىللىي خائىن ئۆكۈز هۆكۈرگەندەك چېقىرىغان پېتى دۈمبىچە يىقىلدى...

...ئۈچ كۈن ئىلگىرى بولغان مەخپىي كېڭەشتە 1944-يىلى، 7-نويابىر كۈنى غۇلجىدا قۇراللىق قوزغىلاڭ كۆتىرىش قارار قىلىنىپ، ئازاتلىق تەشكىلاتى بېۋاستە ئۇيۇشتۇرغان غۇلجا قوزغىلاڭچىلىرى شەهەرنىڭ غەربىي قىسمىدىن، نىلقا قوزغىلاڭچىلىرى بولسا ــ شەهەرنىڭ شەرقىي ۋە شەرقى-شىمالى قىسمىدىن هۇجۇم باشلىماق بولغان. شۇ پىلان بويىچە، يۇقۇرىدا قەيت قىلىنىدىغاندەك، هۇجۇم بىر ۋاقىتتا ــ تاڭ سەهەردە باشلاندى.

پاتىخ مۇسلىموۋ باشچىلىقىدىكى پارتىزان-جەڭچىلەر شەرقى-شىمال ــ كېپەك يۈزى، تۆۋەنكى پەنجىم ۋە بوينى كېسىك ئارقىلىق هۇجۇمغا ئۆتكەن ئىدىيۇ، لېكىن دۈشمەننىڭ مۇستەهكەم ئىستىهكاملىرىنىڭ بىرى بولغان لەڭشان شاڭ دۆڭلىكىدە كۈچلۈك قارشىلىققا دۇچ كەلدىدە، كەينىگە چېكىنىشكە مەجبۇر بولۇشتى.

غېنى باتۇر باشچىلىق قىلغان پارتىزان-جەڭچىلەر بولسا، توپادۆڭ، قارادۆڭ ۋە جىرغىلاڭ سېپى تەرەپتىن ئىچكىرىلەپ كىرمەك. ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى بىرىنچى توسۇق قارادۆڭ رايونلۇق ساقچى-پولىتسىيە مەهكىمىسى، ئىككىنچى توسۇق ــ ئايدۆڭ رايونلۇق ساقچى مەهكىمىسى ئىدىكى، ئەگەر بۇ ئىككى رايون ئىشغال قىلىنسا ئاهالى قويۇق جايلاشقان شەهەرنىڭ شەرقى-جەنۇبى ۋە جەنۇبى قىسمى ئازات قىلىنىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ هىمايىسىگە ئېگە بولۇش بىلەن بىللە كىمە يولى ئارقىلىق ئىلى دەرياسىنىڭ ئىككى لېۋىدىكى كۆپلىگەن يېزىلار بىلەن بېۋاستە ئالاقە ئورنىتىلاتتى ــ قوزغىلاڭچىلار موشۇ جەهەتنى نەزەردە تۇتقان ۋە بۇ ۋەزىپە غېنى باتۇرغا تاپشۇرۇلغان ئىدى.

غېنى باتۇرنىڭ جەڭچىلىرى سەنجاق ـ ھۇجۇم باشلاشقا شىمايلىنىپ تۇرۇشۇپتۇ. ئۇلار ئۇچۇن قۇتلۇق غۇلجا شەھىرىنى خىتاي قاراقچىلىرىدىن ئازات قىلىشتەك شەرەپلىك ۋەزىپە بولغايمۇ؟ گۆزەل-پاراۋەن ئىلىنىڭ يۈرىگى غۇلجا شەھىرى ئىلىلىقلارنىڭ غۇرۇرى ـ ئىپتىخارىغۇ ئاخىر. ئەسىرلەر داۋامىدا ئەجداتلارنىڭ ئىسسىق قان-تەرلىرى بەدىلىگە بېنا ئېتىلگەن بۇ جانىجان شەھەرنى قوغداش، ئاسراش ھەر بىر ئىلىلىقنىڭ ۋارىسلىق قەرىزى ۋە ھوقۇق-ئىمتىيازىغۇ ئاخىر...!

غېنى باتۇر ھاياجان ئىلكىدە. ئۇ ئۆزى ھەر دەم تەكىتلەپ باشقىلارنى دەۋەت قىلغان «چوڭ ئويۇن» بوگۇن باشلىنىدۇ. بۇ قېتىم يەنە جاسارەت ئۈلگىسىنى كۆرسىتىش كېرەك. ئۆزى باشلىغان جەڭچىلەر ئالدىدا ـ سەپنىڭ ئەڭ ئالدىدا مېڭىش كېرەك... غېنى قاتار ئۈچ سەپكە تىزىلغان جەڭچىلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقتىدە، سەپ ئالدىدا ئېتىنى توختاتتى. يېنىك ئاق تۆتەك يەر بېتىنى قاپلىغان تۇن كېچە بولسىمۇ ئۇزۇن يال ئالا ئات ۋە غېنىنىڭ زور بەستى بۆلەكچىلا ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى.

تېخى مۇنتەزىم ھەربىي قوشۇن ئەمەس، لېكىن قۇراللىق قىسىم شەكلىگە كىرگەن بۇ جەڭچى-پىدائىيلارنىڭ تۇرقى-قىياپىتىدىن دۈشمەنگە نىسبەتەن چەكسىز غەزەپ-نەپرەت ۋە جەڭگىۋار روھ ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

ـيۇرتداشلار! ـ دېدى قانداقتۇر ھاياجان ئىچرە غېنى، ـ بىز غۇلجىنى ئازات قىلىش ئۈچۈن ئاتلاندۇق. ئوغۇل بالا بولساڭلار مېنى يەرگە قاراتمايسىلەر...

ـغۇلجىنى ئازات قىلىمىز!

ـۋەتەن ئۈچۈن جېنىمىز پىدا!

ھەممە بىرئېغىزدىن قەسەم ياد قىلغاندەك ئاۋاز قوشتى جەڭچىلەر ۋە دەل شۇ ئان كۈچلۈك «ئۇر-را!» ساداسى ياڭرىدى ـ جەڭ باشلاندى.

غېنى باتۇرنىڭ جەڭچىلىرى ئۈچ تەرەپتىن:ئوسمان بىلەن يۈسۈپ «ئاقۋاش» باشلىق جەڭچىلەر توپادۆڭ؛ نۇر بىلەن سېيىت باشلىق جەڭچىلەر جىرغىلاڭ قۇيۇلۇشى، غېنى ئۆزى باشلىغان جەڭچىلەر قارادۆڭ تەرەپتىن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، شەھەر تەرەپكە شىددەتلىك ئۈچ تارتتى. بۇ ۋاقىتتا رەھىمجان سابىرىي باشچىلىقىدا بىر تۈركۈم شەھەر قوزغىلاڭچىلىرى غېنى باتۇرغا ياندىشىپ، دەريا بويى، چىمىلەك مەھەللىسى ئارقىلىق چېڭقاپ كەلمەكتە: ئۇلارنىڭ سېپى يول بويى كۆپەيمەكتە، ـ دېمەك، شەھەر ئاھالىسى قوزغالغان ئېدى. كوچا-كوچىدىن يامىراپ چىقىپ كەلگەن غازاتچىلار، گويا چوگا-چاتقانلارنى سۈپۈرۈپ، توسۇق-دوقىلارنى ھىمىرىپ، يەر بېتىدە داۋالغۇپ ئاققان قىيان سۈيىنى ئەسلىتەتتى. دەر ھەققەت، تاياق-توخماق، پالتا-نەيزە بىلەن قۇراللانغان خەلقنىڭ غېزىۋى كۈچلۈك ئېدىكى، خەلقنىڭ قوزغالمىغى تەس، قوزغالسا ـ «دۈشمەننىڭ ھالىغا ۋاي» دېگەن شۇدە!

غېنى باتۇرنىڭ جەڭچىلىرى ئۈچ تەرەپتىن ئىچكىرىلەپ كىرىپ قارادۆڭ ساقچى مەھكىمىسىنى مۇھاسىرە قىلىشتى.

خىتاي مەمۇرلىرى بولسا ھەربىي كۈچىنى ستراتېگىيە جەھەتتىن مۇھىم بولغان: ھەرەمباغ، لەڭشاڭ دۆڭلىگى، ئائېرودروم ۋە باش ساقچى قورغىنىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، مۇداپىە تۈتقانلىقتىن، جامائەت تەرتىۋىنى ساقلىغۇچى شەھەرنىڭ رايونلۇق ساقچى-پولىتسىيە مەھكىمىلىرىدە ئەللىك-ئاتمىشتىن ئوشۇق ساقچى-چېرىك بولمايدىغان. دەسلەپكى قەدەمدە مۇھاسىرىگە ئېلىنغان قارادۆڭ ساقچىسىدا ئاتمىشچە ساقچى-چېرىكلەر بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشى ئۇزۇنغا سوزۇلمىدى، دەم شەرىقتىن، دەم غەربتىن ـ تۆرت تەرپتىن ياڭرىغان سۈرلۈك-غەزەپلىك، ئەينى ۋاقىتتا خىتاي چېرىكلىرىنىڭ يۈرەكلىرىگە ئوق بولۇپ سانچىلىدىغان «ئۇررا!» ساداسىدىن ۋە يەنە پاسىل تاملارنى تېشىپ ئۆتۈپ، ساقچى قورغىنى ئىچىگە تاشلانغان گراناتلار پارتلىشىدىن مەڭدەشكەن چېرىكلەر تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر بولۇشتى، قاچقانلىرى بولسا غەزەپلىك شەھەر قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ قولىغا چۈشكەن ئېدى. غېنى باتۇرنىڭ: «قارادۆڭ ساقچىسىغا، قۇيرۇق مايغا پىچاق تىققاندەك، ئوڭايلا كىرىپ

كەتتۇق» دېگىنىدەك بولدى. بۇ قېتىم يەنە بىرەر يۈزچە مەھبۇسلار ئازات قىلىندى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە «گۆرۈ» ھېساۋىدا تۇتۇپ تۇرۇلغان پاتىخ مۇسلىمۋنىڭ ئايالى بار ئىدى.

-بىزگىمۇ قالسۇنۇي، ھەممىنى ئۆزەڭلا ئېلىۋالما! - دەپ كۈلۈمسىرەپ كىرىپ كەلدى رەھىمجان، غېنىمەت چۈشكەن قۇراللارنى بۆلۈپ بېرىۋاتقان غېنىغا.

-سەنما قۇرۇق قول قالمايسەن، ئاداش - دېدىدە، ئوقتەك ئېتىلىپ كېلىپ، رەھىمجاننى قۇچاقلىدى غېنى.

-يارايسەن، دېگەن يەردىن چىقتىڭ، - دېدى چەكسىز مەمنۇنىيەت ۋە ئىپتىخار ئىچرە غېنىنىڭ مۈرىسىنى پەپىلەپ رەھىمجان.

ئۈڭغىچە ئىككىسىنى جەڭچىلەر، يېڭى قوشۇلغان پىدائىيلار خوشال-خورام ئوراۋېلىشتى.

-ئاغىنىلەر! - دېدى تەۋرىنىپ تۇرغان قوزغىلاڭچىلارغا خىتابەن غېنى، - بىز بىر كېچىكتىن ئۆتتۇق. تېخى بۆسۈپ ئۆتۈدىغان نۇرغۇن كېچىكلەر ئالدىمىزدا!

-باشلا، غېنى باتۇر! قاياققا باشلىساڭ كەينىڭدىن ماڭىمىز..!

-ئاتلىنىڭلار! - قىسقىلا كوماندا بەردى غېنى باتۇر ۋە ئالا ئېتىغا مىنىۋېدى ئۇنىڭ باتۇرلىقىغا خاس سۈمباتلىق قامىتىگە، سۈرلۈك قىياپىتىگە ئاپىرىن ئوقۇشقان قوزغىلاڭچىلار بىرەر دەقىقە ئۇنىڭغا تىكىلىپ قېلىشقاندى.

-سەپكە تىزىلىڭلار!

قوزغىلاڭچىلار ئاتلىق ۋە پىيادە سەپكە تىزىلىشتى. كۈچلۈك نەر تارتقان ھالدا ئايدۆڭ تەرەپكە قاراپ ئالغا باستى.

غېنى باتۇر بىلەن رەھىمجان باشچىلىقىدىكى جەڭچى-پىدائىيلار ئايدۆڭ رايونىغا يېتىپ كەلگىچە بۇ يەردىكى چېرىكلەر باش ساقچى مەھكىمىسىگە چېكىنگەن ئىدى. بۇ يەردە قۇرال-ئەسلاھ غېنىمەت ئېلىنمىسىمۇ، سەكسەندىن ئوشۇق قېرىنداشلار زىندان ئازاۋىدىن ئازات قىلىندى.

-خىتايلىرىڭ بىزدىن قورقۇپ قاچتىمۇ ياكى قاپقان قويۇۋاتامدۇ؟ - دېدى گۇمانلانغان غېنى.

-ھەر ئىككىلىسى ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس، - جاۋاپ بەردى رەھىمجان ۋە سەل ئويلىنىپ، قوشۇمچە قىلدى: - خىتايلار چېكىنگەن بولۇپ، تۇيۇقسىز قايتارما ھۇجۇمغا ئۆتۈشى مۇمكىن، ئالدىنىپ قالمايلى.

- ئەنە، غېنى، ئەنە! - دېگەن پېتى بىر توپ ئادەم كىرىپ كېلىشتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە مەھەللە باشلىقلىرى، غېنىنىڭ كونا ئىلپەتلىرىمۇ بار. ئۇلار غېنى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى.

-ئەندى كېلىشتىڭما ئۆلۈكلەر، ئاخشامدىن نېمە قىلىشتىڭ؟ - دېدى رەنجىگەندەك غېنى .

-ھېلى بولسىما كەچ ئەمەس، مىلتىغىڭنى بەر؛ غۇلجىنىڭ قالغان يېرىمىنى بىزگە قويۇپ بەر، - دەپ كۆكسىگە ئۇردى ئۆمەر.

-نېمە؟! - ئۆمەرگە تىكىلدى غېنى، - ساڭا تەييار مىلتىق يوق. ئۆزەڭ جەڭگە كىرىپ مىلتىق تېپىۋال.

-خوپ. سەن بار يەردە مىلتىقسىز قالمايمىزغۇ، قانداق دېدىم ئابدۇللا؟ - دەپ ئابدۇللىغا قارىدى ئۆمەر.

-ھە، بىزنىما ئانىمىز ئوغۇل دەپ تاپقاندە...

-ھۆي، قوينۇڭدىكى نېمەرۈي، «توڭگۈز؟» - ئابدۇللانىڭ سۆزىنى بۆلدى غېنى.

-نېمە بولاتتى سەرەڭگە!

-بۈچۈ، - دېدى سۆزگە ئارىلاشقان بىرسى، - قانداقتۇر ئادەملەر خىتاينىڭ دۇكىنىنى بۇلاۋاتقانىنىڭ ئۈستىگە كېلىپ قاپتۇدە، باشقا نېمە ئالماي سەرەڭگە ئاپتۇ.

-سەرەڭگىنىڭ دەردى ئۆتۈپ كەتتى ئەمەسمۇ...

ئابدۇللىنىڭ ساددىلىقىغا غېنى باشلىق ھەممە كۈلۈشتى.

‐بىز جەڭ قىلايلۇق. ئۆيدە ياتقان ناپىسەتلەر بۇلاڭچىلىق قىلسۇن، ‐ دېدى كۈلكە توختىغاندا غەزەپلەنگەن غېنى.

‐زورلۇق ۋە بۇلاڭچىلىققا ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ، ‐ قوشۇمچە قىلدى رەھىمجان.

‐باۋدۇن! ‐ چاقىردى غېنى.

‐مانا، مەن! ‐ ھازىر بولدى «ياپونكا» مىلتىق ئاسقان قامەتلىك يىگىت.

‐ئۈچ-تۆرت يىگىتنى ئالدە، بۇلاڭچىلارنى قەيەردىن بولساتېپىپ كەل. كۆپچىلىك ئالدىدا جازالايمىز! ‐ بۇيرۇق قىلدى غېنى باتۇر.

باۋدۇن جەڭچىلەرنى باشلاپ چىقىپ كېتىشكە قاسىم مىراپ، ھەجەرخان بىرەر يۇزچە ئاتلىق ئادەملەر بىلەن يېتىپ كېلىشتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە يىگىرمىچە ئادەم «موزىپاڭ»، «قارا مىلتىق» بىلەن قۇراللانغان. ئۇلارنى سوڭدىشىپ دېگىدەكلا كېمچى ئىبراھىم باشلىق قاينۇق، جاغىستاي، خونىخايلىقلار ئات سېلىشىپ كېلىشتى. ئۇلار ئۆزلىگىدىن ئاي-يۇلتۇزلۇق ئاق بايراق ياساپ ئۆلگىرىشكەن.

شۇنداق قىلىپ، جەڭنىڭ بىرىنچى كۈنى غۇلجىنىڭ شەرقى-جەنۇبى، ۋە جەنۇبى غەربىي-جەنۇبى قىسمى ئازات قىلىنىپ، ئىلى دەرياسىنىڭ ئىككى قانتىدىكى يېزىلارغا كەڭ يول ئېچىلدى.

شەھەرنىڭ غەربىي ۋە غەربىي-شىمالى قىسمىدىن ھۇجۇم باشلىغان شەھەرلىك قوزغىلاڭچىلار ئانچىلا سىلجىيالمىدى. ئۇلار «ئۈچ دەرۋازا» ئەتراپىدا ئايلىنىپ، سىلىڭبۇنىڭ1 غەربىي تەرىپىدىكى «كۆك كۆرۈك» «قۇدۇق مەھەللىسىدىن» ئۆتۈپ، ساي بويىغا كېلىپ تاقىلىپ قېلىشتى...

كېچىسى بولغان ئالدىراشلىق كېچەشتە7-نويابىر كۈنىدىكى ھۇجۇم نەتىجىسىدىن خۇلاسە چىقىرىلىپ، يېڭى ۋەزىپىلەر بەلگۈلەندى.

‐ئەڭ زور ئۇتۇغىمىز، ‐ دېدى كېچەشكە ئىشتىراق قىلغان قاسىمجان، ‐ خەلىق ھىمايىسىگە ئېگە بولدۇق، خەلق قوزغالدى. بۇ دېمەك، غەلىبە كاپالىتى.

‐توغرا. ئەندى بىز سېپىمىزغا ئۆزلۈكسىز قوشۇلۇۋاتقان پىدائىيلارنى تەشكىللەپ، ھۇجۇمنى كېڭەيتىپ، غۇلجىنى تېزلىكتە دۈشمەندىن تازىلىشىمىز لازىم، ‐ دېدى رەھىمجان.

‐غېنى باتۇرنىڭ جاسارىتىنى ئالاھىدە قەيت قىلىشىمىز كېرەك. ئۇ قەھرىمانلىقنىڭ ئۈلگىسىنى كۆرسەتمەكتە. غېنى قەيەردە بولسا ئۇستۇنلۇك ئېلىپ، دۈشمەنگە زەربە بەرمەكتە، ‐ ئايرىمچە تەكىتلىدى ئابباسوۋ.

‐غېنى باتۇر ۋە ئۇ باشلىغان جەڭچىلەرنىڭ جاسارىتى تۈپەيلى دۈشمەنىنىڭ ئۈچ رايونلۇق ساقچى ئىدارىسى، شەنگەن يامۇل ئىشغال قىلىنىپ، كۆپلىگەن قۇرال-ياراق غېنىمەت ۋە ئۈچ يۇزچە ساقچى-چېرىكلەر ئەسىرگە ئېلىنىشى دۈشمەنلەر ئۈچۈن قاتتىق زەربە. بىراق بىز، غەرب تەرەپتىن ھۇجۇمغا ئۆتكەنلەر، ئۈچ دەرۋازىدىن نېرى ئۆتەلمىدۇق. پاتىخنىڭ قىسىملىرىمۇ مۆلچەرلەنگەن لەڭشاڭ، بوينى كېسىكلەرنى ئىشغال قىلالماي، تۇرپان يۇزىگە چېكىندى. يوشۇرماسلىقىمىز كېرەك، بۇ بىزنىڭ كامچىلىقىمىز. بەلكى جەڭ قىلىشنى بىلمىگەنلىگىمىزدۇر، ‐ ئۆز پىكرىنى بايان قىلدى مەخسۇم.

‐دۈشمەننى سەل چاغلىماسلىق كېرەك، ‐ دەپ باشلىدى رەھىمجان، ‐ غۇلجا ئاھالىسىنى ئازات قىلدۇق دېسەكمۇ بولىدۇ. لېكىن قۇراللىق دۈشمەن شەھەردە تېخى مەۋجۇت. شەھەرنىڭ مۇھىم ستراتېگىيەلىك ئورۇنلىرى: ئائېرودروم، ھەرەمباغ قورغىنى، لەڭشاڭ دوڭلىگى، باش ساقچى ۋە سىلىڭبۇلاردا پۇختا مۇداپىئە تۈتۈپ تۇرۇشۇپتۇ. ئۇلار ئەپلىك پەيتنى تاپتىلا قايتارما ھۇجۇمغا ئۆتۈشى، ئۇلارغا يەنە ياردەم كۈچ كېلىشىمۇ مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلىققە تايانغان ھالدا كۈچىمىزنى مەركەزلەشتۈرۈپ ھۇجۇمنى كۈچەيتىش كېرەك.

1سىلىڭبۇ ـ ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ھەربىي-مەمۇرىي ۋالىسى تۇرىدىغان ئىدارە.

ـئالدى بىلەن باش ساقچىغا ھۇجۇم قىلىپ تۈرمىدىكى مىڭلىغان قان قېرىنداشلارنى ئۆلۈم خەۋپىدىن قۇتۇلدۇرىشىمىز كېرەك، ـ دەپ ئېلىخان تۆرىنىڭ ئىچكى مۇلاھىزىسىنى بۆلۈۋەتتى ئابباسوۋ.

ـبۇ دېگىنىڭىز توغرىيۇ، لېكىن ئاۋال دۈشمەننىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلساق دېمەكچىمەن، تەخسىر.

مەخسۇمنىڭ پىكرىدە مەنتىقە باردەك بىلىندى. بۇ كۈنلەردە قوزغىلاڭچىلاردا قۇرال-ئەسلاھ كامچىل، خۇسۇسەن، زەمبىرەككە ئوخشىغان مۇھىم قۇراللار يوقنىڭ ئورنىدا. شۇ سەۋەپتىن كۈچنى پارچىلىماي، خىتايلارنىڭ باش شتابى سىلىڭبۇغا ھۇجۇم قىلىپ، شتابنى ئىشغال قىلىش ھەر جەھەتتىن ئەھمىيەتلىك ئېدى.

ـسىلىڭبۇنى ئىشغال قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى زور، ئەلۋەتتە، ـ دېدى رەھىمجان، ـ ئەمما، سىلىڭبۇغا ھۇجۇم قىلىش ئالدىدا، ئالتۇنلۇقنى ئېگىلىسەك ئۇ ھالدا ئالغا سىلجىشقا ئوڭايلىق تۇغۇلىدۇ.

ـھە، بەرىكەللە! بۇ سۆزۈڭىزنىڭ جانى بار، جانى بار، ـ دەپ ئىككى تەكرارلىدى، قورايدەك رەزگە بوينىنى لىڭشاتقان ھالدا ئېلىخان تۆرە. بۇ دىنىي پېشىۋازنىڭ مۇخلىسلىرىمۇ، ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلىگەندەك باشلىرىنى لىڭشىتىشتى.

***

شۇ كېچىدىكى جەڭدە غېنى باتۇرنىڭ قىسىملىرى سىلىڭبۇنىڭ شىمالىدىكى سەرەڭگە زاۋۇدىغا بېكىنىۋالغان خىتاي چېرىكلىرىنى سۈرۈپ چىقارغان بولسىمۇ، ئالتۇنلۇق دۆڭلىگىنى ئىشغال قىلىشقا ئىمكانىيەت بولمىدى.

خىتايلار دۆڭلۈك ئەتراپىغا چوڭقۇر، خەندەك سىمان، ئوكوپلارنى كولاپ، پوتەيلەرنى ئورنىتىشنىڭ سىرتىدا، قەبرىستاندىكى گۈمبەز ئۈستىگە پۇلېمىيوتلارنى ئورناتقانلىقتىن، بۆسۈپ-يېرىپ ئۆتۈشى ئاسان ئەمەس ئېدى، ئەلۋەتتە.

ـخەپ! ـ دەيتتى ئالغا بېسىپ كېلىۋېتىپ، توسىلىپ قالغانلىغىغا تېرىككەن غېنى، ـ مونۇ گۈمبەزنىڭ ئەلىمىنە! ئاتا-بوۋىلىرىمىز گۈمبەز سالغىچە ئۆي ياسىسىچۇ...

بۇ كەمدە غېنىنىڭ ئەتراپىغا غۇلجىدىكى كونا ئاغىنە-ئۆڭگىلىرى توپلاشقان. بۇ قورقۇمسىز گاڭگۇڭلارنىڭ قولىدىن ھەر نەرسە كېلىدۇ. لايىغىدا مۇئامىلە قىلىنسا جاسارەت كۆرسىتىشكە تەييار تۇرغان بۇ خەگزىلەر غېنى باتۇر قاياققا باشلىسا ئۇنىڭ دېگىنىنى قىلىدۇ.

ـئەشۇ گۈمبەزگە مېنى ئەۋەتكىنە! ـ شىمايلىنىپ ئوتتۇرىغا چۈشتى ئابدۇللا.

ـمىلتىق تۇتۇشنى تۈزۈگرەك بىلمەيسەن، ئۆلگۈڭ كەلدىمۇ؟ ـ رەت قىلدى غېنى.

ـمەيلى، ئۆلسەم ئۆلەمەن. تۇنۇگۈندىن ھەر خەگزىلەر ئۆلدىغۇ...

ـسەن «توڭگۇز» باش ئېتىشقا ئۇستا بولىدىغان. گۈمبەزنى باش بىلەن يىقىتقۇڭ بارمۇ، يە؟

غېنىنىڭ سۆزىگە ئەتراپتىكىلەر كۈلۈشتى.

ـزادى شۇ گۈمبىزىڭنى...

ـئالدىرىما، ـ ئابدۇلىنىڭ سۆزىنى بۆلدى غېنى باتۇر، ـ كۆپ ئۈچۈن پىدا بولىمەن دېسەڭ،

شىھەدلىق قىچىپ قۇتۇلمايدۇ. بىلىپ قوي، جەڭ دېگەن سىنىڭ تۇردى «گوپەي» بىلەن مۇشلىشىش ئەمەسته! جەڭدە گاڭگۇڭلىق ئىشلىمەيدۇ، ئاداش!

غېنى باتۇرنىڭ سۆزى تۈگىمەيلا ئىككى جەڭچى بىر كىشىنى سۆرەپ دېگىدەك ئېلىپ كىرىشتىدە، غېنىنىڭ ئالدىغا تاشلىدى.

— بۇ نېمە ئادەم؟ — سورىدى غېنى.

— خىتاي.

— خىتاي؟ !

— ھە. يولدىلا جايلىۋېتەي دېۋىدىم، «مەن ئاينى كۆرىدۇ...» دەپ يالۋۇردى.

غېنى جەڭچىنىڭ ئاخىرقى سۆزىنى ئاڭلىمايلا دۈمچە ياتقان ئادەمنىڭ گەجگە ياقىسىدىن تۇتۇپ، ئۆرە قىلدىيۇ:

— سەي-شەنسىن[1] دەپ ۋاقىراۋەتتى. ئۇڭغىچە ئېسىنى يىققان، توغرىراغى، قايتىدىن جان كىرگەن سەي:

— مەن بىلىدۇ، سەن ئاينى ياكىشى، — دېدىدە خىتايچىلاپ غېنىغا باش قويۇشقا باشلىدى. بۇ ھالەتكە ئەتراپتىكىلەر ھەيران بولۇشۇپ داڭ قاتقىنىچە تۇرۇپ قېلىشتى .

— بولدى، بولدى. مېنى بۇت قىلىۋالما، سەي-شەنسىن، — دەپ سەينى يۆلەپ قېشىغا ئولتارغۇزدى غېنى ۋە يولداشلىرىغا قاراپ، — بۇ ياخشى خىتاي، — دېدى.

— ئېتىپ تاشلىغىنى تاسلا قالدىما؟ — دېدى غېنىنىڭ يېقىنلىرىدىن بىر جەڭچى.

— سەن «شاڭخا» قارا قۇماي ئۆلۈك ئاتنى ئولىغاندەك، تەييار خىتاينى ئېتىشقا ئۇستا، — دەپ باشقىلارنى كۈلدۈردى غېنى.

— ھەي، مەن سېنى كۆرىدۇ تولا-تولا خىيال بار، ئاينى ئۇكاڭزا! — دەپ غېنىغا تويمىغاندەك يېنىشلاپ-يېنىشلاپ قاراتتى سەي-شەنسىن.

---

[1] سەي-شەنسىن — سەي ئەپەندى.

— بىزنى ئەزگەن، بوزەك قىلغان، قېنىمىزنى شورىغان خىتايلارنى «پىخ» قىلساق خاپا بولمايدىغانسەن؟ — كۈلۈمسىرەپ سورىدى سەيدىن غېنى.

— ھەي، ئاينى ئۇكاڭزا؟ كىم گۇنا قىلسۇڭ — ئۆلسۇڭ...

— ئادىل خىتايكەن بۇ؟ — دېيىشتى ئاڭلاپ تۇرغانلار.

— ھە، شۇنداق. ھەقىقەتچى بولغاشقا بۇنى دوست تۇتقانمەندە! — دېدىدە سەي-شەنسىنگە چاي كەلتۈرۈشنى بۇيرىدى غېنى.

— شۇ ئارىلىقتا رۇخسەت سوراپ ھاكىم شاڭيۇ بىلەن روزى قارىلار كىرىپ كېلىشتى. ئۇلار گۇناھكار ئادەملەردەك قوللىرىنى قوشتۇرۇپ، باشلىرىنى تۆۋەن سېلىپ، بوسۇغىدىن ئاتلىغان يەردىلا توختاشتى.

— ھە، «يۇرتداشلىرىم» — زەھەرخەندىلىك بىلەن دېدى غېنى، — ھېلىقى يۆلەنچىڭلار: نىياز لوزۇڭ بىلەن داۋۇر تۇڭچى قېنى؟ ھەجەپ ئۇلاردىن ئايرىلىپ قاپسىلەر؟

— بەندىچىلىك، بەندىچىلىك...

— ھازا كۆتىرىشمە! بېشىڭ كېتىشسىمۇ ئەر كىشىدەك تەخ تۇرۇش!

— سەۋەنلىك ئۆتتى. ئالدىڭغا باش ئېگىپ كەلدۇق. نېمە قىلساڭ ئىختىيار ئۆزەڭدە، ئوغلۇم...

يېلىنىشتى ھەر ئىككى يۇرت «چوڭلىرى".

–مەن ئۆچ ئالىدىغان، ئاداۋەت ساقلايدىغان نامەرت ئەمەس. ئەگەر ئاستائىدىل تووۋا قىلىپ، ئادەملەرگە يامانلىق قىلىشماساڭ، ئۆتكەننى تەگىمەيمەن، – دېدى قانداقتۇر سالماقلىق بىلەن غېنى.

–بۇ قان شورىغۇچىلار ھېچ قاچان ئوڭلانمايدۇ. ئېتىۋېتىشكە قولۇڭ بارمىسا ماڭا قويۇپ بەر، ھازىرلا تامغا يۆلەيلەن...

–ۋالاقلىما، «شاڭخا!» تېخى بىرمۇ خىتاينى ئاتماي تۇرۇپ، ئۆز جىنىسىڭنى ئۆلتۈرمەك بولامسەن؟! – قولىنى شىلتىدى غېنى ۋە ئىچىدە «شۆكرى-سانا» ئوقۇپ تۇرۇشقان ھاكىم شاڭيۇ بىلەن روزى قارىغا تىكىلىپ دېدى: – سەنلەر ئۆز يۇرتلۇغۇم بولساڭمۇ، سەندەكلەردىن مونۇ خىتېيىم ئەلا. بار، كۆزۈمدىن يوقىلىش! – دەپ ئىشىكنى كۆرسەتتى ئۇ.

ھاكىم شاڭيۇ بىلەن روزى قارى كەينىچە شوخشۇپ، تىرىك قالغانلىقىغا شۆكرى ئوقۇشۇپ سىرتقا چىقىشىغا بىر قۇراللىق جەڭچى قوللىرى كەينىگە باغلانغان داۋۇرنى ئالدىغا سېلىپ كىرىپ كەلدى. كونا قەدىناسلار سالام-سائات قىلىش ئورنىغا بۇتنىشىپ، تەتۇر قاراپ ئۆتۈپ كېتىشتى.

–كەل، كەل داۋۇر! – ئورنىدىن ئەتتەيلەپ تۇردى غېنى داۋۇرنى ئىچكىرى ئەكىرگەندە ۋە: – بىزگە قوشۇلغىنىڭمۇ، ياكى بولمىسا جاڭگۇدىلارنىڭ تاپشۇرۇغى بىلەن كەلدىڭمۇ؟ – دەپ داۋۇرنىڭ كۆزىگە تىكىلدى.

–نېمە قىلساڭ ئەندى ۋاڭپا سېنىڭ قولۇڭدا، – دېدىدە، يېپىنچاقلاۋالغان خروم چاپاننى بىر سىلكىپ مۇرىسىدىن چۈشىرىۋەتتى داۋۇر، – مانا، قولۇم باغلاقلىق...

–مەن سېنى تۇتۇپ كېلىڭلار دەپ ھېچ كىمگە بۇيرۇق قىلمىدىم. بىراق سەن خەلىققە تولا زۇلۇم قىلغاشقا سېنى ئۆزلىگىدىن تۇتۇپ ئەكەپتۇ.

–سەن ئەمەسما؟ – قانداقتۇر ئۈمۈتۋارلىق بىلەن سورىدى داۋۇر.

–ھە، مەن ئەمەس. ئۆز پېشانەڭدىن كۆر. سەن مېنى خىتاي چېرىكلىرىگە تۇتۇپ بېرىپ، قوللىرىمنى باغلىغان چاغدا: «ئۆز پېشانەڭدىن كۆر غېنى» دېگەن ئېدىڭغۇ!

داۋۇرنىڭ بېشى تۆۋەن ساڭگىلىدى. ئۇنىڭ ئۇچۇن بۇ كىنايىلەر ئۆلۈم ھۆكمىدىنمۇ ئېغىر ئېدى، ئۇما ئۆزىنى «مەن، مەن» دەپ يۇرگەن يىگىت ئېدىدە!

–راستىمنى ئېيتسام! – ئاز سۈكۈناتتىن كېيىن سۆزىنى داۋام قىلدى غېنى، – زىنداندا ياتقان چېغىمدا سېنى، ھاشىم توكۇنى ئۆز قولۇم بىلەن تۇتۇپ ئۆلتۈرۈشكە قەسەم ياد قىلغان ئېدىم ئەمما بەختكە قارشى، سېنى باشلىقلار تۇتۇپ كېلىشىپتۇ. قولى باغلاقلىق ئادەمنى ئېتىشقا قولۇم ھەرگىز بارمايدۇ...

–كەچۈرۈم قىلغىنىڭمۇ؟ – يەنە ئۈمۈت ئىچرە سورىدى بېشىنى كۆتىرىپ داۋۇر.

–ياق! سېنى كەچۈرۈشكە يالغۇز ئۆزەمنىڭ ھەققىم يوق. سېنى خەلىقنىڭ قولىغا تاپشۇرىمەن، – دېدىدە، داۋۇرنى ئېلىپ چىقىپ كېتىشكە بۇيرىدى غېنى. باياتىن سامىي بولۇپ تۇرۇشقانلار بۇ يېشىمگە رازى بولۇشقاندەك يېنىك تىنىق ئېلىشتى. شۇ ئارىدا ئاۋتومات ئاسقان، كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ تۇرغان ئوسمان باتۇر (كېيىنكى كۈنلەردە «ئالتە ئوغرى» دەپ نام ئالغانلارنىڭ ھەممىسىنى، قارا-قويۇق. «باتۇر» دەپ ئاتاشقا باشلىدى خەلق) ئالدىراش كىرىپ كەلدىدە، غېنىنىڭ ئەتراپىغا توپلاشقانلارغا تەڭسىتمىگەندەك نەزەر تاشلاپ، غېنىغا خىتاۋەن:

–تاش پاقىدەك بىر يەردىلا تۇرىمىزمۇ، – دېدى ۋە كەسكىن رەۋىشتە، – گومىبەزنى ئالالمايدىغان بولساڭ، ماڭا قويۇپ بەر!

"ئالالمىساڭ" دېدىڭما، ئوسمان باتۇر! – باتۇر ئىبارىسىنى ئالاھىدە ئۇرغۇ بىلەن دېدى غېنى، – ھە، سەن دېگەندەك، كۈچۈم يەتمىدى... ئەندى سەن ئېلىپ كۆر...

–كۆرسەم، كۆرەي! – دېدىدە، قانداق كىرگەن بولسا، شۇنداق ئالدىراش چىقىپ كەتتى باتۇرلۇق خۇرۇشى بار ئوسمان. قورقۇمسىز بۇ يىگىتنىڭ ئالدىراقسانلىق ۋە كۆرەڭلىگى بولىدىغان. ئۇ بەزىدە

ئۆزىگە تەمەننا قىلىپ، غېنى بىلەن ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرغۇسى كېلەتتىيۇ، ئاكا باتۇرنىڭ سۈرىدىن ئەيمىنەتتى. بۈگۈن بولسا كۆپچىلىك ئالدىدا ھۆرمەتسىزلىك، توغرىسى ـ تەلۋىلىك قىلدىيۇ، غېنى باتۇر بىلىندۈرمەسكە سالدى.

ئوسمان پوزىسىيە تۈتۈپ ياتقان ئېھاتىدىكى جەڭچىلەرنىڭ قېشىغا كېلىپ، ياردەمچىسى سېيىت باتۇرغا:

ـگۈمبەزنى بىز ئالىمىز، ـ دېدى ۋە سېيىت گەپ قىلغىچە تەخىر قىلماي، جەڭچىلەرگە كوماندا بەردى: ـ ئالغا، ئالغا!

ـئاۋتوماتتىن ئوق ئېچىپ، جەڭچىلەردىن ئون قەدەمچە ئالدىدا شىددەتلىك كېتىۋاتقان ئوسماننى كۆزىتىپ تۇرغان غېنى: «ھەجەپ، تۈتۈپ قالمىدىم، بۇ تەنتەكنى...» پۇشايمان قىلدى. گۈمبەز تەرەپتىن مۆلدۈردەك يېغىۋاتقان ئوقتىن يىقىلغان ئون نەچچە جەڭچىنى كۆرگەندە ئورنىدا تۇرالماي قالغان غېنى دۈشمەنگە قارىتا ئوق ئېتىشقا كوماندا بەردى. ئوسمان باشلىغان جەڭچىلەر گۈمبەزگە يېقىنلىشىپ بېرىپ، سۇ ئېقىنى گىرۋەكلەشتۈرگەن قىرغاقنى دالدا قىلىشىپ، ئېتىشۋازلىقنى داۋام قىلدى. گۈگۈم چۈشۈشكە باشلىدى. كۈندىكىدەك كەچكى تۇمان كۆتىرىلدى. ئوسمان باتۇر شۇ تۇماندىن پايدىلانماق بولسا كېرەك، يەنە تۇردىدە:

ـئالغا! ـدەپ ئالغا ئىنتىلدىيۇ، ئۇنىڭ ئاۋازى يىراقتا ئاڭلانمىدى...

ـبۇركۇت كۆزلۈك غېنى باتۇر ئوسمانغا ئوق تېگىپ يىقىلغانلىغىنى كۆردىدە، غەزەپلىك ۋاقىرىدى:

ـئالغا! ـ ئۇ شۇنداق كۈچلۈك نەر تارتتىكى، جەڭچىلەر چۆچۈگەندەك، ئۇنىڭغا بىر قاراۋېلىپ، سەركەردە كەينىدىن دۈشمەن ئۈستىگە ئېتىلىشتى:

ـئۇر-را، ئۇر-را..!

شىددەتلىك ھۇجۇمغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن چېرىكلەر چېكىنىشكە ـ كەينى سەپكە داجىشقا باشلىدى. تۇمان قويۇقلىشىپ، قاراڭغۇ چۈشتى. غېنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن تەڭلا گۈمبەز ئىچىگە كىرىشكەن سەككىز جەڭچىگە:

ـمىلتىقلاردىن تەڭلا ئوق چىقىرىڭلار! ـ بۇيرىدى ئۇ.

جەڭچىلەر زالپ بېرىۋېدى، چېقىلغان چۈشكەندەك، گۈمبەز ئىچى جاراڭلاپ كەتتى. بۇ دەھشەتلىك گۈمبۈرلەشتىن ئەس-ھوشلىرىنى يوقاتقان گۈمبەز ئۈستىدىكى پۇلېميوتچى چېرىكلەر يەرگە سەكرەشتى. پۇت-قوللىرى سۇنماي ساق قالغانلىرى بېدەر قېچىشقان ئېدى.

ئوڭ قولىغا ئوق تېگىپ، قانسىرىغان ئوسمان باتۇرنى ھەمشىرىلەر ئېلىپ كېتىشكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا سېيىت باتۇرنىڭ كوماندىر بەلگۈلەپ، ھەيەل قىلماي، غېنى باتۇرنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا: «تۇۋاق سوۋۇماستا» سىلىڭبۇغا ھۇجۇم باشلاندى. كۆك كۆرۈك تەرەپتىن پاتىخ، رەھىمجان باشچىلىق جەڭچىلەرمۇ ھۇجۇمغا ئۆتۈشكەن ئېدى. غېنى باتۇرنىڭ ئالتۇنلۇق دۆڭلىگىنى ئىشغال قىلغان جەڭچىلىرى غالىبىدىن روھلاندى، ئەتىمالىم، دۈشمەننىڭ كۈچلۈك قارشىلىغىغا قارىماي، ھامان ئالغا سىلجىدى: ئوكوپىدىن-ئوكوپىغا سەكرەپ، ئاخىرى سىلىڭبۇنىڭ قورغان تېمىغا ياماشتى ۋە ئالدىنقى قىسىملار تامدىن ئارتىلىپ چۈشۈشكە باشلىدى. «ئۇر-را!» ساداسى ئاستىدا دەۋرەپ كېلىۋاتقان قوزغىلاڭچىلارنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمغا بەرداشلىق بېرەلمەي چېكىنىشكە باشلىغان چېرىكلەرنى ھەرەمباغ ئىستىھكامىغىچە سۈرۈپ باردى خەلىق جەڭچىلىرى. ئەپسۇسكى، موشۇ جەڭدە شېيىت بولغانلارنىڭ ئىچىدە جاسارەت كۆرسەتكەن سېيىت بار ئېدى...

جەڭ توختىشى بىلەنلا سەپدىشى ئوسماننىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالماق بولغان غېنى باتۇر باۋدۈن بىلەن ۋاقىتلىق شىپاخانا قىلىنغان بېناغا كەلدى. ئۇ ئېتىنى باۋدۇنغا تاپشۇرۇپ، ئىشىكتىن كىرىشىگە ئۇچىسىدا پوستىما جۇگا، بېشىدا قۇلاقچا، پۇتىدا، پۇتىدا ئۆتۈك، يېڭىگە بولسا «شەپقەت ھەمشىرىسى» بەلگۈسىنى تېڭىۋالغان قىزغا دوقىرىش قىلدىيۇ، يۈرىگى ئېغىپ ئورنىدا تۇرۇپ قالدى: قىزدىمۇ شۇ

ھالەت كەچتى، ئەتىمالىم، ئۇما تۇرغان يېرىدە قېتىپ قاپتۇ. ھە، كۆڭۈل دېگەن ئۇلۇق: ئۇ ھەممىنى سېزىدۇ، ھەممىدىن ئۆتكۇر ۋە ئۇچقۇر... ئۇزۇن دەھلىزنى ئاسما پەنار گىرىمسەن يورۇتۇپ تۇرسىمۇ، كۆڭۈل-زېھىن نۇرىدا نەچچە يىللار ئالدىدا ئىككىلا قېتىم كۆرگەن، لېكىن يۈرەككە مەڭگۇ ئورناشقان قىزنى تونۇغان غېنى:

–چولپان! – ئاتەشىن ئۇن قاتتى ۋە قىزنىڭ ئالدىغا كەلدىيۇ، نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى.

چولپان غېنىغا لاپپىدە قارىدى. قىزنىڭ ئوتلۇق، ئىختىراس چاقناپ تۇرىدىغان كۆزلىرىدىن ئەندى ئىزا-ئەلەم، ھەتتا غەزەپ ئەلەڭگىسىنى ھىس قىلغان غېنى:

–مەندىن خاپا بولمىغانسىز؟

–نېمىشكە؟ – چۆچىگەندەك دېدى چولپان.

–سىزگە پانا بولالمىدىم...

–ئۇنداق دېمەڭ، غېنىكا؟

–مېنى ئۇنتىمىغانسىز؟

–ھېچ قاچان! – دېدىدە، بۇرۇنقى چاققانلىقىغا يارىشا، شامالدەك سىلىق مېڭىپ چىقىپ كەتتى چولپان.

غېنى قىزنىڭ كەينىدىن نەچچە قەدەم بېسىپ توختىدى ۋە ئوسماننىڭ قېشىغا ئىلدام كىرگەن پېتى ئۇنى ياتقان كارىۋېتىغا قوشۇپ دەست كۆتەردى:

–تاپتىم، تاپتىم، ئەڭگۈشتەرىمنى تاپتىم! – دەۋەتتى خوشاللىغىنى باسالمىغان غېنى.

***

ئىنقىلاۋىي شتاب «ئالتە شار» مەلىسىدىن سابىق سىلىڭبۇغا كۆچىرىلدى. ئەندى دۇم يېتىپ، دىڭ تۇرۇپ يۈرگەن جەڭچىلەر ئۇچۇن ئىسسىق ياتاق، ئاشخانىلار، مەمۇرىي ئىشلارنى باشقۇرغۇچىلارغا – ئىشخانىلار يېتەرلىك. گېزىت چىقىرىش ئۇچۇنمۇ ئىمكانىيەت تۇغۇلدى. ھەبىپ يۇنچى، ئەخمەتجان قاسىمىي باشچىلىقىدا مەتبەئە ئەكسىگە كەلتۇرۇلۇپ «ئازات شەرقىي تۇركستان» گېزىتى چىقىشقا باشلىدى. يېتەكچىلىك تارقاقلىقتىن تەشكىلىي ئىنتىزام ئاستىدا يولغا قويۇلۇپ، مەمۇرىي – ھەربىي تۈزۈم شەكىللىنىشكە، خىزمەت تەخسىماتى ئىجرا قىلىنىشقا باشلىدى. ھەممە ئىش، ھەممە ئىمكانىيەت قۇراللىنىشقا ۋە دۈشمەن ئۈستىدىن غالىبىيەت قازىنىشقا قارىتىلدى. ئالتۇنلۇق ۋە سىلىڭبۇدىن ئولجا-غېنىمەت ئېلىنغان قۇرال-ئەسلاھالار تېزلىكتە تارقىتىلىپ، يېڭى ئەترەتلەر تەشكىل ئېتىلدى. نوۋەتتىكى جەڭ باش ساقچىنى ئېلىش، ئۇنىڭدىن ساقچى-چېرىكلەرنى قوغلاپ چىقىرىش ئۇچۇن جەڭ بولىدۇ. ساقچىنى ئىشغال قىلماي تۇرۇپ، شەھەردە ئەركىن قاتناش ۋە خەلقنىڭ مەيشىتىنى ئەكسىگە كەلتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. بۇ ۋەزىپە يەنە غېنى باتۇرغا، جەڭگىۋار سەپداشلىرىغا تاپشۇرۇلدى. چۈنكى جەڭ غەلىبىلىرى غېنى نامى بىلەن باغلىق، ئۇ بار يەردە غەلىبە بار...

شتاب ئالدىدىكى چوڭ كوچا لىق ئادەم. بۇ ئادەملەرنىڭ بىر ئۇچى «كۆك كۆرۈكتە» بولسا، ئىككىنچى ئۇچى «توغرا كۆرۈكتە» دېڭىز دولقۇنىدەك تەۋرىنىپ، ھەر ساھا، ھەر كەسىپتىكى شەھەر ئاھالىسىنىڭ تولىسى نەيزە، تاياق-توقماق بىلەن قۇراللانغان. ھەممىنىڭ نىيىتى بىر – ياۋۇز دۈشمەنگە قارشى جەڭ قىلماق، ئانا ۋەتەننى ئازات قىلىش كۈرىشىگە قاتناشماق... ئۇلار ئىنقىلاپچىلارنى ھىمايە قىلىدۇ. جەڭلەردە تاۋلانغان باتۇرلار بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ جەڭ قىلىشنى خالايدۇ. داڭقى خەلق ئىچىگە تارقالغان ۋە خەلق تەرىپىدىن قوشاقلارغا قېتىلىپ مەدھىيىلەنگەن غېنى باتۇرغا ئىشىنىدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئىپتىھارلىنىدۇ. ئۇنى سادىر پالۋانغا تەخلىت قىلىدۇ...

توپ ئىچىدىن كىمدۇ بىرسى ئېگىزىرەك يەرگە چىقىۋېلىپ، تۆۋەندىكى قوشاقنى، ئۇنلۇك، ھاياجان

ئىچرە ئوقۇۋېدى، خەلىق دۇررىدە شۇ تەرەپكە ئاغدى.
ئالتە باتۇر ئىچىدە،
غېنىكامدەك مەرگەن يوق.
مىڭ چېرىك بېسىپ كەلسە،
نىلقا شەھىرىنى بەرگەن يوق.

قازانلار قايناپ تاشتى،
خىتايلار ھەددىدىن ئاشتى .
غېنى باتۇر چىقىپ كەلسە،
ھەرەمباققا قاراپ قاچتى.

ھەجەپمۇ يارىشىپتۇ،
غېنىكامنىڭ تۇمىغى.
خىتايلارنى يوقاتقان،
جەڭچىلەرنىڭ چومىغى...

–ياشا، ياشاپ كەت!
–غېنىكام ياشىسۇن!
قەلبلەرنى يېرىپ چىققان بۇ يالقۇنلۇق سۆزلەر يىراق - يىراقلارغا ئاڭلاندى. بىرەر يۈزچە ئاتلىق جەڭچىنى ئەگەشتۈرگەن غېنى باتۇر كوماندانلىق شتابتىن چىقىپ كەلدى.
خەلىق توپى ئىچىدىن، «غېنى باتۇر، ئەنە، بىزنىڭ باتۇرىمىز...» دېگەن تاۋۇشلار كۆتىرىلىپ، باياتىنقى غۇل-غۇلا بىردىن جىمىپ، ھەممىنىڭ دىققەت  نەزەرى غېنىغا تىكىلدى. يولۋاس مىسالى ئالا ئاتقا مىنگەن غېنى باتۇرنىڭ ھەيۋەتلىك سالاپىتى، جەڭگىۋار قىياپىتىدىن ھەر كىمنى سۈر باساتتى. ئۇ چاپراس قىلىپ ئىككى ماۋزېر ئېسىپ، سۇسەر تۇماق كىيىۋاپتېكەن، سۆلىتىنى تېخىمۇ ئۇلغايتىپ كۆرۈپ، ھەۋەس قىلىسەن، رەشقىڭ قوزغىلىدۇ.
باتۇرنىڭ كەينىدە سەپكە تىزىلغان جەڭچىلەردىن شىددەت ئەكس ئېتىپ تۇرغاشقىمېكىن «مانا بىزگىمۇ قۇرال يارىشىدۇ، بىزما جەڭ قىلالايمىز...» دېگۈڭ كېلىدۇ. مىللىي غۇرۇرىڭ قوزغىلىدۇ. غېنى باتۇر ئويناقىي ئېتىنى توختىتىپ، ئۇنىڭغا زوقلىنىپ قاراپ تۇرۇشقان خەلىققە نەزەر تاشلىدى ۋە شۇ ئان ئۇنىڭ كۆڭلىدىن «بىزنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتىمىز خەلق» دېگەن دانا ئىبارىلەر كەچتىدە، ۋۇجۇدىغا يېڭى كۈچ-قۇۋۋەت قويۇلغاندەك ھىس قىلدى.
–قېرىنداشلار! – ھاياجان ئىچرە خىتاپ قىلدى غېنى، ئوڭ قولىنى ئېگىز كۆتىرىپ، – بىز يە ئۆلۈم، يە كۆرۈم دەپ قولۇمىزغا قۇرال ئالدۇق. ئەندى بۇ يۇرتتا يە خىتاي زومىگەرلەر تۇرىدۇ، يە بىز تۇرىمىز! – ئۇ تىنىق ئالماقچىدەك، ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ تۇرۇشقان خەلىققە سەپ سالدى ۋە سۆزىنى داۋام قىلدى، – «ئويۇننىڭ» چوڭى تېخى ئالدىمىزدا. مەن يېڭىلا باش ساقچىدا ئازاپ چېكىۋاتقان قان قېرىنداشلىرىمىزنى قۇتۇلدۇرۇشقا ۋەدە بېرىپ چىقتىم. ماڭا قوشۇلۇشنى خالايدىغىنىڭلار بىر چەتكە ئۆت!
–قاياققا باشلىساڭ، باشلا!
–سېنى دەپ كەلدۇق، غېنى باتۇر!
چۇشمۇ-چۇشتىن ئاۋازلار كۆتىرىلدى.
–سەپكە تىزىلايلى، سەپكە!

ــ سەپكە، سەپكە، سەپكە!
توپنىڭ ئالدىغا چىقتى ئۈچ-تۆرت يىگىت ۋە ئۇلارنىڭ بىرى ئاي-يۇلتۇزلۇق بايراقنى قوينىدىن چىقىرىپ پۇلاڭلاتتى.
ــ ئالغا! ــ كوماندا بەردى غېنى باتۇر ۋە جەڭچىلىرىنى ئەگەشتۇرۇپ ئالغا چۇشۇپ ماڭدى. ئۇنىڭ كەينىدىن دەۋرىگەن خەلىق ماڭدى.
ــ ياشىسۇن ئازاتلىق!
ــ ياشىسۇن ئىنقىلاپ!
خەلق دولقۇنى گويا داۋالغۇپ ئاققان قىيان سۇنى ئەسلىتەتتى...
باش ساقچى مەھكىمىسى غۇلجىنىڭ غەربىي قىسمى دۆڭ مەھەللە بىلەن يېڭى شەھەرگە پاسىلداش چاسا كوچىنى ئىشغال قىلىپ تۇرىدۇ. تۆرت ئەتراپى ئېگىز قورغان. تامنىڭ ئۇستى تىكەنلىك سىم بىلەن توسالغان بۇ زۇلۇم ئوچىغىنىڭ ئىچىگە ساقچى ئەسكەرلىرىدىن باشقا بىر باتالىيون مۇنتېزىم چېرىكلەر پۇختا بىكىنگەن ئىدى. ئۇلاردا ئوق-دورا يېتەرلىك. پۇلېميوت، مىنوميوتلار بىلەن قۇراللانغان. ساقچى باشلىقى گاۋ مۇھاسىرە ئىچىدە قالسىمۇ، ئۆز كۈچىگە ۋە ئۇرۇمچىدىن كېلىدىغان ياردەمگە ئىشىنىپ، تەرسالىق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتمەكتە. گاۋ جۇجاڭ قورغان مۇداپىئەسىنى ئارىلاپ، كۆزدىن كەچۇرۇپ، ئەندىلا كابىنېتىغا كىرىشىگە شەخسىي كاتىۋى كىرىپ «ئوغرىلارنىڭ» ئەلچىسى كەلگەنلىگىنى خەۋەر قىلدى.
ــ ئەل-چى؟! زىۋازىلار ئەلچى ئەۋەتىش دەرىجىسىگە يېتىپتىما؟! ــ گاۋ زاڭلىق قىلغاندەك كۇلدى.
ــ مۇخەممەر...
ــ مۇخەممەر بايۋەچچىما؟! ئۇ چەنتۇلار ئارىسىدا نېمە قىلىپ يۇرىدۇ ھە! ــ ۋايساپ كەتتى گاۋ، ــ يالغۇزمۇ؟
ــ يالغۇز ئۆزى.
ــ كەلتۇر!
ــ خوپ، ــ مەخسۇس كاتىپ چىقىپ، مۇخەممەر بايۋەچچىنى باشلاپ كىردى.
ــ نېمە قىلىپ يۇرىسەن؟ ــ سورىدى مۇخەممەرنى ئولتىرىشقىمۇ تەكلىپ قىلماي گاۋ.
ــ ئىنقىلاپچىلار نامىدىن ئەلچى...
ــ سەن! ... ئىنقىلاپچىلار ئېمىش! ئوغرى، بۇلاڭچىلار دېگىنە! تۇنگان بالىسى ئوغرى چەنتۇلارغا ئەگىشىپ، ئەلچى بولغىنىغا ھەيرانمەن.
ــ مەن ــ ئەلچى. گېپىمگە قۇلاق سېلىشىڭنى ئىلتىماس قىلىمەن...
ــ شۇندا نېمە گەپ قىلماقچى بولىسەن؟ تەسلىم بول دېمەكچى ئېكەنلىگىڭنى ئېيتمىساڭمۇ بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن.
ــ بىلگىنىڭ ياخشى. ئويلاش، بىلىش ۋاقتى يەتتىغۇ، گاۋ جۇجاڭ. ــ قوزغىلاڭچىلار يالغۇز ئۇيغۇرلار، سەن دېگەن چەنتۇلار ئەمەس...تەغدىرى بىر ئېزىلگەن مىللەتلەردىن تەركىپ تاپقان...
ــ بەس! تەشۋىقاتىڭنى قوي، سېتىلما!
ــ كىم سېتىلما ئېكەنلىگىنى خەلىق بىلىدۇ. سەنما بىلىسەن. لېكىن بىلىپ تۇرۇپ تەن بەرمەيسەن...
ــ نېمە؟ ــ ئورنىدىن چاچراپ تۇرغان گاۋ ھۇرپىيىپ كەلگەن پېتى ئەلچىنىڭ كاچىتىغا شۇنداق ئۇردىكى، ئۇ سەنتۇرۇلۇپ بېرىپ توختاپ، تەمكىنلىك بىلەن دېدى:
ــ ئېسىڭنى يىغ، گاۋ جۇجاڭ! ئادەملەرنىڭ جېنىغا زامىن بولما! تەسلىم بولماي چارەڭ يوق، سەن قورشاۋدا...
"تەسلىم" دېگەن سۆز چىققان ئاغزىڭغا ئاتىمەن! ــ غالجىرلاشقان جاللات تاپانچىنى كوبۇردىن

چىقىرىپ، ئەيمەنمەي ئۇنىڭغا نەپرەت بىلەن تىكىلىپ تۇرغان مۇخەممەر بايۋەچچىنىڭ ئاغزىغا قارىتىپ تەپكىنى باستى. قانغا مىلىنىپ، تېخى جان ئۈزەلمەي، تېپىرلاپ ياتقان جەسەتنى قورغان تېمىدىن ئارتىلدۇرۇپ «ئوغرىلار» تەرەپكە تاشلاشنى بۇيرۇپ، ھېچ نەرسە كۆرمىگەندەك كىرىسلوغا ئولتىرىپ، سىگارېتىنى تۇتاشتۇردى ۋە گۇندىخانا باشلىغىنى چاقىرىپ، مەھبۇسلارنى تىزىمىسىزلا بىر چەتتىن ئۆلتۈرۈشكە قاتىلانە بۇيرۇق بەردى گاۋ.

...گومىنداڭچىلارنىڭ باش ساقچى مەھكىمىسى تۆرت تەرەپتىن قورشاۋغا ئېلىنىندى. ئالدىنقى سەپكە قۇراللىق جەڭچىلەر، ئۇلارنىڭ كەينىگە قىلىچ-نەيزە، تاياق-توخماقلار تۇتقان پىدائىيلار تىزىلغان. ھەممە سانجاق-ھۇجۇم باشلىنىشىنى كۈتۈپ تۇرماقتا.

بىر نەچچە چوڭ-كىچىك جەڭچىلەر بىر قەدەر تەجرىبىگە ئېگە بولۇشقان قوزغىلاڭچىلار دەسلەپتىكىدەك تەۋەككۈلچىلىقتىن، ئادەمنى ئورۇنسىز چىقىم بېرىشتىن ساقلىنىشقا ھەم ھۇجۇم، ھەم مۇداپىە قىلىشنى ئۆزلەشتۈرۈشكە باشلىدى.

باش ساقچىغا ھۇجۇم باشلاش ئالدىدا غېنى، پاتىخ، رەھىمجان، قاسىمجان ۋە ئاباباسوۋلارنىڭ مەسلىھەتى بويىچە مۇخەممەر بايۋەچچىنى ئەلچىلىككە كىرگۈزگەن. لېكىن ئاقىۋەت يۇقۇرىدىكىدەك بولدى. ئەلچىنىڭ قانغا مىلەنگەن جەسىدى ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا يېتىپتۇ.

ـزادى قانغا-قان... ئۇنىڭدىن باشقا گەپ كەتمەيدۇ! ـ غەزەپلەنگەن غېنى باتۇر ماۋزېرىدىن قاتار ئۈچ ئوق چىقاردى ـ ھۇجۇم بەلگۈسىنى بەردى.

بىرەر سائەتچە قىرغىن ئېتىشۋازلىقتىن كېيىن غەرب تەرەپتىن كىرگەن جەڭچىلەر ساقچى قوراسىغا يېقىنلىشىپ، ئاھالىلىق ئۆي-جايلارنىڭ ھويلىرىغا بېكىنىشتى. ئەندى ئۇلارنى دۈشمەن قورغىنىدىن كوچا بۆلۈپ تۇرىدۇ.

ـقورغاننىڭ بىر چېتىنى پارتلاتماي ئىچكىرىلەپ كىرىش تەس، ـ دېدى غېنى باتۇر.

ـتول يېتەرلىك، ـ دېدى نۇر باتۇر.

ـسادىر بوۋىمىز ئېگىزلىگى يىگىرمە ئىككى، كەڭلىگى تۆرت گەز كېلىدىغان بايانداي سېپىلنى دورا بىلەن پارتلىتىپ، كۆككە سورىغان ئېكەن. بىز نېپىز قەغەزدەك تامنى ئۆرىيەلمىسەك، نېمە دەپ مىلتىق كۆتەردۇق، گەپ قىلە «ئاقۋاش!» ـ دەپ يۈسۈپكە قارىدى غېنى.

ـئۆزەمگە قويۇپ بەر، بۇ تېمىڭنى...

ـئاتە پاختاڭنى "ئاقۋاش!"

ـيۈسۈپ، ئاداشلار كۈچ بىلەن بولمىسىمۇ سۆز بىلەن ھەر قانداق تامنى ئۆرەلەيدۇ، ـ دېۋىدى، يەنە بىرسى:

"توقۇزى رەڭ، بىرى جەڭ"، دېگەندەك، بەزىدە «پو» ئاتقاننىڭما پايدىسى بار، جۇمۇڭلار!» ـ دېدى.

ـيۈسۈپ ئاقۋاشتەك ئېتىشنى بىلسەڭ دېگىنە!

كۆلكە، چاقچاقتىن كېيىن مەسلىھەت قىلىشتى: يۈسۈپ بىلەن قۇۋان ئىككىسى باشلىق ئاھالىدىن شوتا يىغىشقا: نۇر بىلەن باۋدۇن قورغان تېمىنى پارتلىتىدىغان تول تەييارلاشقا ۋە پارتلىتىشقا مەسئۇل بولۇشتى.

ـئەندى، ـ دېدى ۋەزىپە تەخسىماتىدىن كېيىن غېنى، ـ ھۇجۇمغا ئۆتكەن ۋاقتىمىزدا كوچا چۆگلەپ، ئۆگۈز ئاتلاپ ئاۋارە بولماسلىق ئۈچۈن قورغانغا يېقىنىراق ئۆيلەرنىڭ تاملىرىنى تېشىپ، شۇ تۆشۈكلەردىن سۇغۇرلار ئىنىدىن چىققاندەك تۇيۇقسىز چىقىپ، شوتىلار بىلەن قورغانغا ياماشسا ئاسان بولىدۇ.

ـتۆشۈكتىن خېلە تېشىش كېرەكتە.

ـھە-ئە. تۆشۈكنى قانداق تېشىشنى ئۈگىتىپ قوياي، سەن شوۋەكلەرگە، ـ دېدى، لوم تۆمۈر تاپقۇزۇپ كەلدى ۋە لومنى قولىغا ئېلىپ دەڭسەپ، نانغا چاككۈچ سالغاندەك، تامنىڭ توقۇم ئورنىدەك يېرىنى

چۆگىلىتىپ سانچىشقا باشلىدى غېنى. ئۇ ھەر سانچىغاندا لوم تامغا بىر غېرىچتەك كىرىپ، تام لىڭشىغاندەك قىلاتتى. ئاخىرى سانچىلغان دائىرىنى بىر تېپىۋىدى گۈمۈرۈلۈپ، ئادەم بېمالال پاتقىدەك تۆشۈك ھاسىل بولدى.

–يېقىن كەل، «گوپەي!» – تۇدىنى چاقىردى ئۇ، – سەن ئوغرى مۆشۈكتەك، كېچىلىرى توخۇ ئوغرىلاشقا ماھىر ئېدىڭغۇ،

مونۇ تۆشۈكتىن چىقىپ، كوچىنىڭ كەڭلىگىنى بىلىپ كەلگىنە !

–ئوق يېغىۋاتسىما...

–قورقما. ئوق تېگىپ ئۆلۈپ كەتسەڭ، گاۋ جۇجاڭ ئىككىڭنى بىر ساندۇققا سېلىپ كۆمىمىز، "گوپەي!"

يەنە كۈلكە بولدى.

–خەير، – چوڭقۇر تىنىق ئالدى تۇدى، – ئۆلسەم، ئۆلەي...

ئەمما ساندۇققا سالما.

غېنى باتۇر دېگەندەك تۆرت ئاياقلىنىپ، تۆشۈكتىن مۆشۈك سىياقى چىقتى «گوپەي» ۋە ھەيەل قالمايلا قايتىپ ھويلىغا كىردى:

–سەككىز غۇلاچ، – دەپ كىيىمىنى قېقىشتۇردى.

–سەككىز غۇلاچنى سەككىز ئاتلاپ بېرىپ قورغان تېمىغا يامىشىمىز! – خىتاپ قىلدى غېنى.

كەچ كىرگىچە ۋە كېچىسىمۇ ئارىلاپ-ئارىلاپ ئېتىشۋازلىق قىلىپ، ھەل قىلغۇچى ھۇجۇمغا تەييارلىق كۆرۈشتى قوزغىلاڭچىلار.

...تاڭ سەھەردە گۈمبۈرلىگەن پارتلاشتىن دېرىزىلەر جالاقلاپ، شەھەر خەلقى ئويغىنىپ كەتتى. كۈچلۈك پارتلاشقا ئۇلىشىپلا چېرىكلەرنىڭ يۈرىگىنى موجۇۋاتقان قۇدرەتلىك «ئۇر-را!» ياڭرىدى. جەڭچى ۋە پىدائىيلارنىڭ بىر قىسمى پارتلانغان قورغان يوچۇغىدىن ئېچكىرىلەپ كىرسە يەنە بىر قىسمى شوتىلار ئارقىلىق قورغان ئۈستىگە چىقىپ مەڭدىگەن، ھودۇققان چېرىكلەر ئۈستىگە يولۋاس مىسالى ئېتىلىپ دەس كۆتىرىپ يەرگە ئاتاتتى، ئارا بىلەن بېدە سانچىغاندەك ئىشتىك بىلەن سانچىپ، پېقىرىتىپ تاشلايتتى. قورغان ئىچىدە بولسا توشقان قوغلىغاندەك، چېرىكلەرنى سۈرۈپ يۈرۈپ (ئوقىنى زايە قىلماي) نەيزىلەپ، چوقماق-توخماقلار بىلەن ئۇرۇپ-سوقۇپ ئۇجۇقتۇراتتى. قول كۆتىرىپ، تەسلىم بولغانلار ئاز ئەمەس. ئۇلارنى قويلارنى ھايدىغاندەك ھايداپ ئاپىرىپ، بوش قالغان گۈندىخانىغا، زىندانغا قاماپ قويۇشتى. ساي تېشىدەك ياتقان ئۆلۈكلەر، ئىڭرىغان، يىغلىغان جانلار-گومىنداڭچىلارنىڭ ھاكىمىيەت قورغانى بولغان باش ساقچى مەھكىمىسىنىڭ ئىچى گويا قۇشخانىغا ئايلانغان ئېدىكى، بۇ قىرغىنىنىڭ سەۋەپكارلىرى – خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى زومىگەر مۇتەھەملەرگە مىڭ، مىڭ لەنەت!

ئۆزىگە تەمانىنا قىلغان تەكەببۇر گاۋ جۇجاڭ جەڭ دەھشىتىدىن قورقۇپ كەتكەنلىكتىن تېلېفون نوگىيىنى تۇتقان پېتى قېتىپ قاپتۇ. تۇنۇگۈنلا يۇزلىگەن ئادەملەرنىڭ مەسۇم جانلىرىنى بىر ئېغىز سۆز، بىر ئىمزا بىلەن جۇدا قىلىشقا قادىر ۋە قۇدرىتىگە ئارتۇقچە ئىشىنىدىغان بۇ ھۆكۈمدار غېنى باتۇر، نۇر، باۋدۇنلار بېسىپ كىرگەن چاغدا شۇ بېچارە ھالەتتە ئېدى.

–نى خاۋ، گاۋ جۇجاڭ؟ ئاينى زىۋازا لەيلا!1 – دەپ كىرىپ كەلدى غېنى.

–ئاي-نى؟! – ساكىراتتىكى ئاغرىقتەك ھالسىز تاۋۇش چىقاردى گاۋ ۋە بىردىن غېنىنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ، بۇتقا سىغىنغاندەك، باش قويۇشقا باشلىدى.

–مۇخەممەرنى نېمە قىلدىڭ؟

–ئەي-ياۋ... ئەي-ياۋ...

غېنى گاۋنىڭ ئاغزىغا ماۋزېرنى تەنلىشىگە نۇر تۇتۇۋالدى.

ــبۇ جاللات كۆپ سىرنى بىلىدۇ، ھازىرچە ئاتمايلى، ــ دېدى.
غېنى نۇر باتۇرنىڭ سۆزىنى رەت قىلمىدى. ئۇنىڭ ئېسىغا مۇھىم بىر ئىش كەلگەن بولسا كېرەك، ئەتىمالىم، كەينىگە كەسكىن بۇرۇلدىدە، سىرتقا قاراپ يۈگرىدى .

1نى خاۋ، گاۋ جۇجاڭ؟ ئاينى زىۋازا لەيلا! ــ ياخشىمۇسەن، گاۋ جۇجاڭ؟ غېنى ئوغرى كەلدى.

ساقچىنىڭ ئىچى ئۇنىڭغا تونۇش. بۇ يەردە نەچچە قېتىم «مېھمان» بولغان. شۇڭا ئۇدۇل گۇندىخانىغا كىرىپ، تېخىچە تاقاقلىق تۇرغان كامېرىلارنىڭ قۇلۇپلىرىنى ئېتىشقا باشلىدى. ھەر بىر ئاتقاندا بىر قۇلۇپ شاراقلاپ ئېچىلاتتىدە، تاقەتسىز تەلمۈرۈپ تۇرۇشقان مەھبۇسلار ئىشىكلەرنى تېپىپ، ئېچىپ دۈكۈرلەپ چىقىشىپ، ئازات قىلغۇچىلارنىڭ بويۇنلىرىغا ئېسىلاتتى، يىغلىشاتتى. بۇ تۈركۈمدىكىلەر ئۆلۈمدىن ئامان قالغان بەختلىك جانلار. قالغانلىرىچۇ؟ يۈزلىگەن قېرىنداشلار قېنى؟!
تىرىك قالغۇچىلار ئىچىدىن ئىزدىگەن ئادىمىنى تاپالمىغان غېنىنىڭ كۆزلىرىگە غەزەپ قېنى قۇيۇلۇپ، ئۇنىڭ كۆزىگە نە جەڭچى يولداشلىرى، نە تىرىك قالغان مەھبۇسلار، نە ئەسىرگە چۈشكەن چېرىلەر كۆرۈنگەي.
نۇر، باۋدۇن، يۈسۈپ، قۇسەن ۋە باشقا يولداشلىرى ــ ياردەمچىلىرى ئۇنىڭدىن نېمىلەرنىدۇ سورىغاندەك بولدىيۇ، لېكىن جاۋاپ ئېلىشالمىدى. غېنى ئۇلارنى كۆرمەيتتى، ئاڭلىمايتتى. ئۇنىڭ غەزەپناك ئوزايىدىن ھەر كىم ئەيمىنىپ، يېقىن كېلىشتىن قورقۇپ، «نېمە بولغاندۇر؟» دېگەندەك، بىر-بىرىگە تەئەجۈپ ئىچرە قارىشاتتى.
غېنى چېرىكلەرنىڭ جەسەتلىرىنى ئاتلاپ ئۆتۈپ، ئارقا قوراغا كىردى. دەھشەت!..ئەخلەت تۆكۈدىغان چوڭقۇر گوداڭ ئۆلۈكلەرگە توشقان. بۇ دەھشەتلىك مەنزىرىنى كۆرگەن غېنى باتۇر مۇرىدەك قېتىپ قالدى. ئۇنىڭ كەينىدىن يۈگرىشىپ كەلگەن يولداشلىرىمۇ داڭ قېتىپ قېلىشتى. مەھبۇسلار چېپىلغان، جادۇدا باشلىرى توغرالغان.
ــمونۇ ئالامەتنى كۆرۈڭلار، قېرىنداشلار! ــ دەپ يىغا ئارىلاش ۋاقىرىدى بىرى، ھەممەيلەن شۇ تەرەپكە يۈگرەشتى.
ئاغزى تۈگمەن تاش بىلەن باستۇرۇلغان قۇدۇقنىڭ ئىچى لىق تولغان ئۆلۈك. بۇلارنىڭ ھەممىسى تىرىك بويىچە تاشلىنىپ، تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن.
ــئەۋلاتتىن ــ ئەۋلاتقا لەنەت كەتكۈر، قانخورلار!
خىتاي زالىملىرىغا لەنەت-نەپرەت ۋە قارغىشلار ياغدى.
قۇدۇقتىن ئۆلۈكلەرنى چىقىرىشقا باشلىدى جەڭچىلەر. شۇ ئارىلىقتا.
ــمەيەگە كېلىڭلار، مەيەگە! ــ ئات قورا تەرەپتىن ئاۋاز چىقتى.
قويلارنى كۆگەنلىگەندەك، مەھبۇسلارنى بىر بىرىگە ماتاپ، بوغۇزلاش ئۈچۈن قېزىلما گىرۋىگىگە ياتقۇزغان ئىكەن. ئادەم قېنىغا بويالغان ئالتە جادۇ قاتار تۇرۇپتۇ. جاللاتلار بۇلارنى ئۆلتۈرۈشكە ئۈلگىرەلمەي، ئۆزلىرى بېدەر قېچىشقانلىقتىن خېلە ئادەم تىرىك قاپتۇ. كۆگەنلەرنىڭ ئىچىدە بەزىلىرىنى جەڭچىلەر، يار-بۇرادەر، قېرىنداشلىرى تونۇپ، ئۇلارنى باشلىرىدا كۆتىرىپ دېگىدەك ئېلىپ كېتىشتى.
غېنى باتۇرنىڭ ئىزلىگەن قەدىناسلىرى بۇلار ئىچىدىمۇ يوق. سەرجاندەك تىزىلغان گوداڭدىكى ئۆلۈكلەر ئىچىدىمۇ يوق. قۇدۇق تېگىدىمۇ، يە؟ بۇ تەخمىنىدىن يۈرىگى ئېغىپ، چۆچۈپ كەتتى.
ــغې-نى-كا! ــ باۋدۇننىڭ يىغا ئارىلاش زارى ئۇنى تېخىمۇ چۆچۈتۈۋەتكەن ئېدى. باتۇرنىڭ، پالۋاننىڭ،

قەيسەرنىڭ بېشى قايغاندەك بولدى. كىملەردۇر ئۇنى شۇنچە روھىي، ۋىژدانىي ئازاپقا سېلىۋاتقان؟ ئۇ نېمە شۇنچە ئازاپلىنىدۇ، قىينىلىدۇ، ئەسەبىيلىنىدۇ؟ بىر تۇققان ئاكىلىرى ئەمەت ياكى ئېلەممۇ؟ ياكى دىل ئەسرارى مەھەممەتجانمۇ، ئۇستازى نۇسرەت خەلپەتمۇ؟

ـ قارىغىنا، غېنىكا...

باۋدۇن بۇقۇلداپ يىغلاپ گەپ قىلالمىدى. ئۇنىڭ ئالدىدا سۇنايلىنىپ ياتقۇزۇلغان جانسىز مۇھەممەتجان...

ـ مە-ھەم-مەت! ـ ۋاقىراۋەتتى غېنى، بۇ ھەسرەتلىك پىغان ئۇنىڭ قەلبىنى يېرىپ چىققان ئېدى. مەھەممەتجاننىڭ دۇگلەك ئۇزىدىن يېقىملىق تەبەسسۇم ئۆچمەپتۇ. ئۇ ھايات ۋاقتىدىكىدەكلا خۇشخوي، خۇش چاقچاق: «ھە، سالامباش! قەيەرلەردە سۇقىنىپ يۇردۇڭ؟ مېنى كۆرگۈڭ كەلمىدىمۇ؟...» دېگەندەك، دوستىغا تەلپۈنگەندەك كۆرۈنەتتى.

غېنى تىزلاندى. دوستىنىڭ زىنداندا ئۇزاق يېتىپ چاڭگىلاشقان چاچلىرىنى قايرىپ، پېشانىسىدىن سۆيگەندە، ھېچ قاچان ياش چىقمايدىغان كۆزلىرىدىن ئىسسىق، دىلەسرارلىق ئىككى تامچا مەھەممەتجاننىڭ سوغ جانسىز پېشانىسىگە تامدى ۋە ـ كەچۈر، ئاخىرەتلىك دوستۇم، كېچىكتىم...» دەپ پىچىرلىدى باتۇر. ئۇنىڭ نىلقا قوزغىلىڭىدىن بۇ يانقى بىر ئاي ئىچىدە ئۇچىنچى قېتىم ماتەم ھەسرىتىنى چەككىنى موشۇ ئېدى. بىرىنچى قېتىم ياش، نەۋجۇۋەن باتۇر يىگىت خەمىتكە، ئىككىنچى قېتىم دوستى، سەپدېشى قازاق يىگىتى ئەكبەر باتۇرغا ۋە ئۇچىنچىسى بىللە ئۆسكەن تەڭ-تۇشى، جان ئاغىنىسى، قەدىردانى مەھەممەتجانغا. ئاھ، خۇش پېىل مەھەممەت!

تاتلىق ئۇيقىدا ياتقان سەبىنى ئانىسى ئاۋايلاپ كۆتەرگەندەك مەھەممەتجاننى ئىككى قوللاپ كۆتەردىدە، غەيىرانە چامداپ ساقچى مەھكىمىسىنىڭ چوڭ ھويلىسىغا چىقتى غېنى باتۇر ۋە توپلىشىپ، ئۇنىڭغا تىكلىنىپ قاراپ تۇرۇشقان جەڭچىلەرنىڭ، ئاھالىنىڭ، تىرىك قالغان مەھبۇسلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ نەزەر تاشلاپ چىقتىدە:

ـ بۇ مېنىڭ يېقىن دوستۇم، قېرىندىشىم، سىلەرنىڭمۇ قېرىندىشىڭلار! ـ دېدى سەل تىترىگەن ئاۋازدا، ـ مۇنداق قىيناپ ئۆلتۈرۈلگەن يۈزلىگەن قېرىنداشلارنى ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆردۈڭلار... بۇلار كىم ئۇچۇن، نېمە ئۇچۇن قۇربان بولدى؟

ـ خەلق ئۇچۇن، ئازاتلىق ئۇچۇن!

ـ ئەركىنلىك، مۇستەقىللىك ئۇچۇن!

توپ ئىچىدىن يالقۇنلۇق ئاۋازلار ئاڭلاندى.

ـ بىز، ـ دېدى غۇل-غۇلا بېسىلغاندىن كېيىن غېنى، ـ ھېچ كىمنىڭ يېرىنى ئالمىز، مال-مۈلكىنى تارتىۋالمىز دېمەيمىز. ئۆزىمىزنىڭ يېرىگە ئۆزىمىز ئېگە بولىمىز دەيمىز. شۇنىڭ ئۇچۇن قوزغالدۇق، قولغا قۇرال ئالدۇق... ئەندى بىز يېرىمىزنى، ئېلىمىزنى بېسىۋېلىپ، غوجايىن بولۇۋالغان، قېنىمىزنى سۈلۈكتەك شوراپ، قىيناپ، ئازاپلانغاننى ئاز دەپ ئۆلتۈرۈپ قىرىۋاتقان خىتاي زومىگەر، مۇتەھەملىرىنى سۈپۈرۈپ تاشلىمىغىچە قولۇمىزدىن قۇرالنى تاشلىمايمىز!

ـ ياشىسۇن مىللىي ئازاتلىق ئىنقىلاپ!

ـ ياشىسۇن جەڭچى قەھرىمانلىرىمىز!

كۈچلۈك، يالقۇنلۇق شۇئارلار ياڭرىدى.

غېنى باتۇر مەھەممەتجاننى دەپىن قىلىشنى باۋدۇنغا تاپشۇرۇپ، ئېتىغا مىندى ۋە جەڭچىلەرنى، دۈشمەن ھېساۋىغا يېڭىدىن قۇراللانغان پىدائىيلارنى رەتكە تىزدى:

ـ ئالغا، دۈشمەن ئۇستىگە! ـ دەپ كوماندا بەردى. ئۇنىڭ كەينىدىن سەپكە تىزىلغان خەلق قوشۇنى ـ جەڭگىۋار شۇئارلارنى ياڭرىتىپ ئالغا باستى. ئالغا، غالىبە سېرى ئالغا!

## يىگىرمىنچى باپ

ئېگىز بادرىدا قادالغان ئاي-يۇلتۇز نىشانلىق تۇغ ئازاتلىق ۋە مۇستەقىللىككە دەۋەت قىلغاندەك مەغرۇر لەپىلدىمەكتە. بۇ تۇغ ــ ئازاتلىق تۇغى ــ شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى، ۋاقىتلىق ئىنقىلاۋىي ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت بايرىغى.
1944 ـ يىلى، 12ـنويابىردا تەسىس ئېتىلگەن ۋاقىتلىق ئىنقىلاۋىي ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان ئون ماددىلىق پروگراممىدا شەرقىي تۈركىستاندا ياشىغۇچى خەلقلەرنىڭ مىللىي بىرلىكى ۋە تەڭلىكى ئاساسىدا ئازات، مۇستەقىل جۇمھۇرىيەت قۇرۇش؛ سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىش، سانائەت، يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي ئەتكۈزۈش: مەدەنىي-مائارىپ، سەھىيە ئىشلىرىنى رىۋاجلاندۇرۇش، خەلق پاراۋانلىقىنى تەمىن ئېتىش، مىللىي قوشۇن تەشكىل ئېتىش قاتارلىق خەلقنىڭ جانجان ئېھتىياجىغا ۋە دەۋر تەلىۋىگە مۇۋاپىق ھاياتىي ئەھمىيەتلىك مەسىلىلەر قەيت قىلىنغان. گەرچە ئىنقىلاپنىڭ بىرىنچى باسقۇچىدا رەھبەرلىك ئۇستۇنلىكىنى زىمىندار ــ فېئودال، بۇرژۇئازىيە ۋە دىنىي مۇتەئەسسىپلەر ئىگىلەپ، تەشكىلىي ۋە غايەۋىي مەسىلىلەردە مەلۇم دەرىجىدە سەلبىي تەسىر يەتكۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن كېيىنىرەك ئىلغار كۈچلەر ئۇلارنى يۈگەنلەپ، رەھبەرلىك ئورۇنلاردىن چەتلەشتۈردى ۋە دېموكراتىك يۈكسىلىشلەر روي بەردىكى، بۇ ئىنتايىن مۇرەككەپ ئىچكى مۇجادىلە بېشىدا ئەخمەتجان قاسىمىي، رەھىمجان سابىرىي، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ، دەلىلخان سۇگۇرباېۋ، غېنى باتۇر ۋە ئۇلارنىڭ پىكىرداشلىرى تۇرغان ۋە شەرقىي تۈركىستاندا مۇستەقىل ئۇيغۇر دۆلىتى قۇرۇشتەك ئۇلۇق مەقسەتلەر ئۈچۈن كۆرەشكەن ئېدى .
ۋاقىتلىق ئىنقىلاۋىي ھۆكۈمەتنىڭ سەككىز مىللەتتىن تەركىپ تاپقان ھۆكۈمەت ئەزالىرى ئىچىدە غېنى باتۇر مەمەتباقى ئوغلىمۇ بار.
بۈگۈن ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ پەۋقۇلادە يىغىنى چاقىرىلىپ، ھەربىي-مەمۇرىي، مالىيە-ئىقتىسات ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك مۇسئۇل خادىملارمۇ تەكلىپ قىلىنغان. غېنى باتۇرغا مەخسۇس كولىياسكا ئەۋەتىلگەن بولسىمۇ، ئۇ «بۇ نەرسەڭگە چۈشسەم، ئىچىم پۇشىدۇ» دېگەننى قىلىپ، ئالما گۈللۈك كۆك ئارغىماققا مىندى (كېيىنكى كۈنلەردە «ئاق يولتاي» نامىنى ئالغان ئالا ئاتنى ئوقۇرغا باغلاپ بېقىپ، «دەم ئېلىشقا» چىقىرىپ قويغاندى). ئۇ ھۆكۈمەت ئۆيىگە يەتكىچە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كەلگۈچىلەرنىڭ سانى كۆپىيە-كۆپىيە بىر توپ ئادەم بولدى. ئەگىر بويۇن، ئويناقىي ئارغىماق ئۇنىڭغا بەكمۇ ياراشقان، يىراقتىن گويا پىل ئۈستىدە كېلىۋاتقاندەك ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى. خەلق ئۇنىڭ قەھرىمانلىقىغا تەن بېرىپلا قالماي، باتۇرانە تەن قۇرۇلۇشى ۋە غەيۇرانە قىياپىتىنى كۆرۈشكە خۇشتار. ئۇنى چىن قەلبىدىن سۆيىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن مەغرۇرلىنىدۇ.
ـ ئەندى، ــ دېدى ھۆكۈمەت ئۆيى ئالدىغا يەتكەندە ئېتىنى توختاتقان غېنى باتۇر، ــ تارقىلىپ كېتىڭلار، قېرىنداشلار! ھەممىمىز ئولاش-چولاش ئىچكىرى كىرىپ بارساق، ئېلىخان تۆرە قورقۇپ كەتمىسۇن دەيمەنا!
غېنى چوڭ قاپقا ئىچىگە كىرىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ بەزىلەر شۇ ئەتراپنى ئايلىنىپ يۈرۈشتى.
مىللىي نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن زور قوبۇلخانا. بۇ ئالىپتا مېھمانخانىدا ئۆز زامانىسىدا ۋېلىۋاي يولداشوۋ چوڭ زىياپەتلەرنى ئۆتكۈزىدىغان. دەۋىردىن-دەۋىرگە، قولدىن-قولغا ئۆتۈپ كەلگەن بۇ بېنا ئاخىرى ئۆز ۋارىسىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ، مۇھىم ئىشلار ئۈچۈن پايدىلىنىلماقتا. ئەگەر بىز ۋېلىۋاينىڭ بايلىقىنى ئەسلى خەلقنىڭ بايلىقى دەيدېكەنمىز، شۇ بايلىق ۋە مۈلۈكنىڭ بىر قىسمى ئۆز ئېگىلىرىنى تاپتى دېگەن موشۇدە!
تېزەكچى قوڭغۇزدەك يىققان-تۈككەنلىرىنى تىقىشتۇرۇپ خەلقتىن يوشۇرۇپ ئۆتىدىغان پىقسىق، بىر ياماق ئۈچۈن گۆرىدە ئۆرە تۇرىدىغان خەسىس، قىلچە نەپ تەگمەيدىغان جاھىل بايلارغا نىسبەتەن

ۋىلىۋاينىڭ ئەجايىپ تەرەپلىرى موشۇلار بولسا كېرەك!
غېنى باتۇر مەجلىسخانىغا كىرىپ كېلىشىگە چاقىرىلغانلار جۇغىجەم بولغان ئىدى. ئۇ ئىشىكتىن كىرىشىگىلا ھەممەيلەن دۇررىدە تۇرۇشتى. ئاۋام خەلق ئىچىدە ئۈسكەن، ئۆز-ئۆزىنى شۇلار قاتارىدا ئاددىي ھېساپلايدىغان تونۇگۇنكى «ئۆغرى» بۇگۈن بۇ قەدەر ھۆرمەتكە قانداق سازاۋەر بولدى؟ سالام قىلسا ئىلىك ئالماي غوديىپ ئۆتۈپ كېتىدىغان بەزى ھاكاۋۇر-تەكەببۇرلار ئۇنىڭ ئالدىدا قول قوشتۇرۇپ تۇرغىنىنى قارا! ھېكمەت... بۇ غەيرىي تەبىئىي بىلىنگەنىدەك ھۆرمەت زاڭلىق قىلغانىدەك تۇيۇلدى، ئەتىمالىم، ئۇ ئوڭايسىزلانغانىدەك بولدى. ئاددىي خەلقنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتى نەقەدەر سەمىمىي، ئىللىق-ئىسسىق...
-كېلىڭ كېلىڭ باتۇر. ئورنىڭىز بۇ يەردە، مەرھەمەت! - دېگەن خوشامەتامۇز ئاۋاز ئاڭلاندى. تۆر تەرەپتىن توغرىسىغا قويۇلغان ئۇستەل ئۇستىگە ئىككى قولىنى قويۇپ، سەل دۈمچىيىپ تۇرغان ۋىجىك ئادەم - ئېلىخان تۆرە، سول قانات تەرەپتىكى بوش ئورۇننى كۆرسەتتى.
غېنى گۈس-گۈس دەسسەپ، باسقان يېرىدىن ئاۋاز چىقىرىپ بارددە، كۆرسىتىلگەن ئورۇندۇققا بارلىق سالمىغى بىلەن ئولتاردى. ئېلىخان تۆرە باشقىلارنى ئولتىرىشقا ئىما قىلدى.
غېنى باتۇر ئولتىرىپ مەجلىسخانا ئىچىگە تېز كۆز يۈگەرتىپ چىقتى: يېشىل مۇۋۇت ياپقۇ بىلەن يېپىلغان ئۇزۇن ئۇستەلنىڭ ئوڭ تەرىپىدە باشلىرىدا قاسقانىدەك چوڭ سەللىلەر يۈگەلگەن، ھەر خىل خوتەن بەقاسەم پېرىجە كىيىشكەن دىنىي كاللار، سول تەرەپتە بولسا، بەزىلىرى تىك ياقىلىق پەشمەت، بەزىلىرى كوستيۇم كىيىپ، يالاڭپاشتاق ئولتىرىشقان نازىرلار، مەھكىمە باشلىقلىرى ۋە ھاجىلار ئولتىرىشىپتۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە غېنىغا ئەسرار رەھىمجان، قاسىمجان، ئاباسوۋ بار ئىدى. قالغانلىرىنى ئۇ چالا-پۇچۇق كۆرگىنى، تونۇغىنى بولمىسا، يېقىن مۇناسىۋەتتە بولمىغان. شۇ ئارىدا «بىز بار» دېگەندەك قىلىپ كۆز قىسىپ ئۇلگەردى ئاباسوۋ.
"قاياقتىن ئۇندېكىنە مونۇلار؟ جەڭ ۋاقتىدا بىرسىمۇ كۆزگە چېلىقمىغانغۇ ھە؟" - دېگەن سوئال كەچتى باتۇرنىڭ كۆڭلىدىن.
-جاناپلار! - دەپ باشلىدى سۆزىنى مۇۋەققەت رەئىس ئېلىخان تۆرە، - بىزلەر قۇدرىتى ئىلاھىنىڭ رەھىم-شەپقىتىگە تايانغان ھالدا، رەسۇلىللاھىنىڭ ئەمىر-ۋاجىپلىرىنى دەستۇر قىلغان ھالدا غازات قىلدۇق.
-يا، ساتتار، يا، غاپپار، يا، رەببى ئۆزەڭ مەدەت بەرگەيسەن! - ئاۋاز قوشتى سەللىلىكلەر.
"ھۇببۇل ۋەتەن-مىنەل ئىمان" - ۋەتەننى سۆيۈش ئىماننىڭ جۇملىسىدىندۇر، - داۋام قىلدى تۆرە. - بىزلەر ۋەتەن سۆيگۈچىلەردۇرمىزكى، كاپىر قەۋمىدىن ۋەتەننى ئازات ئەيلەپ، ئەھلى مۇسۇلمانلارنى كاپىرلار زۇلۇم-سىتەملىرىدىن قۇتۇلدۇرماق كەبى ئۇلۇق ۋەزىپەنى زىممەمىزگە ئالگەنمىز. بىزلەر ئىسلام بايرىغىنى ئېگىز كۆتىرىپ غازات قىلماقنى مۇقەددەس ۋەزىپىمىز ۋە پەرىزىمىز دەپ بىلگەيمىز...
تۆرە سۆز تاللىماق بولدىمۇ، ياكى سۆزىنىڭ تىڭشىغۇچىلارغا تەسىرى بولدىمۇ، يوقمۇ ئولتارغانلارغا نەزەر تاشلىدى: سەللىلىكلەر ئۇنىڭ ھەر بىر سۆزىنى تەستىقلىگەندەك «ئارىي» دېيىشىپ، باشلىرىنى لىڭشىتسا، كۆپچىلىك شۇك، ئۇلارنىڭ ئوزايىدىن ھېچ نەرسە سەزگىنى بولماتتى. ئۇزۇن سۆز، ئەزمىلىككە خۇشى يوق غېنى بولسا - «تولا خالتا كوچىلارغا كىرمەي، ئۇدۇل گېپىڭنى قىلغىنا!» دەيدىغاندەكلا كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ ئىچكى ھالىتىنى تەجرىبىلىك تۆرە سەزدى، ئەتىمالىم، سۆزىنى قىسقارتىشقا تىرىشتىيۇ، لېكىن دىنىي پەلسەپەدىن گەپ قىلىشقا خۇشتار بۇ ئىسلام تەشۋىقاتچىسى شۇ تەرەپلەرنى خېلە ئەگىپ، سۆز داۋامىدا غازات قىلغۇچىلارنىڭ سوۋاۋىنى، ئۇلارغا جەننەتۇل-فىردەۋسىدىن ئورۇن تەيىنلەپ، ئۇجماق پەرىلىرىنى ئىنئام قىلىپ ئۆتتى. غېنى باتۇر بۇ ئارىلىقتا نەچچە قېتىم ئۇنلۇك يۆتەلدى. ئەگەر رەھىمجان، قاسىمجانلار «جىم» دېگەندەك

ئېغىزلىرىنى تۇتۇپ شەرەت قىلىشمىسا، ئۇ: «بولارمېكىن، تەخسىر!» دەۋېتىش تۇرغان گەپ.

ــ بىزنىڭ، ــ دېدى سۆزىنى خۇلاسىلىماق بولغان تۆرە، غېنىغا بىر قاراۋېلىپ، ــ بىزنىڭ ئىشىمىز ھەق. ئاز ۋاقىت ئىچىدە زور غالىبىلەرگە ئېرىشتىك. ئازاتلىق كۇرەشىمىز جەريانىدا كۆپكىنە جەسۇر ئۇغۇل-قىزلەرىمىزنىڭ داڭقى چىقتىلەر. شۇ قەھرىمانلەرىمىزنىڭ ئېڭ سەردارى غېنى باتۇر ئېكەنلىگىنى بىز ھەم، خەلقىمىز ھەم، ئېتىراپ قىلدىلەر...

ــ غېنى باتۇر بىزنىڭ غالىبە تۇغىمىز بولۇپ قالدى، ــ تۆرىگە لوخما سالدى سابىرىي.

ــ غېنى باتۇر غەلىبە بايراقدارىمىز! ــ قوشۇمچە قىلدى ئاباسوۋ.

ئېلىخان تۆرىگە بۇ ئىزاھلار ئانچىلا ياقمىسا كېرەك، ئۇنىڭ قاتىلاڭ ئۇزى ئەندى «سۆز قىستۇرۇلمىسۇن» دېگەندەك، قولىنى شىلتىپ، سۆزىنى ئاخىرلاشتۇردى.

ــ غېنى باتۇرنىڭ جەڭلەردە كۆرسەتكەن جاسارىتىنى، جەڭگىۋارلىغىنى، قورقماس ئەرلىگىنى نەزەر-ئېتىۋارغا ئېلىپ، ھۆكۇمەت ئەزالىرىنىڭ قارارى بويىچە ئۇنىڭغا «خەلىق قەھرىمانى» ئۇنۋانى بېرىلدى...

مەجلىس ئىشتىراكچىلىرى ئورۇنلىرىدىن دەس تۇرۇشۇپ، ھۆرمەت بىلدۇرۇشتى ۋە قەھرىمانىنى شەرەپلىك ئۇنۋان بىلەن تەبرىكلەشتى.

ــ مەسئۇل كاتىپ پەرمانىنى ئوقۇغايسىز ــ دېدى چاۋاك-ئالقىشلار بېسىلغاندىن كېيىن مۇۋەققەت رەئىس.

ئابدۇرەئۇپ مەخسۇم غېنى باتۇرغا «خەلىق قەھرىمانى» ئۇنۋانىنى بېرىش توغرىلىق پەرمانىنى ئوقۇپ بەرگەندىن كېيىن، رەئىس غېنى باتۇرنىڭ كۆكسىگە قەھرىمانلىق ئوردېنىنى قاداپ قويدى. بۇ ئالىي مۇكاپات نىجات يۇلتۇزى مىسالى خەلىق قەھرىمانى غېنى باتۇرنىڭ كەڭ، باقۇۋەت كۆكسىدە يالتىراپ، ئۇنىڭ غەيۇرانە سىماسى تېخىمۇ ئۇلغايغاندەك بولدى.

ــ مەن، ــ دېدى ئۆمرىدە روي بەرمىگەن قانداقتۇر ئىچكى تەۋرىنىش بىلەن غېنى باتۇر، ــ بوۋىمىز سادىر پالۋان قىلغان ئىشلارنىڭ ئوندىن بىرىنىمۇ قىلغىنىم يوق.

سادىر پالۋان مۇنداق ئالتۇن بىلەن پاقىراق مونچاقلارنى كۆكسىگە قادىمىغان بولغېدى...

مەجلىس زالىدا كۇلكە، غۇل-غۇلا كۆتىرىلدى. غېنىنىڭ ئاددىي لېكىن مەنىلىك سۆزى بەزەنلەرنىڭ دىتىغا سىغسا، «نادان، قارا تۇرۇك» دەپ ئىچىدە زاڭلىق قىلغانلارمۇ بولدىيۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئۇزلىرىدە ياسالما خوشاللىق ئەكس ئەتتى.

ــ بۇ نەرسىنى، ــ داۋام قىلدى قەھرىمان، ــ كۆكسۇمگە تاقىمىساڭلارما خىتاي گېزەندىلىرى بىلەن جېنىمنى تاۋكاغا تىكىپ قويۇپ سوقۇشىمەن... ئۇ لالمىلارنى شىڭشىشاغا1 قوغلاپ بېرىپ، ئۆز يېرىگە ئۆتكۇزۇۋەتمىگىچە پۇخانىم چىقمايدۇ...

ــ ياشا،قەھرىمان!

ــ نىيىتىڭ ئىجاۋەت بولغاي..!

---

1شىڭشىشا ــ شەرقىي تۇركستان بىلەن خىتاي دۆلىتى ئوتتۇرىسىدىكى چېگارىنىڭ نامى.

ــ جەڭنى بىزدەكلەر قىلايلى، سىلەر ئۇستەلدە ئولتىرىپ يۇرتنى سوراڭلار، ــ سۆزىنى ئۇلىدى غېنى، ــ ئەمما ئادىل، كەمبەغەل-چۇمبەغەللەرگە ياخشىلىق قىلىڭلار، ئەگەردە «ئالا بايتال» ئوخشاش زالىملىق قىلساڭلار بۇ «ئويۇننى» گېرە قىلىۋېتىپ، ئۆز ئارا «ئويۇننى» باشلاۋېتىمەن..

خەلىق قەھرىمانى غېنى باتۇر كۆك ئارغىماققا مىنىپ، كوچىغا چىقىشىغا ئۇنى تېخىچە كۇتۇپ تۇرۇشقان خەلىق ئوراۋېلىشتى. خۇش خەۋەر شۇنداق چاپسان تارقالغان ئېدىكى، شەھەر ئاھالىسى

چەكسىز شادىمانلىققا بۆلەنگەن ئىدى. چۇشما-چۇشتىن ئادەملەر ھۆكۈمەت ئۆيى تەرەپكە قاراپ كېلىشەتتى. بىر-بىرلىرىنى تەبرىكلىشەتتى. ئۇڭغىچە بېسىلىپ ئۇلگەرگەن گېزىت خەۋەرلىرىنى ئوقۇشۇپ تېخىمۇ خوشال بولۇشاتتى. ئىلھامى ئۇچقۇر شائىر - قوشاقچىلار مىللىي قەھرىمانغا بېغىشلاپ شېىر-قوشاقلار توقۇپ ئۈلگىرىشتى. ياش رەسسام مەسۇمىي قەھرىماننىڭ ئوردېن-نىشانلىرى بىلەن قەھرىمانلىق سىماسىنى ئەكس ئەتتۇرگەن رەسىمىنى سىزىپ كەپتۇ.
كەچ كىرىپ، قارڭغۇ چۈشكىچە ئادەملەر گۈللۈك پانۇسلارنى كۆتىرىشىپ، يول يورۇتۇپ مېڭىشماقتا. غېنى باتۇر ئاتتىن چۈشۈپ، خەلىققە قوشۇلۇپ كەتتى. ئۇ ئادەملەردىن بىر گەزچە پەرىق قىلىپ تۇرغاشقا ئالايتەنلا كۆرۈنەتتى. بۇ خوشاللىق نامايىشىدا قەھرىماننىڭ شەنىگە يالقۇنلۇق شۇئارلار جاراڭلىدى:
-ياشىسۇن غېنى باتۇر!
-ياشىسۇن مىللىي قەھرىمانىمىز!
-يوقالسۇن خىتاي باسقۇنچىلىرى!
خەلق توپى ئىچىدە مەشھۇر سازەندە-سەنئەتكارلار بار. ئۇلار ناخشا ئېيتىشىپ توپ ئالدىدا ماڭدى.
خەلق قەھرىمانى غېنى باتۇرنى شەھەر ئاھالىسى ئەنە شۇنداق خوشال-خوراملىق بىلەن ئۆيىگىچە ئۇزىتىپ قويۇشقان ئىدى.
-خەلق قەھرىمانى ئۇنۋانىنى ئېلىش نە قەدەر بۈيۈك شەرەپ! - دېدى خەلقىمىزنىڭ مىللىي قەھرىمانغا نىسبەتەن سىي-ھۆرمىتىنى كۆزىتىپ بارغان ئىككى ياشنىڭ بىرى.
-غېنى باتۇر شۇ بۈيۈك ئۇنۋانغا مۇناسىپ جاسارەت كۆرسەتتىدە! - دېدى ئىككىنچىسى.

يىگىرمە بىرىنچى باپ

قارلىق داۋان. بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئىز بېسىپ، داۋان ئۆرلەپ كېلىۋاتقان جەڭچىلەر. ئاتلار قارنى كۆكسىدە يېرىپ، تۇمشۇقلىرىنى قارغا تىرەپ، زورغا سىلجىشىدۇ. داۋاننى ئۆرلىگەنسىرى مېڭىش تەسلىشىپ، زورۇققان ئاتلار مۇدرەپ يىقىلىپ، بېلىغىچە قارغا كۆمۈلۈپ، ئۇستىدىكى يۈكنى يېنىكلەتمىگىچە قوپالمايدۇ. جەڭچىلەرمۇ بارغانچە ھالىدىن تېيىپ، ئاران-ئاران ئالغا چامدايدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ جەزمى كۈچلۈك قىينالسىمۇ، سوغدا مۇزلىسىمۇ پىسەڭ قىلىشماي، مەنزىلگە يېتىشكە، سەپتىن ئايرىلىپ قالماسلىققا غەيرەت قىلىدۇ، ئىرادىسىنى بوشاتمايدۇ. سەپنىڭ ئالدىدا غېنى باتۇر. ئۇ ئومىدا سول تارتقاندەك، قار كېچىپ، يول باشلاپ ماڭماقتا. ئۇنىڭ كەينىدە باقۇۋەت ئابدۇللا «توڭگۇز»، مۇساخان ۋە باۋدۇنلار ئىزنى كەڭەيتىپ ماڭماقتا. داۋاننىڭ بەل ئوتتۇرىسىغا يەتكەندە، توساتتىن قۇيۇن ئوخشاش، تەتۈر شامال چىقتىدە، خامان سورىغاندەك قارنى ئۇچۇرۇپ، مانانلىشىپ، قاراڭغۇلۇق بېسىپ كۆز ئاچقىنى بولمىدى.
-توختاڭلار! - ئۈنلۈك ۋاقىرىدى غېنى باتۇر، - ئاتلارنىڭ چۇلۋۇرىنى بىر-بىرىگە چېتىڭلار!
جەڭچىلەر سەردارنىڭ دېگىنىنى قىلىشتى.
-چۇلۋۇرنى مەككەم تۇتۇپ، ئىز يوقاتماي مېڭىڭلار!
ئەندى جەڭچىلەر قارغۇ ئادەم ھاسا تاياققا تايىنىپ ماڭغاندەك، چۇلۋۇرنىڭ تارتىلىشىغا بېقىپ، ئاۋايلاپ قەدەم باساتتى، ئاتلار ئۇلاردىن قالماي ئەگىشەتتى. بۇ داۋاننى داشىگۇر ئاھالىسى «تەلۋە داۋان» دەپ بېكار ئېيتمىغان. ياز پەسلىدە بەكمۇ گۈزەل، ئابۇ-ھايات بۇ چوڭ غول قىشتا ئاشۇ بەرمەيدىغان، دەم ئېچىلىپ، دەم تۇتۇلۇپ ۋە بىردىن تەتۈر شامال چىقىپ، مانان-چاڭ قاپلىتىدىغان خەتەرلىك ئادىتى بولغاشقا، قىش كۈنلىرى ھېچ كىم داۋان ئاشمايدىغان. غېنى باتۇرلارغا داشىگۇر ئاھالىسى «تەلۋە داۋان» بىلەن ماڭماسلىقنى مەسلىھەت بەرگەنۇ، لېكىن زۆرۈرىيەت تۈپەيلى - يەنى داۋان ئاشسا ئۈچ

كۆنلۈك يول قىسقىرايدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتقان غېنى باتۇر «تەلۋە داۋان» بىلەن ئېلىشىپ كۆرۈشنى جەزم قىلغان ئېدى. باتۇرغا ئىشىنىدىغان ۋە ئۇ باشلىغان يولدىن قايتمايدىغان قەيسەر يولداشلىرىمۇ خەتەرگە پىسەنت قىلىشماي، دۈشمەننىڭ ئارقا تەرىپىدە تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ، زەربە بېرىشكە قىزىقىشقان، ئالدىراشقان ئېدى.

باشلامچى يولدىن ئازسا، مۇدرەپ يىقىلىپ، ئويمانغا غۇلاپ چۈشسە كەينىدىكىلەرمۇ شۇ ھالەتنى كېچىدۇ ـ ھەممە قار داۋان ئاستىدا قېلىپ ھالاك بولۇش ئېھتىمالىدىن يىراق ئەمەس. قەھەرلىك «تەلۋە داۋاننىڭ» غەزىۋى يامان. ئۇ نە باتۇر، نە ئاجىزنى ئايىمايدۇ، ئەلۋەتتە!

غېنى باتۇر ھەر بىر قەدىمىنى ئاۋايلاپ، پەم بىلەن بېسىپ ئالغا سىلجاتتى. ئۇ يەرنى ئەمەس، ئۆزىنىڭ ئۇزىنى دەسسىگەندەك ئاۋايلاپ دەسسەتتى. ھەر ئىشتا پەم-پاراسەت كېرەككقۇ؟ كۈچ-قۇۋەت بولغان بىلەن ھېساپ ئەمەسقۇ!

غېنىدا ياشلىغىدىنلا كۈچ-قۇۋەت بار، پەم-پاراسەتمۇ بار، داۋان ئېشىش تەجرىبىسىمۇ بار. ئۇ يۈلتۇز تاغلىرىنىڭ تەلەمەت، كۈيكۈن داۋانلىرىدىن، ئاتاقلىق مۇزات داۋانىدىن ئۆتكەنغۇ! بەلكىم شۇ ئالاھىدىلىكلىرىگە ئىشىنىپ، ئىككى يۈزچە ئادەمنىڭ جېنىنى ھۆددىگە ئالغاندۇ؟

ـئاز قالدى... غەيرەت، غەيرەت قىلىڭلار!

غېنى باتۇرنىڭ ئەمىرانە ئاۋازى جەڭچىلەرگە كۈچ-مەدەت بېغىشلاتتىدە، ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاش بىلەن تېتىكلىشىپ، يەر بېغىرلاپ ئالغا سىلجىشاتتى. مۇنداق ۋاقىتلاردا ئات جانىۋارلار ئادەمدىنمۇ چېچەن كېلىدىغۇ! ئاتلار ئىزدىن چىقماي، تىرەجەپ ئالغا باساتتى. پەقەت ئۈستىگە پۈلېميوت، ئوق ياشىگى ئارتىلغان ئاتلاردىن بىرىلا سۈرۈندىدە كۆلتۈك قارغا پېتىپ قالدى. ئۇنى قۇتۇلدۇرۇش مۇمكىن بولمىغانلىقتىن تاشلاپ كېتىشكە توغرا كەلدى. توپتىن ئايرىلىپ قالگان بىچارە جانىۋار «مېنى تاشلاپ كەتتىڭلار!» دېگەندەك كىشنىدى، لېكىن شامالنىڭ بۆرىدەك ھۇلىشى ئۇنىڭ ئۇنىنى بېسىپ كەتتى.

تەتۈر شامال قانداق تۇيۇقسىز چىققان بولسا، شۇنداقلا تۇيۇقسىز توختاپ ئەتراپ ۋاللىدە يورۇپ، ھايات قايتىپ كەلگەن ئېدى. ھويلا-ئارامدىكى قارلارنى سۈپۈرۈپ تازىلىغاندەك، تەتۈر شامال داۋان ئۈستىنى گۈجەپ، تاپ-تاقىر قىلىپ قويۇپتۇ. تەبىەتنىڭ ھېكمىتى ئۇلۇقتە!

ـئەھۋالىڭ قانداق سۇلايمان شاڭزۇڭ؟ ـ دەپ سورىدى جەڭچىلەرنىڭ ھەممىسىنى بىر-بىرلەپ كۆزدىن كەچۈرۈپ، خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن غېنى باتۇر. بېشىغا تۈلكە قۇلاقچا، ئۇچىسىدا بۆرە جۇغا كىيگەن بۇ ئادەم داشىگۇرلىق باي بولۇپ، غېنى بىلەن ئۇزۇندىن بېرى دوستلىشىدىغان مەرت بەيۋەچچىلەردىن ئېدى. ئۇ قوزغىلاڭچىلارغا ياراق ئەللىك ئات ۋە ئىككى يۈز جەڭچىگە كىيىم-كېچەك ئىئانە قىلىپ، ئۆزى پىدائىي بولۇپ قوشۇلغان.

ـيامان ئەمەس...

ـچىرايىڭ سولاشقان چەيزىدەك پولۇشۇپ قاپتۇ. تېچقىنا، ئىككى خوتۇنىڭنىڭ قېشىدا ياتساڭما بوپتېكەن...

غېنىنىڭ سۆزىگە جەڭچىلەر كۈلۈشتى.

شۇ كۈنى كەچكىچە ئادەم ۋە ئاتلارغا ئارام بېرىشنى تاپشۇرۇپ، ئۆزى باۋدۇن بىلەن قىرقا ئۈستىگە چىقتى غېنى.

ياز كۈنلىرى چايقىلىپ يېقىملىق ئاۋاز چىقىرىپ تۇرىدىغان سايرام كۆلى مۇز قېتىپتۇ. ئاندا-ساندا قار توختىمىغان تۆگىدەك مۇزلار قۇياش نۇرىدا تاش ئەينەكتەك پاقىراپ، كۆزلەرنى قاماشتۇرىدۇ. سايرامنىڭ تۆرت تەرىپىدىكى كەڭ يايلاق-ئوتلاقلار قېلىن قار ئاستىدا قالغان. تاغ باغرىدىكى قارىغايلىقلار ئاق قاردا تېخىمۇ قېنىق يېشىللىشىپ، ياشناپ كېتىپتۇ. تۆرت ئەتراپ ئاق كېپەنگە يۆگىنىپ، قاتتىق ئۇيقىغا چۆمگەندەك جىم-جىتلىق. نە يايلاقنىڭ كۆركى ـ ئات-ئىلقىلار،

قوي-قوزىلار كۆرۈنسە ۋە نە سايرامنىڭ شوخ شاۋقۇنى ئاڭلانسا ـ كۆڭۈل غەشلىكىنى قوزغايدۇ.

ـنېمە دەپ داۋان ئاشتۇق، باۋدۇن؟ ـ قانداقتۇر پۇشايمان ئاۋازدا دېدى غېنى ئاپپاق دالادىن كۆز ئۈزمەي تۇرۇپ .

باۋدۇن نېمە دېيىشىنى بىلمەي، هاڭ-تاڭ بولدى.

ـنېمىشكە تاغ ئارىلاپ يۈرىمىز دەيمەن؟

ـسەن «ماڭ» دېدىڭ، ماڭدۇق.

ـهە، مېنىمۇ «ماڭ» دېيىشكەن، ـ دېدىدە، قار ئۈستىگە چازانى قۇرۇپ، تاماكا ئوراشقا باشلىدى غېنى .

ئىلى ۋىلايىتىگە تەۋە جۇڭغار تېغىنىڭ شەرقىي قىسمى: غۇلجا، نىلقا، كۈنەس، تېكەس، موڭغۇلكۈرە، توققۇزتارا، چاپچال سۈيدۈڭ، چىلپەڭزا ناهىيەلىرى دۈشمەندىن، ئازات قىلىغان. جۇڭغار تېغىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى:

ئارشاڭ، بۆرەتالا، جىڭ ناهىيەلىرى بىلەن ئالاقە باغلايدىغان چوڭ تاش يولنىڭ ئۆتكەل-تۈگۈنى تەلكە داۋىنىمۇ تېخىچە توسۇق ئېدى. تەلكە داۋىنى ئېچىلىپ، ئارشاڭ، بۆرەتالالار ئازات قىلىنسا چۆچەك، تارباغاتايغا ۋە ئاندىن ئالتايغا يول ئېچىلاتتى. بۇ ئىككى ۋىلايەتنى ئازات قىلىش مۇهىم ستراتېگىيە ۋە ئىختىسادىي ئەهمىيەتكە ئېگە ئېدىكى، موشۇ يولنى ئېچىش ۋەزىپىسى يەنە غېنى باتۇرغا تاپشۇرۇلغان.

"نېمە ئۈچۈن مېنى شۇنچە يىراققا ئەۋەتىشتى؟ ـ دەپ پىچىرلىدى تاماكىنى نەچچە شوراپ غېنى.

بۇ گۇمانلىق ئوي ئۇنىڭ كۆڭلىدىن داۋان ئېشىۋاتقاندىمۇ نەچچە قېتىم كەچكەن. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئېلىخان تۆرىنىڭ ۋىجىك قەددى، شەپىرەڭ قانىتىدەك قىسقا، لېكىن هەرىكەتچان قوللىرى، قىز بالىنىڭ سېكىلىگىدەك كالتە ساقىلى گەۋدىلەندى، «سىز، پەقەتكىنە سىز بارماسەڭىز بولمايدى، قەهرىمان، جان قەهرىمان...»» دېگەنلىرىچۇ تېخى...

گۈلخان يېقىپ، چۆرەدىشىپ ئولتىرىشقان جەڭچىلەرنىڭ كۈلكە ئاۋازى ئاڭلاندى. كىمدۇ بىرسى قوللىرىنى هەر تۈرلۈك هەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، قىزىق سۆزلەپ جەڭچىلەرنى كۈلدۈرمەكتە.

ـچىلپەڭزە مېنىڭ كۈچۈم بىلەن ئېلىنغان، ـ دېدى قىزىقچى يىگىت، ـ سېپىل ئۈستىدىكى زور پوتەيگە ئورنىتىلغان تۆرت پۈلېمىيوت دېگىنىڭ توختىماي «سايراپ» ئوق دېگىنىڭ يامغۇردەك يېغىپ، يېقىن بارغىلى بولامدىغان. ئىككى قېتىم هۇجۇمغا ئۆتكەن جەڭچىلىرىمىزنى كۆچەتلەرنى هەردىگەندەك تۆكۈۋەتتى ئەمەسمۇ، قاراڭلار... قارىسام، ئۇيغۇر بالىلىرى قىرىلىپ كېتىدىغان تۈرى بار... مۇنداق چاغدا يۇسۇپ ئاكاڭ چىداپ تۇرالامدۇ! ئىككى ئاتلاپ، كوماندىرنىڭ ئالدىغا باردىمدە، «رۇخسەتمۇ؟» ـ دەپ سورىۋېدىم، ئاچچىغى چاس، مەرگەنلىكتە ماڭا سۇ قۇيۇپ بېرەلمەيدىغان تىرتەك كوماندىر ماڭا بىر گۆلۈيۈپ قاراپ «نېمە گەپ؟»، ـ خۇش ياقمىغاندەك سورىدى. «پوتەينى پارتلىتىشقا رۇخسەت قىلىڭ! دەپ، ئىلىپتەك تىك بولدۇم. كوماندىر: «نېمە، نېمە؟! دەپ سوغ كۈلدى. «رۇخسەت قىلىڭ!» تەكرارلىدىم. قاتتىق تۇرغانلىغىمدىن كوماندىر رۇخسەت قىلدى.

"خۇدا، ئۆزەڭ يار بولغايسەن" دېدىمدە ئاپام يۈز ئېيتقىنى بەرگەن ياغلىققا ئالتە گراناتنى تۈگۈپ، يەر بېغىرلاپ ئۆملەپ ماڭدىم. خۇداغا ئىشەنسەڭلار، ئۆزەمگە راست، سىلەرگە يالغان، ئوق دېگىنىڭ مۆلدۈردەك يېغىپ، ئىككى يېنىم، ئالدى-كەينىمدىن يەرگە تېگىپ پوڭزەكتەك قاڭقىپ كېتىدۇ، ماڭا تەگمەيدۇ...

ـسەن ئۆزەڭ مازاغوجاملىق بولغاندىكى پىرى-كامىللار قوللىغاندا!

ـئاپىسى تىلىسىم تۇما قاداپ قويۇپتۇ، ئاڭۋاشقا ئوق تەگمەيدۇ! چۇشما-چۈشتىن تەنە قىلىشتى يىگىتلەر.

ـنېمە دېسەڭلار دەۋېرىڭلار، ـ داۋام قىلدى تەنىنى پىسەڭ قىلمىغان يۇسۇپجان، ـ شۇ ئۆملىگىنىمچە سېپىل تۈۋىگە يېتىپ بېرىپ «يا،رۇستىمىداستان!» دەپ بىر نەر تارتىپ، ياغلىققا تۈگۈلگەن

گراناتىلارنى دەڭسەپ تۇرۇپ پوتەيگە قارىتىپ ئاتتىمدە، يەرگە چاپلىشىپ يېتىۋالدىم. بىر كەمدە تاغ غۇلاپ يەر يېرىلغاندەك ئاۋاز كۆتىرىلىپ، ئالەم قاراڭغۇلاشتى. ئاستا بېشىمنى كۆتەرسەم، پوتەي تېگى-تەكتى بىلەن كۆچۈپ، ئاسمانغا چىقىپتۇ. چېرىكلەرنىڭ جەسەتلىرى تېرىقتەك چېچىلىپ، ساق قالغان ئىككىسى ئاسماندا لەيلەپ يۈرۈپتۇ. ئاستىدىكىسى ئۈستىدىكىسىدىن: «سۈيدى بومبا؟»1 دەپ سورىۋېدى، ئۈستىدە لەگلەكتەك لەيلەپ يۈرگىنى: «سولايمان شاڭزۇدى2» پىڭيۇ3 يۈسۈپجاندى گراناتا» دېدى.
شۇنداق كۈلكە كۆتىرىلدىكى، غېنىمۇ كۈلۈشكە باشلىدى ۋە:
-بېكالا ئاۋارە بولۇپ داۋان ئېشىپتىمىزا! سېنىڭ پورىڭ بىلەنلا شە ئالساق بولىدېكەن! – دەپ جەڭچىلەر قېشىغا باردى.
شۇ كۈنى ياخشى دەم ئېلىپ، ئاتلارنى چىلىقتۇرۇپ، كېچىلەپ يۈرۈپ كېتىشتى جەڭچىلەر. ئاتلىنىش ئالدىدا ئارشاڭدىكى گومىنداڭ قىسىملىرىغا ئىككى تەرەپلەپ ھۇجۇم قىلىشقا كېلىشىلگەن: شەرق تەرەپتىن غېنى باتۇر باشلىغان جەڭچىلەر، غەرب تەرەپتىن غالدان باشچىلىق قىلغان جەڭچىلەر. غالداننىڭ ئەترىتى «ئورتاق سارى» دۆڭلىگىنى ئېشىپ، غەربىيتىكى قىشلاقتا قىشلايدىغان موڭغۇللارنى قوزغاپ، ئۇلار ئىچىدىن پىدائىيلارنى ئۆز ئەترىتىگە قوشۇپ ئالماقچى ۋە ئارشاڭ ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن موڭغۇللاردىن تەركىب تاپقان ئەترەت تەشكىل قىلىنماقچى.
...ئىككىنچى كۈنى تاڭ ئاتارغا يېقىن ئارشاڭغا يېتىپ كەلگەن جەڭچىلەر، ئانچىلا ئېگىز ئەمەس دۆڭلۈكلەر ئۈستىدە پوزىتسىيە تۇتۇپ، غالدان باشچىلىغىدىكى ئەترەتنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشتى. ئارشاڭنىڭ شىپالىق سۈيى مەشھۇر. شۇ شىپالىق سۇ تۇپەيلى ئارشاڭ مەھەللىسى ئاۋات بولۇپ، ئاز يىل ئىچىدىلا ناھىيەلىك شەھەرچىگە ئايلانغان. ياز كۈنلىرى دەم ئالغىلى، داۋالانغىلى كەلگەن-كەتكەن ئادەملەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ. مال-چارۋا ئۆستۈرۈشكە قولايلىق كەڭ، بېپايان دالادا ئاساسەن موڭغۇل، ئۇيغۇر چارۋىچىلىرى ياشايدۇ. تېخى ئېچىلماي ياتقان مەدەن بايلىقچۇ! «جۇڭغار قاپقىسى» ئەنە شۇ ئارشاڭ تەۋەسىدە سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا چېگارىداش. موشۇ سەۋەپلەرگە كۆرە ئارشاڭغا گومىنداڭچى خىتايلارنىڭ ھەربىي گارنىزونى جايلاشقان.

---

1سىدى؟ – كىمنىڭ؟
2شاڭزۇڭ – سودىگەرلەر بېگى
3پىڭيۇ – دوست، ئاداش

تاڭ بەلگۈسىنى بەرگەندە غېنى باتۇر مىلتىقلىرىدىن زالپ بېرىشكە كوماندا بەردى ۋە قىلىچىنى يالىڭاچلاپ «ئۇر-را!» دېگەن پېتى ئات سالدى. غەرب تەرەپتىنمۇ ئەنە شۇنداق سادا كۆتىرىلدى، ھۇجۇم باشلاندى، كۈچلۈك سۈرەندىن مەڭدىگەن چېرىكلەر ئېسىنى يىغىپ، قارشىلىق كۆرسەتكىچە شىددەتلىك بېسىپ كىرگەن جەڭچى ۋە پىدائىيلار ئۇلارنى ئېتىپ، چېپىشقا باشلىدى، ئەڭ ئالدىدا ئالا ئاتنى چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقان غېنى باتۇرنىڭ سۈرىدىن قورققان چېرىكلەر مىلتىقلىرىنى تاشلاپ بېدەر قاچاتتىيۇ، كۈچلۈك قولىدا چېپىلغان قىلىچ زەربىدىن يەرگە دومىلىشاتتى، جان تالىشىپ تېپىرلىشاتتى. غېنى ھېچ قاچان بۇ قېتىمدىكىدەك دۈشمەن چېرىكلىرىنى قىرمىغان بولغېدى. ئۇ پۈخاندىن چىققاندەك، قانلىق قىلىچىغا بىر قاراۋالدىدە، گارنىزون شتابىغا كىرىپ كەتتى.
ئارشاڭ ئىشغال قىلىنىپ، غېنىمەت ئېلىنغان قۇراللار پىدائىيلارغا تارقىتىلىپ بېرىلدى.

موڭغۇللاردىن مەخسۇس ئىسكادرون تەشكىل ئېتىلدى. بۇ ئىسكادرون كېيىنرەك ئىردە بۇلغۇنۇۋ باشچىلىقىدا قۇرۇلغان موڭغۇل پولكىغا ئاساس بولغان ئىدى.

ئاسان غەلىبە بىلەن قانائەت ھاسىل قىلىشتىمۇ ياكى مەشەقەتلىك يول ئازاۋىدىن ھېرىپ ئېچىشتىمۇ، قېچىپ ئۆلگەرگەن بىر تۇركۇم چېرىكلەرنىڭ كەينىدىن قوغلاپ، ئۇزۇل-كېسىل تار-مار قىلىشنىڭ ئورنىغا، ئارشاڭ سۈيىدە چۆمۈلۈشكە، توق تاماقلارنى يەپ، ئارام ئېلىشقا ئالدىراشتى جەڭچىلەر. ھەربىي ئىنتىزامدىن خالى، تەشكىل جەھەتتىن تاراقاق، پارتىزان شەكىلدىكى بۇ ئەترەت ئىچىدە تېخى خام، تارقاقلىقتا مايىل ئادەملەرمۇ ئارىلاشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى «قەرش» ئوراپ، دۆت كەيپىنى سۈرىدىغان. كېچىدە شۇ دۆت كەيپىنى سۈرۈشۈپ ئولتىرىشقان چاغدا، جەڭچىلەردىن بىرى ھودۇققان ھالدا كىرىپ، خىتايلار بېسىپ كېلىۋاتقانلىقىنى خەۋەرلىدى. قىڭغىيىپ، ئارام ئېلىپ ياتقان غېنى باتۇر ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇدىدە، ئېتىغا مىندى ۋە ھازىر تۇرغان ئەللىكچە جەڭچىنى ئاتلاندۇرۇپ، ئالدىراش چىقىپ كەتتى. غالدان، قۇسەن، باۋدۇنلار غېنى ئۆزى بارماي، باشقا بىرسىنى باشلىق قىلىپ ئەۋەتسىمۇ بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭ ئالدىنى توساپ بېقىشتىيۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىلتىماسىنى ئىلىك ئالمىغان باتۇر، جاۋاپ ئورنىغا ئاتا ئېتىنى زەرپ بىلەن قامچىلىدى.

ئەسلىدە ئارشاڭدىن پىتراپ قاچقان ۋە كەينىدىن قوغلىغۇچىلار بولمىغانلىقتىن، بىر-بىرىگە قوشۇلۇپ، بۆرەتالا تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىشكە ھەرىكەت قىلىشقان چېرىكلەرنىڭ قارىسىنى يىراقتىن كۆرۈپلا «خىتايلار بېسىپ كېلىۋاتىدۇ» دەپ خاتا خەۋەر قىلىنغان ئىدى.

ئات كۆكسىدە قارنى كېچىپ، ئويمان-دەشتلەرنى ئايلىنىپ، ئالدىنى توربغان جەڭچىلەرنى كۆرگەن چېرىكلەر ئاخىر ھالاك بولۇشىنى بىلگەنلىكتىن، پوزىسىيە تۇتۇشقا مەجبۇر بولۇشتى. ئۇلار خۇددى ھويلىغا سولانغان ئىشت ئىشىكنى توراۋالغان ئادەمگە جان ئاچچىقىدا ئېتىلغاندەك، جېنىنى قۇتۇلدۇرماق ئۈچۈن توساپ چىققان جەڭچىلەرگە قارىتا ئوق ئېتىپ، ھۇجۇمغا ئۆتۈشتى.

غېنى باتۇرنىڭ جەڭچىلىرى چېرىكلەرنىڭ ھۇجۇمىنى ھىمىرىپ، ئالدىنقى سەپنى بۇزۇپ ئۆتۈپ، ئىچكىرىلەپ كىرىشتى. تۇن قاراڭغۇسىدا ئويمان-چوڭقۇرنى بايقىغىنى بولماتتى، كۆلتۈك قارغا ئاتلارنىڭ ئاياقلىرى پېتىپ، ئالغا ئىلگىرىلىمەك تەس. ئالا ئات سەپىنىڭ ئالدىدا قارنى كەك كۆكسى بىلەن بۆسۈپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ ئۈستىدىكى قەھرىمان بولسا، تىزگىنىنى ئاغزىغا چىشلىگەن ھالدا ئىككى قولىدىكى ئىككى مائۇزېر بىلەن ئاپپاق قار ئۈستىدە قارىيىپ كۆرۈنگەن خىتاي چېرىكلىرىنى خاتا كەتكۈزمەي دومىلىتىپ، ھامان ئالغا-ئالغا ئىنتىلەتتى. ئۇ قىزىقىپ كەتكەنلىكتىن جەڭچىلەردىن خېلىلا ئىلگىرىلەپ كەتكەنلىكىنىمۇ بايقىمىدى. ئاخىر مائۇزېرلارنىڭ ئوقى تۈگىدى. يېڭى ئوقلارنى سېلىش ئۈچۈن ئېتىنى توختاتتى.خەپ! لالما ئوق، ــ لەنتى ئوق... گويا بىر پاتمان گۈرزا بىلەن ئۇرغاندەك بىلىندى باتۇرغا... لېكىن ئۇ يىقىلمىدى ــ قىڭغىيىپ ئېتىنىڭ بوينىنى مەككەم قۇچاقلىدى ۋە:

ــئالغا، ئالغا! ــ ئۇنلۇك كوماندا بەردى. ۋاپادار يولدىشى ــ ئالا ئات ئۇنى جەڭ مەيدانىنىڭ سىرتىغا ئېلىپ چىقتى...

ــباتۇرغا ئوق تەگدى، ئوق!

ــقەھرىمانىمىزغا ئوق تەگدى!

يۈرەكلەرنى يېرىپ چىققان پىغانلىق نالىلار سوغ، قارلىق دالانى بويلاپ، يىراق - يىراقلارغا كەتتى.

غېنى باتۇر باشچىلىقىدىكى غەلىبىلىك يۈرۈش شۇ يەردە توختىدى...

يىگىرمە ئىككىنچى باب

كۆك دەرۋازىلىق ئۆينىڭ ئالدى كېچە-كۈندۈز ئادەمدىن خالى ئەمەس. كېيىنكى ۋاقىتلاردا زارەتگاھقا ئايلانغان بۇ قەدىناس ئۆي ھەر كىمنىڭ كۆڭلىگە يېقىن، كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنىدۇ. كەلدى-كەتتى ئادەملەر ھەر مىللەت، ھەر كەسىپكە مەنسۇپ بولۇپ، يىراق يېزا-سەھرالاردىن، ھەتتا چەت ناھىيىلەردىن كەلگەنلەرمۇ بار. ھەممىسىنىڭ مەقسىتى، تىلىكى بار ـ غېنى باتۇردىن ھال سوراش، كۆڭۈل ئېيتىش، ھەمدەم بولۇش. ئۇلار باتۇر بىلەن دىدارلىشىپ، ئۇنىڭ جاراھىتى ساقىيىپ، سالامەتلىكى ئەكسىگە كېلىۋاتقانلىقىنى يۇرتداشلىرىغا چاپسانىراق يەتكۈزۈشكە ئالدىرايدۇ، ئالمان-تالمان ئاتقا مىنىپ چاپىدۇ.

ـئەنە، قاسىم مىراب چىقتى! ـ دېدى كىمدۇر بىرى توپ ئىچىدىن. ئادەملەر شۇ تەرەپكە ئاغدى.

ـۋاي، باتۇرىمىز ئاۋۋالقى ئەپتىگە كەپتۇ...

ـھە، ھە؟!

ـمەن شۇنداق كىرىۋېدىم، بېلىمدىكى پوتامدىن تۇتۇپ دەس كۆتۈرۈپ، ئۆينى بىر ئايلاندۇرۇپ چىقتى، ـ دېدى ھەۋەس ئىچىرە قاسىم مىراب...

ـبارىكاللا، بارىكاللا! خۇدا شىپالىق بەرگەي! ئىلاھىم!

ـتالا تۇزگە چىقمامدىكىن؟

ـدوختۇر دېگەن چىرماش خەقكەن، قويۇپ بەرمەيۋېتىپتۇ...

ـراستە، شىرنى قەپەسكە سولىغاندەك!

ـئۆزىما ئۆيدە يېتىپ، ئىتتەك زېرىكىپ كەتكەندۇر.

ـدوختۇرلار مۇشۇ ھەپتە ئىچىدە قويۇپ بەرمىسە، بىر كېچىدە ئاتنى مىنىپ مەن-دە، تاققا چىقىپ كېتىمەن دەيدۇ...

ـئۇ بۇرۇنتىن دېگىنىنى قىلىدۇ!

قاسىم مىراب ئاتلىنىپ كەتكەندىن كېيىن تېكەس، كۈنەسلەردىن كەلگەن قازاق، موڭغۇللاردىن ئىككى كىشى كۆك دەرۋازىنىڭ ئىچىگە، غېنى باتۇرنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ كېتىشتى. شۇ ئارىلىقتا كولەسكىدا ئولتۇرۇپ، كوچىدىن ئىلدام ئۆتۈپ كېتىۋاتقان رەھىمجان سابىرىي (ئۇ ئىچكى ئىشلار نازىرى بولغان ئىدى) زاماننى كۆرۈپ قالدى-دە، كولەسكىنى توختاتقۇزۇپ، ئۇنى يېنىغا چاقىرىۋالدى.

ـبۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرىسەن، زامان؟

ـغېنىكامدىن ھال سوراي دەپ كەلدىم.

ـتۇنۇگۈن كۆرۈشكىنىمدە سېنى سورىغان.

ـمەنما باتۇر بىلەن ئارام-خۇدا مۇڭدىشىش پەيتىنى كۈتۈپ يۈرىمەن، ـ دېدى زامان.

ـنېمىشقا ئىچكىرى كىرمىدىڭ؟

ـمونۇ ھەر خىل ئادەملەردىن تەسىرلىنىپ تۇرۇپ قالدىم. ئاۋۇ تۇگۈن تۇتقان موماي بىلەن ھاسا تايىنىپ، ئاران ئاياق ئۇرە تۇرغان دۈمچەك بوۋايغا قارىغىنا!

ـقارىدىم، نېمە بوپتۇ؟ ـ ھەيران بولدى رەھىمجان.

ـيۈرە، ۋاقتىڭ بولسا، سۆزلىشىپ كۆرەيلى.

رەھىمجان سائېتىغا قارىۋېلىپ، زامان بىلەن تۈگۈن تۇتقان مومايىنىڭ ئالدىغا كېلىشتى.

ـسالام، چوڭنا! بۇ يەردە نېمە قىلىپ تۇرىدىلا؟ ـ ھېلىملىق بىلەن سورىدى زامان.

موماي پۈرۈر كىيىنگەن سۆلەتلىك رەھىمجاندىن ئەيمىنىپ، ئەتىمالىم، جاۋاب بېرىش ئورنىغا لېچكى بىلەن ئۆزىنى قىيا يېپىۋالدى.

ـقورقمىسىلا، بىز ئۆز بالىلىرى، ـ دەپ مومايىنىڭ تۈگۈنىنى تۇتتى رەھىمجان، ـ بۇ تۈگۈندىكى نېمە!؟

ــ توغاچ، چۇلۇقايدىن كەلدىم...
ــ چۇلۇقايدىن؟ ــ چۈچۈگەندەك سورىدى، نېمىنىدۇر ئىسىغا ئالغان رەھىمجان.
ــ ھە. چۇلۇقايدىن. تۇگمەنچى...
ــ بولدى، بولدى تۇگمەنچى مۆمىن تاغىنىڭ.
ــ سىلى ئۇنى نەدىن بىلىدىلا، بالام؟ ــ موماي ئەمدى ئۆزىنى ئېچىپ، ئەيمەنمەي سورىدى.
ــ غېنى باتۇر زەينەپ قىزنىڭلارنى «بۆرىلەرنىڭ» ئاغزىدىن قۇتۇلدۇرغان كۈنى بىز چۇلۇقايدا ئىدۇق.
ــ راست، بالام. شۇ بىزدەكلەرنىڭ ئاتىسى ــ باش پاناسى غېنى باتۇرنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرەي، رەھمىتىمنى ئېيتاي دەپ كېلىشىم، ــ موماي ئۆپكىدەپ قالدى.
ــ يۇرسىلە، ــ دەپ مومايىنى قولتۇقىدىن يۆلەپ، كۆك قاپقا ئىچىگە كىرگۈزۈۋەتتى رەھىمجان.
ــ سىلى قەيەردىن كەلدىلا، چوڭدادا ؟ ــ سورىدى زامان بوۋايغا سالام بەرگەندىن كېيىن.
ــ ئۇنىيار يۇزىدىن، ئوغلۇم.
ــ شۇنچە يىراق يەردىن ئاۋارە بولۇپ كەپتىلا.
ــ ئاۋارە بولامدىغان، غېنى باتۇر دېگەنگە سەكسەن قېتىم سالام بەرگىنى كەلسەكمۇ ئارتۇق كەتمەيدۇ، جۇمۇ ئوغلۇم. ئۇ مېنىڭ يالغۇز ئوغلۇمنى ئاۋاختىدىن، ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرغان ـ دە!
ــ خوجۇندىكى نېمە؟
ــ نەشپۈت. ئۆز بېغىمىنىڭ. قىشچە ساقلىغان. باتۇرىمىز ئۇسسىغاندا يېسۇن ــ يۇرەككە شىپا بولارمىكىن دەۋېدىم.
ــ ياخشى نىيەت، ــ دېدى ـ دە، بوۋاينى قولتۇقلاپ ئاپىرىپ، ئىچكىرى كىرگۈزۈۋەتتى رەھىمجان.
ــ سىزچۇ، تەتە؟ ــ سورىدى ئۇن ياشلىق بالا بىلەن تۇرغان تاتار ئايالىدىن زامان.
ــ كۈيەۋىمنىڭ بېشىنى كېسەر ئالدىدا غېنى باتۇر قۇتۇلدۇرۇپ ئالمىغان بولسا، تۆت بالام يېتىم قالاتتى. شۇڭا باتۇرنىڭ ھالىنى سوراپ، رەھمەت ئېيتىش ئۈچۈن بالام بىلەن كەلدىم...
رەھىمجان بىلەن زامان توپنى ئارىلاپ، خېلى ئادەملەردىن نېمە سەۋەبتىن كەلگەنلىكىنى، باتۇردىن نېمە تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى سۇرۇشتە قىلىشتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى يۇقۇرىدىكىدەك ھال سوراپ، مىننەتدارلىق ئىزھار قىلىشقا كەلگەن ئىكەن، بېزىلەر سالامەتلىكىنى بىلىشكە كېلىشكەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئورۇسلارنىڭ پوپى ھال سوراپ كەپتۇ.
ــ خەلقنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتى ۋە ئىشەنچى ـ مۇھەببىتىگە ئېگە بولۇش نە قەدەر زور بەخت، ــ دېدى خەلقنىڭ غېنىغا نىسبەتەن چىن ئېتىقادىدىن تەسىرلەنگەن رەھىمجان.
ــ دەرھەقىقەت، غېنى باتۇر خەلق قەلبىدىن مەڭگۈ ئورۇن ئېلىپ، جاسارەت ــ قەھرىمانلىق ئۈلگىسى بولۇپ قالغۇسىدۇر، ــ دېدى زامان ۋە سەل ئويلىنىپ قوشۇمچە قىلدى: ــ ھەممىلا ئانا قەھرىمان تۇغمايدۇ ۋە ھەممىشەملا قەھرىمان تۇغۇلىۋەرمەيدۇ...

بىرىنچى كىتابنىڭ ئاخىرى. 1978 ـ يىل ئالمۇتا .

* مەزكۇر كىتابنىڭ خەلقئارا قەلەمكەشلەر توربېكىتىدىكى مۇقىم تور ئادرېسى :

http://www.uyghurpen.org/Gheni_Batur.pdf

خەلقئارا قەلەمكەشلەر ئۇيغۇر مەركىزى

International PEN Uyghur Center

http://www.uyghurpen.org